

# ھسسيات ۋە كرييات

شنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ھسسيات ۋە كرييات

شنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئازات بارات



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھېسسىيات ۋە كەيپىيات

تەرجىمە قىلغۇچى: جاسارەت ئېزىز

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

情感与情绪：维吾尔文 / 金圣荣编；加沙热提·艾则孜译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.3
ISBN 978-7-5469-6327-3

Ⅰ. ①情… Ⅱ. ①金… ②加… Ⅲ. ①情绪－自我控制－通俗读物－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①B842.6-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 069561 号

责任编辑：雄卡尔江·库尔班
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：艾尼瓦·库迪力克
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

| | | |
|---|---|---|
| 书 | 名 | 情感和情绪（维吾尔文） |
| 译 | 者 | 加沙热提·艾则孜 |
| 出 | 版 | 新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)<br>新疆电子音像出版社 |
| 地 | 址 | 乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026) |
| 发 | 行 | 新疆新华书店 |
| 印 | 刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开 | 本 | 787 mm × 1092 mm　1/16 |
| 印 | 张 | 34.75 |
| 版 | 次 | 2015 年 3 月第 1 版 |
| 印 | 次 | 2015 年 4 月第 1 次印刷 |
| 书 | 号 | ISBN 978-7-5469-6327-3 |
| 定 | 价 | 86.80 元 |

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ساغلام كىشىلەرنىڭ 80% دە يوشۇرۇن پسىخىك كېسەللىكى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ياشلار - ئۆسمۈرلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان بېسىم، مەكتەپ ۋە ئائىلىدىن كېلىدىغان بېسىم قاتارلىقلار سەۋەبلىك، نۇرغۇن ياشلار - ئۆسمۈرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پسىخىك مەسىلە ساقلانغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلىسى ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

«كېسەل بولمىسىلا ساغلام ھېسابلىنىدۇ» دەيدىغان قاراشقا ئاللىقاچان خاتىمە بېرىلدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بېكىتكەن ساغلاملىقنىڭ يېڭى ئۆلچىمى تەن ساغلاملىقى، پسىخىك ساغلاملىق، ئەخلاق ساغلاملىقى ۋە جەمئىيەتكە ئىجابىي ماسلىشىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىقى يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى ئالاھىدە تەكىتلەۋاتىدۇ.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولۇشى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقى، ئادىمىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى، تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. بۇ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھازىرقى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ھەم كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجى.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى كەڭ ۋە تار مەنىدىكى پسىخىك ساغلاملىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى پسىخىك ساغلاملىقى دېگىنىمىز مەلۇم پسىخىك كېسەللىكى ياكى پاتوزىيە پسىخىكىسى بولمىغان ئەھۋالنى كۆرسى-

تىدۇ؛ كەڭ مەنادىكى پسىخىك ساغلاملىقى بولسا بىر ئادەمنىڭ ياخشى بولغان پسىخىك ساپا ۋە مۇكەممەل ئادىمىيلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى، يەنى بىر ئادەم پسىخىك جەھەتتىن بىر قەدەر مۇكەممەل راۋاجلىنىپ، ساغلام خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئوبيېكتىپ مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ پسىخىك مايىللىقى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تەلىپى ئارىسىدا ئىناق، مۇكەممەل مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنادىكى پسىخىك ساغلاملىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، يېڭى شەيئىلەرگە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇ خىل «ئۆزگىچىلىك» نى توغرا تونۇپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىدىكى بەزى قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشقا يېتەكلەش ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

خېلى كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى چۈشەنمەي ئۇلاردىن ئاغرىنىدۇ، بالىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ مەسىلىگە مەلۇم بىر پېداگوگ مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسىلە بالىلارنى چۈشىنىش ۋە تەربىيەلەشنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىدە. ھازىر بالىلاردا كەم بولۇۋاتقىنى ماددىي جەھەتتىكى كۆيۈنۈش بولماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىكى چۈشىنىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا». بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى پسىخىك جەھەتتىكى ياردەم. بۇ كىتاب دەل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇلارغا بېرىدىغان پسىخىك جەھەتتىكى غەمخورلۇقى بولالايدۇ.

ھازىر بازاردا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا ئائىت ئوقۇشلۇق

www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن كۆپ. لېكىن، ھەقىقىي روھىي ئوزۇق بولالايدىغان، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، توغرا يول كۆرسىتىش قىممىتىگە ئىگە ئوقۇشلۇق يەنىلا يوق دېيەرلىك. بىز دەل مانا مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇنلىغان كەسپىي كىتاب ۋە چۈشىنىشلىك ئوقۇشلۇقلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ھېكايىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىقتۇق. بۇ ھېكايىلەر ئۆز - ئۆزىنى تونۇش، كەيپىياتنى كونترول قىلىش، پسىخىكىسىنى تەڭشەش، ئۆز - ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش، خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ مەزمۇنلۇق ھېكايىلەر ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ روھى ۋە ئىدىيەسىنى تور ئويۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق ئوقۇشلۇق قاتارلىق ناچار ئامىللارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كەڭ، ھەقىقىي، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق جەمئىيەت قوينىغا باشلىشىنى؛ ئۇلارنىڭ بۇ قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن ھۇزۇرلانغاچ كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنىپ، روھى ئوزۇق تېپىپ، ئۆزىنى پسىخىكا جەھەتتىن ساغلام، مەقسەت - مۇددىئاسى ئېنىق، ئۈچۈق - يورۇق، چىقىشقاق قىلىپ تەربىيەلەپ، يېڭى ئەسىردە جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب ئۆزىڭىزنى تونۇپ ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي بىلىڭ** ......... 1
ھەر گۈلنىڭ پۈرىقى ئۆزگىچە ......... 3
شائىر بىلەن سائەتچى ......... 5
دۈپ دەرىخىنىڭ دەردى ......... 7
ئەڭ ياخشى ئەينەك يەنىلا ئۆزىڭىز ......... 10
رابى. سۇشىيانىڭ كۆز يېشى ......... 12
شاتۇتنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلىشى ......... 14
ھەقىقىي ئېگىزلىك ......... 16
ئۆچكىنىڭ دەردى ......... 18
نۇقسان ۋە مۇكەممەللىك ......... 20
ئون ئامېرىكا دوللىرى ......... 22
راھىب كالامىنىڭ ئۆلچىمى ......... 24
ئىككىنچىسىمۇ ئوخشاشلا نوچى ......... 26
مەن نۇرغۇن ئادەمگە ئۇتتۇرۇۋېتىشىم مۇمكىن ......... 28
ئۈچ ساياھەتچى ......... 30
موسې مومايىنىڭ تەكلىپى ......... 32
تاش بىلەن ساپال ئىدىش ......... 35

**ئىككىنچى باب ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىڭىزنى دوست تۇتۇڭ** ......... 37
بىر قېتىملىق قالتىس ئۇتۇق ......... 39
ھىڭگاڭ چىش بولۇش گۇناھ ئەمەس ......... 42
روزۋېلتنىڭ جۈرئىتى ......... 44
گۈزەللىك دەل كەمچىلىكنىڭ بولغانلىقىدا ......... 46

ھەقباھا ئەجىر ........ 48
نىقابىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ ........ 50
ئۆزىڭىزنى ماختاشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ ........ 53
جۇنى بىلەن توز ........ 55
تەڭرى ھەممىلا بەندىسىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ ........ 57
رەقىبىنى بىر يولدىلا مەغلۇپ قىلىش ........ 59
قۇلۇلە قېپى ........ 61
پەرىشتىنىڭ قانىتى ........ 63

**ئۈچىنچى باب ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ئۆزىڭىز ... 67**
ئەمەلىيەتتە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ئۆزىڭىز ........ 69
ئالماس دەل سىزنىڭ ھويلىڭىزدا ........ 71
ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سىزمۇ داڭلىق ئادەم بولالايسىز ........ 73
مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىمەن ........ 75
كەلگۈسىدە سىز ئىشتات باشلىقى بولىسىز ........ 77
ئۆزىڭىزگە بىر بايراق بېرىڭ ........ 79
موزدوزنىڭ زوڭتۇڭ ئوغلى ........ 81
جوينىڭ بايقىشى ........ 83
سېھىرلىك قىلىچ ........ 85
سىز ئەسلىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ........ 87
چاينىڭ تەمى قايناق سۇدا ........ 90
ئۆزىڭىزنى مەرۋايىتقا ئايلاندۇرۇڭ ........ 93
ھىدروگېنلىق شارنى ئۇچۇرۇڭ ........ 95
بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان ئىكەنسىز، چوقۇم قالغانلىرىنىمۇ ياخشى قىلالايسىز ........ 97
تاشمۇ گۆھەرگە ئايلىنالايدۇ ........ 99
سېنىڭ ئورنۇڭنى ھېچكىم باسالمايدۇ ........ 101
ئىشىڭىزنىڭ ھەممىسىلا خاتا ئەمەس ........ 103
ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇڭ ........ 105

www.uyghurkitap.com


ئامېرىكىدىكى بوي ئېگىزلىكى 1.60 مېتىرلىق ۋاسكېتبول چولپىنى ...... 107

بىر خىل ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىش بار، ئۇ دەل ئۆزىگە ئىشىنىش ......... 110

ياق، چوقۇم نوتا خاتا ........................................ 113

باشقىلارنىڭ ئەخمەق دېيىشىدىن قورقماڭ ........................ 115

**تۆتىنچى باب ئۆزىڭىزگە كۆيىنىپ، كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇڭ** ... 117

سىنى بىرى چۆشەپ قويدىمۇ؟ ................................ 119

ئۆزىڭىز بىلەن ئەپ ئۆتۈڭ .................................. 121

ھەقىقىي ئەركىنلىك قەلبىڭىزدە ............................... 123

پەيلاسوپنىڭ ئاخىرقى دەرسى ................................. 125

ساپال قاچىدىكى گۈل ...................................... 127

تۈرمىدىكى تاللاش ......................................... 129

سىياھ بېلىق بولۇپ قالماڭ ................................... 131

ھەسەتخور شاپتۇل دەرىخى ................................... 133

ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەڭ .................................... 135

يۈز كېلەلمەيدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز ............................ 137

**بەشىنچى باب ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەپ، كەيپىياتىڭىزنىڭ غوجايىنى بولۇڭ** ... 139

ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۈچ مەيدان يۈگۈرۈڭ ........................ 141

جەنۇب شامىلى بىلەن شىمال شامىلى ............................ 143

ۋاقتىڭىزنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلىڭ ...................... 145

مۇلايىملىق ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ ......................... 147

كەيپىياتنى تەڭشەيدىغان ئەينەك ساقا ........................... 149

لىنكولىنىنىڭ تەكلىپى ...................................... 152

يوقىتىپ قويغان پەينى تېپىپ كېلىڭ ............................. 154

شاكىچىك توم ............................................. 156

ئەقىل سىتىۋېلىش .......................................... 159

راھىب بەيىنىنىڭ سالماقلىقى ................................. 161

شيۈجېڭنىڭ تەۋەرۈكى ........................ 163
شۆلگەي ئۆزلىكىدىن قۇرۇسۇن ........................ 165
بېلىق تۇتۇش ........................ 167
رېمونتچىدىن ئاپتوموبىل شاھىغىچە ........................ 169

**ئالتىنچى باب ئۆزىڭىزنى تەڭشەپ كۆڭۈل بېسىمىدىن قۇتۇلۇڭ** ... 171
روھىڭىزنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىڭ ........................ 173
بىر قېتىم ئەپۇ سورىسىڭىزلا كۇپايە ........................ 174
پۇتبول شاھى پېلىنىڭ دەردى ........................ 176
سودىگەرنىڭ قوي سانىشى ........................ 178
ئۆزىڭىزگە «كېرىكى يوق» دېيەلەيدىغان بولۇڭ ........................ 180
ئۆزىڭىزنىڭ «چېكىنىش پىلانى» بولسۇن ........................ 183
ترومان زوڭتوڭنىڭ «ئاكوپ»ى ........................ 185
دوختۇرنىڭ تەكلىپى ........................ 186
ۋاروندا پېسخىكىسى ........................ 188
كاۋا بىلەن تۆمۈر چەمبەر ........................ 190
ئۆزىڭىزنى غەمدىن خالاس قىلىڭ ........................ 192
كىچىك ئىشلاردىن ئەنسىرىمەڭ ........................ 194
قايغۇنىڭ ئورنىنى كۈلكە ئىگىلىسۇن ........................ 196
قارىغايدىن كەلگەن ئىلھام ........................ 199

**يەتتىنچى باب خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاپ قويۇپ، قەلبىڭىزگە خۇشاللىق ئۇرۇقى تېرىڭ** ........................ 201
خۇشاللىقىڭىزنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ ........................ 203
شادىمان ئۇرۇق ........................ 205
خۇشال بولۇش تولىمۇ ئاسان ........................ 207
دائىم ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاڭ ........................ 209
كۈن نۇرى، رەڭ ۋە سۆز ........................ 211
بىر تال مارۋژنى ........................ 213

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

تەڭرى ئىنتايىن ئادىل ........................................ 215
تىلەمچى دىكىنىڭ دەردى ........................................ 217
مەخلۇقاتلارنىڭ جاۋابى ........................................ 221
ئۆزىڭىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىزدەڭ ........................................ 224
ئىككى يۈەن پۇل ........................................ 227
گېنېرال بوتوننىڭ جاۋابى ........................................ 229
ئەينەكنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا ........................................ 231
خۇشال يۈرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ ........................................ 233
يالغاندىن خۇشال بولالىسىڭىزلا ھەقىقىي خۇشال بولالايسىز ........................................ 235
تۆت ئېغىز سۆز ........................................ 237
لايدىن ياسالغان پىل ۋە دانىشمەن ........................................ 239

## سەككىزىنچى باب غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن

**«غەم ـ ئەندىشە دەرىخى» تىكىپ قويۇڭ** ........................................ 243
جەننەتكە ئەۋەتىلگەن خەت ........................................ 245
بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ ........................................ 248
چېقىلىپ كەتكەن قەھۋە ئىستاكانى ئۈچۈن ياش تۆكمەڭ ........................................ 250
ئۇ پەقەتلا بىر كۆينەك خالاس ........................................ 252
تۇرۇبا يولى ئىشچىسىنىڭ «غەم ـ ئەندىشە دەرىخى» ........................................ 254
ھەر كۈنى ئۆزىڭىزگە بىر ئۈمىد يۆلەڭ ........................................ 256
داڭلىق تىۋىپ يى تيەنشى ........................................ 258
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ........................................ 260
پىسخولوگىيە دوختۇرى بىلەن كومېدىيە ئارتىسى ........................................ 262
تۇرمۇشنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى كەچۈرۈۋېتىڭ ........................................ 265
دەردىڭىزنى قۇمغا يېزىپ قويۇڭ ........................................ 267
ئىشكنى يېپىۋېتىڭ ........................................ 269
ئايىقىڭىزنىڭ بوغقىچىنى چىگىۋېلىڭ ........................................ 271
ئۆزىڭىزنىڭ خاسلىقىنى ساقلاڭ ........................................ 273
باشقىلارنىڭ غېمىنى يېنىكلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ........................................ 276

كۆك رەڭلىك كۆڭلەك كەلتۈرۈپ چىقارغان مۆجىزە ........................ 278

**توققۇزىنچى باب كىشىلىك ھاياتقا كۆلۈپ قاراڭ، روھىڭىزغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىڭ** ........................ 281
كۆز يېشىدىن باشقا يەنە، ئىللىق قوياش نۇرى ۋە كۆپكۆك ئاسمان بار ...... 283
ئاپەتنىڭ قىممىتى ........................ 285
يوقىتىپ قويغانلىقىغا مىننەتدار بولۇش ........................ 287
دادىنىڭ بىر سائەتلىك دەرسى ........................ 289
بىر تال قېرىنداشنىڭ قانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى بار؟ ............... 291
يۈز تۈرانە ئىمتىھانىنىڭ ئالتىنچى سوئالى ........................ 293
ئەما مۇزىكانت ........................ 295
بەزىدە كۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ ........................ 297
تەقدىرنىڭ مۇز دەرياسىدىن ھالقىغان ئادەم ........................ 299
قىشتا دەرەخ كەسمەڭ ........................ 301
بىر تال خازان ........................ 303
مەغلۇپ بولغاندىمۇ مەيدىڭىزنى كېرىپ يۈرۈڭ ........................ 305
جاپا تارتىشقا چىدىسىڭىزلا غايىڭىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ ............... 307
ترېنېر ۋودىنىنىڭ ماھارىتى ........................ 309

**ئونىنچى باب ئۆزىڭىزگە تايىنىپ ئۆزىڭىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىق مۆۋەپپەقىيەت قازىنىڭ** ........................ 311
روگېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ........................ 313
ھەشقىپىچەكنىڭ تراگېدىيەسى ........................ 315
سەن ھەممىدىن باي ........................ 318
لىنكولىن زۇڭتۇڭنىڭ ئىنىسىغا يازغان خېتى ........................ 320
پەقەت بولكا ئۈچۈنلا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماڭ ........................ 323
ھارۋىكەش بىلەن كۈچتۈڭگۈر پالۋان ........................ 326
ئۈچ پاقا ........................ 328
كېپىنەك لېچىنكىسى ........................ 330

مۇشۇكنىڭ سوۋغىسى ........ 331
خىمىيەگەرلىك (ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسى) ........ 333
خامېرنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى ........ 335

**ئون بىرىنچى باب ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى نامايان قىلىڭ** ........ 337
ئىشىك ئەسلىدە ئوچۇق ئىكەنغۇ ........ 339
11 قېتىم چېكىلگەن ئىشىك ........ 341
جەريان نەتىجىدىنمۇ مۇھىم ........ 344
ئانىنىڭ جاۋابى ........ 346
ئۆزى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ........ 348
«مۇمكىن ئەمەس» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........ 350
باتۇرلۇقنى ئۆگىنىش ........ 354
فاراداينىڭ خىزمەت تېپىشى ........ 356
قەلب ئىشىكىڭىزگە قۇلۇپ سېلىۋالماڭ ........ 358
كۆڭلىڭىزدىكى ئېغىر تاشنى تاشلىۋېتىڭ ........ 360
ئۆزگىچە ۋەزىپىدىن ئايرىلىش نۇتقى ........ 362
ئۆمۈچۈك ئادەمنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشى ........ 365
سەت ئۆردەك چۆجىسىدىن ئاققۇغىچە ........ 367

**ئون ئىككىنچى باب ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ، قەلب گۈلزارلىقىڭىزنى خۇش پۇراق گۈلگە پۈركەڭ** ........ 369
ئىككى تال شام ........ 371
ئېچىۋېتىلگەن گۈللۈك ھەممىدىن چىرايلىق ........ 373
«خەيرلىك سەھەر» دېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان مىسسىئونېر ........ 376
كەڭ قورساقلىق قەلبنى قەلبكە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ........ 378
مىل خانىمنىڭ تەجرىبىسى ........ 381
ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئاندىن باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيسىز ........ 384




www.uyghurkitap.com

سارچى بىلەن نامسىز گۈل ........................................ 387
باشقىلارنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ ........................... 389
قارىغۇنى تار يولدا قىستىماڭ ....................................... 392
چىرايلىق خانىمنىڭ مۇناسىۋەت ماھارىتى ............................ 394
مېھماندارچىلىق ................................................... 396
رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش ................................... 298
بىر قاچا شورپا ................................................... 400
مىننەتدارلىق ..................................................... 402
كونوسۇكېنىڭ مېھمان كۈتۈشى ........................................ 405
جياۋېننىڭ تالللىشى ................................................ 407
زوئولوگنىڭ يەكۈنى ................................................ 410
رىيانىڭ قوشنىسىنى ئىزدىشى ........................................ 412
مويسىپىتنىڭ جاۋابى ............................................... 415

**ئون ئۈچىنچى باب ھەمكارلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ نەپكە ئېرىشىشى كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت** ...... 417

جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقى ...................................... 419
ھەمكارلاشقاندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى بولىدۇ ....................... 421
ئۈچ راھىب ........................................................ 423
ياۋا غاز توپىدىن كەلگەن ئىلھام .................................... 425
تاش يۆتكىگەن بالا ................................................. 427
بەش بارماقنىڭ جېدىلى ............................................. 429
ئىشەنچ ........................................................... 431
توپ مەيدانىدىكى دوستلۇق .......................................... 433

**ئون تۆتىنچى باب كەڭ قورساق بولۇپ، كۆڭۈل ئىناقلىقىنى بەرپا قىلىڭ** ............................................................ 435

چۆ بەگلىكى بىلەن لياڭ بەگلىكى ..................................... 437
بۇغا گۆشى ........................................................ 439

www.uyghurkitap.com


بۇرۇنقى ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىڭ ........................ 441
قولىڭىزدىكى مىلتىقنى تاشلىۋېتىڭ ........................ 444
كەمتەر ھەم خۇش پېئىل بوكس شاھى ........................ 446
تۈرمىدىكى ماندېلا ........................ 447
تاۋۇزلۇقتىكى ۋەقە ........................ 450
ياخشىلىقنى ئېسىدە ساقلاپ، يامانلىقنى ئۇنتۇپ كېتىش ........................ 452
ئەپۇ قىلىش ........................ 454
ئۆچكە بىلەن ياۋا توشقان ........................ 456

**ئون بەشىنچى باب ئۆزىڭىز مېھرىبان، قەلبىڭىز گۈزەل بولسۇن** ... 459
مۇھەببەتنىڭ كۈچى ........................ 461
ئوغۇل بالىنىڭ ئارزۇسى ........................ 463
ئىسكىرىپكا ........................ 465
مۇھەببەت، بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت ........................ 468
ئۆزگىرىش ........................ 470
قۇملۇقتىكى سۇ پومپىسى ........................ 473
باشقىلارغا ياردەم بەرگىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ياردەم بەرگىنىڭىز ........................ 475
يۈلتۈز بېلىق تېرىۋاتقان بوۋاي ........................ 477
20 سوم ........................ 479

**ئون ئالتىنچى باب ئازابتىن قۇتۇلۇپ، پىشقان خاراكتېر يېتىلدۈرۈڭ** 481
شەرەپنى چوڭ بىلمەڭ ........................ 483
ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ ........................ 485
بالاتنا ئارىلىدىكى مېنتېنسىرروس بېلىقى ........................ 487
ئۈچ قىزنىڭ ئارزۇسى ........................ 489
چىرايىڭىز ئۈچۈن قايغۇرماڭ ........................ 491
چىرايلىق مۈڭگۈز بىلەن سەت پۇت ........................ 493
چولپان ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋىرىم بار ........................ 495
مېۋىلىك باغدىكى دەرس ........................ 498

گۈلنى رەقىبىڭىزگە تۇتۇڭ ........................................ 500
چىرايلىق قىزچاقنىڭ ئەسھىتى ........................................ 502
گىلاس دەرىخىنى كىم كېسىۋەتتى ........................................ 504
باتۇر تىيىن ........................................ 506
يامان ئادەتلىرىڭىزنى تۈگىتىڭ ........................................ 508

**ئون يەتتىنچى باب ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، جاھانغا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراڭ** ........................................ 511
«ئاتام زامانىسىدىكى مەن»دىن قۇتۇلۇپ كېتىڭ ........................................ 513
ئېرىق ۋە قۇملۇق ........................................ 515
كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كېپىنەك قۇرتى ........................................ 517
خادىم قىسقارتىش ........................................ 519
مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغىنى ئۆزگىرىش ........................................ 521
كۆز ئەينەك ........................................ 523
ئىشىك ........................................ 524
تاغنى چاقىرىش ........................................ 526
رەسىم قوراشتۇرۇش ........................................ 528
ئۆزگىچە مەنزىرە ........................................ 530
بىر دوللار قەرز ئالغان يەھۇدىي باي ........................................ 532
ئېشەكنىڭ يەكۈنى ........................................ 534
ئۆزگەرمەيدىغان ھېچنېمە يوق ........................................ 536
ھېكايە ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىشكە ياردەم بېرىدىغان مۇلاھىزىلىك ئىبىك گەپلەر...

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب ئۆزىڭىزنى تونۇپ ئۆزىڭىزنى ھەققىي بىلىڭ

قەدىمكى يۇنانىنىڭ دېرفېي دېگەن جايىدىكى بىر قەدىمىي بۇتخانىنىڭ ئالدىدا بىر ئابىدە بولۇپ، ئابىدىگە «ئۆزىنى تونۇش» دېگەن خەت ئويۇلغان. بەزىلەر بۇنى داڭلىق پەيلاسوپ سوقراتنىڭ ئەقلىيە سۆزى دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ ئەڭ ئالىي ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغان «ئەرەب ئىلاھىي يارلىقى» دەپ قارايدۇ. بۇ سۆز ھەرقانداق بىر ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھۆكۈم جۈملىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ دەل: ئۆزىنى تونۇش.

ئۆزىنى تونۇش — بىر ئادەمنىڭ پىسخىك ساغلاملىقى ۋە بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ باشلىنىشى. ئەگەر سىز ھاياتىڭىزنى خۇشال، بەختلىك ئۆتكۈزمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى چوقۇم توغرا تونۇشىڭىز كېرەك. شۇندىلا ھايات مۇساپىڭىزدا ئۆزىڭىزگە تەقسىم قىلىنغان رولنى ياخشى ئويناپ، ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە

نورۇز گۈلنىڭ نورۇز گۈلگە خاس گۈزەللىكى بار، مېيخۇا گۈلنىڭ مېيخۇا گۈلگە تۇشلۇق پۇرىقى بار، شاپتۇل چېچىكىنىڭ شاپتۇل چېچىكىگە خاس رەڭگى بار، ئالۇچا چېچىكىنىڭمۇ ئالۇچا چېچىكىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى بار. ھەممە گۈل تەكشى ئېچىلغاندىلا ئاندىن باغچىنىڭ گۈزەللىكى نامايان بولىدۇ.

— ئىكېدادايساكۇ

نيۇيورك شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە توپلاش مەقسىتىدە «رومېئو ۋە جۇلىيېتتا» ناملىق درامىنى رېپېتىتسىيە قىلماقچى بوپتۇ. 9 ياشلىق كەيسىرىنغا مەلىكىنىڭ رولى تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئاپىسى نەچچە ھەپتىگىچە قىزىنىڭ سەھنە تېكىستىنى يادلىشىغا ياردەملىشىپتۇ. كەيسىرىن ئۆيدە رولنى شۇنداق تەبىئىي ئالىدىكەنۇ، لېكىن سەھنىگە چىققان ھامان ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن.

بۇنىڭغا ئامال قىلالمىغان ئوقۇتقۇچى ئاخىر بۇ رولنى ئالىدىغان ئادەمنى ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ ۋە كەيسىرىنغا بۇ درامىدا مونولوگ بارلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ رولنى ئېلىشىنى ئېيتىپتۇ. گەرچە ئوقۇتقۇچى گەپنى شۇنداق ئەگىتىپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە تەقسىملەنگەن رولغا باشقا بىر قىزنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن كەيسىرىننىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يەپتۇ.

چۈشتە كەيسىرىن ئۆيىگە قايتقاندا بۇ ئىشنى ئاپىسىغا دېمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ ھەممە ئىشقا دىققەت قىلىدىغان ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنىڭ يوقلىقىنى سېزىپتۇ. شۇڭا سەھنە تېكىستىنى مەشق قىلىش ھەققىدە ئېغىز ئاچماپتۇ ۋە قىزىغا ھويلىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ.

بۇ دەل باش باھار مەزگىلى بولۇپ، باراڭدىكى ئەتىرگۈل يېڭىلا بىخ سۈرگەن

ئىكەن. ئۇ ئاپىسىنىڭ بىر تال ماماكاپنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاپىسى:

— بۇ ياۋا ئوت - چۆپلەرنى قالدۇرماي يوقىتىۋېتەيلى، — دەپتۇ ۋە ماماكاپنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋېتىپتۇ، — بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھويلىمىزدا پەقەت ئەتىرگۈللا ئۈنسۇن.

— لېكىن مەن ماماكاپنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن، — دەپ قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ كەيسىبرىن، — ھەممە گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە، گەرچە ئۇ بىر تال ماماكاپ بولسىمۇ!.

ئاپىسى قىزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە:

— شۇنداق قىزىم، ھەرقانداق گۈل ئۆزىنىڭ جەزبىدارلىقى ئارقىلىق ئادەمگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك قىياپەتتە.

كەيسىبرىن بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاپىسى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ خۇشال بولۇپتۇ.

— ئادەممۇ ھېلىھەم شۇنداق، — دەپتۇ ئاپىسى، — ھەممىلا ئادەمنىڭ مەلىكىنىڭ رولىنى ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

كەيسىبرىن ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغانلىقىنى چۈشىنىپ، بولغان ئىشنى ئاپىسىغا دەپ بېرىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئاپىسى ئاڭلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ.

— سىز چوقۇم ئىنتايىن ياخشى مونولوگچى بولالايسىز، — دەپتۇ ئاپىسى كەيسىبرىننىڭ دېكلاماتسىيەنى ئىنتايىن ياخشى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، — مونولوگچىمۇ مەلىكىنىڭ رولىغا ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ گۈلگە ئوخشاش ئۆزىگە تۇشلۇق ۋەزىپىسى، خاسلىقى ۋە ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ، شۇڭا، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ گۈلنى ئېچىلدۇرۇپ، ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىشىمىز لازىم. شۇندىلا بۇ دۇنيا تېخىمۇ ئىناق بولۇپ، گۈزەللىككە تولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى

# شائىر بىلەن سائەتچى

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشقاندىن كۆرە، قىممىتى بار ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان ياخشى.

ـــ ئېينشتېين

ئىقتىدارلىق بىر شائىر بولۇپ، نۇرغۇن لىرىك شېئىر يازغان بولسىمۇ، لېكىن بەكلا پەرىشان يۈرۈيدىكەن. چۈنكى، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىكەن. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟

شائىر ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئەزەلدىن گۇمانلانمايدىكەن. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ دوستى ـــ پىشقەدەم سائەتچىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

پىشقەدەم سائەتچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گەپ قىلمايلا ئۇنى بىر كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆيگە ھەر خىل نۇسخىدىكى داڭلىق سائەتلەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ سائەتلەرنى شائىر ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. سائەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئۆچار قۇشقا، بەزىلىرى ھايۋانلارغا ئوخشىسا، بەزىلىرى قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى چىقىرىدىكەن، يەنە بەزىلىرى ئىنتايىن يېقىملىق مۇزىكىلارنى چىقىرىدىكەن...

سائەتچى تارتمىدىن بىر كىچىك قۇتىنى ئېلىپ ئىچىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپتۇ. بۇ سائەتنىڭ ئەجەپلىنەرلىك يېرى ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدا بولماستىن، بەلكى ئۇ ئاسترونومىيەلىك ئايلىنىش، دېڭىز تاشقىنى قاتارلىقلارنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن، يەنە تېخى ئاي، كۈننى شۇنداق توغرا كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ئۇ بۇنداق «خاسىيەتلىك سائەت»نى نەدىنمۇ تاپقاندۇ؟ شائىرنىڭ بۇ سائەتنى پەقەت قويۇپ قويغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ «گۆھەر»نى سېتىۋالغۇسى كەپتۇ ۋە سائەتنىڭ باھاسىنى سوراپتۇ. سائەتچى كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇ

«گۆھەر»نى شائىرنىڭ ئاددىي سائەتنى بىلەن تېگىشمەكچى بوپتۇ.

شائىر بۇ سائەتنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپتۇكى، تاماق يېگەندىمۇ، يول ماڭغاندىمۇ، ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ ئېلىۋەتمەيدىكەن. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شائىر پىشقەدەم سائەتچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاشۇ ئادەتتىكى سائىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. پىشقەدەم سائەتچى ھەيران بولغان قىياپەتتە، ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق قىممەتلىك يانچۇق سائىتىنىڭ رازى بولمىغىدەك قانداق يېرىنىڭ بارلىقىنى سوراپتۇ. شائىر ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— سائەت دېگەننى ۋاقىتنى بىلىش ئۈچۈن تاقايدىغان گەپ، لېكىن بۇ سائەت ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىكەن. مەن ئۇنى سېلىۋالغان بىلەن سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلەلمەيدىكەنمەن، بۇنداق سائەتنى سالغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ كىممۇ مېنىڭدىن ئاسترونومىيەلىك ئايلىنىش ۋە دېڭىز تاشقىنى قاتارلىقلارنى سورايدۇ؟ بۇ سائەتنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق قىممىتى يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

پىشقەدەم سائەتچى كۆلگىنىچە سائەتنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپتۇ. ئۇ شائىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىپ مەنىلىك قىلىپ:

— يىگىت، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى جان كۆيدۈرۈپ قىلايلى، سەنمۇ قانداق قىلغاندا كىشىلەرگە ئەسقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلىغىن، دەپتۇ.

شائىر شۇندىلا ئېسىنى تېپىپ، سائەتچىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى سىزنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز بىلەن ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇش - بولماسلىقىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىڭىزدىن پەخىرلىنەلىشىڭىز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېينشتېين: — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشقاندىن كۆرە قىممىتى بار ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشقان ياخشى، دېگەنىدى. بۇ سۆز بىزگە كىشىلىك ھاياتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلىك تۇرمۇشقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# دۇب دەرىخىنىڭ دەردى

سىلەرنىڭ كۆڭدە خۇشال ياشىشقانلىقنى تۇيغاندەك قىلىمەن، ھەرگىزمۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى تونۇشقاندەك كىرگەنمەگلار.

—— كىيۇرى خانىم

بىر باغدا نۇرغۇن دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھ بار ئىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن.

ئىلگىرى بۇ باغ ھازىرقىدەك ئەمەس ئىكەن، بۇ يەردىكى بىر تۈپ كىچىك دۇب دەرىخى تولىمۇ مەيۇس بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي ئاجايىپ بىچارە ياشايدىكەن. باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكى ئۇنى تېخىمۇ ئېسەنكىرىتىدىكەن. ئالما دەرىخى ئۇنى ئەستايىدىل ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سەن ھەقىقىي تىرىشقان بولساڭ چوقۇم ئاجايىپ چىرايلىق ئالمىلارنى مېۋىلىگەن بولاتتىڭ، بۇ دېگەن تولىمۇ ئاسان ئىش، قاتتىق تىرىشمىساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ. ئالما دەرىخىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دۇب دەرىخى: «مەن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىم، مېنىڭ قانچىلىك تىرىشقانلىقىمنى سىلەر ئويلاپمۇ يېتەلمەيسىلەر، لېكىن پەقەت مېۋىلىيەلمىدىم» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئويلىغانسېرى كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەتىرگۈل دۇب دەرىخىگە:

— ئالما دەرىخىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلما، ئەمەلىيەتتە ئەتىرگۈل ئېچىلدۇرۇش ھەممىدىن ئاسان. قارا، مەن نېمىدېگەن چىرايلىق، — دەپتۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان دۇب دەرىخى ئەتىرگۈلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايلىق رۇخسارىغا قاراپ، ئەتىرگۈلدەك بولماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇ باشقىلارغا ئوخشاشنى ئارزۇ قىلغانسېرى ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپتۇ.

بىر كۈنى قۇشلارنىڭ دانىشمىنى بۈركۈت بۇ باغقا كەپتۇ. بۈركۈت تولىمۇ بىچا-رە ھالەتتە بىر چەتتە غەمگە چۆمۈپ تۇرغان دۇب دەرىخىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. دۇب دەرىخىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغان بۈركۈت ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن، دۇنيادا نۇرغۇن ئادەم مۇشۇنداق مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. مەن ساڭا قانداق قىلىشنى دەپ بېرەي: سەن ۋاقتىڭنى ھەرگىزمۇ باشقىلار ئارزۇ قىلغان ھالەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىسراپ قىلما، سەن يەنىلا سەن ئۆزۈڭ، سەن مەڭگۈ باشقىلار بولالمايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ باشقىلارغا ئۆز-گىرىشىڭنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ياخشىسى سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئوبدانراق بىلىپ يەنىلا ئۆزۈڭ بولغىن، ئەگەر سەن بۇنى بىلمەكچى بولساڭ، يۈرىكىڭنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىغا قۇلاق سالساڭلا كۇپايە، ــ دەپتۇ ـ دە، دۇب دەرىخىنى يالغۇز ئول-تۇرۇپ ئويلىنىشقا قويۇپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كىچىك دۇب دەرىخى ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئۆزۈم بولامدىم؟ ئۆزۈمنى چۈشىنەم-دىم؟ ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمگە قۇلاق سالامتىم؟ ــ دەپتۇ ۋە كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كې-تىپتۇ. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، يۈرىكىگە قۇلاق سېلىپتۇ ۋە يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاپ-تۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى «سەن مەڭگۈ ئالما مېۋىسى بولالمايسەن، چۈنكى سەن ئالما دەرى-خى ئەمەس؛ سەن ھەم ھەر يىلى باھاردا گۈل بولۇپ ئېچىلالمايسەن، چۈنكى سەن ئە-تىرگۈل ئەمەس. سەن دېگەن بىر تۈپ دۇب دەرىخى، سېنىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى ھەم ئېگىز ھەم مەزمۇت ئۆسۈپ، قۇشلارنى ئارام ئالىدىغان ماكان، ساياھەتچىلەرنى سايە بىلەن تەمىنلەپ، گۈزەل مەنزىرە يارىتىش. سېنىڭمۇ ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ۋەزى-پەڭ بار، سەن شۇ ۋەزىپەڭنى ئادا قىلساڭلا بولىدى» دەپتۇ.

شۇ ھامان كىچىك دۇب دەرىخىنىڭ پۈتۈن جىسمى ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپتۇ ۋە ئۇ-زۇنغا بارمايلا چوڭ دۇب دەرىخىگە ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ-تۇ.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

نۇرغۇن ئادەمنىڭ تۇرمۇشتا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقى، ھەتتا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىدىكى سەۋەب، دەل ئۇلارنىڭ ئۆزىنى توغرا تونۇمىغانلىقىدا، ئۆزىنىڭ زادى نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنلىكىدە. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىمەن، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنى ئېنىق تونۇشىڭىز كېرەك.



# ئەڭ ياخشى ئەيىنەك يەنىلا ئۆزىڭىز

ئادەتتىكىچە تۇرمۇش ئادەمدە يەنىمۇ ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويىدۇ، جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ھاياتلا كىشىگە ياشاشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

— ئىكېدادايساكۇ

ئېينىشتېيىن باللىق چاغلىرىدا باشقا باللارغا ئوخشاش تولىمۇ كەپسىز، ئويۇنغا ئامراق بالا ئىدى، ئۇ ھەمىشە ئەسكى باللار بىلەن ئارىلىشىپ قالاتتى، دادىسى بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ، ئامال بار ئۇنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا قىلىشنىڭ كويىدا بولاتتى. ئېينىشتېيىن 16 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگىنى دادىسى دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى ماڭغان ئېينىشتېيىننى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايە كېيىنكى كۈنلەردە ئېينىشتېيىننىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

— تۈنۈگۈن، — دەپ گەپ باشلايدۇ دادىسى، — مەن قوشنىمىز جون تاغاڭ بىلەن زاۋۇتنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرخۇننى تازىلاشقا باردىم. بۇ تۈرخۇنغا پەقەت تۈرخۇن ئىچىدىكى تۆمۈر شوتا ئارقىلىقلا چىققىلى بولاتتى، جون تاغاڭ ئالدىدا، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇتقۇچنى تۇتۇپ ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلىدۇق. بىز ئىشنى تۈگىتىپ تۆۋەنگە چۈشكەندىمۇ يەنىلا جون تاغاڭ ئالدىدا، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشتۇم. بىز تۈرخۇندىن چىقىدىغاندا ئاجايىپ بىر غەلىتە ئىشنى بايقاپ قالدۇق. جون تاغاڭنىڭ ئۈستى - بېشى تۈرخۇننىڭ قارىسى بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى، مېنىڭ ئۈستى - بېشىم بولسا پاك - پاكىز ئىدى.

ئېينىشتېيىننىڭ دادىسى كۈلۈمسىرىگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— مەن جون تاغاڭنىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ مەنمۇ شۇنداق مەينەت بولۇپ

كەتكەن ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ، ئېرىق بويىغا بېرىپ قايتا ـ قايتا يۇيۇپتۇ، چۈنكى تاغاڭ بولسا مېنىڭ ئۈستى ـ بېشىمنىڭ پاكىز تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىمۇ ماڭا ئوخشاش پاكىز دەپ ئويلاپ، چالا ـ بۇلا يۇيۇنۇپلا بازارغا چىقىپتۇ. نەتىجىدە جون تاغاڭنى كۆرگەنلەر ئۇنى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇچىيى ئۈزۈلگىچە كۈلۈشۈپتۇ.

ھېكايىنى ئاڭلىغان ئېينىشتېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي دادىسىغا ئەگىشىپ تازا كۈلۈپتۇ. دادىسى كۈلكىدىن توختاپ ئېينىشتېيىنغا شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەمەلىيەتتە ھېچكىممۇ ساڭا ئەينەك بولۇپ بېرەلمەيدۇ، ھەقىقىي ئەينەك يەنىلا ئۆزۈڭ. باشقىلارنى ئۆزىگە ئەينەك قىلغان ئەخمەقلەرلا ئۆزىنى دانىشمەن ھېس قىلىشى مۇمكىن.

بۇنى ئاڭلىغان ئېينىشتېيىن تولىمۇ خىجىل بولۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېينىشتېيىن ھېلىقى كەپسىز باللاردىن ئايرىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ـ ئۆزىگە ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى كۆزىتىپتۇ ۋە ئاخىرى ھاياتىنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلار سىزنىڭ قانداقلىقىڭىزنى ھەرگىز كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، ئەڭ يورۇق ئەينەك يەنىلا ئۆزۈڭىز. كىشىلىك ھاياتتا ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا رولى ۋە ۋەزىپىسى بولىدۇ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۆزۈڭىزنى تىرىشسىلا ھەقىقىي ئۆزىنى تاپالايدۇ.

# رابى. سۇشىيانىڭ كۆز يېشى

كەڭرى كەتكەن بۇ بىپايان دۇنيادا بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بولىدۇ، ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئاشۇ رولنى پاختىن ئوينىيالىسىلا كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزالايدۇ.

— لوۋېل

بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يەھۇدىلار ئارىسىدا ئىنتايىن ھۆرمەتكە سازاۋەر رابى. سۇشىيا ئىسىملىك بىر دانىشمەن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ئۆلىما ئىكەن، ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا ئۇزۇن ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ. ئۆلىما قاتتىق يىغلاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەيران بولغان ھالدا:

— ئۇستاز، نېمىشقا بۇنداق يىغلايدىلا؟ دەپ سورىشىپتۇ.

— مەن قازا قىلغاندىن كېيىن، ئەگەر جەننەتكە كىرسەم پەرىشتىلەر مەندىن سەن نېمىشقا مۇساغا ئوخشىمايسەن؟ دەپ سورىسا، مەن چوقۇم چۈنكى مەن مۇسا ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئەگەر پەرىشتىلەر مەندىن داۋاملىق سېنىڭ ئەنرىش (ئىبرانىلىق ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى) دەك ئاجايىپ تۆھپەڭمۇ يوق ئىكەن، دەپ سوراپ قالسا، ئۇ چاغدا مەن يەنىلا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن، چۈنكى مېنىڭ پانىي ئالەمدىكى ۋەزىپەم ئەنرىشقا ئوخشىمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىمەن. لېكىن ئۇلار مەندىن شۇنداق بىر سوئالنى سوراپ قالسا بەلكىم جاۋاب بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن. مەن پەرىشتىلەرنىڭ مەندىن سەن نېمىشقا رابى. سۇشىياغا ئوخشىمايسەن، دەپ سوراپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

رابى. سۇشىيا ئالەمدىن ئۆتۈپ 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، جېنىنى ئىسىملىك ئامېرىكىلىق بىر قىزچاق كىچىك تۇرۇپلا ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ 12 يېشىدىلا بىرنەچچە قېتىم دۇنيا چويلا توپ چېمپىيونلىقىغا ئېرى-

شىپ، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىلا ئالدىنقى قاتاردىكى ماھىرغا ئايلىنىدۇ ۋە تونۇلغان قورامىغا يەتكەن چويلا توپ چولپانلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىپ غەلىبە قازىنىدۇ.

ئۇ ئۆزىدىن: «سىز ئىككىنچى كرېستىنا ئېيفورت بولۇشنى ئارزۇ قىلامسىز؟» دەپ سورىغانلارغا: «ياق، مەن بىرىنچى جېننى بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنداق ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش روھى دەل ئۇنىڭ مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئىپادىسى بىلەن بىردەك بولغان. چۈنكى ئۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى بىردىنبىر يولنىڭ باشقىلارنى دوراپ، ئۇلارنىڭ سايىسى بولۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى نامايان قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

**مۇلاھىزە:**

ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا رولى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ، پەقەت ئۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان رولنى ياخشى ئوينىيالىسىلا خۇشال ھاياتقا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر سىز خۇشال، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولىمەن دېسىڭىز، چوقۇم باشقىلارنى دورىماي، ئۆزىڭىزگە تەقسىم قىلىنغان رولنى ياخشى ئوينىشىڭىز كېرەك.



# شاتۇتىنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلۇشى

ئادەم چوڭ بولۇپ مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە باشقىلارغا ھەۋەس قىلىشنىڭ تولىمۇ نادانلىق ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنى دوراشنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

— كارنېگى

ئورمانلىقتا ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ماھارەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ كۆرسەتكەچكە نومۇرلار بىر - بىرىدىن سەرخىل ئىدى. سوپىسوپىياڭنىڭ يېقىملىق ناخشىسى، بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق كۈيى، بۈركۈتنىڭ مەردانە ناخشىسى، ياۋا غازنىڭ تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىسى...، قاتارلىقلار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. پەقەت شاتۇتىلا بۇلارنى ياقتۇرمىغاندەك مەسخىرىلىك سوغۇق كۈلۈپ:

— سىلەرنىڭ پەقەت شۇنچىلىكلا ھۈنىرىڭلار بار، بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ نۆۋەت ماڭا كەلسۇنچۇ قېنى... خي! دەيتتى.

نۆۋەت ئاخىرى شاتۇتىغا كەلدى. ئۇ مەغرۇر قەدەملىرى بىلەن سەھنىگە چىقتى ۋە كۆپچىلىككە سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ناخشىسىنى باشلىدى.

ئۇ تۇنجى ناخشىسىنى سوپىسوپىياڭنى، ئىككىنچى ناخشىسىنى بۇلبۇلنى، ئۈچىنچى ناخشىسىنى بۈركۈتنى، تۆتىنچى ناخشىسىنى ياۋا غازنى دوراپ ئېيتتى...، ئۇ ناخشىسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىۋېرىپ، ئۆزى ئېيتقان ناخشىدىن ئۆزى مەس بولۇۋاتاتتى.

مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. شاتۇتى مەن چوقۇم بىرىنچى بولىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئالدىنقى 16 - لىككىچە ئېرىشكەنلەر ئارىسىدىن ئىسمىنى تاپالمىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر-

نىڭ ئىسمىغا يەنە بىر قېتىم قارىغان بولسىمۇ ئىسمىنى يەنىلا تاپالمىدى. شۇنداق-تىمۇ ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن 12 قېتىم قاراپ چىقتى. لېكىن ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى.

— بۇلار نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى چۇشۇرۇپ قويغاندۇ؟ شاتۇتى شۇنداق دې-گىنىچە قۇشلار توپى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، باھالىغۇچىلارنى ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاغزى ئىتتىك سېغىزخان ئۇنى تارتىپ:

— شاتۇتى قىزچاق، سىزنىڭ ئىسمىڭىز مانا ماۋۇ يەردە ئىكەن! — دېدى.

شاتۇتى سېغىزخان كۆرسەتكەن يەرگە قارىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ھەممىنىڭ ئار-قىسىدا تۇراتتى.

بۇنى كۆرۈپ شاتۇتىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق ئاغرىنغان ھالدا باھالىغۇچىلار مۇدىرى سۇمرۇغنى ئىزدەپ بېرىپ:

— مەن، ... مەن، ... ئاددىيسى قا، قاغىچىلىكمۇ بولالمىدىممۇ؟ نېمىشقا مې... مېنى ئەڭ ئاخىرىغا تىزىپ قويدۇڭلار، — دېدى.

سۇمرۇغ سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا:

— سەنئەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ خاسلىقىدا، سېنىڭ باشقىلار تۇۋلاپ بولغان مۇقامنى تەكرارلىغىنىڭدىن باشقا، ئۆزۈڭنىڭ ھېچقانداق خاسلىقى يوق ئىكەنغۇ؟ — دېدى.

**مۇلاھىزە:**

كىشىلىك ھايات دورامچىلىق ئەمەس. شۇڭا، ئۆزىڭىزنى توغرا تونۇپ، ئۆزىڭىزنى ھە-قىقىي تېپىپ، ئۆزىڭىزگە تەۋە خاسلىقنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. باشقىلارنى قارىغۇلارچە دو-رىغان بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىمىز.

# ھەقىقىي ئېگىزلىك

كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى ئابرۇيپەرەسلىكنى ۋاز كەچسەك، كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور مۇ-ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

— فرانكلىن

بىر كۈنى، ئاتا ديۇما بالا ديۇما ئەۋەتكەن ئەسەرنىڭ دائىم قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى-دىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلىغا:

— تەھرىر بۆلۈمىگە ئەسەر ئەۋەتكەندە ئەسەر ئارىسىغا: «مەن ئاتا ديۇمانىڭ ئوغلى» دېگەن باغاقچىنى قىستۇرۇپ قويساڭ بەلكىم ئەھۋال باشقىچەرەك بولۇشى مۇمكىن، — دەيدۇ. بالا ديۇما:

— بولمايدۇ، مەن سىزنىڭ چاپىنىڭىزدا تەرلىنىشنى خالىمايمەن، ئۇنداق ئە-جىرنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ دەپ دادىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ.

بالا ديۇما دادىسىنىڭ نامىنى ئۆزىنىڭ كەسپىتە نەتىجە قازىنىشتىكى ۋاستە قىلىشنى خالىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى داڭقى چىققان دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن باغلاپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئون نەچچە تەخەللۇس ئىشلىتىدۇ.

بالا ديۇما كەينى- كەينىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن ئارگىنالنى كۆرۈپ قىلچە مە-يۈسلەنمەي داۋاملىق ئۆز ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇنىڭ «چاي گۈلى قىز» ناملىق رومانىدىكى جانلىق مۇلاھىزە، قىزىقارلىق ۋەقەلىك تەسۋىرى تەھرىر بۆلۈمى-دىكى بىر داڭلىق پىشقەدەم تەھرىرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ نوپۇزلۇق پىشقەدەم تەھ-رىرنىڭ ئاتا ديۇما بىلەن ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان خەت- ئالاقىسى بولۇپ، رومان ئاپ-تورىنىڭ ئادرېسىنىڭ ئاتا ديۇما بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاتا ديۇما يېڭى تەخەللۇس ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ

يېزىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ئاتا ديۇمانىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان-لىقىنى كۆرۈپ، ھاياجان ھەم گۇمان بىلەن ئاتا ديۇمانىڭ ئۆيىگە يول ئالىدۇ.

«چاي گۈلى قىز» ناملىق بۇ بۈيۈك رومانىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئاتا ديۇمانىڭ تونۇل-مىغان ئوغلى بالا ديۇما ئىكەنلىكى بۇ داڭلىق تەھرىرنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ.

— سىز نېمە ئۈچۈن ئەسەرگە ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى يازمىدىڭىز؟ — دەپ سورايدۇ پىشقەدەم تەھرىر چۈشەنمىگەن ھالدا.

— مەن پەقەت ھەقىقىي ئېگىزلىككە ئىگە بولۇشنىلا ئويلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ بالا ديۇما.

پىشقەدەم تەھرىر بالا ديۇماغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىدۇ.

«چاي گۈلى قىز» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، فرانسىيە ئەدەبىيات ساھەسىدى-كى تەقرىزچىلار بىردەك: «بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى ئاتا ديۇمانىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ‹گىراف مونتى كىرىستوف›تىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپتۇ» دەپ باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا ديۇمانىڭ داڭقى بىراقلا چىقىپ كېتىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى ھەقىقىي تونۇيمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي ئېگىزلى-كىنى تاپىمىز، دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بەلگىلىك نەتىجە يارىتىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ئېگىزلىكىگە باشقىلارنىڭ بىزنى ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# ئۆچكىنىڭ دەردى

ئەقىللىك ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتسىلا، ھەرقانداق نەرسىنى قولدىن بېرىپ قويمايدۇ.

— نىتزى

بىر كۈنى سەھەردە بىر ئۆچكە كۆكتاتلىققا كىلىپ، كۆكتاتلىقتىكى يېسسىۋېلەكنى يېمەكچى بوپتۇ، لېكىن كۆكتاتلىق قاشالانغان بولغاچقا ئۆچكە كۆكتاتلىققا كىرەلمەپتۇ.

بۇ چاغدا قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئۆچكە تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ سايىسى تولىمۇ چوڭ كۆرۈنگەچكە، ئۆچكە ئۆزىنى «مەن نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك» دەپ ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن شۇنداق ئېگىز تۇرسام، شاخلاردىكى مېۋىلەرگە چوقۇم بويۇم يېتىدۇ، بۇ يېسسىۋېلەكلەرنى يېسەم - يېمىسەم كارايىتى چاغلىق! — دەپتۇ.

كۆكتاتلىققا يېقىن جايدا بىر مېۋىلىك باغ بولۇپ، باغدىكى مېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۆچكە باغقا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ باغقا يېتىپ كەلگەندە كۈن چىڭقى چۈش بولغان مەزگىل بولۇپ، كۈن دەل ئۆچكىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىپتۇ. بۇ چاغدا ئۆچكىنىڭ سايىسى ئىنتايىن كىچىك ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۆچكە:

— ھەي، ئەسلىدە مەن بەكلا ۋىجىك ئىكەنمەنغۇ! ئەھۋالدىن قارىغاندا دەرەخ شاخلىرىدىكى مېۋىلەرنى يېيەلمەيدىغان ئوخشايمەن، يەنىلا قايتىپ بېرىپ يېسسىۋېلەك يېگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ كۆكتاتلىققا كەلگەندە كۈن غەرب تەرەپكە ئۆتكەن بولغاچقا، ئۆچكىنىڭ سايىسى تې-

www.uyghurkitap.com

خىمۇ ئۇزۇراپتۇ.

— مەن نېمىشقا قايتىپ كەلدىم ـ ھە؟ — دەپتۇ ئۆچكە جىلە بولۇپ، — مەن شۇنداق ئېگىز تۇرسام، شاخلاردىكى مېۋىلەرنى يېيەلىشىمدە گەپ يوق.

ئۆچكىنىڭ خاپىلىقى دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى توغرا تونۇمىغانلىقىدا. ئۇ شايىسى قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىدىن چوڭ كۆرۈنگەندە ئۆزىنى چاغلىماي ئۆزىنى قالتىس چاغلايدۇ؛ چىڭقى چۈشتە سايىسىنىڭ كىچىكلەپ كەتكىنىنى كۆرگىنىدە بولسا، ئۆ-زىنىڭ ۋىجىكلىكىگە چىدىماي ئۆزىنى ـ ئۆزى كەمستىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

دۇنيادا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان يوپۇرماق بولمىغىنىدەك، بىر ـ بىرىگە پۈ-تۈنلەي ئوخشايدىغان ئادەم ھېلھەم مەۋجۇت ئەمەس، ھەممىلا ئادەم تەڭرىنىڭ ئەتىۋارلىق بەندىسى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، كەمچىلىكلىرىمىزنىمۇ تونۇپ ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم.



# نۇقسان ۋە مۇكەممەللىك

بىز چىقارغان ھۆكۈم سائەت ئىسترېلكىسىدا ئوخشاش ھەرگىزمۇ بىر خىل قېلىپتا بول-مايدۇ، شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ھۆكۈمىگە ئىشىنىدىغانلىقىمىز كېرەك.

— پوپې

جېك ياش رەسسام بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ بىر پارچە نادىر ئەسىرىنى كۆرگەزمى-گە قويىدۇ. ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ بۇ ئەسەرگە بولغان تەكلىپ ـ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلاش مەقسىتىدە ئەسەرنىڭ يېنىغا بىر تال قەلەم قويۇپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئەسەرنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئەسەردە بىرەر نۇقسانىنى بايقىغان ھامان مۇشۇ قەلەم ئارقىلىق ئەسەردىكى نۇقسانىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى.

كەچ كىرگەندە جېك خۇشال ھالدا رەسىمنى ئالغىلى بېرىپ، رەسىمنىڭ ھەر خىل بەلگە بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ، دېمەك رەسىمنى ئەيىبلىمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. ئۇ قاتتىق مەيۇسلىنىپ بۇ سىناقتىن بەكلا ئۈمىدسىز-لىنىدۇ.

ئۇ بۇ ئىشنى بىر دوستىغا ئېيتىدۇ، دوستى ئۇنىڭغا باشقىچە ئۇسۇل ئارقىلىق سىناپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رەسىمدىن بىرنى تەييارلاپ كۆرگەزمىگە قويىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ تاماشىبىنلاردىن بۇ رەسىمنىڭ ئەڭ ياخشى چىققان يېرىگە بەلگە قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ رەسىمنى ئالغىلى بېرىپ، بۇ رەسىمنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىمىر ـ چىمىر بەل-گىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ قېتىم رەسىمنىڭ ئىلگىرى ئەيىب-لەنگەن تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى مەدھىيە بەلگىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

— ياھ! — ئۇ قاتتىق ئويغا چۆمگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

— مەن ئاخىرى بىر سىرنى بايقىدىم: مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلمايلى، ئادەم-

نىڭ ھەممىسىنى تولۇق رازى قىلغىلى بولمايدىكەن. چۈنكى، بەزىلەر رەزىل دەپ قارىغان نەرسىنى يەنە بەزىلەر گۈزەل دەپ قارايدىكەن.

كۆرگەزمىخانىدىكى بۇ ئىشنى رېئال تۇرمۇشتا دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئوخشاش ئىش، ئوخشاش ئادەملەر دائىم دېگۈدەك ئوخشاش بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئوخشاش بولمىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ئەستايىدىل ئويلايدىغان بولساق، بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئوخشاش بولمايدۇ، شەيئىلەرنى چۈشىنىش نۇقتىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا، بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا توغرا تەپەككۇر شەكلىدىن پايدىلىنىش، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتمەسلىك ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ۋاقىتلىق تەنقىدى ئالدىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

**مۇلاھىزە:**

مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلمايلى، چوقۇم ئۆزىمىزنى ئېنىق تونۇشىمىز، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز، باشقىلارنىڭ ۋاقىتلىق تەنقىدى ۋە سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىكىمىز ھەمدە مۇشۇلار سەۋەبلىك ئۆزىمىزنىڭ پىكرىدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئامېرىكا دوللىرى

ئادەمنىڭ تەقدىرى شۇ ئادەمنىڭ ئا [illegible] ئېرىشكەنلىكى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

— ماۋ دۇن

بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشىدا بىر داڭلىق ناتىق ئون ئامېرىكا دوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ نۇتۇقىنى باشلىدى. ئۇ زالدىكى تاماشىبىنلارغا قاراپ:

— بۇ ئون دوللارنى كىم ئالىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىرەيلەن قولىنى كۆتۈردى.

— مەن بۇ ئون دوللارنى ئاراڭلاردىكى بىرىڭلارغا بېرىمەن، لېكىن بېرىشتىن ئاۋۋال مېنىڭ مۇنداق بىر ئىشنى قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار، دېدى ـ دە، پۇلنى پۇرلاپ تۇگۈنچەك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئەمدى بۇ پۇلنى كىم ئالىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوخشاشلا پۇلنى ئالىدىغان ئادەم چىقتى. ئۇ:

— ئۇنداقتا، مەن مۇنداق قىلسام قانداق بولار؟ — دېگىنىچە پۇلنى يەرگە تاشلىدى ۋە دەسسەپ، پۇرلاپ مەينەت قىلغاندىن كېيىن قولىغا ئېلىپ:

— ئەمدى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يەنىلا ئالىدىغان ئادەم چىقتى.

— دوستلار، سىلەر تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر دەرس ئاڭلىدىڭلار. مەن بۇ پۇلنى مەيلى قانداقلا قىلىۋەتمەي، سىلەر يەنىلا بۇ پۇلنى ئېلىشنى ئويلىدىڭلار، چۈنكى بۇ پۇلنىڭ قىممىتى ئۆزگەرمىدى، ئۇنىڭ قىممىتى يەنىلا شۇ ئون دوللار. كىشىلىك ھاياتتا بىز دائىم ئۆزىمىز چىقارغان قارار ياكى ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىق سەۋەبىدىن ئۇجۇقۇپ كېتىمىز، بوزەك قىلىنىمىز ياكى ۋەيران بولىمىز. بۇنداق

چاغدا بىز ئۆزىمىزنى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالىمىز. لېكىن شۇ ئېسىمىزدە بولسۇنكى، مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، بىز تەڭرىنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ قىممىتىمىزنى يوقاتمايمىز. مەيلى پاكىز ياكى مەينەت يۈرەيلى؛ رەتلىك ياكى قالايمىقان كىيىنەيلى، بىز يەنىلا قىممەتلىك.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا قىممىتى بولىدۇ. بىزنىڭ قىممىتىمىز باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان پوزىتسىيەسى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ ۋە ياكى ئۇتۇقسىزلىقتا ئۇچرىشىمىز سەۋەبلىك قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. مەيلى باشقىلار سىزنى قانداق ھاقارەتلىسۇن، قارىلىسۇن ۋە دەپسەندە قىلسۇن، قىممىتىڭىز ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.



# راھىب كالامنىڭ ئۆلچىمى

شۇنداق بىر نەرسە باركى، ئۇ تالانتتىنمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، تالانتتىنمۇ گۈزەل ۋە تالانتتىنمۇ قىممەتلىك. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى سۆيۈش.

— بۇتتون

تاغنىڭ ئېچكىرىسىدە بىر قەدىمىي بۇتخانا بار بولۇپ، بۇ بۇتخانىدا بىر راھىب كالام تۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانلار يىراق - يېقىندىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىكەن. بەزىلەر راھىب كالامدىن ئۆزلىرىنى خاتالىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بەزىلەر گۇمپىغا ئائىت كىتابتىن بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۇلار يولدا راھىب كالامنىڭ جىلغىدىن سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ ئەكەلگەن سۇ ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، چېلەكنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا يېرىم ئىكەن. بۇنى كۆرگەنلەر چۈشەنمىگەن ھالدا:

— ئۇستاز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سورىشىپتۇ. راھىب كالام جاۋابەن:

— سۇ توشۇشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يېتەرلىك بولغان - بولمىغانلىقىدا. ئاچكۆزلۈك قىلغان بىلەن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ. راھىب كالام بۇ ئادەملەر ئارىسىدىن بىرەيلەننى جىلغىغا بېرىپ چېلەككە توشقىچە سۇ ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئادەم سۇنى كۆتۈرەلمەي خېلى قىينىلىپتۇ ۋە بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، بۇنىڭ بىلەن سۇمۇ تۆكۈلۈپتۇ، ھېلىقى ئادەمنىڭ تىزىمۇ يارىلىنىپتۇ.

— سۇ تۆكۈلۈپ كەتسە، سۇغا يەنە ماڭىدىغان گەپ. تىز يارىلانسا يول مېڭىش تەسكە توختايدۇ، ئۇ چاغدا ئەكەلگەن سۇيۇڭ بايىقىغىمۇ يەتمەيدۇ، — دەپتۇ راھىب

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئامبىرى

كالام.

— ئۇنداقتا، ئۇستاز، سۇنى قانچىلىك ئېلىش كېرەك؟ ئۇنى قانداق ئۆلچەش لازىم؟

— سىلەر بۇ چېلەككە قاراڭلار، — دەپتۇ راھىب كالام كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆپچىلىك چېلەككە قاراپتۇ. چېلەكتە بىر بەلگە بار ئىكەن.

— مانا بۇ بەلگە بىر ئۆلچەم. سۇ بۇ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، ئەگەر بۇ بەلگىدىن ئېشىپ كەتسە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. دەسلىپىدە چېلەككە بەلگە قىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بۇ بەلگىگە قاراشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، ئۆزۈڭ بىر قاراپلا قانچىلىك بولغانلىقىنى بىلىۋالالايسەن. مانا بۇ ئۆلچەم بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇكى، ئادەم ئىشنى مادارىغا يارىشا قىلىشى لازىم.

بۇنى ئاڭلىغانلار چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغاندەك دىلى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇنىڭدىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندەك بولۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەيلى راھىب كالام بولسۇن ۋە مەيلى ئادەتتىكى ئادەم بولسۇن، ئىقتىدار جەھەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. ئەگەر ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ چامى يەتمەيدىغان ئىشنى قىلغان ھەرقانداق ئادەم، مەيلى ئۇ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشتىن قەتئىينەزەر چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

# ئىككىنچىسىمۇ ئوخشاشلا نوچى

ئۆزىنى ئەڭ ئاجىز چاغلىغان چاغ، ئەڭ ئىمكانىيەتلىك، ئەڭ جوڭ عەلبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

— گيۇتى

ئامېرىكىنىڭ مەلۇم بىر كىنوسىدا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ:

1980 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىركۈنى، مەلۇم بىر مەكتەپتە پۇتبول مۇسابىقىسى جىددىي ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. توپنى ياخشى ئوينىغان كوماندىنىڭ مەستانىلىرى چۇرقۇرىشۇپ رىتىملىق ۋارقىرىشىۋاتاتتى:

— بىز بىرىنچى، بىز بىرىنچى.

ئوقۇتقۇچى مورې بۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق ۋارقىرايدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەندەك، بىر چەتتە قاراپ ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىم « بىز بىرىنچى» دەپ توۋلىشىغا ئۇ ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئىككىنچى بولسا نېمە بوپتۇ!

ئوقۇغۇچىلار ھەيران بولغان ھالدا ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە توۋلاشتىن توختىدى. بۇنى كۆرگەن مورې ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى. قارىغاندا ئۇ ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولغاندەك قىلاتتى.

شۇنداق، ئىككىنچى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئەمما بىز بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغىنىمىز يەنىلا شۇ بىرىنچىلىك. نۇرغۇن ئادەم شۇ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەسكىن رىقابەتتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۆزىنىڭ ھايات نىشانىنى، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئېرىشكەن بىرىنچىلىك پەقەتلا ۋاقىتلىق غەلىبە، خالاس. مۇھىمى سىزنىڭ نەچچىنچى بولغانلىقىڭىزدا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئىشتىن نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىڭىزدا. ئادەمدە غەلىبە قىلىش ئىرادىسى بولۇش كېرەك، لېكىن مۇھىمى ئۆزىنى توغرا تونۇش لازىم. ھەرگىزمۇ رىقابەتكە باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىرىنچى بولغانلىق ئۇتقانلىق بولىدۇ، لېكىن ئىككىنچىسىمۇ ئوخشاشلا نوچى. بىز ھەر كۈنى رىقابەت ئىچىدە ياشايمىز. لېكىن، كىشىلىك ھايات ھەرگىزمۇ مۇسابىقە ئەمەس. تۇرمۇشىمىزدا سىناپ بېقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەھمىيەتلىك ئىش ئىنتايىن تولا. شۇڭا، نوقۇل ھالدا غەلىبىنىلا قوغلىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم.



# مەن نۇرغۇن ئادەمگە ئۆتتۈرۈۋېتىشىم مۇمكىن

ئۆزىمىزنىڭ باشقىلارغا بەتمەيدىغان ھەرقانداق ئىشىق كۆرەلىگەن ۋاقتىمىز، دەل ھاياتقا ھەقىقىي ئىشەنچ باغلىغان ۋاقتىمىز.

— ستېۋېنسون

بىر پىروفېسسور شەھەر ئەتراپىدىكى رايوندا ئولتۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئۇششاق يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەر كۆپ ئىكەن. بىر كۈنى پىروفېسسور ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا ئايلانغاچ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. تىجارەتچىلەرنىڭ سودىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئورۇنلار ئادەملەر بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىكەن.

پىروفېسسور بالىسى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ. سۇيۇقئاش ساتىدىغان ئۇستام چۆپنى بامبۇك سۈزگۈچنىڭ ئىچىگە بىر ـ بىرلەپ سېلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون نەچچىنى تەييارلاپ قازانغا سېلىپتۇ.

ئۇستام يەنە چاققانلىق بىلەن ئون نەچچە قاچىنى قاتىرىسىغا تىزىپ، قاچىلارغا تۇز، تېتىقۇ قاتارلىقلارنى سېلىپ، قازاندىن چۆپنى سۈزۈپ قاچىلارغا شورپا قۇيۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە قاچا سۇيۇقئاش تەييار بوپتۇ. ئۇستام تېخى شۇنچىۋالا كۆپ تاماقنى تەييارلىغاچ خېرىدارلار بىلەن پاراڭلىشىشقىمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ.

پىروفېسسور بىلەن ئۇنىڭ بالىسى بۇنىڭغا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئۇلار بۇ يەردىن يېنىپ چىقىشىغىلا ئوغلى دادىسىغا:

— دادا، سەن ھېلىقى ئۇستام بىلەن سۇيۇقئاش ئېتىشتە بەسلىشىپ قالساڭ، چوقۇم ئۇتتۇرۇپ قويىسەنغۇ دەيمەن، — دەپتۇ.

پىروفېسسور ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ چوقۇم ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئىقرار قىپتۇ: — ئۇتتۇرغاندىمۇ قاتتىق ئۇتتۇرىمەن. مەن يەنە نۇرغۇن ئادەمگە ئۇتتۇرۇۋېتىشىم مۇمكىن.

ئۇلار پۇرچاق سۇتى ساتىدىغان ئاشخانىدىكى ئۇستامنىڭ پىلتە قۇيماق سېلىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇيماقنىڭ خېمىرى قازانغا كىرگەن ھامان كۆپۈپ ئۇلارغا ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ بېرىپتۇ. پىروفېسسور بالىسىغا:

— مەن پىلتە قۇيماق ساتىدىغان بۇ ئۇستامغىمۇ يەتمەيمەن، — دەپتۇ.

تۆگرىخانىدا ئۇستامنىڭ خۇددى سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك، تۆگرىلەرنى قېلىپتا قۇيغاندەك ئوخشاش چوڭ - كىچىكلىكتە تۈگۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پىروفېسسور بالىسىغا يەنە:

— مەن تۆگرە تۈگىدىغان بۇ ئۇستامغىمۇ يەتمەيمەن، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئادەم ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇپ يەتكەندىلا ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقىي تونىيالايدۇ. بىز ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا دائىم ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلاپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى كەمتەرلىك بىلەن باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغان نۇرغۇن كەمچىلىكىمىزنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز.



# ئۈچ ساياھەتچى

ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەم باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

— ھېزلىت

قاش قارايغان مەزگىلدە ئۈچ ساياھەتچى بىر مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۇلار مېھمانسارايدىن چىققاندا ئۇلارنىڭ بىرى كۈنلۈك، يەنە بىرى ھاسا ئېلىۋاپتۇ. ئۈچىنچىسى قۇرۇق قول چىقىپتۇ. كەچتە ئۇلار مېھمانسارايغا قايتىپ كەلگەندە، كۈنلۈك ئېلىۋالغان ساياھەتچىنىڭ ئۈستى - بېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ھاسا ئېلىۋالغىنى تولا يىقىلىپ يارىلىنىپتۇ، پەقەت قۇرۇق قول چىققىنىلا ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭدىن:

— سەن ھېچنەرسە بولماپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ ساياھەتچى ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا كۈنلۈك ئېلىۋالغان ساياھەتچىدىن:

— سەن يارىلانماستىن ئەجەپ ئۈستى - بېشىڭ ھۆل بولۇپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يامغۇر ياغقاندا قولۇمدا كۈنلۈك بولغاچقا ھېچنېمىگە قارىماي يولۇمغا مېڭىۋەردىم، لېكىن نېمىشقىكىن مۇشۇنداق ھۆل بولۇپ كەتتىمغۇ - تاڭ؟ ئېگىز - پەس يولغا كەلگەندە قولۇمدا ھاسا بولمىغاچقا يولنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باستىم، شۇڭا يىقىلىپ يارىلانمىدىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۈنلۈك ئېلىۋالغان ساياھەتچى.

ئۇ ئۇلاپلا ھاسا ئېلىۋالغان ساياھەتچىدىن:

— سەنچۇ؟ سەن نېمىشقا ھۆل بولماي يارىلاندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يامغۇر تازا كۈچەيگەندە مەندە كۈنلۈك بولمىغاچقا دالدا يەر تېپىپ پاناھلاندىم. شۇڭا ھۆل بولۇپ كەتمىدىم. ئېگىز ـ پەس يولغا كەلگەندە بولسا ھاسامغا ئىشىنىپ مېڭىۋەردىم، ئاخىرى تولا يىقىلىپ، مانا مۇشۇنداق يارىلاندىم، — دەپتۇ ھاسا ئېلىۋالغان ساياھەتچى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۈچىنچى ساياھەتچى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ دەل مېنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى. يامغۇر ياققاندا مەن يامغۇردىن پاناھلاندىم، ئېگىز ـ پەس يولغا كەلگەندە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭدىم. شۇڭا يا ھۆل بولۇپ كەتمىدىم يا يىقىلىپ يارىلانمىدىم. سىلەرنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىڭلاردىكى سەۋەب، دەل پايدىلىنىدىغان قوراللىڭلار بولغاچقا ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭلاردا، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئۆزىمىزنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبلىك مەغلۇپ بولمايمىز، بەلكى ئۇستۇنلۇكىمىز سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولىمىز. چۈنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىتا ئىنتايىن ھوشيار تۇرىمىز، ئۇستۇنلۇكىمىزنى بولسا ئۆزىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان دەسمايە قىلىۋالىمىز ـ دە، بىلىپ ـ بىلمەيلا شۇ ئۇستۇنلۇكىمىز تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنىمىز.



# موسې موماينىڭ تەكلىپى

ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلالىغان ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ خۇشال ياشىشىمۇ تەسكە توختايدۇ.

— دىسنېي ۋارد

2001 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ۋاشىنگتون دۆلەتلىك قىزلار سەنئەت مۇزېيىدا « 20 ـ ئەسىردىكى موسې موماي» دېگەن تېمىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. كۆرگەزمىگە موسې موماينىڭ ئەسەرلىرى قويۇلغاندىن باشقا يەنە، باشقا دۆلەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن موسې مومايغا مۇناسىۋەتلىك شەخسىي يىغىپ ساقلىغان نادىر ئەسەرلەرمۇ قويۇلغانىدى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىكى بىر پارچە ئاتكرىتكا كۆپچىلىكنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ موسې موماي 1960 ـ يىلى ياپونىيەلىك خارۇمىزۇ دېگەن كىشىگە ئەۋەتكەن ئاتكرىتكا ئىدى.

بۇ ئاتكرىتكا تۇنجى قېتىم جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغان بولۇپ، ئاتكرىتكىدا موسې موماي ئۆز قولى بىلەن سىزغان بىر ئاشلىق ئامبىرىنىڭ رەسىمى بىلەن ئۇ يازغان: «ئۆزىڭىز قىزىققان ئىشنى قىلىۋېرىڭ، گەرچە سىز 80 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىڭىزمۇ تەڭرى سىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى خەت بار ئىدى.

موسې موماي ئاتكرىتكىغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق يازدىكىنە؟ ئەسلىدە خارۇمىزۇ دېگەن بۇ كىشى يېزىقچىلىققا ئىنتايىن ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىزچىل تۇردە دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ بىئارامىلىق ھېس قىلىدۇ.

30 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان خارۇمىزۇ دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت ئۆزى

ياخشى كۆرمەيدىغان، ئەمما مۇقىم بولغان بۇ كەسپتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ـ شۇغۇللانماسلىق قارارىغا كېلەلمەي، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئويلىدى. زۆندىن بۇيان داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان موسې مومايغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ. موسې موماي خارۇمىزۇنىڭ خېتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان خەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ماختاپ ياكى ئۇنىڭدىن ئەسەر تەلەپ قىلىپ يېزىلغان خەتلەر ئىدى. بۇ خەت بولسا ئۇنىڭدىن كەمتەرلىك بىلەن مەسلىھەت سوراپ يېزىلغان خەت ئىدى. شۇ ۋاقىتتا موسې موماي يۈز ياشتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ خارۇمىزۇغا دەرھال جاۋاب خەت يازغانىدى.

موسې موماي ئامېرىكا ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدىكى دېھقان بولۇپ، 76 يېشىدا بوغۇم ياللۇغى كېسىلى سەۋەبلىك دېھقانچىلىقنى تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ بىر سەنئەت تالانتىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، ئۆزى ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. 80 يېشىدا نيۇ يوركتا رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ئاجايىپ غۇلغۇلا قوزغايدۇ. ئۇ 101 ياشتا قازا قىلغان بولۇپ، ئۆمرىدە 600 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ئىجاد قىلغان، ۋاپات بولىدىغان يىلىلا 40 تىن ئارتۇق رەسىم سىزغان.

ئۇنداقتا، ھېلىقى ئاكتىرتىكىنىڭ كىشىلەرنىڭ شۇنداق دىققىتىنى تارتقۇدەك بىرەر يېرى بارمۇ قانداق؟ ئەسلىدە ئۇ ئاكتىرتىكىنىڭ ئىگىسى خارۇمىزۇ ياپونىيەگە، شۇنداقلا دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى جۇنچى ۋاتانابې ئىدى. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، چۈشەندۈرگۈچى ھەر قېتىم تاماشىبىنلارغا ئاكتىرتىكىنى چۈشەندۈرگەندە:

— يېشىڭىزنىڭ قانچىلىك ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆڭلىڭىزدە ئويلىغان ئىشنى دادىللىق بىلەن قىلىڭ. چۈنكى، سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىشىڭىز ۋە بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، — دېيىشنى پەقەت ئۇنۇتمايتى.

**مۇلاھىزە:**

ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى — قىزىقىش. ئۆزى قىزىققان ئىشنى قىلىش ئازاب ۋە ھارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئادەمنى بەختكە چۆمدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاش بىلەن ساپال ئىدىش

ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا ئاز ـ تولا ئەسقاتقىنى يەتكۈزەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلگەن ھامان، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى چۈشىنىسىز.

ـــ زىۋبىگ

بىر كۇلالچى ئاجايىپ كۆركەم بىر رەڭلىك ساپال ئىدىش قۇيۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ چىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى قازناق ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ.

ساپال ئىدىش بولسا غوجايىنىم مېنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويمىدى، دەپ ئويلاپ، مەن شۇنداق كۆركەم ھەم نەپىس تۇرسام، نېمىشقا مېنى خان ئوردىسىغا ئاپىرىپ ئەتىۋارلاپ ساقلىمايدىغاندۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىرەر سودا دۇكىنىغا ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلغان بولسىمۇ، بۇ يەردە تۇرغىنىمدىن مىڭ ياخشى ئىدىغۇ، دەپ كۆڭلىدە ئاغرىنىپ يۈرۈپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ساپال ئىدىشنىڭ ئاستىدىكى تاش ئۆزىنى بېسىۋالالماي:

ـــ بۇ يەرمۇ شۇنداق ياخشىغۇ! مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولدى، ـــ دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ساپال ئىدىش بۇنى ئاڭلاپ تاشنى زاڭلىق قىلىپ:

ـــ سەن قانچىلىك نېمىتىڭ، شۇ مېنىڭ تېگىمدە تۇرىدىغان بىر پارچە سېسىق تاشقۇ! سېنىڭ مېنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق نەقىشلىرىڭ بولمىسا ـ يا! سېنىڭ بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقانلىقىمدىن نومۇس قىلىپ ئۆلەي دېدىم، ـــ دەپتۇ.

تاش ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ:

ـــ مەن ھەقىقەتەن سەندەك نەپىس ئەمەس، مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا مۇشۇنداق، لېكىن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىش جەھەتتە سەندىن قېلىشمايمەن...، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئاغزىڭنى يۇم! ـــ ساپال ئىدىش قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ـــ سەن قانداقمۇ

مەن بىلەن تەڭ تۇرالايسەن، قاراپ تۇر، ئۇزۇنغا قالماي مەن خان ئوردىسىغا يەتكۈزۈلۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىمەن...، ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپتۇ ۋە بىر پۇل- لاڭشىغان بىلەن يەرگە چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، جاھاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇپتۇ، نۇرغۇن خاندانلىقلار ئاغدۇرۇلۇپتۇ، كولالچىنىڭ ئۆيىمۇ ئۆرۈلۈپ كېتىپ تاش بىلەن ساپال ئىدىشنىڭ پارچىسى توپا ئاستىدا قېلىپتۇ.

يەنە ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى مەلۇم بىركۈنى، بۇ يەرگە ئا- دەملەر كېلىپتۇ ۋە ئۇ يەرنى قېزىپ تاشنى تېپىۋېلىپتۇ.

ئادەملەر تاشنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلارنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن: — ۋاھ! بۇ بىر بىباھا گۆھەر ئىكەن، دېيىشىپتۇ ھەيرانلىق بىلەن.

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت! — دەپتۇ تاش ھاياجان بىلەن، — مېنىڭ دوستۇم ساپال ئىدىشنىڭ پارچىلىرىمۇ مۇشۇ يەردە، سىلەر ئۇنىمۇ چىقىرىۋالغان بولساڭلار، ئۇلار ئۇ يەردە بەكمۇ بۇلۇڭقتۇرما بولۇپ كەتتى.

ئادەملەر ساپال ئىدىشنىڭ پارچىلىرىنى كولاپ ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىپ، — بۇ ھېچقانداق قىممىتى يوق ئادەتتىكى ساپال ئىدىشنىڭ پارچىسىكەن، — دەپ، ئۇنى ئەخلەت ئارىسىغا تاشلىۋېتىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

خېلى كۆپ ساندىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەردە ئۆزىنى توغرا تونۇيالمىغانلىق ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تاپالمىغانلىق سەۋەبلىك ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا پىسخىك مەسىلە كۆرۈلىدۇ، جەمئىيەت — بىر چوڭ سەھنە، مانا بۇ سەھنىدە ياخشى ئارتىس بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنىڭ ساپاسى، ئىقتىدارى، قىزىقىشى ۋە مۇھىت شارائىتىغا ئاساسەن ئۆزىگە باب كېلىدىغان رولنى تاللاش كېرەك. شۇندىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب ئۆزىڭىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىڭىزنى دوست تۇتۇڭ

كونىلاردا گۈلنىڭمۇ تىكىنى بار، جاھاندا مۇكەممەل نەرسە بولمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. جاھاندا نۇقسانسىز نەرسە بولمىغىنىدەك، ھەممىدە كامالەتكە يەتكەن ئادەممۇ بولمايدۇ. پسىخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان ئادەم ئۆزىدىن بەھىر ئېلىشنى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى قوبۇل قىلىشنى بىلىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىجابىي جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر بىراۋ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەمچىلىكلىرى سەۋەبلىك غەم قىلىپلا يۈرۈيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھەرگىزمۇ بەختلىك ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر قېتىملىق قالتىس نوتۇق

تۇرمۇشتىكى كەمتۈكلۈككە قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ سىزگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

— تاكېتانوبۇكورو

جەنۇبىي جۇڭگودىكى مەلۇم بىر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر سىنىپنىڭ ھەر جۈمە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان سىنىپ يىغىنىدا ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىغا چىقىپ «ماھارەت كۆرسىتىش» ئېلىپ بارىدىكەن. پائالىيەتكە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىشى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار پائالىيەتتە نوتۇق سۆزلىسىمۇ، ئېپىزوت ئورۇنلىسىمۇ، يۇمۇر سۆزلىسىمۇ بولىدىكەن، ئىشقىلىپ ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدىغان ھەمدە كۆپچىلىك ياخشى كۆرىدىغان نومۇر بولسىلا بولىۋېرىدىكەن.

بىر قېتىملىق سىنىپ يىغىنىدا شياۋ لىنغا نومۇر كۆرسىتىش نۆۋىتى كەپتۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ سىنىپتىكى ئېپادىسى مەيلى ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتتە بولسۇن ۋە مەيلى تەق ـ تۇرقى جەھەتتە بولسۇن ئوغۇللار ئىچىدە ئادەتتىكىچە ئىكەن. ئۇ سەھنىگە ئالدىرىماي چىقىپ، شەپكىسىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە سالام قىلغاندىن كېيىن تامىقىنى قىرىپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھە...، بوي ـ تۇرقۇمنى دېمىسەممۇ ھەممىڭلارغا ئايان، مەن 3 ـ دەرىجىلىك مېيىپ قاتارىغا كىرەلەيمەن، لېكىن بەلكىم كۆپچىلىك بىلمىسە كېرەك، مېنىڭ بويۇم ناپولېئوندىن بىر سانتىمېتىر ئېگىز، ئۇ 1.95m ، مەن بولسام 1.60m ؛ ئۇنىڭدىن باشقا بويۇم ۋىكتور. ھيۇگودىن پەرقلەنمەيدۇ؛ پېشانەم تار، ماڭلىيىم دوققا، لېكىن ئاتاقلىق پەيلاسوپ سوقراتمۇ مەندەك ئىكەنتۇققۇ! ئۆزۈمگە ئايان، مەن سەل قېرى مىجەز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا تاقىرباش بولۇپ

قالدىم. شۇنداقتىمۇ مېنى يەنىلا ئانچە سەت دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى داڭلىق ئەرباپ شېكسپىر ماڭا ھەمراھ؛ بۇرنۇم ۋولتايىر بىلەن جورج ۋاشىنگتونغا ئوخشاش قاڭشارلىق؛ كۆزۈم پائول سانتىس بىلەن مۇتەپەككۇر نېتزىنىڭكىگە ئوخشاش ئورا كۆز؛ ماۋۇ قېلىن دورداي كالپۇكلىرىم بولسا فىرانسىيە شاھى لۇئىس XIV نىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئەمدى ماۋۇ توقماق پاتىڭىمغا كەلسەم، ئۇ خاننىبال بىلەن مارك ئانتونىنىڭكىگە ئوخشاش.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بەلكىم سىلەر مېنى سالپاڭ قۇلاق دېيىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن ئاڭلىشىمچە قۇلىقى يوغان ئادەم بەختلىك بولارمىش، يەنە كېلىپ سېرۋانتېسنىڭ ئاشۇ قۇلىقىمۇ ناھايىتى داڭلىققۇ! ياڭاق سۆڭىكىم تومپىيىپ چىقىپ قالغان، مەڭزىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بۇ ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئورۇشىدىكى قەھرىمان لىنكولنىڭكىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان ـ ھە! ماۋۇ قوللىرىمنىڭ گۆشى قېلىن، بارماقلىرىم توم ھەم كالتە، داڭلىق ئاسترونوم دىڭتونىڭمۇ شۇنداق ئىكەنتۇققۇ. شۇنداق، بوي ـ تۇرقۇمدا كەمتۈكلۈك بار. لېكىن شۇ ئېسىلىڭلاردا بولسۇنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى جۈمۇ...

شياۋ لىن نۇتقىنى تۈگىتىپ سەھنىدىن چۈشكىنىدە، سىنىپتا ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭرايدۇ.

ئۇنىڭ نۇتقى كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىنىڭ جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكىلا بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا توغرا مۇئامىلە قىلىش روھىنىڭ كۆپچىلىك تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

كونىلاردا گۈلنىڭمۇ تىكىنى بار، جاھاندا مۇكەممەل نەرسە بولمايدۇ، دېيىلگەن گەپ بار. جاھاندا نۇقسانسىز نەرسە بولمىغىنىدەك، ھەممىدە كامالەتكە يەتكەن ئادەممۇ بولمايدۇ. ئەگەر بىراۋ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكى سەۋەبلىك غەم قىلىپلا يۈرۈيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ھەرگىزمۇ بەختلىك ھاياتقا ئېرىشەلمەيدۇ. پىسخىك جەھەتتىن ساغلام بولغان ئادەم ئۆزىدىن بەھىر ئېلىشنى، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى قوبۇل قىلىشنى بىلىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىجابىي جارى قىلدۇرالايدۇ.



# ھەڭگاك چىش بولۇش گۇناھ ئەمەس

گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولىدۇ، شۇنداقلا مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

— تاگور

ھوللىۋۇدنىڭ داڭلىق ئايال ناخشىچىسى لىندا ئەسلىدە تىراملۋاي باشلىقىنىڭ قىزى بولۇپ، كىچىكىدىنلا ناخشا ئېيتىشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ھوللىۋۇدنىڭ داڭلىق چولپىنى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاغزى چوڭ، چىشلىرى ھەڭگاك بولۇپ، ئانچە چىرايلىقلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ يېڭى جېرسىي ئىشتاتىدىكى بىر بەزمىخانىدا ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ھەر قېتىم ناخشا ئېيتقىنىدا ھەڭگاك چىشىنى كالپۇكلىرى ئارقىلىق توسۇپ، ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ مەغلۇپ بولۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

بۇ بەزمىخانىدا دائىم ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايدىغان بىرەيلەن ئۇنى تالانتلىق دەپ قارايتتى، — ماڭا قاراڭ، — دېدى ئۇ ئادەم بىركۈنى سەممىيلىك بىلەن، — مەن ناخشىڭىزنى ئىزچىل ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، قارىسام سىز نېمىنىدۇر يوشۇرغاندەك قىلىسىز، سىز چىشىڭىزنى بەك سەت، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز.

بۇنى ئاڭلىغان لىندا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەجەبا ھەڭگاك چىش بولۇپ قېلىش گۇناھمۇ؟ سىزنىڭ ئۇنى يوشۇرۇشىڭىزنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق، ناخشىڭىزنى ئاغزىڭىزنى يوغان ئېچىپ ئېيتىۋېرىڭ، تاماشىبىنلار سىزنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئاشۇ ھەڭگاك چىشىڭىز بەلكىم سىزگە ئامەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

لىندا ئۇ ئادەمنىڭ سەممىي نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىپ، ناخشا ئېيتقاندا

چىشلىرىنى يوشۇرۇپ يۇرمەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ناخشا ئېيتقاندا تاماشى- بىنلىرىنىلا ئويلاپ، ناخشىسىنى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئېيتىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ داڭلىق ناخشىچىغا ئايلىنىدۇ. باشقا كومېدىيە ئارتىسلىرى ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقاندىكى قىياپىتىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىڭىزنى قەدىرلەڭ، ئۆزىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. ھەربىر ئادەم مۇستەقىل بىر گەۋدە بولۇپ، ئۆزىنى تولۇق قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى كەمستىش ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، مەنىلىك ياشىيالايدۇ.



# روزۋېلتىنىڭ جۇرئىتى

قاتتىق چۆچۈگەن ۋاقىت دەل بەخىتنىڭ ئەڭ قوتۇلدىغان ۋاقىت. ناۋادا ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمىسا ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك.

— چۆرچىل

فرانكلىن روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى. 1921 ـ يىلى يازدا 39 ياشقا كىرىپ تازا قىرانلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان روزۋېلت دېڭىزدا سۇ ئۈزۈۋاتقاندا ئىككى پۇتى تۇيۇقسىز ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يولۇن سۆر ماددا يالىلۇغى (بالىلار پارالىچ كېسىلى) دەپ دىياگنوز قويۇلىدۇ. بۇ دەل ئۇنىڭ كېلەچەك پالاتا ئەزاسى بولۇپ، سىياسىي سەھنىدە تازا تونۇلۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى. ئۇ بۇ زەربىدىن ئۇجۇقۇپ كېتىپ، خىزمەتتىن چېكىنمەكچى بولىدۇ.

دەسلەپتە ئۇ مېدىرلىيالمىغاچقا مېيىپلار ھارۋىسىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆندە يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈشىنى خالىمىغاچقا ھەر كۈنى ئاخشىمى ئوغرىلىقچە مەشق قىلىدۇ.

بىركۈنى ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ بىناغا چىقىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى تاپقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنى كۆرۈپ بېقىشىنى ئېيتىدۇ. ئۇ قولىنى تېرەك قىلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال بەدىنىنى، ئاندىن پۇتىنى پەلەمپەيگە ئالىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئايىسى:

— سەن يەردە بۇنداق ئۆمىلەپ يۈرسەڭ، باشقىلار كۆرسە سەت ئەمەسمۇ، دەپ ئۇنى توسىدۇ.

— مەن چوقۇم ئۆزۈم ئۇچرىغان بۇ خورلۇقنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك، — دەيدۇ روزۋېلت جاۋابەن.

**مۇلاھىزە:**

بەدىنىمىزدىكى كەمتۈكلۈك ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنى يوق قىلىۋېتىشىمىزغا سەۋەب بولالمايدۇ، ئۆزىمىزنى تاشلىۋېتىشىمىزنىڭ باھانىسىمۇ بولالمايدۇ. ئۇ بىزنى ئۆزىمىزگە يۈزلىنىش ۋە تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۆزىمىزنى قوبۇل قىلىشتا ئارتۇقچىلىقلارنى ۋە ئوڭۇشلۇق تۇرمۇشنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە، ئوڭۇشسىزلىق بىزگە ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن كەمچىلىكلەرگىمۇ دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشىمىز كېرەك.



# گۈزەللىك دەل كەمچىلىكنىڭ بولغانلىقىدا

كۆزىدىن ئايرىلغان تەگرى ھاسسىسىدىن ئايرىلمايدۇ.

ـــ ھيۇگو

تاغنىڭ ئېچكىرىسىدە ئىخلاسمەن بىر راھىب بولۇپ، ھەر كۈنى تاغ ئېتىكىدىن سۇ توشۇيدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى چېلىكى بولۇپ، بۇ چېلەكلەرنىڭ بىرى يېرىق، يەنە بىرى ساق ئىكەن. سۇ ئەكىلىدىغان يەر يىراق بولغاچقا، ھەر قېتىم سۇنى ئېلىپ ئۆيگە كەلگىچە ساق چېلەكتىكى سۇ تۆكۈلمىگىنى بىلەن يېرىق چېلەكتىكى سۇنىڭ يېرىمىلا قالىدىكەن.

ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ راھىب ھەر كۈنى مۇشۇنداق بىر يېرىم چېلەك سۇ توشۇپ يۈرۈپتۇ. ساق چېلەك ئۆزىنىڭ ئۆيگە لىق سۇ ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن. يېرىق چېلەكچۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ كەمتۈكلىكىدىن خىجىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەقەت يېرىم مەجبۇرىيىتىنىلا ئادا قىلالىغانلىقىدىن مەيۈسلىنىدىكەن.

ئىككى يىللىق دەرد ـ ئەلەمنى باشتىن كەچۈرگەن يېرىق چېلەك ئاخىرى چىدىماي ئېرىق بويىدا راھىبقا شۇنداق دەپتۇ:

ـــ مەن ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىل، سىلىدىن ئەپۇ سورايمەن.

ـــ نېمىشقا؟ سەن نېمىشقا خىجىل بولىسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ راھىب.

ـــ ئىككى يىلدىن بۇيان سىلى ئەكەلگەن سۇ يول بويى مۇشۇ يېرىقىمدىن ئېقىپ، ئۆيگە كەلگىچە ئارانلا يېرىمى قېلىۋاتىدۇ، سىلى گەرچە ئىشنى تولۇق قىلغان بولسىلىرىمۇ، لېكىن مېنىڭ كەمتۈكلىكىم سەۋەبلىك يېرىم نەتىجىگىلا ئېرىشىپ كەلدىلە، ـــ دەپتۇ يېرىق چېلەك.

راھىبنىڭ يېرىق چېلەككە ئىچى ئاغرىپتۇ ۋە مېھرىبانلىق بىلەن:

ـــ ئۆيگە قايتقىچە سەن يول بويىدىكى بوكىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قارىغاچ

www.uyghurkitap.com

ماڭغىن، ــ دەپتۇ.

دەرۋەقە تاغ باغرىدا كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى ھۆپپىدە ئېچىلىپ، قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى كۆرگەن يېرىق چېلەكنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارماپتۇ، ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە يېرىق چېلەك يەنە بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. چۈنكى سۇنىڭ يېرىمى ئېقىپ بولغانىكەن. يېرىق چېلەك راھىبتىن يەنە ئەپۇ سوراپتۇ. راھىب:

ــ سەن يولدا كېلىۋېتىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دىققەت قىلمىدىڭما؟ سەن تەرەپتىكى قاسناقتا گۈل بار، لېكىن ساق چېلەك تەرەپتىكى قاسناقتا گۈل يوق تۇرمامدۇ! مەن سېنىڭ ئەيىبىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، مەن بۇنىڭدىن ئوبدانلا پايدىلاندىم، سەن تەرەپكە گۈل تېرىپ قويدۇم، ھەر قېتىم سۇ ئەكەلگەن ۋاقىتتا سەن ئۇ گۈللەرنى سۇغىرىپ كەلدىڭ، ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ گۈللەر تاغ يولىنى بېزىدى، كىشىلەر بۇنىڭدىن قانغىچە ھۇزۇرلاندى. بۇ سېنىڭ تۆھپەڭ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىنى قوبۇل قىلىش دېگىنىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئۆزىمىزگە ئېنىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىك ۋە ئۆزىمىز تۈرۈۋاتقان پايدىسىز مۇھىتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىگە ئىجابىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىمىز قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تىگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

# ھەق باھا ئەجىر

جاھاندا قىلچە نۇقسانسىز ئادەم بولمىغاندەك، خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئىنسان ھېلىھەم مەۋجۇت ئەمەس. ئاجايىپ چىرايلىق بىر دانە ئۈزۈمدىنمۇ بىرنەچچە تال داغنى تاپقىلى بولىدۇ.

— پراتورنى

پراتونىنىڭ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا نوقۇل ھالدا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ئۇچۇن بەدەل تۆلىنىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

بىر يىگىت مېھرىبان، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر بولۇپ، ھەممىلا كىشى ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىكەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، خوتۇنىنىڭ بۇرنى قىزىل بۇرۇن ئىكەن. قىياقتەك قاش، قوي كۆزلۈك، گىلاستەك لەۋ، سۇمباتلىق يۈزدە مۇشۇنداق بىر بۇرۇننىڭ بولۇشى، خۇددى مەسئۇلىيەتسىز سەنئەتكارنىڭ ئالەمگە داڭلىق ئېسىل سەنئەت بۇيۇمىنى كەمتۈك قىلىپ قويغىنىدەكلا ئىنتايىن غەلىتە ئىش ئىدى.

ئەر خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئويلاپتۇ. بىركۈنى ئۇ سودا ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ، قول بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەڭ كەتكەن مەيداندا ئادەملەرنىڭ قىيقاس - چۇقان قىلىشىپ، بىر قۇلغا باھا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا، مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا زىلۋا كەلگەن بىر قىز كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئاچ بۆرىدەك، بىر توپ ئەرگە قورۇنۇپ قاراپ تۇرغىدەك. ئۇ ئەر قىزنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ قاراپتۇ ۋە يۇ شۇ ھامان قىزنىڭ ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنىغا مەپتۇن بولۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەر قىلچە ئىككىلەنمەيلا چىرايلىق بۇرنى بار بۇ قۇلنى يۇقى-

رى باھادا سېتىۋېلىپ، خوتۇننى ھەم خۇشال ھەم ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا قىزنىڭ چىرايلىق بۇرۇننى كېسىۋېلىپ، قان تېمىپ تۇرغان بۇرۇننى كۆتۈرگىنىچە خوتۇنىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپتۇ:

ــ خوتۇن، خوتۇن، قارا، مەن ساڭا قىممەت باھالىق بىر سوۋغا ئېلىپ كەلدىم!

ــ قانداق قىممەت باھالىق سوۋغا ئۇ، شۇنچە قىلغۇدەك؟ ــ خوتۇنى ئىشەنمىگەن ھالدا ئۆيدىن چىقىپتۇ.

ــ مانا، قارا، مەن ساڭا ئاجايىپ چىرايلىق بىر بۇرۇن ئېلىپ كەلدىم، بۇنى تاقاپ باققىنە.

ئەر شۇنداق دەپلا قويىنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، تۇيۇقسىز تۇرغان خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى كېسىۋېتىپتۇ. شۇ زامان خوتۇنىنىڭ يۈزىدىن ئوقتەك قان كېتىپتۇ ۋە قىزىل بۇرنى يەرگە توركىدە چۈشۈپتۇ. ئەر ئالدىراپ ـ تېنەپ ھېلىقى چىرايلىق بۇرۇننى خوتۇنىنىڭ كېسىۋېتىلگەن بۇرنىنىڭ ئورنىغا چاپلاپتۇ. لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇ چىرايلىق بۇرۇننى خوتۇنىنىڭ يۈزىدە تۇرغۇزالماپتۇ.

بىچارە خوتۇن ئېرى مىڭ جاپادا سېتىۋېلىپ كەلگەن چىرايلىق بۇرۇنغا ئىگە بولالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە سەت بولۇشىمۇ ھاجىتىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان قىزىل بۇرنىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ ۋە ئاغرىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپتۇ. بۇ ئەر نېمىدېگەن نادان ـ ھە!

**مۇلاھىزە:**

بىزنىڭ ھېكايىدىكى نادان ئەرنىڭ بىمەنىلىكىگە كۈلگىمىز كېلىدۇ. ھالبۇكى رېئال تۇرمۇشتا بىز دائىم ئاشۇ ھاماقەت ئەرگە ئوخشاش ئۆزگەرتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان كەمچىلىككە يېپىشىۋالىدىغان، ھەتتا نۇرغۇن بەدەل تۆلەپ ئۇنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولىدىغانلارنى ئۇچرىتىمىز. نەتىجىدە بۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇشىمىزدا ئەسلىدىن بار بولغان گۈزەل نەرسىنى يوقىتىپ قويۇشىمىز بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

# نىقابىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ

ئۆزىڭىزنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى يوشۇرىدىغان ئادەم دەل ئۆزىڭىز.

— دېيل كارنېگى

جېننى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ چىرايىدىن ئانچە رازى بولمىغاچقا، ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرماقچى بولىدۇ.

دوختۇر ئۇنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خېلىلا چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، مەسىلىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى زىيادە تۆۋەن چاغلىغانلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ دوختۇر كىچىك تىپتىكى ئوپېراتسىيەدىن بىرنى قىلىپ جېننىنىڭ چىرايىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەپ قويىدۇ. لېكىن جېننى بۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ.

— مېنىڭ قىلالايدىغىنىم مۇشۇنچىلىكلا، — دەيدۇ دوختۇر

لېكىن جېننى ئوپېراتسىيەنىڭ ئۈنۈمىدىن ئانچە رازى بولمايدۇ. ئۇ ئەينەكتىكى چىرايىغا قاراپ:

— چىرايىمنى ھېچقانچە ئۆزگەرتمەپسىز، — دەيدۇ. دوختۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ چىرايىڭىزنى ئازراقلا تۈزىسەك شۇ كۇپايە، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدىم. ھازىر چىرايىڭىزدا ھېچقانداق ئېۋەن يوق، بىردىنبىر ئېۋەن شۇكى، سىز چىرايىڭىزدىن خاتا پايدىلىنىپسىز. دېمەكچىمەنكى، سىز چىرايىڭىزنى نىقاب دەپ چۈشىنىپ، ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇش كويىدا بولۇۋېتىپسىز، — دەيدۇ.

— مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ ھەممىنى قىلدىم، — دەيدۇ جېننى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — دەيدۇ دوختۇر، — ماڭا راستىنى ئېيتىڭ، سىز

«مەن بىر ئوقۇتقۇچى» دەپ ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويۇۋاتامسىز قانداق؟

جېنىنى بىر دەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىكىنى دېدى: مەسىلىدە ئۇنىڭ پەقەتلا ئوقۇتقۇچى بولغۇسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ھەممە جەھەتتە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەككەن. شۇڭا ھەر كۈنى مەكتەپكە بارغاندا ئۆزىنى نىقابلاپ، بارلىق ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ئەڭ ياخشى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىكەن. ئۇ يەنە ئىنتايىن مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ئۆتكەن ئۈچ يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى تولىمۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. مەسىلىنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەچكە گۇناھنى چىرايىغا قويغانىكەن.

جېنىنى بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكنى دەپ بولۇپلا ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتىدۇ،

— ئوقۇغۇچىلىرىم مېنى بەك مەسخىرە قىلىدۇ، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ۋە تۇيۇقسىزلا يىغىدىن توختاپ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ دوختۇرغا خۇددى زور مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك تىكىلىپ قارايدۇ.

— مانا بولدىغۇ، ياش تۆككىنىڭىزنىڭ ئۆزى ھېسسىياتلىق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەسكويىغا چۈشۈپ، دوختۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ.

— ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنىڭ سىزنى مەسخىرە قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار سىزنىڭ رول ئالغاندەك ياشاش ئۇسۇلىڭىزنى كۈلكىلىك ھېس قىلغان، — دېدى دوختۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەمدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە ھەم ئىقتىدارلىق ھەم پىشقان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن سىزنىڭ ھەممىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئوقۇتقۇچى بەزىدە ھاماقەت بولۇپ قالسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئوخشاشلا ھۆرمەتلەۋېرىدۇ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چىقىشقاق مىجەزىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، دېيدىغىنىم، نىقابىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ، شۇندىلا ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىسىز، بەلكىم ئىشلەۋاتقان خىزمىتىڭىزنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

جېنىنى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن كەيپىياتى خېلىلا ياخشىلىنىپ قالىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ چىرايىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان ۋە تەشۋىشلەن-

مەيدىغان بولىدۇ. ئۇ دوختۇرغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ يې-
نىكلەپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گەرچە ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن ئەندىشە قىلىسى-
مۇ، ئۆزىنى يەنىلا ئىجتىھاتلىق ئوقۇتقۇچى، دەپ قاراپ، كەلگۈسىدە نەتىجە قازىنالاي-
دىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

گۈزەللىك نىقاب ئەمەس، بەلكى ھەقىقىيلىقنىڭ نامايەندىسى. گۈزەللىكنى قارىغۇلارچە قوغلىشىشنىڭ ئاسارىتى ۋە ئەرزىمەس بېسىمدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يې-تەرسىزلىكىنى تولۇق قوبۇل قىلىڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ سەممىيلىكى ۋە پەزى-لىتىڭىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيسىز، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزمۇ چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئىلھامغا ئىگە بولىسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئىزدىنىشى

# ئۆزىڭىزنى ماختاشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ

بىر ئېغىز ماختاشقا ئېرىشسەم، ئۆمرۈم ئۈچ ئاي ئۇزىرايدۇ.

— مارك تۋېن

دىك كالتەك توپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، بىرەيلەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توپ كالتىكى سوۋغا قىلىدۇ. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن:

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كالتەك توپچى! — دەپ ئۈنىنىڭ بارىچە ۋاقىرايدۇ. ئۇ توپنى ئېگىز ئېتىپ كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ، لېكىن كالتەك توپقا تەگمەيدۇ. ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي توپنى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئاتىدۇ ۋە باشقىلار بىلەن بەسلەشىۋاتقاندەك «مەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كالتەك توپچى» دەپ توۋلايدۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توپنى يەنە ئۇرىدۇ، لېكىن ئالدىنقى قېتىمقىسىدىنمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالىدۇ. ئۇ توپ كالتىكىگە:

— بىلەمسەن، مەن دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كالتەك توپچى، — دەيدۇ.

كېيىن دىك ھەقىقەتەنمۇ كالتەك توپ تەنھەرىكىتى تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى ھۇجۇمچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلغانىدى. دەل ئاشۇ ماختاشلار ئۇنىڭ چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزمۇ دىكقا ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشىمىز مۇمكىن. شۇ چاغدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيدىغان بولساق، بىزنى غەلىبە دەرۋازىسىغا باشلايدىغان يولدا باسقان ئىزىمىز، ئاققۇزغان قان-تەرىمىز ۋە تارتقان جاپايىمىزدىن باشقا يەنە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ماختاشتەك جەرياننىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىنى ـ ئۆزى ماختاش ـــ ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. تۇرمۇشتا ھەممىلا ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ماختاش ئۇ بىر خىل ئېتىراپ قىلىش، بىر خىل مۇكاپات. ماختاش خۇددى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياشتەك ئادەمگە ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۆزىنى ـ ئۆزى ماختىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز ماختاشقا موھتاج ئىكەنمىز، ماختاش ئادەمنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىكەن، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنى ماختاشنى ئۆگىنىپ قويايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر

# جۇنى بىلەن توز

ئادەم ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەي، شەكلى بولمايدىغان نەرسىنى قوغلىشىپلا يۈرۈيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇنداق ئادەم ھەرگىز ئۆزى بىلەن چىقىشالمايدۇ.

— يى مىڭ

بىركۈنى توز ساھىپجامال جۇنىغا:

— بۇلبۇل ئۆزىنىڭ يېقىملىقناخشىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ، مەن شۇنداقلا ئېغىزىمنى ئېچىشىمغا، ناخشامنى ئاڭلىغانلار مېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، ئېخى مېنى مەسخىرە دەستىكى قىلىۋالىدۇ، — دەپ دەرد تۆكىدۇ. جۇنى ئۇنىڭغا:

— ئاۋازىڭ يېقىملىق بولمىغىنى بىلەن قىياپىتىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، سېنىڭ شۇنداق چىرايلىق تاجىڭ ۋە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان قانىتىڭ بارغۇ، — دەپ تەسەللى بېرىدۇ.

— لېكىن مېنىڭ ناخشا ئېيتالمايدىغان ئاجىزلىقىم قالغان گۈزەللىكلىرىمنى يوقلا قىلىۋەتتى، بۇنداق زۇۋانسىز گۈزەللىكنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى، — دەپتۇ توز.

— ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەقدىرى تەڭرى تەرىپىدىن پېشانىگە پۈتۈۋېتىلگەن بولىدۇ، سېنىڭ پېشانەڭگە گۈزەللىك، بۈركۈتنىڭ پېشانىسىگە باتۇرلۇق، بۇلبۇلنىڭ پېشانىسىگە يېقىملىق ئاۋاز، دۇدۇ قۇشىنىڭ پېشانىسىگە ياخشىلىق ئالامەتلىرى، قاغىنىڭ پېشانىسىگە شۇملۇقنىڭ ئالامىتى پۈتۈلگەن. بۇ قۇشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىقتىدارىدىن ئىنتايىن رازى، — دەپتۇ جۇنى جاۋابەن.

**مۇلاھىزە:**

ئەگەر ئۆزىڭىزنى قەدىرلەشنى، باشقىلارنىڭمۇ خاسلىقىڭىزنى قەدىرلىشىنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا باشقىلارغا قارىغۇلارچە ھەۋەس قىلماڭ، دائىم ئۆزىڭىزنىڭ كەمچىلىكىنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرماڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىزنىڭ خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ، ئۇنى تېخىمۇ بەك نامايەن قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاپىشى

# تەڭرى ھەممىلا بەندىسىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ

ھاياتقا ئېككەك سېلىش ئەڭ چوڭ تىراگېدىيە

— مەن شېڭ

بىر قېتىملىق پائالىيەتتە بىر بىلىملىك ھەم قابىلىيەتلىك پوپ ئاجايىپ ياخشى نۇتۇق سۆزلەپتۇ. ئۇ نۇتۇقىدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆزىنى قەدىرلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەڭرىنىڭ ئەتىۋارلىق بەندىسى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتە ئىكەنلىكى، شۇڭا، پانىي ئالەمدە ياشاۋاتقان بەندىلەرنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلتىپاتتىن جايىدا بەھرىمان بولۇپ، ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپتۇ.

پوپنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولمىغان بىرەيلەن ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز پاناق بۇرنىنى كۆرسىتىپ:

— ئەگەر سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك ئادەملەر ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتە بولسا، بىچىرىم پەرىشتىنىڭمۇ بۇرنى پاناق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پاقالچەكلىرىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن يەنە بىر ئايالمۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىنىشىنى ئىپادىلەپ، پاقالچەكلىرىنىڭ قىسقا بولۇپ قېلىشىنى تەڭرىدىن كۆرۈپتۇ. پوپ ئىشەنچ بىلەن:

— تەڭرى سىلەرنى ھەقىقەتەن بىچىرىم ياراتقان، سىلەر ئىككىڭلارمۇ ھەقىقەتەن ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىلەر، بىراق...، — پوپ بۇرنى پاناق ئەرگە قاراپ:

— سەن يەرگە چۈشكەن ۋاقتىڭدا بۇرنۇڭ ئاۋۋال يەرگە تېگىپتىكەن، — دەپتۇ.

پوپ يەنە پاقالچىكى قىسقا ئايالغا:

— سىز ئەرشتىن چۈشكەندە ھەقىقەتەن پۈتىڭىز ئاۋۋال يەرگە تەگكەن، بىراق سىز پاراشوتنى ئېچىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنسىز، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەر كىم ئۆزىگە پەرىشتە. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بولىدۇ. گەرچە سىز بىجىرىم بولمىسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈڭ ۋە قوبۇل قىلىڭ، ئۆزىڭىزدىكى شۇ كىچىككىنە ئېۋەتنى دەپ ئۆزىڭىزنى كەمسىتىپ، خاتا يولغا مېڭىپ قالماڭ.

# رەقىبىنى بىر يولدىلا مەغلۇپ قىلىش

رەزىللىك ياخشىلىقنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ ھەرگىزمۇ يېتەرسىزلىك سەۋەبىدىن ئارتۇقچىلىقىڭىزنى نابۇت قىلىۋەتمەڭ.

— جۇ شى

ۋاڭ لى بۇ يىل 9 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بىر قېتىملىق تاسادىپىي ۋەقەدە سول قولىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بەكمۇ جۇدو گۇمپىنسى ئۆگەنگۈسى بار ئىدى.

دېگەندەك ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولۇپ، بىر جۇدوچىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن جۇدو گۇمپىسى ئۆگىنىدۇ. ۋاڭ لى تۇغما تالانتلىق بولغاچقا ھەم ئۆزىمۇ جاپالىق مەشق قىلغاچقا، ناھايىتى تېزلا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالىدۇ. ئۇ ئۇدا ئۈچ ئاي مەشق قىلغان بولسىمۇ، ئۇستازى ئۇنىڭغا بىر خىللا ماھارەتنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن ۋاڭ لى چىداپ تۇرالماي ئۇستازىدىن:

— مېنىڭ باشقا ماھارەتلەرنىمۇ ئۆگىنىدىغان ۋاقتىم بولدىمۇ قانداق؟ — دەپ سورايدۇ. ئۇستازى:

— راست ئېيتىسەن، سەن پەقەت شۇ بىر خىللا ماھارەتنى بىلىسەن، راست گەپنى دېسەم مۇشۇ بىر خىللا ماھارەتنى ئىگىلىۋالساڭ كۇپايە، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ۋاڭ لى كىچىك بولغاچقا ئۇستازىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇستازىغا ئىشىنىپ، ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە مەشق قىلىۋېرىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئۇستازى ۋاڭ لىنى تۇنجى قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتۇرىدۇ. ۋاڭ لى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مەيدان مۇسابىقىدە ئاسانلا غەلىبە قىلىشىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. گەرچە ئۈچىنچى مەيدان مۇسابىقە جاپالىقراق بولسىمۇ،

مۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەقىبى بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن توختىماي ھۇجۇم قىلىدۇ. ۋاڭ لى بولسا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ماھارىتىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشقا سېلىپ رەقىبىنى يېڭىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىرىدۇ.

ۋاڭ لىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىكى رەقىبى ھەم ئېگىز ھەم قاۋۇل بولۇپ، كۆرۈنۈشتە مول تەجرىبىگە ئىگىدەك قىلاتتى. ۋاڭ لى دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدۇ. رېپېر ۋاڭ لىنىڭ يارىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، بولدى قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن ۋاڭ لىنىڭ ئۇستازى بۇنىڭغا قوشۇلماي، مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ.

مۇسابىقە باشلىنىدۇ، ۋاڭ لى رەقىبىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىپ چېمپىيون بولىدۇ.

قايتىش سەپىرىدە ۋاڭ لى ئۇستازى بىلەن مۇسابىقىنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىنى ئەسلەيدۇ. ۋاڭ لى غەيرەتكە كېلىپ گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ـــ ئۇستاز، مەن قانداق قىلىپمۇ شۇ بىر خىللا ماھارەتكە تايىنىپ چېمپىيون بولالىدىم؟

ـــ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار، بىرى، سەن جۇدو گۇمپىسىدىكى ئەڭ قىيىن ماھارەتنى تولۇق ئىگىلىدىڭ؛ يەنە بىرى، بىلىشىمچە، سەن ئۆگەنگەن بۇ ماھارەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى رەقىبىنىڭ سول قولىنى تۇتۇۋېلىش، ـــ دەيدۇ ئۇستازى چۈشەندۈرۈپ.

**مۇلاھىزە:**

ئاينىڭمۇ يۈزىدە داغ بولغىنىدەك، ئەيىبى يوق ئادەم بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ. بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ بىر ئالالارنى قىلىپ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئەكسىچە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ئىشنىڭ يولى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش. ئۇنى يوشۇرۇشقا باش قاتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پەقەت ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانساقلا ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىزلىقىمىزنى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# قۇلۇلە قېپى

مېنىڭ تۇرمۇش تەجرىبەم مېنى شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەندۈردىكى، كەمچىلىكى يوق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ئانچە كۆپ بولمايدۇ.

— لىنكولىن

بىركۈنى، قۇلۇلە بالىسى دۈمبىسىدىكى ھەم قاتتىق ھەم قېلىن قاپتىن ئىچى پۇشۇپ ئاپىسىدىن: — دوستلىرىمنىڭ دۈمبىسىدە نېمىشقا مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەم قاتتىق ھەم قېلىن قاپ يوق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى:

— چۈنكى بىزنىڭ تېنىمىزدە بەدىنىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئىسكىلىت بولمىغاچقا ئۆمىلەپ ماڭىمىز، سۈرئىتىمىزمۇ ئىنتايىن ئاستا، بۇ قاپ بىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ چۈشەندۈرۈپ. بۇنى ئاڭلىغان قۇلۇلە بالىسى يەنە:

— ئەمىسە، كىچىك تۆكلۈك قۇرتنىڭمۇ ئۇستىخىنى يوق، ئۆمىلىشىمۇ شۇنداق ئاستا تۇرۇقلۇق قېپى يوق ئىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانا قۇلۇلە كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— تۆكلۈك قۇرت چوڭ بولغاندىن كېيىن كېپىنەككە ئايلىنىدۇ، كۆك ئاسمان ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، — دەپتۇ جاۋابەن.

— ئەمىسە سازاڭچۇ؟ ئۇ كېپىنەككە ئايلىنالمايدىغۇ! ئۇنىڭ نېمىشقا بىزنىڭكىگە ئوخشاش قېپى يوق؟ — داۋاملىق سوراپتۇ قۇلۇلە بالىسى.

— چۈنكى سازاڭ يەرنىڭ تېگىگە كىرەلەيدۇ، يەر ئۇلارنى قوغدايدۇ.

بۇلارنى ئاڭلىغان قۇلۇلە بالىسى يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە:

— بىز بەك بىچارە ئىكەنمىز، ئاسمانمۇ، يەرمۇ بىزنى قوغدىمايدىكەن، — دەپتۇ. ئانا قۇلۇلە پەرىشان بولۇۋاتقان بالىسىغا:

— شۇڭا بىزنىڭ قېپىمىز بار - دە، بۇ قاپ دەل بىزنىڭ قوغدىنىش قورال-

مىز، ــ دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

رېئال تۇرمۇشتا قۇلۇلە بالىسىغا ئوخشاش شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار نەتىجىسى ياخشى، ئالاھىدىلىكى بار ساۋاقداشلىرىغا ياكى كەسپتە نەتىجە قازانغانلارغا ھەۋەسلىنىپلا يۈرىدۇ، لېكىن ئۆزىنى توغرا تونۇشنى، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى توغرا تونۇمىساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشەنمەسەك ئۆزى بىر تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولۇش بىلەن نەتىجىلىنىمىز.

ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا شۇ ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئىچىدىكى بىر خىلىغا ماھىرراق بولىدۇ. ئۆزىمىز ماھىر بولغان شۇ ئارتۇقچىلىقنى توغرا بايقىغاندىلا ئاندىن ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىمىز؛ ئۆزىمىزدىكى جارى قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىكى ئاكتىپ ئامىل ۋە ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ نېمىگە ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان، قىلالمايدىغان ئىشقا ئىنتىلىۋالىدىغانلار ھەمدە ئۆگىنىشكە قىلچىمۇ قىزىقمايدىغانلار تالانتىنى ھەرگىزمۇ نامايان قىلالمايدۇ، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

نەتىجىلىك ھاياتقا ئېرىشىشتە ئۆزىنى تولۇق تونۇش ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. تۇرمۇشتا ھە دېسىلا باشقىلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىش بىلەن ئىش ئاڭ ئاتمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى يارىتىشتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پەرىشتىنىڭ قانىتى

ئازاب سەۋەبلىك ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ئۆزىنى ـ ئۆزى كەمسىتكەنلىك.

ــ سپىنوزا

ئەقىللىق ھەم زېرەك شياۋ مىڭ ئۆزىنى تولىمۇ كەمسىتىدىغان بالا ئىدى. چۈنكى، ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ۋەقە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئىككى تال چوڭقۇر تارتۇق قالدۇرغانىدى. بۇ تارتۇقلار ئۇنىڭ بوينىدىن باشلىنىپ بېلىگىچە سوزۇلغان بولغاچقا، شياۋ مىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇشتىن بەك قورقاتتى. ئۇنىڭغا خۇددى بىرەيلەن مۆكۈنۈۋېلىپ ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، كىيىمنى تامغا مەھكەم چاپلىشىپ تۇرۇپ چاقماق تېزلىكىدە ئالماشتۇراتتى، ئۇ باشقىلارنىڭ بۇ تارتۇقلارنى كۆرۈپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باشقىلار ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى بۇ مەخپىيەتلىكنى يەنىلا بىلىپ قالدى.

«ئېمىدىگەن قورقۇنچلۇق»، «غەلىتە مەخلۇق» دېگەنگە ئوخشاش مۇنداقلا دېيىلگەن سۆزلەر ئۇنىڭ بەكلا زىتىغا تېگىپ، ئۇنى يىغلىتىۋېتەتتى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن شياۋ مىڭنىڭ ئاپىسى ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ باردى.

ــ شياۋ مىڭ تۇغۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ بىر ۋەقەگە يولۇققانىدى، شۇ چاغدا مەن بۇ بالىنى داۋالىتىشتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن پەقەت چىدىمىدىم، شۇنچە ئوماق بالىنىڭ ھاياتىنى مۇنداقلا ئاخىرلاشتۇرۇۋەتسەم بولمايتتى، ــ دېدى ئانا كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ــ ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىمگە تېخنىكىسى يۇقىرى بىر دوختۇر ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ئىككى تال تارتۇق قالدى.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شياۋ مىڭنىڭ ئاپىسى:

ــ كېلە بالام ئوقۇتقۇچىڭ كۆرۈپ باقسۇن، ــ دەپ شياۋ مىڭنى يېنىغا چاقىر-

دى.

شىياۋ مىڭ سەل ئىككىلىنىپراق كىيىمنى سالدى. ئۇقۇتقۇچى بۇ ئىككى تال تارتۇقنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ۋە ئىچى ئاغرىغان ھالدا:

— ھازىرمۇ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سورىدى. شىياۋ مىڭ بېشىنى چايقاپ:

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ چاغدا ئوقۇتقۇچى چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ناۋادا باشقا بالىلارنى شىياۋ مىڭنى مازاق قىلىشتىن توسسام، بۇنىڭ بىلەن مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمىغىدەك، ئۇ چاغدا شىياۋ مىڭ ئۆزىنى داۋاملىق كەمسىتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتسە، شىياۋ مىڭنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى بۇلارنى ئويلاۋېتىپ كالىلىسىغا شۇنداق بىر ئوي كەلدى ۋە شىياۋ مىڭنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— ئەتىدىكى تەنتەربىيە دەرسىدە سەن ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن بىرگە كىيىم ئالماشتۇرغىن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

شۇ زامان شىياۋ مىڭنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى:

— لېكىن، ئۇلار مېنى زاڭلىق قىلىپ، غەلىتە مەخلۇق دېيىشىدۇ، — دېدى.

— خاتىرجەم بول، مېنىڭ بۇنىڭغا ئامالىم بار، سېنى ھېچكىم زاڭلىق قىلمايدۇ. ئىشەنمەمسەن؟

ئەتىسىدىكى تەنتەربىيە دەرسىدە شىياۋ مىڭ قورقۇمسىرىغىنىچە بىر بۇلۇڭغا بېرىپ چاپىنىنى سالدى. ئۇ ئويلىغاندەك باشقا بالىلار يىرگەنگەندەك قىلىپ «نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق»، — دېدى.

شىياۋ مىڭ يىغلاپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە ئوقۇتقۇچى كىرىپ كەلدى. بىرنەچچە بالا ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە:

— مۇئەللىم قاراڭ، شىياۋ مىڭنىڭ دۈمبىسى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ئۇ سىزىقلار يوغان قۇرتقا ئوخشايدىكەن، — دېيىشتى.

ئوقۇتقۇچى ھېچنېمە دېمىدى ۋە ئاستا شىياۋ مىڭنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە:

— بۇ قۇرت ئەمەس، — دېدى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ۋە شىياۋ مىڭنىڭ

دۈمبىسىگە سىنچىلاپ قاراپ، — مەن بۇرۇن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، سىلەرنىڭ ئاڭلىغۇڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوقۇغۇچىلاردىن.

ھېكايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار گۇرىدە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— بۇ بىر رىۋايەت، — دېدى ئوقۇتقۇچى ھېكايىسىنى باشلاپ، ھەربىر بالا ئانىسىنىڭ ماندىكى پەرىشتىدىن ئادەمگە ئۆزگەرگەندىكەن، پەرىشتىلەر كىچىك بالىغا ئۆزگەرگەندە قانىتىنى تاشلىۋېتىدىكەن. بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولغاچقا قانىتىنى تاشلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدىكەن، مۇنداق بالىنىڭ دۈمبىسىدە مانا مۇشۇنداق ئىككى تال تارتۇق قالىدىكەن.

— قالتىسقۇ، — چۇرقۇراشتى بالىلار، — ئۇنداقتا بۇ پەرىشتىنىڭ قانىتىكەندە؟

— شۇنداق، ئوقۇتقۇچى سىرلىق كۈلۈپ قويدى، — قېنى سىلەرمۇ بىر - بىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىگە قاراپ بېقىڭلار، سىلەردىمۇ شياۋ مىڭنىڭكىگە ئوخشاش تولۇق تاشلىنىپ بولالمىغان قانات بارمۇ - يوق؟

بالىلار بەس - بەستە بىر - بىرىنىڭ دۈمبىسىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ دۈمبىسىدە شياۋ مىڭنىڭكىدەك بۇنداق ئېنىق تارتۇق يوق ئىدى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ ماۋۇ يېرىمدە بىر كىچىككىنە تارتۇق بار ئىكەن، بۇمۇ پەرىشتىنىڭ قانىتىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر قىزچاق ھاياجانلانغان ھالدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

— ياق، بۇ پەرىشتىنىڭ قانىتى ئەمەس.

— مەندىكى تارتۇق قىزىل ئىكەن، مەن پەرىشتە ئىكەنمەن.

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ دۈمبىسىدە تارتۇق بارلىقىنى بەس - بەستە ئېتىراپ قىلىشىپ، شياۋ مىڭنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. شياۋ مىڭنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدە كۈلكە جىلۋىلەندى. بۇ چاغدا بىر قىزچاق تۇيۇقسىزلا:

— مۇئەللىم، مەن پەرىشتىنىڭ قانىتىنى سىيلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— بۇنىڭغا بىزنىڭ پەرىشتىمىز قوشۇلامدىكىن؟ ئوقۇتقۇچى كۈلۈمسىرىگىنىچە شىياۋ مىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

شىياۋ مىڭ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ تارتىنىپراق ماقۇل بولدى.

قىزچاق ئۇنىڭ دۈمبىسىنى بوشقىنە سىيلىدى ۋە خۇشاللىقتىن:

— پاھ! نېمىدېگەن يۇمشاق، مەن پەرىشتىنىڭ قانىتىنى سىيلىدىم، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

بۇنىڭ بىلەن تەڭلا باللارنىڭ ھەممىسى «مەنمۇ سىيلاپ باقاي، مەنمۇ سىيلاپ باقاي» دەپ چۇرقۇراشتى.

ئاشۇ قېتىملىق تەنتەربىيە دەرسىدىن كېيىن شاۋ مىڭ دۈمبىسىدىكى تارتۇق سەۋەبلىك ئۆزىنى كەمسىتمەيدىغان ۋە باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن قورقمايدىغان بولدى. ئەكسىچە ئاشۇ تارتۇقلاردىن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۆزىگە ئېخىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ، بارغانسېرى ئېچىلىپ كەتتى، دوستلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

**مۇلاھىزە:**

شىياۋ مىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھېكايىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى – ئۆزى كەمسىتمەيدىغان بولدى، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىككە توغرا قاراپ، ئۆزىنىڭ خۇشال، شوخ ھالىتىگە يېڭىباشتىن قايتىپ كەلدى. شىياۋ مىڭ ھەققىدىكى بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، يېتەرسىزلىكلىرىڭىزنى قوبۇل قىلالىسىڭىزلا يېتەرسىزلىكلىرىڭىز ھەرگىزمۇ يېتەرسىزلىك بولۇپ تۇيۇلمايدۇ، بەلكى سىزنى پەخىرلەندۈرىدىغان ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى ئاشۇرىدىغان يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ئۆزىڭىز

باشقىلارغا ھەۋەس قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىزگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماڭ. باشقىلارغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، لېكىن سىز ئەڭ ئاۋۋال ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئادەم ئۆزىڭىز. سىز ئۆزىڭە ئىشىنىدىغان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھاياتقا ئىگە بولىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنى كەمسىتمەسلىكىڭىز ھەم ئۆزىڭىزدىن گۇمانلانماسلىقىڭىز كېرەك. سوقرات «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم دەل ئۆزىڭىز» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# ئەمەلىيەتتە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم ئۆزىڭىز

ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن باشقىلارمۇ سىزگە ئىشىنىدۇ.

— بېرنارد. شاۋ

مەلۇم بىر ئالىم ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سىناش ۋە يەنىمۇ چۈشىنىش مەقسىتىدە ئادەتتە ئىپادىسى ھەممىدىن ياخشى شاگىرتىنى يېنىغا چاقىرتىپ: «ماڭا ئىنتايىن مۇنەۋۋەر بىر ئىزباسار كېرەك، ئۇ ئەقىل - ئىدراككە تولغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئالاھىدە جاسارەتلىك بولۇشى كېرەك...، مەن بۇنداق ئادەمنى تولا ئىزدەپ تا بۈگۈنگىچە تاپالمىدىم، شۇڭا سەن ماڭا مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى تېپىپ بەرگىن» — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — شاگىرت تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن شۇنداق — دەپتۇ، — مەن چوقۇم بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن ئىزدەپ، سىلىنىڭ ماڭا قىلغان ئەجىرلىرى ۋە ئىشەنچلىرىنى ئاقلايمەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ شاگىرت بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇستازى ئۈچۈن ئىزباسار ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئۇ تېپىپ كەلگەن شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى ئۇستازىغا يارىماپتۇ. بىركۈنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئۇستاز شاگىرتىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەن كۆپ جاپا تارتتىڭ، سەن تېپىپ كەلگەن ئۇ ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ساڭا يەتمەيدۇ...، — دەپتۇ.

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇستاز سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ، لېكىن مۇنەۋۋەر ئىزباسار تېخىچە تېپىلماپتۇ. شاگىرت خىجىل بولغىنىدىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەرىشان ھالدا:

— ئۇستاز مەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، سىلىنى بەكمۇ نائۈمىدتە

قويىدۇم! — دەپتۇ.

— مەن ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندىم، لېكىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ يۈز كېلەلمەيسەن، — دەپتۇ ئۇستاز ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان كۆزىنى خېلى ئۇزۇنغىچە چىڭ يۇمۇپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا:

— ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىزباسار ئەسلىدە ئۆزۈڭ ئىدىڭ. ئەپسۇس، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىشەنچ قىلالمىغاچقا، ئۆزۈڭنى ئەستىن چىقىرىپ قويدۇڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ئۆزۈڭگە سەل قارىدىڭ...، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مۇنەۋۋەر، پەرق ئۆزىنى قانداق تونۇشتا، ئۆزىنى قانداق تېپىشتا ۋە ئۆزىنى قانداق ئەتىۋارلاشتا...، ئۇستاز سۆزىنى تۈگىتىپلا بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپتۇ.

شاگىرت قاتتىق پۇشايمانغا قېلىپتۇ ۋە بىر ئۆمۈر ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئۆتۈپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارغا ھەۋەس قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىزگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماڭ. باشقىلارغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ، لېكىن سىز ئەڭ ئاۋۋال ئىشىنىشكە تېگىشلىك ئادەم دەل ئۆزىڭىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي نامايان قىلماقچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۆزىڭىزنى كەمسىتمەسلىكىڭىز ھەم ئۆزىڭىزدىن گۇمانلانماسلىقىڭىز كېرەك، سوقراتنىڭ «ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم دەل ئۆزىڭىز» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلىشىڭىز كېرەك.

# ئالماس دەل سىزنىڭ ھويلىڭىزدا

ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ئېتىراپ قىلالماسلىق مەغلۇبىيەتكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— ناپالېئون

توردا كەڭ تارقالغان مۇنداق بىر ھېكايە بار بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ، ئىشەنچ تىكلىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ.

بىركۈنى، بىر بوۋاي ئاربوت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنىنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سەندە باشمالتاقچىلىق ئالماس بولغان بولسا ئەتراپىڭدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالالايتتىڭ؛ ئەگەر بىر ئالماس كانى تېپىۋالغان بولساڭ ئوغلۇڭنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزالايتتىڭ، — دەپتۇ. ئالماسنىڭ نەقەدەر پۇلغا يارايدىغانلىقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنىغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. شۇڭا ئۇ بوۋايدىن شۇنداق ئالماسنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي:

— سەن تاغقا بېرىپ ئاق قۇم ئاقىدىغان دەريانى ئىزدەپ تاپ، ئەگەر مۇشۇ دەريانى تاپالىساڭ، ئېنىقكى، ئاق قۇمنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئالماس بار، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاربوت بارلىق زېمىنىنى سېتىۋېتىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئالماس ئىزدەشكە مېڭىپتۇ. ئۇ شۇنچە كۆپ ئىزدەپمۇ ئۇ خەزىنىنى تاپالمىغاچقا ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

ھېكايە بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيدۇ.

بىركۈنى ئاربوتنىڭ زېمىنىنى سېتىۋالغان ئادەم تۆگىسىنى ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېرىققا سۇغارغىلى ئېلىپ چىقىپتۇ. تۆگە تۇمشۇقىنى سۇغا ئۇزارتىشىغا

ھېلىقى ئادەم سۇدىكى قۇم ئارىسىدا پارقىراپ تۇرغان بىر پارچە تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە تاشنى سۇزۇپ ئۆيىگە ئەكىرىپ ئوچاقنىڭ ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇشىغا ھېلىقى بوۋاي بۇ ئادەمنى يوقلاپ كېلىپ قاپتۇ. بوۋاي ئۆيگە كىرىپلا پارقىراپ تۇرغان تاشنى كۆرۈپ ئۆزىنى تاشقا ئېتىپتۇ. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن:

— ئاربوت قايتىپ كەلدىما؟ — دەپ سوراپتۇ، — ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىدى، مەن بۇ تاشنى ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېرىقتىن تېپىۋالدىم، — دەپتۇ يېڭى غوجايىن. — سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، — دەپتۇ بوۋاي ئىشەنمىگەن ھالدا، مەن ئۆيگە يېقىن كېلىپلا بۇ ئۆيدە بىر مۆجىزىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنمەن، مېنى تولا گەپ قىلىدىكەن دېمىگىن، لېكىن سەن تېپىۋالغان بۇ تاش راستتىنلا ھەقىقىي ئالماس.

ئىككىسى ئۆيدىن چىقىپ ئېرىقنى كولاشقا باشلاپتۇ ۋە ناھايىتى تېزلا تېخىمۇ پارقىراق تاشتىن بىرنى تېپىۋاپتۇ، ئۇلار داۋاملىق كولاپ يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارقىراق تاشتىن خېلى جىق تېپىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ۋىكتورىيە خانىشىغا سوۋغا قىلىنغان ھېلىقى داڭلىق ئالماسمۇ مۇشۇ ئېرىقتىن قېزىۋېلىنغانمىش.

**مۇلاھىزە:**

ھاياتنىڭ خەزىنىسى باشقا يەردە ئەمەس دەل ئۆزىمىزدە. سىزنىڭ مەلۇم ئارتۇقچىلىقىڭىز ۋە مەلۇم قىزىقىشىڭىز بەلكىم سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز نوقۇل ھالدا باشقىلارغىلا ھەۋەس قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۇستۇنلۇكى ۋە ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ھېس قىلالمىسىڭىز ، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىنى مەڭگۈ نامايان قىلالمايسىز، ئۆزىڭىزدىنمۇ رازى بولمايسىز، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سىزمۇ داڭلىق ئادەم بولالايسىز

ئىشەنچ ئادەمنى بويسۇندۇرۇشقا بولىدىغان قارىغان نەرسىنى بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

— دىرىدرن

بىر راھىب ئىبادەتخانىدىكى يوغان بۇتنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاك ـ تاكنى ئۇرغاچ دۇرت ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ گەرچە شۇنچە ئۇزۇن تىلاۋەت قىلغان بولسىمۇ ئەۋلىيا بولالمىغانىدى. ئۇ بۇتنىڭدىن ئىچى پۇشۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بىر ـ ئىنىڭ بۇتنىڭدىكى سىرنى دەپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. دەل شۇنداق كۈنلەردە داڭقى ئەلگە تارىغان بىر ئۆلىما بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئىبادەتخانىغا چۈشىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، تەڭرى بىزنى ئۇچراشتۇردى، بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئامىتى، — دەپتۇ راھىب ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ياردەم سوراپتۇ:

— سىلىدىن سورايدىغان شۇنداق بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، يول كۆرسەتكەن بولسىلىرى، سىلى قانداق قىلىپ ئۆلىما بولغان؟ دېمەكچىمەنكى، ئالدىمىزدىكى بۇ بۇت...

— ئۆلىمالار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، بىز ئۇلارغا ئىزچىل يۈكۈنىمىز...، ئۆلىما سالماقلىق بىلەن سۆزىنى باشلاپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق بولۇپ، بۇتخانىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ.

— ئىزچىل... يۈكۈنىمىز؟ — راھىب قورقۇپراق بۇتقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن ئۆلىماغا دەپتۇ:

— سىلىچە، ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەككەندە؟

ــ شۇنداق، ــ ئۆلىما ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ، ــ ئورنىڭدىن تۇر، سەنمۇ ئۆلىما بولالايسەن.

ــ نېمە؟ نېمە دىدىلە؟ مەنمۇ ئۆلىما بولالايمەنما؟ سى... سى... سىلى تەڭرى ۋە ئەۋلىيالارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىلا، ــ دەپتۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قولىنى جۈپلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن «ئامىتابا، ئامىتابا» دەپتۇ.

ــ جاھىللىق بىلەن سەجدە قىلغاندىن كۆرە دادىللىق بىلەن بۆسۈش ھاسىل قىلغان ياخشى، ــ ئۆلىما راھىبنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ كەيىنىگىمۇ قارىماي يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئادەم. چۈنكى، ئۇلۇغ ئادەمدە بار ئېلېمېنت سىزدىمۇ بار، ئوخشمايدىغىنى ئۇلۇغ ئادەملەردە بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ بولىدۇ، مانا مۇشۇ خىل ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ پەرقىنى پەيدا قىلغان. مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى كەمسىتىدىغان پىسخىك قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ھاياتنىڭ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىشەنچ تۇيغۇسىنى بىرلەشتۈرەلەيسىز.

www.uyghurkitap.com

# مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىمەن

ئاۋۋال ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇڭ، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئاتلىنىڭ. مۇشۇنداق قاراشنى تۇرغۇزالىسىڭىزلا ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم غەلىبە قازىنالايسىز.

— ۋىلسون

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيەنىڭ بىر كىچىك شەھىرىدە مارگارېت دېيىدىغان بىر قىز ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ دادىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشى ئاستىدا چوڭ بولغانىكەن. دادىسى ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىدىيەنى سىڭدۈرگەنىكەن: «مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلىشىڭدىن قەتئىينەزەر چوقۇم تىرىشىپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەڭگۈ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇڭ كېرەك. ھەتتا كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققىنىڭدىمۇ مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرۇشۇڭ لازىم.» دادىسى ئۇنىڭ «مەن قىلالمايمەن»، «بۇ بەك تەسكەن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىشىغا ئەزەلدىن يول قويۇپ باقمىغانىكەن.

مارگارېت دادىسىنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق تەربىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە پائال يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئىرادە ۋە ئىشەنچنى يېتىلدۈرۈپتۇ. ئۇ «مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىمەن» دېگەن قەسىمىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە دادىسىنىڭ تەلىمىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە چوقۇم غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى بىلەن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ھەربىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپتۇ.

مارگارېت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مەكتەپ بەش يىل ئىچىدە لاتىنچىنى ئۆگىنىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ۋە جان تىكىپ ئىشلىشىش روھى ئارقىلىق بەش يىلدا ئۆتۈلىدىغان دەرسنى بىر يىلدىلا تاماملاپ بوپتۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ئالدىنقى

قاتاردا تۇرىدىكەن. مارگارېت ئۆگىنىشتىلا ئالدىدا بولۇپ قالماستىن، تەنتەربىيە، مۇزىكا، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. شۇ يىلـ لىرى ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭغا: «ئۇ مەكتىپىمىز قۇرۇلغاندىن بۇـ يانقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى، ئۇ يۇكسەك ئىرادىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدۇ» دەپ باھا بەرگەنىكەن.

دەل مانا مۇشۇنداق «مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىمەن» دېگەن روھنىڭ تۈرتـ كىسىدە، 40 نەچچە يىلدىن كېيىن مارگارېت پۈتۈن ئەنگلىيە، ھەتتا پۈتكۈل ياۋروپاـ دىكى چاقناپ تۇرغان چولپانغا ئايلانغان. بۇ دەل ئۇدا تۆت يىل كونسېرۋاتىپلار پارتىـ يەسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلانغان ھەمدە 1979 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ تۇنجى ئايال باش ۋەزىرى بولۇپ، سىياسىي سەھنىدە 11 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى «تۆمۈر خوتۇن» ـــ مارگارېت ساچېر خانىم.

**مۇلاھىزە:**

بىر مۇتەپەككۇر: «پوزىتسىيە ئېگىزلىكنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن. «مەڭگۈ بىرىنچى رەتتە ئولتۇرىمەن» دېيىش بىر خىل ئىجابىي ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش پوزىتسىيەسى بولۇپ، ئۇ سىزنى پائال ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ئارزۇيىڭىزنى تىرىشىپ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىمـ كانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

# كەلگۈسىدە سىز ئىشتات باشلىقى بولىسىز

ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ ۋە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ ئۈچۈن تىرىشىڭ، شۇندىلا غەلىبە سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ.

— كارنېگى

ئامېرىكا نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ تۇنجى قارا تەنلىك ئىشتات باشلىقى روللىسنى كىچىكىدە ئوقۇتقۇچىلىرى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش نۇرغۇن ناچار ئادەتلىرى بولۇپ، ئاغزىدىن سەت گەپ چۈشمەيتتى، دائىم دەرستىن قاچاتتى ۋە باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپلا يۈرەتتى... يېڭىلا خىزمەتكە چۈشكەن ئوقۇتقۇچى ئولېسىن بۇ بالىلارغا شۇنچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەسىھەتلەر خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۇلارغا ئازراقمۇ تەسىر قىلمايتتى.

ئولېسىن بۇ بالىلارنىڭ داۋاملىق مۇنداق كېتىۋېرىشىگە چىداپ تۇرالماي بىر چارە ئويلاپ چىقىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ بەكلا خۇراپىي ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىنى كۆرۈپ پال ئاچىدۇ. دەسلەپتە ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغا ئانچە قىزىقمايدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا قاراپ بەرگەن تەبىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالىدۇ.

روللىس ساۋاقداشلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ، ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي ئوقۇتقۇچىسىغا قولىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىدۇ. ئولېسىن بۇ قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىسىنىڭ كىچىككىنە كىچىككىنە قارا قوللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە «تەتقىق» قىلغاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن:

— كەلگۈسىدە سەن چوقۇم نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ باشلىقى بولىسەن، — دەيدۇ.

— راستىما؟ مەن ئىشتات باشلىقى بولالامدىكەنمەن؟ — روللىس قۇلاقلىرىغا ئى-

شەنبىگەندەك قىلىپ ئوقۇتقۇچىسىغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. شۇنداقتىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۆڭلىگە ئىشتات باشلىقى بولۇشنى پۈكىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ روللىس ئۆزىدىكى ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە تەسەۋۋۇرىدىكى ئىشتات باشلىقىنىڭ تەلىپىنى قويىدۇ. ئۇ ئىشتات باشلىقى بولۇش خىيالىدىن ئىزچىل تەۋرەنمەي، نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ ۋە 51 ياشقا كىرگەن يىلى نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ 53 ـ نۆۋەتلىك ئىشتات باشلىقى بولۇپ، نيۇيورك ئىشتاتىنىڭ تۇنجى قارا تەنلىك ئىشتات باشلىقى بولۇپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئەقىدە مۆجىزە يارىتىدۇ، ئەقىدە ئادەمگە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ. مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەقىدىنى قەلبىگە مەھكەم ئورناتسىلا تۇرلۇك قىينچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئۆزىڭىزگە بىر بايراق بېرىڭ

ئېتىقاد كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

— لېۋ. تولستوي

بىر كۈنى كەچتە جېك ئىسىملىك بىر يىگىت دەريا بويىدا غەمگە پاتقان ھالدا تۇراتتى.

بۇ كۈن دەل ئۇنىڭ 30 ياشقا كىرگەن كۈنى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق ياشىشىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا دارىلىتامدا ياشىغان بولۇپ، بويى پاكار، چىرايى كۆرۈمسىز بولۇپ، فىرانسىيە سەھرا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى ھەم سەت ھەم دۆت، — دەپ قاراپ، ئۆزىنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى، ئادەتتىكى خىزمەتنىمۇ قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمايتتى، شۇڭا يا ئۆيى، يا خىزمىتى يوق ئىدى.

جېك ھايات - ماماتى ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ دارىلىتامدا بىللە چوڭ بولغان دوستى توم قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— جېك، ساڭا خۇشخەۋەر، — دېدى.

— ماڭا ئەزەلدىن خۇشاللىق نېسىپ بولۇپ باققان ئەمەس، — دېدى جېك غەمكىن ھالدا.

— خاتالاشتىڭ، مەن بايىلا رادىيودىن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم. ناپالېئون بىر نەۋرىسىنى يوقىتىپ قويغانىكەن، دىكتورنىڭ بۇ بالا ھەققىدە ئېيتقان چىراي ئالاھىدىلىكلىرى ساڭا بەك ئوخشايدىكەن!

— راستىما! ئۇنداقتا، مەن ناپالېئوننىڭ نەۋرىسى ئىكەنمەندە؟ — جېك بىردىنلا تېتىكلىشىپ، پاكار بويلۇق بوۋىسىنىڭ ئىلگىرى نۇرغۇن قوشۇنغا قوماندانلىق

قىلىپ، سەھرا پۇرىقى بىلەن تولغان فىرانسۇس تىلىدا ھەيۋەت پەرمانلارنى چۇشۇر-گەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۇرىدۇ ۋە جىسمىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى، گەپ قىلغاندا ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق، سۇرلۇك چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئەتىسى سەھەردە جېك تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بىر چوڭ شىركەتكە ئىش ئىزدەپ بارىدۇ.

20 يىلدىن كېيىن جېك بۇ چوڭ شىركەتنىڭ باش لىدېرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ناپالېئوننىڭ نەۋرىسى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ چىققانىدى، لېكىن بۇ ئەمدى مۇھىم ئەمەس ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

ئۆلگىنىڭ كۈچى چەكسىز. دوستىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن جېك ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ياراتمىغان ۋە چۈشكۈنلەشكەن ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزگە بىر ئۇلۇغ كىشىنى ئۆلگە قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز كەمسى-تىش ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچ ۋە جاسارەتنى يېڭىباشتىن تاپالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتى

# موزدوزنىڭ زوڭتوڭ ئوغلى

ئىنسانلار تەقدىرىنى كۆپىنچە ئۆزى يارىتىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بېكىتـ
كۈچىدۇر.

ــ باكون

ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زوڭتوڭ دەپ تەرىپلەنگەن ئابراخان لىنكولىن موزدوز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئامېرىكا جەمئىيىتى نەسەپكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. لىنكولىن زوڭتوڭلۇق رىقابىتىگە قاتنىشىش ھارپىسىدىكى بىر قېتىملىق كېڭەش پالاتىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرايدۇ. ھېلىقى پالاتا ئەزاسى:

ــ لىنكولىن ئەپەندى، نۇتقىڭىزنى باشلاشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ بىر موزدوزنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ــ دەيدۇ.

ــ سىزنىڭ ماڭا دادامنى ئەسلەتكىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، مەن سىزنىڭ بۇ سەممىمىي نەسىھەتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن، شۇنىسى ماڭا ئېنىقكى، مەن زوڭتوڭلۇقنى دادامنىڭ موزدوزچىلىقچىلىك قاملاشتۇرالماسلىقىم مۇمكىن.

پالاتا ئەزالىرى خېلىغىچە جىمىپ كېتىدۇ. لىنكولىن بۇ ھاكاۋۇر پالاتا ئەزاسىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ــ بىلىشىمچە، دادام سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرگە ئاياغ تىكىپ بېرىپتىكەنتۇق، ئەگەر ئايىغىڭىز پۇتىڭىزغا دەل كەلمىگەن بولسا، مەن ئوڭشاپ بەرسەم بولىدۇ. گەرچە مەن كۆزگە كۆرۈنگەن موزدوز بولمىساممۇ، لېكىن كىچىكىمدىن دادامنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئاياغ تىكىش تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىۋالغانمەن.

لىنكولىن ئۇلاپلا بارلىق پالاتا ئەزالىرىغا:

— كېڭەش پالاتاسىدىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ناۋادا ئايىغىڭلارنى دادام تىككەن بولسا ھەمدە سىلەر ئۇنى ئوڭشاتماقچى بولساڭلار، مەن كۆچۈمنىڭ يېتىشچە ياردەم قىلىمەن. لېكىن ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك شۇنداق بىر ئىش بار، مەن دادامدەك ئۇلۇغ ئادەم ئەمەس، ھېچكىمنىڭ ھۈنىرى ئۇنىڭ ھۈنىرىگە يەتمەيدۇ، — دەيدۇ. سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لىنكولىن ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كېتىدۇ، ھېلىقىدەك مەسخىرىنىڭ ئورنىنى سەممىي ئالقىش ئالىدۇ. لىنكولىن ئاخىرى مۇرادىغا يېتىپ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەم ئۆزىنى تونۇشتا چوقۇم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك، شۇندىلا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىلغان ئىشىدىن نەتىجە چىقىرالايدۇ. گەرچە بىز تەقدىرىمىزنى تاللاشقا ئامالسىز بولساقمۇ، لېكىن لىنكولنغا ئوخشاش ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرىپ، باشقىلارنىڭ ھاقارەت ۋە مازاق قىلىشى بىلەن كارىمىز بولماي، باتۇرلۇق بىلەن يولىمىزغا مېڭىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# جوينىڭ بايقىشى

تۇرمۇش يولىنى يۈرىكىمىز بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، مەيلى بىز قانداق ناچار شارائىتتا ياشايلى، يۈرىكىمىزنى ئارىلىق بىلەن ئازدۇرمىۋالمىسۇن.

— دوۋسېن خېۋ

جوي نامى چىققان مۇخبىر بولۇپ، ئىلگىرى داڭلىق پۇلىتزېر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مانا مۇشۇنداق شەرەپكە ئېرىشكەن ئىجتىھاتلىق ھەم ئىقتىدارلىق ئادەم بۇرۇن ئۆزىنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنى قاتتىق كەمسىتكەن. جوي ئۆزىنىڭ بالىلىق مەزگىلىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئائىلىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى، ئاتا ـ ئانام مەدىكار بولۇپ ئىشلەپ ئائىلىمىزنى قامدايتتى. شۇ چاغدا دادام ماتروس بولۇپ، ھەر يىلى ئاتلانتىك ئوكياندىكى پورتلار ئارىسىدا قاتنايتتى. مەن بىزگە ئوخشاش ئورنى تۆۋەن قارا تەنلىكلەرنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولى يوق، مەنمۇ بەلكىم بىر ئۆمۈر دادام ئىشلەيدىغان پاراخوتقا ئوخشاش مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولالماي لەيلەپ ئۆتۈشۈم مۇمكىن، — دەپ ئويلايتتىم.

جوي ئون ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۇنى ۋان گوخنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسىنى زىيارەت قىلدۇردى. كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ياغاچ كارىۋات بىلەن ئۇچى يېلىقنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغان كونا ئاياغنى كۆرگەن جوي قىزىققان ھالدا دادىسىدىن:

— ۋان گوخ دۇنيادىكى داڭلىق رەسسامتىغۇ؟ ئۇ شۇنداق نامراتمىدى؟ — دەپ سورايدۇ. دادىسى جاۋابەن، — شۇنداق، ۋان گوخ ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادىكى داڭلىق رەسسام، شۇنداقلا ئۇ يەنە بىزگە ئوخشاش نامرات، ھەتتا خوتۇنمۇ ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە نامرات ئىدى، — دەيدۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، جوينىڭ دادىسى ئۇنى دانىيەگە ئاپىرىپ، بالىلار چۆچەكلىرىنىڭ پېشۋاسى ئاندېرسوننىڭ كىچىك ھەم ئاددىي ئۆيىنى زىيارەت قىلدۇردى. جوي يەنىلا ھەيران بولغان ھالدا:

— ئاندېرسون خان ئوردىسىدا ياشىغانتىغۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ ئۆيى نېمانداق ۋەيرانە؟ — دەپ سورايدۇ. دادىسى:

— ئاندېرسون بىر خومدان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا مانا مۇشۇ ۋەيرانە ئۆيدە ياشىغان، خان ئوردىسى بولسا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىدىكى بىر تەسۋىرى، — دەپ چۈشەندۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن جوينىڭ كىشىلىك قارىشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى كەمسىتمەيدىغان، پەقەت ئورنى، پۇلى بار ئادەملەرلا چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، — دەپ ئويلىمايدىغان بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

— مېنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى دادامنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن، ئۇ ماڭا ۋان گوخ بىلەن ئاندېرسوننى تونۇتتى، مانا بۇ ئىككى ئۇلۇغ سەنئەتكار ماڭا ئادەمنىڭ غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ باي ياكى نامراتلىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈردى.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە باي - نامراتلىقى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تالانتلىقلار بىلەن ئۇلۇغ ئەربابلارغىلا مەنسۇپ ئەمەس، پەقەت ئۆزىمىزگە ئىشىنىدىغانلا بولساق ئۇلۇغ زاتلارغا ئوخشاش ھەممە ھەۋەس قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى

# سېھىرلىك قىلىچ

ئادەمنىڭ ئەڭ قەبىھ دۈشمىنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇشى بىلەن ئىشەنچنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدۇر.

— گوركىي

مۇنداق بىر چۆچەك بار: بىر توخۇ يۈرەك ئادەم ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇپ باتۇر بولۇش ئۈچۈن «مەخلۇق ئۆلتۈرۈش» مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇپتۇ. بۇ مەكتەپ قورقۇنچاق ئادەملەرنى ئىقتىدارلىق ۋە يۈرەكلىك قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ مەخسۇس قىزلارنى يەيدىغان غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرگۈزىدىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى مور داڭلىق سېھىرگەر بولۇپ، ئۇ ھېلىقى قورقۇنچاق ئادەمگە:

— قورقۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، مەن ساڭا بىر سىرلىق قىلىچ بېرىمەن، بۇ قىلىچ غايەت زور سېھىري كۈچكە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق غەلىتە مەخلۇققا تاقابىل تۇرالايدۇ، — دەپتۇ. ئوقۇش جەريانىدا ھېلىقى قورقۇنچاق ئادەم سىرلىق قىلىچ بىلەن نۇرغۇن تەقلىدىي غەلىتە مەخلۇقلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ئۇ مەخسۇس قىزلارنى يەيدىغان راست مەخلۇققا ئۇچراپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا كېلىشىگە غەلىتە مەخلۇق بېشىنى چىقىرىپتۇ، ئۇ دەرھال يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپتۇ ۋە بۇ قىلىچنىڭ سېھىرلىك قىلىچ ئەمەسلىكىنى بايقاپتۇ، ئەسلىدە ئۇ قىلىچنى خاتا ئېلىۋالغان بولۇپ، سېھىرلىك قىلىچ مەكتەپتە قالغانىكەن، قولىدىكىسى بولسا ئادەتتە مەشقتە ئىشلىتىدىغان قىلىچ ئىكەن. بۇ چاغدا قىلىچمۇ چېكىنىش ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، ناۋادا چېكىنىسىلا غەلىتە مەخلۇق ئۇنى يەۋېتىدىكەن. شۇڭا بىلەن ئۇ ھېلىقى ئادەتتىكى قىلىچنى ئوينىتىپ غەلىتە مەخلۇقنى يەر چىشلىتىپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى مور ئۇنىڭغا:

— دۇنيادا سېھىرلىك قىلىچنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ ھەقىقىي سېھىر ئۆزىگە ئىشىنىش، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەمدە مۆجىزە ياراتقۇدەك سېھىرىي كۈچ بولىدۇ، مۇھىمى ئۆزىگە ئىشىنىشتە. ھەقىقىي سېھىرلىك قىلىچ دەل سىزنىڭ قەلبىڭىزدە. رېئال تۇرمۇشتا بەزىدە قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ بەل قويۇۋېتىپ قالىمىز، ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە بېسىمنى ئۆزىمىزگە يۈك قىلىۋالىمىز، ھەتتا ئىرادە ۋە ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا قەيسەرلىك بىلەن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ـ دە، قىيىنچىلىققا جەڭ ئېلان قىلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز قىيىنچىلىق سىزگە تەسلىم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىسى

# سىز ئەسلىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك

ھاياتلىقتىكى ھەرقانداق ئۇلۇغۋار ئىش ئىشەنچتىن باشلىنىدۇ ھەمدە ئىشەنچ ئارقىلىق تۇنجى قەدەم تاشلىنىدۇ.

— فادىيېۋ

بىر كۈنى، داڭلىق مۇۋەپپەقىيەتشۇناس ئانتونى روبىن ئىشخانىسىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ئىنتايىن يىراق يەردىن كەلگەن بىر سەرگەرداننى قوبۇل قىلىدۇ. سەرگەردان ئىشىكتىن كىرىپلا:

— مەن بۇ يەرگە ماۋۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم، — دەيدۇ ۋە يانچۇقىدىن «ئۆزىگە ئىشىنىش» دېگەن كىتابنى چىقىرىدۇ. بۇ ئانتونى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يازغان كىتاب ئىدى.

ئانتونى سەرگەرداننى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىدۇ. سەرگەردان تەسىرلەنگەن ھالدا:

— بەلكىم تەقدىر ئىلاھى تۈنۈگۈن مۇشۇ كىتابنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ، چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنى مىچىگان دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم. مەن ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدىم، ھەممە ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا شۈكرى، بۇ كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن مەندە يېڭىچە قاراش پەيدا بولدى، بۇ كىتاب ماڭا ئىرادە، ئۈمىد ئاتا قىلدى ۋە ماڭا بىر كۈن ھەمراھ بولدى. مەن شۇنداق قارارغا كەلدىمكى، مۇشۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بىلەن كۆرۈشسەملا، ئۇ كىشى چوقۇم مېنىڭ ئورنۇمدىن دەست تۇرۇشۇمغا ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەرگە كەلدىم، ھازىر سىزنىڭ ماڭا قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىڭىزنى بەكمۇ بىلگۈم بار، — دەيدۇ.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئانتونى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سەپسېلىپ قاراپ چىقىدۇ. ئۇ ئادەم-

ىنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى، مەيۈس چىرايى، ئالمىغىلى خېلى بولغان ساقال - بۇ-
رۇتلىرى ۋە جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان تۇرقىنىڭ ئۆزىلا ئانتونىغا ئۇ ئادەمگە ھېچ-
قانداق ياردەم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. لېكىن ئانتونى-
نىڭ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكۇسى كەلمەيدۇ.

ئانتونى سەرگەرداننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— گەرچە مەن سىزگە ياردەم قىلالمىساممۇ، ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز، سىزگە مۇشۇ بىنادا ئىشلەيدىغان بىرەيلەننى تونۇشتۇرۇپ قويay، ئۇ سىزنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئەسلىدىنلا سىزگە تەئەللۇق بولغان نەرسىگە قايتىدىن ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم قىلالايدۇ، — دەيدۇ. سەرگەردان ئانتونىنىڭ گېپىنىڭ تۈگۈشىنى كۈتۈپ تۇر-مايلا ئورنىدىن دەست تۇرۇپ ئانتونىنىڭ قولىغا ئېسىلغىنىچە:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى شۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويسىڭىز، — دەيدۇ.

ئۇ ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىكەن، دېمەك ئۇنىڭ قەلبىدە يەنىلا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد چاقناپ تۇرىدۇ. ئانتونى ئۇنىڭ قولى-دىن يېتىلىگىنىچە مىجەز - خاراكتېرنى ئانالىز قىلىش پىسخىك تەجرىبىخانىسى-نىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئانتونى ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قايرىۋېتىشقا، ئاجايىپ چوڭ بىر ئەينەك كۆرۈنىدۇ، ئەينەكتىن سەرگەرداننىڭ پۈتۈن سىياقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئانتونى ئۇنىڭغا ئەينەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن دېگەن ئادەم مۇشۇ، بۇ دۇنيادا پەقەت مۇشۇ ئادەملا سىزنىڭ يېڭىباش-تىن باش كۆتۈرۈشىڭىزگە ياردەم قىلالايدۇ، سىز ئولتۇرۇپ ياخشى ئويلىنىڭ ۋە بۇ ئادەم بىلەن ھەقىقىي تونۇشۇڭ، خۇددى بۇ ئادەم بىلەن ئەزەلدىن كۆرۈشۈپ باقمىغان-دەك. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىڭىز مىچىگان دەرياسىغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىڭ. چۈنكى، سىز بۇ ئادەم بىلەن ھەقىقىي تونۇشۇشتىن ئاۋۋال ئۆزىڭىز ياكى مۇشۇ دۇنياغا نىسبە-تەن قىلچە قىممىتى يوق كېرەكسىز نەرسىسىز، — دەيدۇ.

سەرگەردان ئەينەككە يېقىنلاپ كېلىدۇ ۋە ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىنى سىلاپ، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ سىماسىغا بىرنەچچە مىنۇت تىكىلىپ قارايدۇ، ئار-قىدىنلا كەينىگە يېنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

ئانتونى ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئانتونى كوچىدا بۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، ئەمدىكى بۇ ئادەم ھېلىقىدەك سەرگەردان قىياپەتتىكى ئادەم بولماستىن، بەلكى كىيىنىشى رەتلىك، روھى جۇشقۇن ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بۇرۇنقى خۇنۇك، ئەنسىز، جىددىيلەشكەن قىياپەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئانتونى ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىپ، تېزلىكتە خىزمەت تېپىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كېيىنچە بۇ ئادەم يېڭىباشتىن قەد كۆتۈرۈپ چىكاگودىكى داڭلىق بايلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتمىگەنلىكى ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى كۆرۈپ يەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. خۇددى قايسىدۇر بىر ئالىمنىڭ ئېيتقىنىدەك، سىز ئەسلىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، جىسمىڭىزدىكى كۈچنى تولۇق ئۇرغۇتۇڭ، شۇندىلا مۆجىزە يارىتالايسىز.



# چايىنىڭ تەمى قايناق سۇدا

ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندىلا ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا كۆڭۈلنى ئازادە تۇتۇپ، تولۇپ ــ تاشقان ئىشەنچ ۋە دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

ــ ئىنوساكاربۋا موتتو

قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بىر يىگىت، راھىب كالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇزۇن يول بېسىپ بۇتخانىغا كېلىپ، راھىب كالامدىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

راھىب كالام بۇ يىگىتنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرى ۋە قاقشاشلىرىنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن كىچىك راھىبقا:

— بۇ ساخاۋەتچى تولىمۇ يىراق يەردىن كەپتۇ، بىر چەينەك ئىللىمان سۇ ئېلىپ چىق، — دەپتۇ.

ھايال ئۆتمەي كىچىك راھىب بىر چەينەكتە ئىللىمان سۇ ئېلىپ چىقىپتۇ. راھىب كالام بىر سېلىم چاينى قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە ئىللىمان سۇنى قۇيۇپ چاي دەملەپ، ئۇ يىگىتنى چايغا تەكلىپ قىپتۇ. قاچىدىن ھورمۇ كۆتۈرۈلمەپتۇ، چاي بولسا قاچىدا لەيلەپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت چۈشەنمىگەن ھالدا:

— ئىللىمان سۇدا قانداقمۇ چاي دەملىگىلى بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

راھىب كالام گەپ قىلماي كۈلۈپلا قويۇپتۇ. يىگىت چايدىن بىر ئوتلاپتۇ ۋە:

— چاينىڭ تەمى ئازراقمۇ چىقماپتۇ، — دەپتۇ. راھىب كالام:

— بۇ دېگەن داڭلىق تېگۇەنيىن چېيى جۇمۇ، — دەپتۇ.

يىگىت چايدىن يەنە بىر يۇتۇم ئوتلاپتۇ ۋە كەسكىنلىك بىلەن:

— راستىنلا ئازراقمۇ چاي تەمى يوق، — دەپتۇ. راھىب كالام كىچىك

www.uyghurkitap.com

راھىبقا:

— سەن بىرىپ بىر چەينەك قايناق سۇ قايىنتىپ كەل، — دەپتۇ.

كىچىك راھىب پورۇقشىپ قايناپ تۇرغان بىر چەينەك قايناق سۇ كەلتۈرۈپتۇ. راھىب كالام قاچىغا چاي سېلىپ ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، قاچىنى شىرەگە قويۇپتۇ. ھېلىقى يىگىت قاچىدىكى چاينىڭ قاچا ئاستىغا چۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، شۇ ھامان چاينىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئېغىزغا سىرىق سۇ كەلتۈرۈپتۇ.

يىگىت چاينى ئىچمەكچى بولۇپتۇ، لېكىن راھىب كالام ئۇنى توسۇپ قويۇپتۇ ۋە قاچىغا يەنە قايناق سۇ قويۇپتۇ، شۇ ھامان چاينىڭ خۇش ھىدى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ راھىب كالام قاچىغا بەش قېتىم قايناق سۇ قۇيۇپتۇ، قاچا توشۇپتۇ، كۆپكۆك چاينىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلاپتۇ.

— ساخاۋەتچىم، بىلەمسىزكىن، چاي ئوخشاش، لېكىن نېمىشقا ئۇنىڭ تەمى ئوخشاش بولمايدۇ؟ — سوراپتۇ راھىب كالام يىگىتتىن.

يىگىت سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— چاينىڭ بىرى ئىللىمان سۇغا، يەنە بىرى پورۇقشىپ قايناۋاتقان قايناق سۇغا دەملەنگەن تۇرسا، ئەلۋەتتە تەمى ئوخشاش بولمايدۇ - دە، — دەپتۇ.

راھىب كالام بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە:

— ئىشلىتىلگەن سۇ ئوخشاش بولمىسا، چاينىڭ چۆكۈش - لەيلەش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، چاي ئىللىمان سۇغا دەملەنسە، چاي سۇ ئۈستىگە لەيلەۋېلىپ تەمى چىقمايدۇ؛ ئەگەر چاي قايناق سۇغا دەملىنىپ، ئۈستىگە بىرنەچچە قېتىم قايناق سۇ جىقلانسا چاي بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ئىچىشلىك چاي دەملىنىپ چىقىدۇ. ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتمۇ چاي دەملىگەن بىلەن ئوخشاش قائىدىگە ئىگە، دېمەكچىمەنكى، چاي دەملىنىدىغان سۇنىڭ گىرادۇسى ۋايىغا يەتمىسە ئۇنىڭدىن تەملىك چاي دەملىگىلى بولمايدۇ. ئەگەر سىنىڭمۇ ئىقتىدارىڭ يېتەرلىك بولمىسا ئىشىڭدىن ئۇنۇم ھاسىل قىلىشىڭ ۋە ئىشلىرىڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى يوق گەپ، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىمەن، دەيدىكەنسەن، چوقۇم ئىچكى ماھارەتنى جاپالىق مەشق قىلىپ، ئىقتىدارىڭنى ئۆستۈرۈشۈڭ كېرەك.

يىگىتنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ ۋە قايتىپ بېرىپ قاتتىق ئۆگىنىپ-تۇ، بىلىمگەنلىرىنى باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سوراپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇزاق-قا قالماي شىركىتىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىگە ئىشىنىش ئۆز ئىقتىدارىنى تېگىشلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئىقتىدار ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. سىز تۇرمۇشتا بىرنەچچە قېتىم بۇر-نىڭىزغا يەپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغىنىڭىزدا ئۆزىڭىز ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىقتى-دارىڭىزنى جايىدا جارى قىلدۇرغان ـ قىلدۇرمىغانلىقىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، ناۋادا ئىقتىدارىڭىز-نى يەنىمۇ ئۈستۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنى تىرىشىپ تاكامۇللاشتۇرۇڭ، ئىشە-نىمىزكى، ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىڭىزگە ھەقىقىي ئىشەنچ تۇرغۇزالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىمى

# ئۆزىڭىزنى مەرۋايىتقا ئايلاندۇرۇڭ

ئىشەنچ بىلەن ئىقتىدار دائىم بەك ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

—— جونسون

ئۆزىنى ئاجايىپ قالتىس چاغلايدىغان بىر قىز بولۇپ، قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، —— دەپ قارايدىكەن. لېكىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت ئىزدەش جەريانىدا بىرنەچچە قېتىم بۇرنىغا يەپ، پەقەت كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالماپتۇ. ئۇ، تالانتىمنى جارى قىلدۇرىدىغان يەر تاپالمايدىغان ئوخشايمەن، —— دەپ ئويلاپ جەمئىيەتتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

ئۇ ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇ.

ئۇ دېڭىزغا سەكرەي، دەپ تۇرۇشىغا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر موماي كۆرۈپ قېلىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ. موماي ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى سوراپتۇ. قىزچاق مومايغا ئۇنى ھېچكىمنىڭ، ھەتتا جەمئىيەتنىڭمۇ ئېتىراپ قىلمىغانلىقى، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغانلارنىڭ چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

موماي بىر تال قۇم دانچىسىنى ئېلىپ قىزغا كۆرسىتىپتۇ، ئاندىن ئۇ قۇمنى يەرگە تاشلىۋېتىپ:

—— بايا مەن يەرگە تاشلىۋەتكەن قۇمنى تېپىڭ، —— دەپتۇ.

—— بۇ مۇمكىن ئەمەس، —— دەپتۇ قىز.

موماي گەپ قىلماي يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرغان بىر تال مەرۋايىتنى ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ، ئاندىن قىزغا:

—— سىز مەن تاشلىۋەتكەن مەرۋايىتنى تاپالامسىز؟ —— دەپتۇ.

— بۇ ئاسانغۇ، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداقتا سىز بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەمسىز؟ شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز ھازىر تېخى مەرۋايىت ئەمەس، شۇڭا سىز باشقىلاردىن سىزنى دەرھال ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلالمايسىز، باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر تال قۇم دانىچىسىدىن مەرۋايىتقا ئايلىنىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ موماي.

**مۇلاھىزە:**

ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەت تاپالماسلىق — ياشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان مەسىلە. نۇرغۇن ئادەم مۇشۇ سەۋەبلىك ھەممىدىن بىزار بولۇپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. سىز مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققىنىڭىزدا بايىقى ھېكايىدىكى مومايىنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ بېقىڭ. تىرىشىپ ساپايىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، قۇم دانىچىسىدىن مەرۋايىتقا ئايلانغىنىڭىزدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم بولىسىز، شۇندىلا ھەممىنىڭ نەزىرى سىزگە چۈشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئىشتاننىسى

# ھىدروگېنلىق شارنى ئۇچۇرۇڭ

ئۆز تەقدىرىدىن ھالقىيالايدىغان ئادەمنىڭ ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا كۈزى يېتىدۇ.

— ھېرون كېرول

داڭلىق پىسخولوگ كېئانا دوكتور دائىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر تەسىرلىك ئىشنى سۆزلەپ بېرەتتى:

بىركۈنى، بىرقانچە ئاق تەنلىك بالا باغچىدا ئويناۋاتاتتى. بۇ چاغدا ھىدروگېنلىق شار ساتىدىغان بىر بوۋاي ھارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە باغچىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئاق تەنلىك بالىلارنىڭ ھەربىرى بىردىن شار سېتىۋېلىپ، بۇ رەڭگارەڭ شارلارنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىپ قىن ـ قىنىغا پاتماي ئويناشقا باشلايدۇ. باغچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقان بىر قارا تەنلىك بالا ئۇلارغا ئىنتايىن ھەۋەس قىلىدۇ، لېكىن ئۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئويناشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن كەمسىتەتتى. ئاق تەنلىك بالىلار كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى قارا تەنلىك بالا قورۇنغان ھالدا بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا:

— ماڭىمۇ شاردىن بىر تال سېتىپ بېرەرسىزمۇ؟ — دەپ سورايدۇ، — ئەلۋەتتە بولىدۇ، سەن قايسى رەڭدىكىسىنى ياخشى كۆرىسەن؟ — دەيدۇ بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ. بالا غەيرەتكە كېلىپ:

— مەن قارا رەڭلىكىنى ئالاي، — دەيدۇ. چىرايىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان بوۋاي قارا تەنلىك بالىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارا رەڭلىك شاردىن بىرنى بېرىدۇ.

قارا تەنلىك بالا شارنى ئېلىپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ ۋە شارنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىدۇ. قارا رەڭلىك شار ئىزغىرىن شامالدا ئاستا ـ ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈ-

لۇپ، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى شەكىل-لەندۈرىدۇ.

بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە شارغا قارىغاچ قارا تەنلىك بالىنىڭ بېشى-نى سىيلاپ تۇرۇپ:

— شۇ ئېسىڭدە بولسۇن، شارنىڭ ئىچىگە توشقىچە ھىدروگېن قاچىلانغان بول-غاچقا ئۇ ھاۋادا ئۇچالايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇشىنىڭ شارنىڭ رەڭگى، شەكلى قاتارلىقلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، بىز ئادەملەرمۇ مۇشۇ ھىدروگېن قاچىلانغان شارغا ئوخشايمىز، پەقەت كۆڭلىمىزگە پۈككەن غايە ۋە بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بولسىلا مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز، — دەيدۇ.

ھېلىقى قارا تەنلىك بالا دەل دوكتۇر كېئانا ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

ئىشەنچ ئادەمگە غەيرەت ئاتا قىلىدۇ، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە قورقۇش تۇيغۇسىنى يوقى-تىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى ئۇنىڭ ئىرقى ياكى كېلىپ چىقىشى بەلگىلىمەيدۇ، ئۇ شۇ ئادەمدە ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ بار - يوقلىقىغا باغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

# بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان ئىكەنسىز، چوقۇم قالغانلىرىنىمۇ ياخشى قىلالايسىز

ئادەمدە باشقىلار ياخشى قىلالىغان ئىشنى ھەممىنى ياخشى قىلالايمەن، دەيدىغان ئىشەنچ بولۇش كېرەك.

— لىنكولىن

جۇ مىڭ مىكروسوفت شىركىتى ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇدىر تەتقىقاتچىسى بولۇپ، كومپيۇتېر تەبىئىي تىل ساھەسىدىكىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، نۇرغۇن دېتال كەشىپ قىلغان ھەمدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدا كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئۇ ئون ياش ۋاقتىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغان. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن تۆۋەن كۆرىدىغان بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ يوقسۇزلىقى ئۇنى ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرىدىغان قىلىپ قويغانىدى.

مەكتەپتە ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ ماڭمايتتى، كەپسىز باللار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، بىچارە جۇ مىڭدا ئۆزىنى ئورغانلارغا قول ياندۇرغۇدەك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى. دائىم باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان جۇ مىڭ كۆڭلىدە: «مەن قاچانمۇ باشقىلاردىن كۈچلۈك بولارمەن؟» دەپ ئويلايتتى.

بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى بىر كونسېرۋا زاۋۇتىغا يىغمۇپلىنغان قۇرۇق كونسېرۋا قۇتىلىرىنى يۆيۈپ تازىلاشقا ئاپىرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى باللارنى مۇسابىقىگە سالىدۇ.

جۇ مىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھاياجانلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بىرىنچى بولۇپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم چوقۇم بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلىدۇ.

ئۇ بىرىنەچچە قۇتىنى يۇيۇش جەريانىدا قۇتا يۇيۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالىدۇ، ئۇ پۈتۈن كۈن، تاكى قوللىرى سۇنىڭ دەستىدىن قورۇلۇپ كەتكىچە توختىماي قۇتا يۇيىدۇ. ئاخىرى مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ، ئۇ جەمئىي 108 قۇتا يۇيغان بولۇپ، ھەممىدىن كۆپ يۇيغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولىدۇ، شۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

شۇ كۈندىن كېيىن جۇ مىڭنىڭ تۇرمۇشى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرىدۇ. تۇنجى قېتىم بىرىنچىلىكنىڭ تەمىنى تېتىغان جۇ مىڭ مەيلى قانداق ئىشنى قىلىشتىن قەتئىينەزەر، جان كۆيدۈرۈپ قىلسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنىڭ يوقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزى قىلىشنى خالىغانلىكى ئىشنى جان تىكىپ ياخشى قىلىدۇ. ئۇ چوقۇم بوشاشماي تىرىشقاندىلا ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە چوقۇم ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

جۇ مىڭنىڭ ھېكايىسى بىزگە بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان ئادەمنىڭ قالغان ئىشلارنىمۇ چوقۇم ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى كىچىك ئىشمۇ بىزنىڭ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# تاشمۇ گۆھەرگە ئايلىنالايدۇ

ئۆزىڭىزنى چۈشىنىپ، ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىزلا دۇنيانى چۈشىنەلەيسىز ۋە دۇنياغا ئىگە بولالايسىز.

ــ دۇگارد

دارىلئىتامدا چوڭ بولغان بىر بالا دائىم ئۆزىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇ روھى چۈشكۈن ھالدا دارىلئىتامنىڭ باشلىقىغا:

ــ ماڭا ئوخشاش تاشلىۋېتىلگەن بالىنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ــ دېدى. دارىلئىتامنىڭ باشلىقى:

ــ بالام، ھەرگىز مەيۈسلەنمە، كىم سېنى ئىگە ـ چاقىسىز دېدۇ؟ ــ دەپ تەسەللى بېرىدۇ.

بىركۈنى دارىلئىتامنىڭ باشلىقى بۇ بالىغا بىر تال تاشنى بېرىپ:

ــ سەن ئەتە ئەتىگەندە بۇ تاشنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئاپار، لېكىن سېتىۋەتمە. شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، باشقىلار قانچىلىك باھا قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ ساتما، ــ دېدى.

بۇ بالا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي تاشنى ئېلىپ قالىدۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ تاشنى بازارغا ئاپىرىدۇ ۋە دەككە ـ دۈككىدە بازارنىڭ بىر بۇرجىكىدە «تاش ساتىمەن» دەپ توۋلايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن خېلى كۆپ ئادەم ئۇنىڭ تېشىنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ، ئۇلار قويغان باھا بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى ئىدى. بالا دارىلئىتامنىڭ باشلىقىنىڭ دېگىنى بويىچە تاشنى ھېچكىمگە ساتمايدۇ. ئۇ دارىلئىتامغا قايتىپ كېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا ئىشنىڭ جەريانىنى دارىلئىتامنىڭ باشلىقىغا دوكلات قىلىدۇ، باشلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنى تاشنى ئەتىسى ئالتۇن بازى-

رىغا ئاپىرىشنى ئېيتىدۇ. ئالتۇن بازىرىدا كىشىلەر بۇ تاشقا تونۇگونكى باھانىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك يۇقىرى باھا قويىدۇ، لېكىن ئۇ بالا تاشنى پەقەتلا ساتمايدۇ.

دارىلئېتامنىڭ باشلىقى بالىنى يەنە ئۇ تاشنى ياقۇت بازىرىغا ئاپىرىشنى ئېيتىدۇ. نەتىجىدە تاشنىڭ باھاسى ئالتۇن بازىرىدىكى باھادىن يەنە ئون ھەسسە ئۆرلەيدۇ، لېكىن باھا قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر بالا تاشنى زادىلا ساتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ تاشنى «دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان گۆھەر» دېيىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆرۈشكە كېلىشىدۇ.

بالا خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي تاشنى ئېلىپ، دارىلئېتامغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ ئىشنىڭ جەريانىنى دارىلئېتامنىڭ باشلىقىغا قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ. دارىلئېتامنىڭ باشلىقى مېھرىبانلىق بىلەن بالىغا:

ــ ھاياتنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشىمىغان قىممىتى بولىدۇ، ھېچقانداق قىممىتى يوق بۇ تاش سېنىڭ سېتىشقا ئۇنىمىغانلىقىڭ سەۋەبلىك قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان گۆھەر، ــ دەپ تەرىپلەندى. سەنمۇ مۇشۇ تاشقا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ئىززىتىنى قىلساڭ ۋە قەدىرلىسەڭلا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ، ــ دەيدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىسە ۋە ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى قىلسىلا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتى ھېكايىدىكى تاشقا ئوخشاش. ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز قەدىرلىگەندىلا ئاندىن باشقىلار سىزنى قەدىرلەيدىغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# سىزنىڭ ئورنىڭىزنى ھېچكىم باسالمايدۇ

ئۆزىڭىزنىڭ ئالەمدە بىرلا ئىكەنلىكىڭىزنى، ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىپ، تەبىئىي تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇڭ.

— كارنېگى

ئالياڭ يېڭى زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولۇپ، مۇقىم خىزمەتكە ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىم يوق، — دەپ قاراپ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلايتتى. ئۇ دائىم تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىگە باشقىلارغا ئوخشاش تۇغما تالانت ئاتا قىلمىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن دائىم بارىدىغان قاۋاقخانىغا باردى. قولىغا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دانە رومكا ئېلىۋالغان بىرەيلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىككى رومكىغا ھاراق قۇيۇپ ئالياڭدىن:

— قولۇمدىكى بۇ ئىككى رومكىنىڭ پەرقىنى دەپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

— بىرى چوڭ، بىرى كىچىك ئىكەن شۇ، — دەپ ئاددىيلا جاۋاب بېرىدۇ ئالياڭ رومكىغا قاراپ قويۇپ.

— لېكىن، مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ ئىككى رومكىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ھاراق ئىچىشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ ئادەم ئالياڭغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— مېنىڭ سىنى كۆزىتىشۈاتقىنىمغا خېلى بولدى، راست گەپنى قىلسام سېنىڭ نېمىدىن شۇنداق ئاغرىنىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن، ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەر خۇددى قولۇمدىكى مۇشۇ رومكىلارغا ئوخشاش بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بۇ رومكىلار ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە زۆرۈرلىكىنىڭ پەقەت ھاراق

قويۇلغاندىلا ئاندىن ئىپادىلىنىدىغانلىقىدەك تەقدىرىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئادەملەرمۇ ھېلىمەم شۇنداق، تەڭرى بىزگە قانداق ئەقىل ۋە بايلىق ئاتا قىلمىسۇن، ئۆزىمىز تىرىشقاندىلا ئاندىن كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلالايمىز.

ئالياڭ گاڭگىرىغىنىچە يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمگە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى.

— ئەمەلىيەتتە سېنىڭ رەنجىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، تەڭرى ھەممە بەندىسىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ، ئەجەبا سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ دۇنيادا قانچىلىك مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلالمىدىڭمۇ؟ ئالايلۇق: سەن دېگەن بالاڭنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر دادىسى، سەن ئۇنىڭغا ھاياتلىق، ھەتتا ھەممىنى ئاتا قىلدىڭ. بىر ئەر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئائىلىدە قانداق رول ئوينايدىغانلىقىڭنى ئويدان بىلمىدىغانسەن؟ ئەگەر سەن يوق بولساڭ، خوتۇنىڭنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەتمىكى بەك تەسكە توختايدۇ. ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئاناڭغا كەلسەك، سەن ئۇلارنىڭ بارلىقى ھەم ئۇمىدىغۇ! سېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولالمايدۇ. سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانساڭ ئۇلار سەندىن پەخىرلىنىدۇ، ناۋادا مەغلۇپ بولساڭ ئۇلار ساڭا ئوخشاشلا قايغۇرىدۇ...، قارا، سېنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنۇڭنى باشقىلار مەڭگۈ ئالالمايدۇ، شۇنداققۇ؟ مەن سېنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئاغرىنىپ يۈرۈيدىغانلىقىڭنى پەقەتلا بىلەلمىدىم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالياڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ ۋە خۇددى نىجاتكارغا ئېرىشكەندەك ھېسسىياتتا قاۋاقخانىدىن چىقىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھېچنېمىدىن ئاغرىنمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەم ئالەمدە بىر، ھەركىمنىڭ باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان قىممىتى بولىدۇ. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزىنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقى يوقلۇقىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق تونۇپ، مەنىلىك ياشىشى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىشقىڭىزنىڭ ھەممىسىلا خاتا ئەمەس

ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ھەممىنى يوقاتقاندىمۇ كەلگۈسىڭىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا.

— ئوسكار ۋىلدې

فىرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ئاتا دىيۇما نام چىقىرىشتىن بۇرۇن تۇرمۇشتىن رايى قايتقان، ھېچ ئىش قىلمايدىغان ياش ئىدى. بىر قېتىم ئۇ دادىسىنىڭ پارىژدىكى دوستىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خىزمەت تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.

دادىسىنىڭ دوستى ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىنى سورايدۇ.

— تىلغا ئالغۇدەك ئىقتىدارىم يوق، تاغا.

— ماتېماتىكىنى بىلەمسەن؟

— ياق.

— فىزىكا ياكى تارىختىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئۇنىمۇ بىلمەيمەن تاغا.

— بوغالتىرلىقنىچۇ؟ قانۇنىدىنغۇ خەۋىرىڭ باردۇ؟

ئاتا دىيۇما نومۇس قىلغىنىدىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە:

— مەن تولىمۇ خىجىلمەن، ئەمدى مەن ئۆزۈمدىكى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى كۆچۈمنىڭ بارىچە تىرىشىپ تولۇقلايمەن، — دەيدۇ ۋە دادىسىنىڭ دوستىغا ئادرېسىنى يېزىپ بېرىپ قايتماقچى بولىدۇ. دادىسىنىڭ دوستى:

— مانا ئۆزۈڭگە يارىشا ئارتۇقچىلىقىڭ بار ئىكەنغۇ! قارا ئىسمىڭنى شۇنداق چىرايلىق يازىدىكەنسەن، — دەيدۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

قاراڭ، ئاتا دىيۇما نام چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دەپ قاراپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە، دادىسىنىڭ دوستى ئۇنىڭ ئىسمىنى

چىرايلىق يازىدىغانلىقىدەك قارىماققا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق ھېسابلانمايدىغان ئارتۇقچىلىقنى بايقىغان.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغانلار ھەمىشە ئەللىقنىڭ ئۆلچىمىنى بەك يۇقىرى بېكىتىۋېلىپ، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەممىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئۆزگىچە تالانتى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىممىتىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇستۇنلۇكىڭىزنى جايىدا جارى قىلدۇرالىسىڭىزلا ئۆزىڭىزگە ئىشىنىش جەريانىدا ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق جارى قىلدۇرالايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئامبىرى

# ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇڭ

گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىسا ئىتە دەپ ئۇنى

— فرانكلىن

لى ياڭ تونۇلغان ئاۋاز ئارتىسى. تاماشىبىنلار ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان كارتون فىلىم «چاشقان بىلەن ئۆردەك» فىلىمىدىكى ئۆردەكنىڭ ئاۋازىنى شۇ ئادەم بەرگەن. لى ياڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربىيلىككە قاتنىشىپ سايپىور بولغان. توپا كولاش، ئاكوپ قېزىش، لاي توشۇش، ئۆي سېلىش ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ئىدى. شۇنىسى لى ياڭغا ئېنىق ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت بولمايۋاتاتتى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزى ئىنچىل ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا لى ياڭ ھازىر قىلىۋاتقان خىزمەت بىلەن ئۇ قىزىقىدىغان سەنئەت كەسپى بىر - بىرىگە ئازراقمۇ يېقىن كەلمەيتتى. لېكىن لى ياڭ ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتە تالانتى بارلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇڭا تالانتىنى قېزىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ژۇرناللارنى ئەستايىدىل ئوقۇيدۇ، نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ سېنارىيەسىنى كۆرىدۇ ھەمدە بەزى ئىجادىيەتلەرنىمۇ قىلىپ باقىدۇ. لى ياڭ قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئىشچى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي تىرىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، لى ياڭ بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىگە ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى نامايان قىلىش پۇرسىتىمۇ كۆپىيىدۇ. دوستلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇ

قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە خېلى كۆپ چەت ئەل فىلىملىرىنى تەرجىمە قىلىش ـ ئاۋازغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. ئىشتىن سىرتقى بۇ ھەۋەسكار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرغا باي يېقىملىق ئاۋازىغا تايىنىپ «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئاۋازىنى بېرىدۇ. 1986 ـ يىلى ئۇ كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدۇ. دۇنياغا كەڭ تارالغان «چاشقان بىلەن ئۆردەك» فىلىمىنىڭ خەنزۇچە نەشرىگە ئاۋاز ئارتىسى تاللىغاندا ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە لى ياڭ دىسنېي شىركىتى تەرىپىدىن تاللىنىپ، ئوماق ھەم يۇمۇرىستىك ئۆردەكنىڭ ئاۋازىنى بېرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ داڭلىق شەخس بولۇپ قالىدۇ. «مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدىكى سەۋەب ئۆزۈمدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى توختىماي جارى قىلدۇرۇپ تۇرغانلىقىمدا» دەيدۇ لى ياڭ.

**مۇلاھىزە:**

خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشىدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تاپالمىغانلىقىدا ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق نامايان قىلالمىغانلىقىدا. ھەرقانداق ئادەمدە ئۆزىگە خاس تالانت بولىدۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تېپىپ، تالانتىڭىزنى جايىدا جارى قىلدۇرالىسىڭىزلا ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئامېرىكىدىكى بوي ئېگىزلىكى 1.60 مېترلىق ۋاسكېتبول چولپىنى

ئىشەنچىنىڭ پىتەرلىك بولماسلىقى ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن ئەمەس، ئەكسىچە، قىيىنچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئىشەنچىنىڭ پىتەرلىك بولمىغانلىقىدۇر.

—— سېنېكا

ئامېرىكا NBA بىرلەشمە مۇسابىقىسىدا شارلوت سېرىق ھەرىسى دەيدىغان بىر كوماندا بولۇپ، بۇ كوماندىدا بويى 1.60 مېتىر كېلىدىغان توپچى بار. ئۇ دەل ئامېرىكا NBA بىرلەشمە مۇسابىقىسىدىكى بويى ئەڭ پاكار ۋاسكېتبول چولپىنى دون بوگېس. بوگېس بويى شۇنچە پاكار تۇرۇپ ئۇزۇنتۇرالار يىغىلغان ۋاسكېتبول مەيدانىدا قانداق قىلىپ چولپان بولالىغان؟ بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ دەل بوگېسنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدە.

بوگېس كىچىكىدىنلا ۋاسكېتبولغا ئاجايىپ ھېرىسمەن ئىدى، لېكىن بويى پاكار بولغاچقا ھەمراھلىرى ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. بىركۈنى ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا ئاپىسىدىن:

— ئاپا، بويۇم يەنە ئۆسەرمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. ئاپىسى ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— بالام، بويۇڭ ئۆسىدۇ، سەن ئۆسۈپ ئاجايىپ ئېگىز بولۇپ كېتىسەن، يەنە تېخى تونۇلغان داڭلىق توپ چولپىنى بولىسەن، — دەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭدا ئۈمىد تۇغۇلۇپ، بويىنىڭ ئۆسۈشىنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ.

«ئىشتىن سىرتقى توپ چولپىنى»لىق ھاياتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان بوگېس ئېغىر سىناققا دۇچ كەلگەن ئىدى — ئۇ 1.60 مېترلىق بويى بىلەن

كەسپىي ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا ئۆز ماھارىتىنى جارى قىلدۇرالارمۇ؟

بوگېس ئۆزىنىڭ ئاشۇ 1.60 مېتىرلىق بويىغا تايىنىپ ماھىرلار توپلانغان NBA مەيدانىدا ئۆزىگە تەۋە ماكان ھازىرلاش نىيىتىگە كېلىدۇ. «باشقىلارنىڭ مېنى پاكار دېيىشى ماڭا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلدى، مەن پاكارلارنىڭمۇ قولىدىن چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمەن» دەيدۇ بوگېس ۋېك لايىست ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ۋاشىنگتون كوماندىسى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدا بوگېس «دومىلاۋاتقان يولۋاس» تەك چاقماقتەك ھەرىكىتى ئارقىلىق تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردۇ.

كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىپادىسى ئارقىلىق كۈچلۈك كوماندا شارلوت سېرىق ھەرىسى كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ماھارەت ئانالىز جەدۋىلىگە مۇنداق يېزىلغانىدى. ئاتقان توپىنىڭ گارغا چۈشۈش نىسبىتى 50%، جازا توپىنىڭ گارغا چۈشۈش نىسبىتى 90%.

بىر ژۇرنال مەخسۇس ماقالە يېزىپ، ئۇنى «تېخنىكىسى يۇقىرى، پاكار ئادەملەرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تۆۋەن بولۇش ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، رىقابەتچىلىرىنى ئەندىشىگە سالىدىغان پاس توسۇش ماھىرى بولۇپ قالدى» دەپ تەرىپلەيدۇ. كىمنىڭ دېگەنلىكى نامەلۇم، بىرەيلەن «شارلوت كوماندىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى بوگېسنىڭ بويىنىڭ پاكار بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك» ـــ دەيدۇ. نۇرغۇن ئادەم بۇ گەپنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئېلان سودىگەرلىرىمۇ بوگېسنىڭ كۆلۈپ تۇرغان رەسىمىنى «پەتەك توپ چولپىنى» نامىدا ئېلان قىلىدۇ.

بوگېس داڭلىق توپ چولپىنى بولغاندىن كېيىنمۇ ئاپىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رىغبەتلەندۈرۈشىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ، گەرچە ئۇنىڭ بويى ئاپىسى دېگەندەك ئېگىز ئۆسمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسى دېگەندەك تونۇلغان داڭلىق توپ چولپىنى بولغانلىقى ئارقىلىق ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

مۇلاھىزە:

بويى ئېگىزلىكى 1.60 مېتىر كېلىدىغان بوگېس ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان توپ ماھارىتىگە تايىنىپ NBA چولپىنى بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ــ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىدە، شۇنداقلا مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ «بويى ئېگىزلىكى جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇك» ىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شارلوت كوماندىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى پاس توسقۇچى ماھىرى بولۇپ قالغانلىقىدا. بوگېسنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە كەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە تولۇق ئىشەنسىلا چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.



# بىر خىل ئۆزىنى ـ ئۆزى كەمسىتىش بار، ئۇ دەل ئۆزىگە ئىشىنىش

مېنىڭ كۆچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ مەنبەسى ــ كەلگۈسىگە بولغان يوشۇرۇن ھالەتتىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ئىشەنچ. بۇ ئادەتتىكى ئىشەنچ بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئىشەنچ.

ــ دۇگارد

چياڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سىنىپ بويىچە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان قورقۇنچاق ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ساۋاقداشلار ئون يىلدىن كېيىن ئۇچرىشىدىغان بولۇپ خوشلاشتى، ساۋاقداشلارنىڭ كۆپىنچىسى چياڭدا شۇ چاغدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، يەنىلا شۇنداق ئاددىي ئادەم پېتى، ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ، مىسكىن ھالەتتە ئۆتىدۇ، ــ دەپ پەرەز قىلىشاتتى.

ئون يىل ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى، ساۋاقداشلار تولۇق جەم بولدى. ئەينى ۋاقىتتا جاسارەتلىك ۋە تاغ ـ دەريانى تالقان قىلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنگەنلەر ئەمدىلىكتە مۆرىمەسلەردىن بولۇپ قالغانىدى، ئىقتىدارلىقلىرىمۇ ئالدىراشچىلىق ۋە چاكىنا تۇرمۇشنىڭ تەسىرىدە جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ھەممە ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەتچى دەپ قارىغان چياڭ بولسا ئەينى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن ئاددىي، ياۋاش، جىمغۇر ئىدى.

سورۇن ئەۋجىگە چىققاندا ھەممەيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسى غايىسى ۋە ھازىرقى تۇرمۇشىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى قاتارلىقلارنى سۆزلىدى. كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالى ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىكى غايىسىدىن كۆپ يىراق بولۇپ، تۇرمۇشىدىن رازى بولىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

چياڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزىنى باشلىدى:

— مېنىڭ ھازىر بىرقانچە شىركىتىم، يۈز مىليوندىن ئارتۇق مۈلۈكۈم بار، بۇ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپتىن ئايرىلغان چاغدىكى غايەمدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. ئەگەر مەندىن ئەپسۇسلىنىدىغىنىڭ بارمۇ، — دەپ سورىساڭلار، شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم مەن ھەۋەس قىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن كۆپ ئارقىدا. شۇنداق، مەيلى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بولسۇن ۋە مەيلى جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن بولسۇن، ئۆزۈمنى ئىزچىل تۆۋەن چاغلاپ كەلدىم، ھەممىلا ئادەمنى ئارتۇقچىلىقى بار، مەندىن كۆپ ياخشى، — دەپ قارىدىم. شۇنداق بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشكە، ئۆزۈمنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشتىم. لېكىن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي باشقىلارغا پەقەتلا يېتەلمىدىم، شۇڭا ئۆزۈمنى ئىزچىل كەمسىتىپ كەلدىم. ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرگەچكە ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىمنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، قولۇمدىكى ھەرقانداق ئىشنى تىرىشىپ ياخشى قىلدىم، مەن ئۇلۇغۋار نىشانىمنىڭ ھەممىسىنى باشقىلاردىن ئۆگىنىپ، ئاستا ـ ئاستا ئالغا بېسىشنىڭ تۈرتكىسى قىلدىم، ئازراق بىر نەرسىنى ئۆگىنىۋالغان ھامان ئۇنى ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرۈشنى ئازراق بولسىمۇ تۈگىتىشنىڭ باھانىسى قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرىدىغان يەنە بىر سەۋەبنى بايقاپ تۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەمسىتىپ تۇردۇم، ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرگەنسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئۈزۈكسىز ئېرىشىپ تۇردۇم.

ھەممە خېلى ئۇزاقىچە سۈكۈتكە چۆمدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە تەمەننا قويغان، ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئەمما ھازىر ئادەتتىكىچە ئۆتۈۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن بولغانلىقىنى بىردىنلا چۈشەنگەندەك بولدى. ئادەم ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتسە، كۆزىگە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى كۆرۈنمەي قالىدۇ، باشقىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن سوراپ ئۆگىنىشنى خالىماس بولۇپ قالىدۇ؛ ئادەم ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتسە، نىشانىنى زىيادە يۇقىرى بېكىتىۋالىدۇ ـ دە، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق

ئىشلەشنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدۇ. بۇنداق ئۆزگە بولغان زىيادە ئىشنىڭ ئادەمنى مەنمەنچى قىلىپ قويىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى توساققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

پىسخولوگ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەرقانداق ئادەمدە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ھېسسىياتى بولىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشنى مەلۇم دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش سەزگۈزەشتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چىياڭنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشنى كەمتەرلىككە، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرالىسىلا، ئۇ ھالدا بۇ خىلدىكى ئۆزىنى كەمسىتىش ئىشەنچكە ئايلانماي قالمايدۇ.

# ياق، چوقۇم نوتا خاتا

ئۆزىدە ئىشەنچ يوق ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرلا باشقىلارنى چىن يۈرىكىدىن قايىل قىلالايدۇ.

— ئامورد

سېيجى ئوزاۋا دۇنياغا داڭلىق سىمفونىيە دىرىژورى.

بىر قېتىملىق خەلقئارا داڭلىق دىرىژورلار مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدا، ئۇ باھالىغۇچىلار بەرگەن نوتا بويىچە دىرىژورلۇق قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئورۇندىلىۋاتقان شۇنداق كۈچلۈك مۇزىكا ساداسى ئىچىدىن بىر ياۋا ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدۇ. دەسلەپىدە ئۇ مۇزىكانتلار ئورۇنداش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ مۇزىكانتلارنى باشتىن ئورۇنداشقا بۇيرۇيدۇ، لېكىن ھېلىقى ياۋا ئاۋاز يەنىلا تەكرارلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ياۋا ئاۋاز بەك بوش بولۇپ، ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا بىلگىلى بولمايتتى.

سېيجى ئوزاۋا مۇزىكانتلارنى توختاشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ مەسىلە بەلكىم نوتىدا بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، گۇمانىنى باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەرگە ئېيتىدۇ. شۇنداق مۇھىم مۇسابىقىدا باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسلەر تەمىنلىگەن نوتىدىن گۇمانلىنىش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

مۇتەخەسسىسلەر نوتىنى توغرا دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇزىكانتلارغا يەنە بىر قېتىم دىرىژورلۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى نورمال بولۇپ، يەنىلا شۇ ياۋا ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇرغۇن مۇزىكا پېشۋالىرى ۋە نوپۇزلۇق ئەربابلار ئالدىدا ئۇ كەسكىنلىك بىلەن:

— شۇنداق، نوتىدا خاتالىق بار ئىكەن، — دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا باھالىغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلدىراس ئالقىش ياڭرىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ دۇنيا

دېرىژورلار مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ.

ئەسلىدە بۇ، باھالىغۇچىلار پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرغان ئىش بولۇپ، ئۇلار دېرىژورلارنىڭ مۇزىكا تالانتىنى سىناش مەقسىتىدە نوتىغا خاتالىق كىرگۈزگەنىكەن. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن سېيجى ئوزاۋا نوپۇزلۇقلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنماي، مۇزىكىغا چەكسىز سەمىمىي سادىق ئۆتكەن ئىدى.

سېيجى ئوزاۋانىڭ بۇ ھېكايىسى بىزگە ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىپ، نوپۇزلۇقلارغا جەڭ ئېلان قىلالىغاندىلا زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرالايدۇ، ئالدىدا تۇرغىنى ھەرقانچە نوپۇزلۇق ئادەم بولسىمۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# باشقىلارنىڭ ئەخمەق دېيىشىدىن قورقماڭ

كەشپىياتچىلاردا چەكسىز ئىشەنچىلىك ئىشىنى بولغاچقىلا بۇ سىرلىق ئالەمدە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

— بالزاك

خارد كەشپىياتچى بولۇپ، دوستلىرى بىلەن خىزمەتداشلىرى ئۇنى بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىدىغان «ئەخمەق» دېيىشەتتى. ئۇ كىنونىڭ ئىجاد قىلىنىش پىرىنسىپلىرىنى بايقىغاندىن كېيىن، كىنو لېنتىسىنىڭ ئايلانمىسىدىن ئىلھام ئېلىپ، لېنتىدىكى سۈرەتلەر ئالدىغا ئازراقلا يۆتكەپ قويۇلسا ئوقۇتقۇچى سۈرەتتىكى مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا يېتەرلىك ۋاقىتتا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىنى ساۋاقداشلىرى مازاق قىلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالمايدۇ. ئۇ قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى سۈرەت بىلەن ئاۋازنى تەڭ ئېلىپ بېرىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، «كۆرۈش ـ ئاڭلاش مەشقى» نى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە سۇ ئۈزۈش تەنھەرىكەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى قېتىم ئامېرىكا ئولىمپىك سۇ ئۈزۈش ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىدۇ، ئۇدا ئۈچ نۆۋەت «مىسسىسسىپپى دەرياسىدىكى ئون ئېنگلىز چىسلىق مارافونچە سۇ ئۈزۈش» مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولىدۇ. خارد ھەر قېتىم سۇ ئۈزگەندە باشقىلارنىڭ سۇ ئۈزۈش ھالىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، سۇ ئۈزۈش ھالىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى تېرىنېرغا دېگەندە تېرىنېر ئۇنىڭ خىيالىنى ئەخمىقانە خىيال، دەپ رەت قىلىۋېتىدۇ. باشقا بىر سۇ ئۈزۈش چېمپىيونىمۇ

ئۇنىڭغا ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنى قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ.

خارد ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي، ئەنئەنىۋى سۇ ئۈزۈش ھالىتىگە ئۇزۇكسىز جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە ئاخىرىدا خەلقئارا سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىلىرىنىڭ ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش ھالەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەركىن سۇ ئۈزۈش شەكلىنى ئىجاد قىلىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ ئەخمەق دېيىشىدىن ئەنسىرىمەڭ. بەزىدە ھەقىقەت ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىنى قارىغۇلارچە ئاڭلاپ ئولتۇرماي، ئۆيلىغانلىرىڭىزغا ئىشىنىڭ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب ئۆزىڭىزگە كۆيۈنۈپ، كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇڭ

ھېچقانداق ئىش يوق يەردە ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىش تېپىۋالماڭ. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن بىئاراملىقلارنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز. روھىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقىنى باشقىلار بولماستىن بەلكى دەل ئۆزىمىز. غەمدىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىققا ئېرىشمەن دەيدىكەنمىز، روھىمىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# سىزنى بىرى چۈشەپ قويدىمۇ؟

ئەركىنلىك ئادەمنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىلكىدىكى چاغدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز، قولدىن كەتكەندە بولسا ئۇنىڭ قەدرىنى قىلىمىز.

ـــ كارل. ساندبۇرگ

بىر يىگىت غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالىنى تېپىش مەقسىتىدە توختىماستىن ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپلا يۈرىدىكەن.

بىركۈنى، ئۇ بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تاغ باغرىدىكى يايلاقتا پادىچى بالىنىڭ كالىغا مىنىۋېلىپ نەي چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نەينىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق بولۇپ، پادىچى بالا غەمسىز كۆرۈنەتتى. بۇ يىگىت پادىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ قارىسام ئاجايىپ غەمسىز كۆرۈنىسەن، ماڭا شۇ غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن بولساڭ، ــ دەپتۇ. پادىچى:

ــ كالىغا مىنىۋېلىپ نەينى شۇنداقلا چالسىڭىز غەمدىن بىراقلا خالاس بولىسىز، ــ دەپتۇ.

يىگىت پادىچىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپتۇ، لېكىن ئۈنۈمى بولماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

يىگىت مېڭىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بىر بېلىقچى بوۋاي دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ قاماق تاشلاپ بېلىق تۇتۇۋاتقان ئىكەن. قارىسا بوۋاي شۇنداق خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىدىن لەززەتلىنىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىت بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن دەپتۇ:

ــ بوۋا، مېنىڭ غەمدىن قۇتۇلۇشىمغا ياردەم قىلالامسىزمۇ؟

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ تەمكىنلىك بىلەن:

— كەل بالام، مەن بىلەن بىللە بېلىق تۇت، كاپالەت بېرىمەنكى شۇنداق قىلساڭ ھەممە غەمدىن خالاس بولىسەن، — دەپتۇ.

يىگىت بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ، لېكىن بۇمۇ كارغا كەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئىزدەشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بىر غارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە چىراقدىن رازىمەنلىك كۈلكىسى چىقىپ تۇرغان بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ.

يىگىت بوۋايغا سالام بەرگەندىن كېيىن، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ.

بوۋاي كۈلۈمسىرىگىنىچە ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— سەن بۇ يەرگە غەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ماڭا بۇنىڭ ئامالىنى دەپ بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ يىگىت.

— سېنى بىرسى چۈشەپ قويدىمۇ؟ سوراپتۇ بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق...

— ھېچكىم چۈشەپ قويمىغان بولسا، ئەمىسە يەنە نېمىدىن قۇتۇلاتتىڭ؟

**مۇلاھىزە:**

ھېچقانداق ئىش يوق يەردە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىش تېپىۋالماڭ. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن بىئارامچىلىقلارنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز، روھىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقىنى باشقىلار بولماستىن، دەل ئۆزىمىز. غەمدىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىققا ئېرىشمەن دېسەڭكەنمىز، روھىمىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تورى

# ئۆزىڭىز بىلەن ئەپ ئۆتۈڭ

غەمنى ئالدىن پەرەز قىلماڭ ياكى ئەكس تەسىر بېرىش ئېھتىماللىقى يوق ئىش ئۈچۈن ئەندىشە قىلىپمۇ يۈرمەڭ، ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ.

ــ فرانكلىن

بىر ياش يىگىت ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆزىنى ئاغرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىنى داۋالاش ئۈچۈن كۇتۇپخانىدىن تېبابەتچىلىك قوللانمىسىنى ئارىيەت ئېلىپتۇ. ئۇ كىتابتىكى راك ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ راك بولۇپ قالغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇ قورققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھاڭۋاققىنىچە بىرنەچچە مىنۇت ئورنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كىتابنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپتۇ ۋە شۇنى بىلىپتۇكى، ئۇنىڭدا لېپەككە سۇ يىغىلىپ قېلىش كېسەلىدىن باشقا كېسەلنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن.

ئۇ كۇتۇپخانىغا بارغىنىدا ئۆزىنى بەختلىك ئادەم دەپ ئويلىغان بولسا، مانا ئەمدى كۇتۇپخانىدىن قايتقىنىدا ئۆزى ياسىۋالغان «پىسخىك قەپەز» گە بەنت قىلىنىپ، پۈتۈن بەدىنىنى كېسەل چىرمىۋالغان كېسەلچان بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنمەكچى بولۇپ، دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ:

ــ قەدىرلىك دوستۇم، سىزگە ئۆزۈمنىڭ نېمە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىمنى دېگىنىمدىن كۆرە، مەندە قايسى كېسەلنىڭ يوقلىقىنى دېگىنىم تۈزۈك، ئۆمرۈم ئاز قاپتۇ، مەندە لېپەككە سۇ يىغىلىش كېسەلىدىن باشقا كېسەلنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، ــ دەپتۇ.

دوختۇر ئۇنى تەكشۈرگەندىن كېيىن قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ ئۇنىڭغا بې-

ـرىپتۇ. ئۇ قەغەزگە نىمىلەرنىڭ يېزىلغىنىغىمۇ قارىماي قەغەزنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۇدۇل دورىخانىغا چېپىپتۇ. ئۇ دورىخانىغا كىرىپلا قەغەزنى دورىگەرگە بېرىپتۇ. دو-رىگەر قەغەزگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قەغەزنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

ــ بۇ دېگەن دورىخانا، يېمەكلىك دۇكىنى ياكى ئاشخانا ئەمەس، ــ دەپتۇ.

ئۇ ھەيران بولۇپ دورىگەرگە بىر ئالىيىۋېتىپ قەغەزگە قاراپتۇ، ئەسلىدە قە-غەزگە:

ــ قېلىن توغرالغان كالا گۆشىدىن بىر پارچە، بىر بوتۇلكا پىۋە، ھەر ئالتە سا-ئەتتە بىر قېتىم ئىستېمال قىلىنىدۇ؛ ھەر كۈنى بىر قېتىم ئون ئىنگلىس چىسى يۈگۈرىدۇ، ــ دەپ يېزىلغانىكەن.

ئۇ دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغانىكەن، ھازىرغىچە ساغلام ياشاۋېتىپتۇ.

نىمىلا دېگەنبىلەن، بۇ ياش ۋاقتىدا داۋالىنىپتۇ. بولمىسا ئۆزى پەيدا قىلغان «پىسخىك قەپەز»گە بەنت قىلىنىپ، راستتىنلا كېسەل بولۇپ قالار ئىكەن.

**مۇلاھىزە:**

مۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، دائىم كېسەل بولۇپ قېلىشتىن غەم قىلىپلا يۈرۈيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بىر خىل پىسخىك كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سالامەت-لىكتىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دوختۇرخانىغا بېرىپ قەرەللىك ئومۇميۈزلۈك بەدەن تەكشۈرتۈش، ئۆزىدە ھېچقانداق كېسەلنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن-دىن كېيىن ئارتۇقچە ئويلاپ يۈرمەسلىك كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب ئوربىتىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھەقىقىي ئەركىنلىك قەلبىڭىزدە

ئىدىيەدىكى ئەركىنلىك ئادەم ھەقىقىي ئىگە بولىدىغان بىردىنبىر، شۇنداقلا ئەڭ قىممەتلىك ئەركىنلىكتۇر.

— گوركىي

فرانك يەھۇدى پۇشتىدىن بولغان پسىخولوگ بولۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلار لاگېرىدا يەتكىچە ئازاب تارتقان، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، خوتۇنى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ ھەممىسى ناتسىستلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن، پەقەت سىڭلىسىلا ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر تۇغقىنى بولۇپ قالغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغاچقا، ھەر زامان ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بىركۈنى ئۇ ئايرىم گۇندىخانىغا يالغۇز سولاپ قويۇلۇپتۇ. ئۇ بۇ يەردە بىردىنلا مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ: «ئوبيېكتىپ مۇھىتقا نىسبەتەن مەن ھازىر باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا، ھېچقانداق ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەسمەن؛ لېكىن، ئېڭىم ئۆزۈمنىڭ ئىلكىدە، شۇڭا تاشقى مۇھىتنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىنىڭ دەرىجىسى ئۈستىدىن ئۆزۈم خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرالايدىكەنمەنغۇ!»

فرانك ئۆزىنىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر خىل ئەسلىمە، تەسەۋۋۇر ۋە ئۈمىد قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇرمۇشى ۋە روھىنى ئۆزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ، ئۆزىنى پسىخىك جەھەتتىن كونترول قىلىشنى بىلىۋالىدۇ ۋە ئىرادىسىنى توختىماي چېنىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ روھىي ئەركىنلىكى ناتسىستلارنىڭ جىسمانىي نەزەربەنتىدىن ئاللىقاچان

ھالقىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل روھى باشقا مەھبۇسلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ تۈرمىداشلىرىنىڭ ئازاب ئىچىدىن ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

كېيىنكى كۈنلەردە فرانك مۇنداق يازىدۇ:

— ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خىزمىتى ۋە ۋەزىپىسى بولىدۇ، بۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتىمۇ شۇ بىر قېتىملا. لېكىن بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىكى، ئادەم ئۆز ئىدىيەسىنى خالىغىنىچە تاللىيالايدۇ، مەيلى ئۇ تۈرمىگە قامالسۇن ۋەياكى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالسۇن، تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدىن ئىرادىسى بويىچە خالىغانچە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ...

فرانك ھاياتىنىڭ ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ قىيىن مەزگىللىرى، ھەتتا روھىي ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئوچۇق پىكىرلىكى ۋە پىسخىكىسىنى ئوڭشۇلۇق تەڭشەشكە تايىنىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئېغىر كۈنلەردە بىرگە بولغان دوستلىرىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەقىقىي ئەركىنلىك تاشقى شارائىتقا ئەمەس، بەلكى ئىچكى ماھىيىتىڭىزگە باغلىق. بەلكىم سىز تاشقى مۇھىتنى ئۆزگەرتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئىچكى دۇنيارىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئوخشاشلا خۇشاللىققا ئىگە بولالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تورى

# پەيلاسوپنىڭ ئاخىرقى دەرسى

بەزى ئازابتىن قۇتۇلغىلى بولغان بىلەن ئەزەلدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قۇتۇلغىلى بولىدىغىنىغا ئامال ئىزدەپ بېقىڭ، ئامال تاپالمىسىڭىز ئۇ ئازابلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭ.

— كېسىللېي

بىر پەيلاسوپ ئوقۇغۇچىلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى بىر يايلاققا ئېلىپ چىقىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرسنى شۇ يەردە ئۆتمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئون يىل جاپالىق ئوقۇش ئارقىلىق بىلىم ئىگىسى بولۇپ چىقتىڭلار، مانا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكىمۇ ئاز قالدى، بۈگۈن ئۆتىدىغىنىم ئەڭ ئاخىرقى دەرس.

ئوقۇغۇچىلار پەيلاسوپنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ھازىر بىز ئولتۇرغان جاي قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ پەيلاسوپ.

— بىز ئولتۇرغان جاي دالا، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ ئوقۇغۇچىلار.

— دالىدا ئۆسكىنى نېمە؟

— ياۋا ئوت - چۆپ

— شۇنداق، ياۋا ئوت - چۆپ، مانا مۇشۇ ياۋا ئوت - چۆپلەرنى قانداق يوقىتىش كېرەكلىكىنى بەكمۇ بىلگۈم بار.

ئوقۇغۇچىلار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرلىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن پەيلاسوپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرستە مۇنداق ئاددىي سوئال سورۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەن.

— مۇئەللىم، بۇ ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتىغۇچ بىلەن ئوتاپ ئاتساقلا بولىدۇ، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىپ. پەيلاسوپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— كۆيدۈرۈۋېتىشمۇ ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرى، — دەپتۇ ئىككىنچىسى. پەيلا-

سوپ بۇ جاۋابقا كۆلۈپلا قويۇپتۇ ۋە يەنە بىرەيلەننى جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

— ياۋا ئۆت ـ چۆپلەرگە ھاك چاچساق، بىراقلا يوقاتقىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى.

— بۇ ياۋا ئۆت ـ چۆپلەرنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋەتسەكلا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۆتىنچىسى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئويلىغانلىرىنى دەپتۇ. پەيلاسوپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۈگۈنكى دەرس مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سىلەر قايتقاندىن كېيىن ئۆزۈڭلارنىڭ دېگىنى بويىچە بىر پارچە يەردىكى ياۋا ئۆت ـ چۆپنى يوقىتىڭلار، يوقىتالمىغانلىرىڭلار بىلەن بىر يىلدىن كېيىن قايتا جەم بولايلى، — دەپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپتۇ. ھېلىقى ياۋا ئۆت ـ چۆپلۈك بۈگۈنكى كۈندە چوڭ قوناقلىققا ئايلانغان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار قوناقلىقتا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن پەيلاسوپنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ پەيلاسوپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىنى رەتلەۋېتىپ پەيلاسوپنىڭ خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىغا:

— دالىدىكى ياۋا ئۆت ـ چۆپنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۈستىگە زىرائەت تېرىش، — دەپ يېزىپ قويۇشۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

روھنى جەھەتتىن ئەركىن بولىمەن دېگەن ئادەم چوقۇم گۇمانخورلۇق، ئاداۋەتخورلۇق دېگەنگە ئوخشاش روھنى چۈشەپ قويىدىغان ئازابلارنى ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك. ئازابنى ئۇنتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ياۋا ئۆت ـ چۆپلۈككە زىرائەت تېرىغانغا ئوخشاش ئىچكى دۇنياسىغا بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ ئۇرۇقىنى يېگىباشتىن چېچىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# ساپال قاچىدىكى گۈل

گۇمانخورلۇق بولمىسىلا ھېچقانداق قائىدە ھەسرەت بولمايدۇ؛ گۇمانخورلۇق بولمىسىلا ھېچقانداق ئەپسۇسلىنىش بولمايدۇ؛ گۇمانخورلۇق بولمىسىلا ھېچقانداق تائىلاجلىق بولمايدۇ.

— فروم

يوھان بىلەن ھانس يېقىن دوستلاردىن ئىدى. بىر قېتىم ئۇلار شېرىكلىشىپ گۈرۈچ تىجارىتى قىلىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇلار گۈرۈچنى دۇكاننىڭ سىرتىغا دۆۋىلەپ قويىدۇ. ئەتىسى گۈرۈچنىڭ خېلىلا ئازلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. يوھان ھانسنىڭ كېچىدە بىرنەچچە قېتىم سىرتقا چىققانلىقىنى ئويلاپ، گۈرۈچنى ھانس باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىپتۇ، پايدىنى ئۆزى يالغۇز ئالماقچى ئىكەن، — دەپ گۇمانلىنىپ خاپا بولىدۇ. ھانس گۈرۈچنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، يوھان بۇنىڭغا پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ماجىرا تۇغۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى ئالاقە قىلىشمايدىغانغا قەسەم قىلىشىدۇ.

يوھان ئەتىسى سەھەردە تىجارەت ئىشى بىلەن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقىپلا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ساپال قاچىغا كۆزى چۈشىدۇ، قاچا ئىچىدە بىرنەچچە پارچە سۆڭەك تۇراتتى.

بۇ شۈملۈقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلاتتى. يوھان بۇنى چوقۇم ھانس قىلغان، — دەپ قاراپ، ساپال قاچىنى غەزەپ بىلەن گۈللۈككە تاشلىۋېتىپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. شۇ كۈنى ئۇنىڭ تىجارىتى پەقەتلا ئوڭغا تارتمايدۇ، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ھويلىدىكى گۈللۈكنىڭ تۇپىسىنى بوشىتىپ، گۈلگە ئوغۇت بەرمەكچى بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ھېلىقى چېقىلغان ساپال قاچىغا كۆزى چۈشىدۇ ـ دە، قاچىغا بىرنەچچە تال گۈل كۆچۈرۈپ قويىدۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ يوھاننىڭ قوشنىسى ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بالىسىنىڭ كېچىدە سىرتتا ئويناۋېتىپ، ئۆزىنىڭ دورا چىلاش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ساپال قاچا بىلەن بىرنەچچە پارچە دورىلىق سۆڭەكنى يۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى، يوھاننىڭ بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سوراپ تېلېفون قىلىدۇ. يوھان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ چېقىق ساپال قاچىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈلنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن چېقىۋەتكەن ساپال قاچىنىڭ ئۆزىگە ئويلىمىغان خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى.

ئۇ ساپال قاچا بىلەن سۆڭەكنى قوشنىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. قوشنىسى ئۇنىڭغا بىرنەچچە تاغار گۈرۈچ بېرىدۇ ۋە چۈشەندۈرۈپ:

ــ يوھان بىلەن ھانىس گۈرۈچنى سىرتقا قويۇپ قويغان ھېلىقى ئاخشىمى كەپسىز ئوغلىنىڭ ئۇلارنىڭ گۈرۈچىنى ئوغرىلىۋالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن تولىمۇ خىجىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

شۇندىلا يوھان ئۆزىنىڭ ھانىسنى خاتا ئەيىبلىگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئېچىنىڭ تارلىقىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرى ئوت بولۇپ يانىدۇ ۋە: «شۇ چاغدا ھانىسقا ئاچچىقلانماي، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئاڭلىسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھانىستىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ھېلىقى ساپال قاچىدا ئېچىلغان گۈلنى ئېلىپ ئۇنى ئىزدەپ بارىدۇ. كېيىن يوھان بىلەن ھانىس يېڭىباشتىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

گۇمانخورلۇق باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ، شۇنداقلا بۇرۇنقى ساپ، ئىناق كۆڭۈلنىمۇ سوۋۇتۇپ قويىدۇ. باشقىلارنى، دۇنيانى چۈشەنمەسلىك، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلار ئادەمنى گۇمانخور، خۇدۇكسىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، گۇمانخورلۇقنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلماي، ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى تالىيىسى

# تۈرمىدىكى تاللاش

ھەقىقى ئەركىنلىك دېگىنىمىز ئۆزى ئىرادىسىگە بويسۇنغاندەك ئىش قىلماسلىق، بەلكى ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

— مونتگومېرى

بىر قارا تەنلىك بالا بولۇپ، كىچىكىدىنلا شارائىتى ناچار نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغانىكەن. تەربىيە ۋە يېتەكلەش يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، باشقا بالىلارغا ئەگىشىپ مەكتەپتىن قاچىدىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى بۇزۇپ، چاقىدىغان ۋە زەھەر چېكىدىغانغا ئوخشاش ناچار ئىشلارغا ئۆگىنىپ قاپتۇ. ئۇ 12 ياشقا كىرگەن يىلى بىر دۇكانغا ئوغرىلىققا كىرىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ؛ 15 ياشقا كىرگەن يىلى ئىككىنچى قېتىم باشقىلارنىڭ ئىشخانىسىدىكى بىخەتەرلىك ساندۇقىنى چاقماقچى بولغىنىدا تۇتۇلۇپ قاپتۇ؛ كېيىنچە يەنە بىر قاۋاقخانىنى قوراللىق بۇلاش ئىشىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، قورامىغا يەتكەن جىنايەتچى سۈپىتىدە 3 - قېتىم تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ.

بىركۈنى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن بىرەيلەن ئۇنىڭ قورغان توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— قارىسام خېلى ئىقتىدارلىق باردەك قىلىسەن، شۇڭا پۇرسەتلا بولسا ئۆزۈڭ قىلالىغۇدەك ئىشنى قىلساڭ بولغىدەك، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمىگىن، — دەيدۇ.

بۇ بالا ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ سۆزىنى قايتا - قايتا ئويلىنىپتۇ ۋە بىردىنلا گەرچە ئۆزى تۈرمىدە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىر جىنايەتچى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەركىنلىككە، يەنى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن نېمە قىلىشنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەسكى ئىشلارنى تاشلاپ، يېڭى-

باشتىن ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشنى ئويلاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كىشىلىك ھاياتىكى ئاچا يولغا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى قەدىرلەشنى، ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى بىلىشى لازىم. كىشىلىك ھاياتتا ئەگرى ـ توقاي يولغا مېڭىپ قېلىش ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلىقى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ توۋا قىلماسلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سىياھ بېلىق بولۇپ قالماڭ

جاھان ئىشى مانا شۇنداق، پاراكەندىمۇ، تولدۇر، مۇنداق.

—— قەدىمىي ماقال ـ تەمسىل

جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىت كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ قاپتۇ. بىركۈنى ئۇ بىر پسىخولوگىيە دوختۇرىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرگەن دەردىنى ئېيتىپتۇ:

— ئاسپىرانتلىققا ئۆتەلمىگەچكە كەلگۈسىدە قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم؛ سۆيگىنىم ئىختىساسلىقلار توپلاشقان شىركەتتە ئىشلىمەكچى، بەلكىم ئۇ مېنى تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن...

پسىخولوگىيە دوختۇرى يىگىتنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يىگىتكە غەم ـ ئەندىشىسىنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمەلىي تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يىگىت ئۆزىنى چۆشەپ تۇرۇۋاتقان غەم ـ ئەندىشىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ قەغەزگە خاتىرلەنگەنلىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز:

— مەن بىكاردىن زارلىنىپ يۈرۈپتىمەنغۇ، — دەپتۇ. پسىخولوگىيە دوختۇرى بۇلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ ۋە يىگىتنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— سىز سىياھ بېلىقنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— بىر تال سىياھ بېلىق دېڭىزدا ئەركىن يايراپ خالىغىنىنى تۇتۇپ يەپ، دېڭىز ئاستى دۇنياسىنىڭ مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيتتى. لېكىن ئۇ مارجان تاشلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ قېلىپ، ئۇنى زادىلا مى-

دىرتالماپتۇ ۋە ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ چۈقان سېلىپتۇ.

— سىزچە بۇ ھېكايە قانداق ئىكەن؟ — دەپتۇ پىسخولوگىيە دوختۇرى ھېكايە سۆزلەش يولى ئارقىلىق يىگىتنى پىكىر يۇرگۈزۈشكە يېتەكلەپ. يىگىت خېلى ئۇزاق سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن:

— سىز مېنى ئاشۇ سىياھ بېلىقىغا ئوخشىتىۋاتامسىز؟ — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ:

— راستىنلا ئوخشايدىكەنمەن، — دەپتۇ.

پىسخولوگىيە دوختۇرى يىگىتنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— سىز غەم - ئەندىشىنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ئىنكاسىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاشۇ سىياھ بېلىققا ئوخشىتىڭ ۋە قويۇۋېتىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلىڭ. سىياھ بېلىقنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقىنى مارجان خادا تاشلىرىنىڭ شاخلىرى بولماستىن، دەل ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قوللىرى، — دەپتۇ.

ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاسانلا ھەر خىل غەم - ئەندىشە ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى چۈشەپ قويغانلىق ۋە ئۆزىنى قاپقانغا دەسسەتكەنلىك، خۇددى سىياھ بېلىققا ئوخشاش ئۆزىنى - ئۆزى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتىكى غەم - ئەندىشە ۋە بېسىمنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپلا توقۇپ چىقىرىمىز. قەلبىمىزمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭ بىلەن باغلىنىپ قالىدۇ. قەلبىمىزنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، غەم - ئەندىشىگە توغرا قارىشىمىز لازىم. شۇندىلا ئۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھەسەتخور شاپتۇل دەرىخى

ھەسەتخور ئادەم قوشنىسىنىڭ سەمىرگەنلىكىنى كۆرسىمۇ ئۇلتۇرالماي قالىدۇ.

—— گېرمان خەلق ماقال - تەمسىلى

باغدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ يېنىدا بىر تۈپ بەكمۇ ھەسەتخور شاپتۇل دەرىخى بار ئىكەن. ئۇ ياڭاق شاخلىرىنىڭ مېۋە بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلىنىپتۇ.

— نېمىشقا ياڭاق دەرىخىنىڭ مېۋىسى مېنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ؟ شاپتۇل دەرىخىنىڭ زەردىسى قايناپ غودۇڭشۇپتۇ، — مېنىڭ ئۇنىڭدىن قېلىشقۇدەك نەرىم بار؟ تەڭرىمۇ ئانچە ئادىل ئەمەس ئىكەن، بۇنداق بولسا قانداق بولغىنى! كېلەر يىلى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز ئۆسۈپ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مېۋىلىمىسەم ھېساب ئەمەس، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمىسام.

— باشقىلارغا بىكاردىن بىكارلا ئىچى تارلىق قىلساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ شاپتۇلنىڭ قوشنىسى ئەينولا شاپتۇلغا نەسىھەت قىلىپ، — ئەجەبا سەن ياڭاق دەرىخىنىڭ غوللىرىنىڭ شۇنداق بەستلىك، مەزمۇت تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سەنمۇ ئويلىمايلا گەپ قىلىدىكەنسەن، ناۋادا سەنمۇ ياڭاقتەك كۆپ مېۋىلىسەڭ، ئاشۇ ئاجىز بەدىنىڭ بۇنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ نەسىھىيىتىمنى ئاڭلاپ نېسىۋەڭگە شۈكرى قىلىپ، ياۋاشلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگىنىڭ تۈزۈكمىكىن!

لېكىن شاپتۇل دەرىخىنىڭ كۆڭلى بىلەن كۆزى ھەسەتخورلۇق سەۋەبىدىن ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ، بېرىلگەن سەمىمىي نەسىھەتلەر ئازراقمۇ كار قىلماپتۇ ۋە يىلتىزىغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ مەزمۇت تۇرۇشنى، تۇپراقتىكى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئوزۇقلۇق ۋە سۇ تەركىبلىرىنى يەتكىچە قوبۇل قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ يەنە شاخلىرىغا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ كۆپ چېچەكلەشنى، قانچە

كۆپ چېچەكلىسە شۇنچە ياخشى ئىكەنلىكىنى، يەنە تېخى چېچەكلەرنىڭ تولۇق مې-
ۋىلىشىنى تاپىلاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ پەرمانى ئىجرا بولۇپ، شاخلىرى مېۋە بىلەن تولۇپتۇ،
بۇنى كۆرگەن شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئاغزى خۇشاللىقتىن قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە بۇ يىل
ياخشى دەرىخى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلاپتۇ.

شاپتۇل مېۋىسى ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ ئېغىرلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپتۇ،
شاخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي بەللىرى يادەك ئېگىلىپ پۈكلىنىپ قاپتۇ.
لېكىن شاپتۇلنىڭ قولىغا كېلەيلا دەپ قالغان شەرەپتىن ۋاز كەچكىسى كەلمىگەچكە
شاخلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈ-
شۈرۈپتۇ،

مېۋىلەرنى كۆتۈرەلمىگەن شاپتۇل دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئاخىرى بەرداشلىق بې-
رەلمەي «غاراچ ـ غۇرۇچ» قىلغىنىچە قاپ بەلدىن سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
تېخى پىشىشقا ئۈلگۈرمىگەن شاپتۇللار يەرگە چۈشۈپ سېسىشقا باشلاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەسەتخورلۇق بىر خىل بىنورمال روھىي ھالەت بولۇپ، ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ ھەم جىنايەتكە باشلايدۇ. پسىخولوگلار شۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇكى، ھەسەتخورلۇق پسىخىكىسى كۆرۈلگەندە ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرى ۋە ھەرىكىتى ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئاڭ ۋە ھەرىكىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەڭشەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىنى تېپىش كېرەك. ئۆزىنى تولۇق تونۇغاندىن كېيىن ئاندىن باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندىلا ئېغىر ـ بېسىق بولغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تورى

# ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەڭ

قەلبىنگمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق زېمىن ئىگىسى بولىدۇ، ئۇ بەردە دوزاخنى جەننەتكە ئايلاندۇرغىلى بولغىنىدەك، جەننەتنىمۇ دوزاخقا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

— ملتون

بىر ئايال ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغاندا، كېمىچى كۆرۈپ قېلىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

— نېمىشقا ياش تۇرۇپلا ئۆلۈۋالماقچى بولدىڭىز؟ — سوراپتۇ كېمىچى.

— توي قىلغىنىمغا ئىككى يىل بولدى، ئېرىم مېنى تاشلاپ كەتتى، بالامۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. قېنى دەپ بېقىڭچۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ياشىغىنىمنىڭ نېمە مەززىسى؟ — دەپتۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كۈنلىرىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزەتتىڭىز؟

— ئۇ چاغدا مەن ئاجايىپ ئەركىن ئىدىم، غەم دېگەننى بىلمەيتتىم.

— شۇ چاغدا ئېرىڭىز ۋە بالىڭىز بارمىتى؟

— ياق، يوقتى.

— ئۇنداقتا، مانا ھازىر تەقدىر كېمىڭىز سىزنى ئىككى يىل بۇرۇنقى ھالىتىڭىزگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئەمدى سىز بۇرۇنقىدەك ئەركىن - ئازادە، غەمسىز يۈرسىڭىز بولىدىغۇ.

ئايال كېمىچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، خۇشال ھالدا قىرغاققا چىقىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئوخشاش بىر ئىشنى توغرا چۈشەنسىڭىز ياخشىلىققا ماڭىدۇ، تەتۈرسىگە چۈشەنسىڭىز يامىنىغا ماڭىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت، خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، بەخت بىلەن ئازاب دېگەنلەر شۇنچىلىكلا ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

# يۈز كېلەلمەيدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز

ئادەم بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ دەقىقەدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشىغا جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

— سارترې

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى، ئامېرىكىدا بېرلى ئىسىملىك داڭلىق ئۇنچە ـ مەرۋايىت ئوغرىسى ئۆتكەن بولۇپ، مەخسۇس پۇلى ۋە ئورنى بار يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلايدىكەن. ئۇ تېخى يەنە سەنئەت بۇيۇملىرىنى باھالىغۇچى بولغاچقا، «مۆتىۋەر ئوغرى» دېگەنمۇ نامى بار ئىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ 18 يىل تۈرمىدە ياتىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇخبىرلار ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلىدۇ. بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

— بېرلى ئەپەندى، سىز ئىلگىرى پۇلى بار نۇرغۇن بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىدىڭىز، شۇنى بىلگۈم باركى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئېغىر زىيان تارتقىنى كىمدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

بېرلى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا «مەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇخبىرلار غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىدۇ. بېرلى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

— ئىقتىدارىم بويىچە ئېيتقاندا مەن ئەسلىدە ئۇتۇق قازانغان سودىگەر بولۇپ، ۋال سترېت كوچىسىدىكى ماگنات بولۇشۇم ياكى بولمىسا جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقۇچىلاردىن بولۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئوغرىلىقنى تالالاپ، ئۆزۈمنىڭ مۈلكىنى ھەممىدىن كۆپ ئوغرىلىغان ئوغرى بولۇپ قالدىم. كۆپچىلىككە ئايان بولغىنىدەك ئۆمرۈمنىڭ تۆتتىن بىرى تۈرمىدە ئۆتۈپ كەتتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئاز ئەمەس. كامالەتكە يەتكەن بىر رەسسام بار بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ 20 دوللارلىق پۇلنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ۋالىغا يەتكۈزۈپ سىزىپ چىقىپتۇ. بۇ رەسسامنىڭ بىرلىرى ئوخشاشلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغىنى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپتۇ. بۇنىڭ ساتىرىك مەنىسى شۇ يەردىكى، بۇ رەسسامنىڭ 20 دوللارنى سىزىشقا كەتكەن ۋاقتى 500 دوللارغا ساتقىلى بولىدىغان رەسىمنى سىزىشقا كەتكەن ۋاقىت بىلەن ئوخشاش ئىدى. لېكىن ئىقتىدارلىق بۇ رەسسام 20 دوللار پۇلنى ئەينەن سىزىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە زىيان تارتقىنى باشقىلار بولماستىن بەلكى ئۆزى بولىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

جاھاندىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل «ئارتۇقچىلىق» نى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە قىزغىنلىقى ئارقىلىق باشقىلارغا، جەمئىيەتكە ئاز ـ تولا پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تالانتىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەپ، كەيپىياتىڭىزنىڭ غوجايىنى بولۇڭ

كۆكسى - قارنى كەڭ، ئېغىر - بېسىق ئادەمنى يەڭگىلى بولمايدۇ. مەيلى نېمىلا ئىش قىلماڭ، كەيپىياتىڭىزنى كونترول قىلىپ، نورمال ھالەتنى ساقلىيالىسىڭىزلا ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرالايسىز. كۆپىنچە ھاللاردا بىز باشقىلارغا ئەمەس، دەل ئۆزىمىزنىڭ چۇس مىجەزى ۋە تۇراقسىز كەيپىياتىمىزغا ئۇتتۇرۇپ قويىمىز.

www.uyghurkitap.com

# ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۈچ مەيدان يۈگۈرۈڭ

ئاچچىقلىنىش — باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكى بەدىلىگە ئۆزىمىزنى جازالىغانلىقتۇر.

— پوپې

بۇرۇنقى زاماندا شىزاڭدا ئەيدىبا دەيدىغان بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ھەر قېتىم ئاچچىقى كەلگەندە ياكى باشقىلار بىلەن خاپىلىشىپ قالغاندا دەرھال ئۆيىگە قايتىپ، ئۆيى ۋە ئېتىزىنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۈگۈرەيدىكەن، ئاندىن قىر ياقىسىدا ئولتۇرۇپ دېمىنى ئالىدىكەن.

ئەيدىبا زېرەك ھەم تىرىشچان ئادەم بولغاچقا ئۆيى بارغانسېرى چوڭىيىپتۇ، يېرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. لېكىن ئۆيى قانچە چوڭ، يېرى قانچە كۆپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر باشقىلار بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ ئاچچىقى كەلسىلا ئۆيى ۋە ئېتىزىنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۈگۈرۈشنى توختاتماپتۇ.

«ئەيدىبا نېمىشقا ئاچچىقى كەلسىلا ئۆيى ۋە يېرىنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۈگۈرەيدىغاندۇ؟» ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارايدىكەن. لېكىن باشقىلار ھەرقانچە سورىسىمۇ ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بەرمەيدىكەن.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ ئەيدىباغا قېرىلىق يېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆيى ۋە يېرىمۇ بارغانسېرى ئاينىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاچچىقى كەلگەن ھامان ھاسىسىنى چوقۇپ چىشىنى - چىشىغا چىشلەپ ئۆيى بىلەن يېرىنى ئايلىنىدىكەن. ئۇ ئۈچنى ئايلىنىپ بولغۇچە كۈنمۇ ئولتۇرۇپ بولىدىكەن، ئەيدىبا قىر ياقىسىدا ئولتۇرۇپ دېمىنى ئالىدىكەن. نەۋرىسى ئۇنىڭدىن:

— بوۋا، يېشىڭىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يېقىن ئەتراپتا بىزنىڭكىدەك يېرى كۆپ ئادەممۇ يوق، ئەمدى سىز ئاچچىقلانغاندا بۇرۇنقىدەك ئېتىزنى ئايلىنىپ ئۈچ

مەيدان يۇگۇرىمەن دېمەڭ، يەنە بىر ئىش، ئاچچىقىڭىز كەلسىلا ئېتىزنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۇگۇرەيدىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ بىرەلەرسىزمۇ؟ — دەپتۇ يالۋۇرۇپ.

ئەيدىبا كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن سىرنى نەۋرىسىگە دەپ بېرىپتۇ:

— ياش ۋاقىتلىرىمدا بىرەرسى بىلەن قىزىرىشىپ قالسام ئېتىز ياكى ئاچچىقىم كېلىپ قالسىلا ئۆي بىلەن ئېتىزنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۇگۇرەيتتىم، بىر تەرەپتىن يۇگۇرۇپ بىر تەرەپتىن، ئۆيۈم بەكلا كىچىك، يېرىممۇ بەكلا ئاز، مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ باشقىلار بىلەن جېدەللىشىپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ — دەپ ئويلايتتىم. مۇشۇلارنى ئويلىسامىلا ئاچچىقىم پەسكويغا چۈشۈپ، ۋاقتىمنى تىرىشىپ ئىشلەشكە سەرپ قىلاتتىم.

— بوۋا، ھازىر سىز ياشىنىپ قالدىڭىز، بايمۇ بولدىڭىز، يەنە نېمىشقا ئۆي بىلەن ئېتىزنى ئايلىنىپ يۇگۇرەيسىز، — دەپ سوراپتۇ نەۋرىسى چۈشەنمەي. ئەيدىبا كۈلۈپ تۇرۇپ: — مېنىڭ ئاچچىقىم ھازىرمۇ بار، ئاچچىقىم كەلسىلا ئۆي بىلەن ئېتىزنى ئايلىنىپ ئۈچ مەيدان يۇگۇرەيمەن، بىر تەرەپتىن يۇگۇرۇپ بىر تەرەپتىن، ھازىر ئۆيۈممۇ چوڭايدى، يېرىممۇ كۆپەيدى، ئەمدى باشقىلار بىلەن تالاشقۇدەك نېمە ئىش بار، دەپ ئويلايمەن، مۇشۇلارنى ئويلىسامىلا ئاچچىقىم يېنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەممىلا ئىش سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاچچىقلىنارلىق ياكى كۆڭۈلسىز بولمايدۇ. سىزنى بىئارام قىلىۋاتقىنى يەنىلا ئۆزىڭىز، خالاس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى

# جەنۇب شامىلى بىلەن شىمال شامىلى

ئاچچىق — ئادەمگە يوك، ئۇنى شۇ ئەرزىلا يوق قىلىۋېتىش كېرەك. ماجرا پەيدا بولغاندا بىردىنلا جۇدۇنىمىز ئۆرلەپ قالىدۇ، بۇ ھەقىقەت ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى دە ـ تالاش ئۈچۈندۇر.

— كارلىل

فىرانسىيەلىك يازغۇچى لافونتان ئىلگىرى مۇنداق بىر مەسەل يازغان:

جەنۇب شامىلى بىلەن شىمال شامىلى كىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ.

— قېنى ئىككىمىز بىر بەسلىشىپ باقمايلىمۇ. قارا، ئاۋۇ پەلتۇ كىيىۋالغان بوۋاينى كۆردۈڭمۇ؟ قايسىمىز ئۇنىڭ پەلتوسىنى سالغۇزۇۋېتەلىسەك شۇ يەڭگەن ھېسابلانسۇن، ئاۋۋال مەن كېلەي، — دەپتۇ شىمال شامىلى.

شىمال شامىلى شۇنداق دەپلا بوۋايغا قاراپ ئېتىلىپتۇ ۋە بارغانسېرى كۈچەيىشكە باشلاپتۇ، ئاخىرى بېرىپ قارا قۇيۇنغا ئۆزگىرىپتۇ. شامال كۈچەيگەنسېرى بوۋاي پەلتوسىغا تېخىمۇ چىڭ ئورۇنۇپتۇ.

شىمال شامىلى ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپتۇ ۋە مەيۈسلەنگەن ھالدا جەنۇب شامىلىغا قاراپتۇ.

جەنۇب شامىلى بولسا ئىللىق شامال چىقىرىپ بوۋاينى پەپىلەشكە باشلاپتۇ. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بوۋاي ئىسسىققا چىدىماي پەلتوسىنى سېلىۋېتىپتۇ. جەنۇب شامىلى شىمال شامىلىغا:

— كۆردۈڭمۇ، مېھرىبانلىق بىلەن سەمىمىي دوستلۇق زوراۋانلىققا قارىغاندا كۆپ قۇدرەتلىك، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

مېھرىبانلىق بىلەن سەمىمىي دوستلۇق زوراۋانلىققا قارىغاندا كۆپ قۇدرەتلىك. باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ياكى ئارىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە مۇنۇ سۆزنى دەرھال ئېسىڭىزگە ئېلىڭ: زىددىيەتكە ئىللىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا زىددىيەت ھەقىقىي دوستلۇقىڭىزنىڭ تەسرىدە يوقاپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ۋاقىتنىڭ زىنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلىڭ

ئاچچىق ئەقلىنى كېسىدۇ. شۇڭا، بىر مۇھىم مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئويلانغاندا چوقۇم ئېغىر ـ بېسىق، سوغۇققان بولۇڭ.

ــ ئىنگېرسول

بىر كومپيۇتېر شىركىتى بىر تۈركۈم دېتال ئىشلەپ چىقىرىپ ئۇنى يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان بىر خېرىدارغا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار مالنى ئۆتكۈزۈپ خېلى كۆنگىچە پۇلنى ئالالماپتۇ. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. غوجايىن خېرىدارنىڭ شىركىتىگە بېرىپتۇ. غوجايىن خېرىدارنىڭ شىركىتىدە خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى دەرھال نەقلەشتۈرگىلى بولىدىغان نەق پۇلنىڭ چېكىنى ئېلىپتۇ.

غوجايىن چەكنى ئېلىپ ئۇدۇل بانكىغا بېرىپتۇ. لېكىن بانكا خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا ھېساب نومۇرىدىكى پۇلنىڭ چەكتىكى پۇلنىڭ سانىغا چىقىشمايدىغانلىقىنى، شۇڭا چەكنى نەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. غوجايىن ئۇ خېرىدارنىڭ ئۆزىنى قەستەن ئەخمەق قىلىپ قىيناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. غوجايىن خېرىدارنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن راسا بىر دېيىشىشنى ئويلاپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئۆزى «كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇپ، ماھىرلىق بىلەن پۇل تېپىش» دېگەن تىجارەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغان بولغاچقا، ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە بانكا خىزمەتچىسىدىن ھېساباتتىكى پۇلنىڭ قانچىلىك كەملەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. غوجايىننىڭ پوزىتسىيەسى بەكلا سەممىي بولغاچقا، بانكا خىزمەتچىسىمۇ قىزغىنچىلىق بىلەن ھېسابنى تەكشۈرۈپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە ھېساباتا 98 مىڭ يۈەن بارلىقى، چەكتە يېزىلغان پۇلغا پەقەت ئىككى مىڭ يۈەنلا كەملەيدىغانلىقى ئېنىقلىنىپتۇ.

ئىش غوجايىنىنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقىپتۇ، ئۇ خېرىدار غوجايىن بىلەن قەستەن قېرىشقان ئىكەن. غوجايىنىنىڭ كالللىسىغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەپتۇ ـ دە، يېنىدىن ئىككى مىڭ يۈەننى خېرىدارنىڭ ھېسابىغا قويۇپ، ئاۋۋال پۇل چېكىدىكى يۈز مىڭ يۈەننى تولۇقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن چەكتىكى پۇلنى ئېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ غوجايىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا مالنىڭ پۇلىغا ئىگە بولۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ غوجايىن غەزەپ بىلەن خېرىدارنىڭ شىركىتىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسىمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى بۇ غوجايىن بۇنداق قىلسا نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغاندىن باشقا يەنە، بۇ خېرىداردىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتنى يېڭى زىددىيەت پەيدا قىلىشقا ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلدى.

**مۇلاھىزە:**

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئويلىمىغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئەقلىنى يوقىتىپ دەردىنى باشقىلاردىن ئالىدۇ. لېكىن مۇنداق قىلغاندا مەسىلە تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز ئاچچىقلىنىشقا كەتكەن ۋاقىتنى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلساق، ئىش ئوڭغا تارتىپ مەسىلىنى ئاسانلا ھەل قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇلايىملىق ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ

ئاچچىقنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق، ئاچچىقلانغاندا زىيانىنىڭ چوڭىنى تارتىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىز.

— لېۋ. تولستوي

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دانىېر ئەپەندى ئۇرۇشتىن قېچىپ شىۋېتسىيەگە بېرىۋالىدۇ. يانچۇقىدا تىيىنىنىڭ سۇنۇقى بولمىغاچقا بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ بىرنەچچە دۆلەتنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بىرەر ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىدە كاتىپلىق قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن نۇرغۇن شىركەت ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا بىر شىركەتنىڭ غوجايىنى دانىېرغا يازغان خەتكە: «سەن تىجارىتىمنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ قاپسەن، سەن ھەم ئەخمەق ھەم دۆت ئىكەنسەن، مەن ساڭا ئوخشاش ماڭا خەت يېزىپ بېرىدىغان كاتىپقا پەقەتلا موھتاج ئەمەس. موھتاج بولغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز سېنى ئىشلەتمەيمەن. چۈنكى سەن شىۋېت يېزىقىنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىكەنسەن، يازغان خەتلىرىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەن» دەپ يازىدۇ.

دانىېر خەتنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي، دەپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ شىركەتكە زەھەردەك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ جاۋاب خەت يازىدۇ - يۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ:

— ئالدىرىما، شىۋېت تىلى مېنىڭ ئانا تىلىم ئەمەس، بەلكىم مەن ئۆزۈم ھېس قىلالمىغان نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىشىم كېرەك. گەرچە خەت يازغان ئادەمنىڭ مەقسىتى ئۇنداق بولمىسىمۇ، مەن بۇنى ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمى، — دەپ چۈشەنسەم بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئادەم كۆڭلىدىكى-

نى ئەنە شۇنداق سەت گەپلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، جاۋاب خەت يېزىپ ئۇ-نىڭغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك.

شۇنداق قىلىپ دانىيېر خەتنى باشقىدىن يازدۇ:

— سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە ۋاكالىتەن خەت يېزىپ بېرىدىغان كاتىپقا ئېھتىياج-لىق ئەمەس تۇرۇپمۇ ئاۋارىچىلىقتىن قورقماي ماڭا خەت يازغانلىقىڭىزغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت. شىركىتىڭىزنىڭ تىجارىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىم سەۋەبلىك سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. سىزگە قايتا خەت يېزىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن سىزنى باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلغان، باشقىلارمۇ سىزنى ماڭا مۇشۇ ساھەدىكى باش-لامچى، — دەپ تونۇشتۇرغان. خېتىمدە نۇرغۇن گىراماتىكىلىق خاتالىقلارنىڭ بارلى-قىنى راستتىنلا بىلمەيدىكەنمەن، بۇنىڭدىن بەكمۇ خىجىل ۋە بىئارام بولدۇم. خاتا-لىقىمنى تۈزىتىش ئۈچۈن شۇۋېت يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلدىم، سىزنىڭ مېنى خاتالىقىمنى تۈزىتىش يولىغا باشلىغانلىقىڭىزغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دانىيېر ئۇ ئادەمدىن كەلگەن جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋا-لىدۇ. خەتتە دانىيېر بىلەن كۆرۈشۈش ئېيتىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ دانىيېر خىزمەت-كە ئېرىشىدۇ. مۇشۇ ئىشتىن دانىيېر «مۇلايىملىق بىلەن بېرىلگەن جاۋاب ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.



**مۇلاھىزە:**

مۇلايىملىق بىلەن بېرىلگەن جاۋاب ئادەمگە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ئادەمنىڭ ئوغە-سىنى قايىنتىدىغان ئىشقا يولۇققىنىمىزدا، ئەگەر ئۇنىڭغا ئاچچىقلانساق ئىش تېخىمۇ ئوساللى-شىپ كېتىدۇ، ئەگەر مۇلايىم پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلساق بەلكىم يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئۆزگىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

# كەيپىياتنى تەڭشەيدىغان ئەينەك ساقا

بىكاردىن بىكار ئاچچىقلىنىش شاپائەت تۈۋەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرمۇشتىكى ئاجىزلا-رلا ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

— باكون

فېننى مىجەزى چۈس، كەيپىياتى تۇراقسىز قىز بولۇپ، دائىم ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن سوقۇشاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يىگىتىمۇ ئۇنىڭ مىجەزىگە چىداپ بولالماي ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوستى جېنسېنغا تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. جېنسېن ئۇنىڭغا:

— فېننى، ھازىرقى ۋاقتىنىڭ ساڭا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇنداق-تىمۇ سەن مۇۋاپىق يېتەكلەشكە ئىگە بولساڭلا، ھەممە ئىش چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەيدۇ.

— سېنىڭ نۆۋەتتە قىلىدىغان ئىشىڭ ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ، تىنچ تۇرمۇشتىن قانغۇچە بەھر ئېلىش.

جېنسېننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان فېننى بۇرۇنقى ئالدىراش ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئارام ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى بىر ئاز تۇراق-لاشقاندىن كېيىن جېنسېن ئۇنىڭغا يەنە:

— ئاچچىقىڭ كېلىشتىن بۇرۇن بۇنىڭغا زادى قايسى ئىشنىڭ سەۋەب بولغانلى-قىنى ياخشىراق ئويلىنىپ كۆر، — دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ.

— سەن مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدا پىكىر يۈرگۈزسەڭ بولىدۇ. بىرى، يولۇق-

قان ھەرقانداق ئىشنى كاللاڭدا ئارىلاشتۇرۋەت؛ يەنى بىرى، مەيلىگە قويۇۋېتىپ ئىدىيەڭنىڭ خالىغانچە قارار چىقىرىشىغا يول قوي. جېنسېن شۇنداق دېگەچ ئىككى تال سۈزۈك شكالىق شېشىنى ئېلىپ، ئۇلارغا يېرىمدىن سۈزۈك سۇ قۇيىدۇ، ئاندىن بىرىگە ئاق، يەنە بىرىگە كۆك ئەينەك ساقا سېلىنغان ئىككى تال سولياۋ خالتىنى چىقىرىپ:

— ئاچچىقلىق كەلگەندە كۆك ساقىنى سول تەرەپتىكى شكالا شىشىگە؛ ئاچچىقلىق بېسىققاندا ئاق ساقىنى ئوڭ تەرەپتىكى شكالا شېشىگە سال. بۇنىڭدىكى مۇھىم ھالقا، سەن ھازىردىن باشلاپ كەيپىياتىڭنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك، ئەگەر كەيپىياتىڭنى ۋاقتىدا تەڭشىمىسەڭ تۇرمۇشىڭنى داۋاملىق ئاشۇنداق قالايمىقان قىلىپ قويىسەن، — دەيدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ فېننى ئىزچىل تۇردە جېنسېننىڭ دېگىنىدەك قىلىدۇ. كېيىن جېنسېن فېننىنى يوقلاپ بېرىپ ئەينەك ساقىلارنى سۈزۈپ ئالىدۇ. ئەسلىدە، كۆك ساقا سولۇق رەڭلىك سۇۋالغۇ بىلەن بوياپ قويۇلغان ئاق رەڭلىك ساقا بولۇپ، ساقىلار سۇغا چىلانغاندىن كېيىن، كۆك ساقىدىكى رەڭ سۇدا ئېرىپ، سۇنىڭ رەڭگىنى كۆككە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىكەن. جېنسېن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ فېننىغا:

— قارا، ئەسلىدىكى سۈزۈك سۇغا «ئەسكى مىجەز» قوشۇلغاچقا سۇ بۇلغىنىپ كەتتى. سېنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭمۇ خۇددى مۇشۇ ئەينەك ساقىغا ئوخشاش باشقىلارنى بۇلغايدۇ. كەيپىياتىڭ ناچار چاغدا ئامال بار ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۇنداق قىلمىساڭ ئاشۇ ئەسكى مىجەزىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ ـ دە، ئۇلار ساڭا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلىدە بولمايدۇ. شۇڭا، سۆز ـ ھەرىكىتىڭگە چوقۇم دىققەت قىلىشىڭ كېرەك، — دەيدۇ.

فېننى ئىلگىرى كۆڭلىگە ھېچقانداق يېڭىچە ئىدىيە ۋە ئويلاپ ئىش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرالماي ساراسىمىدە قالغانىدى، مانا ئەمدى جېنسېننىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك ئۇنداق ئوسال ھېس قىلمايدىغان بولىدۇ، ئىشلىرىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە ئاق ساقا سېلىنغان شكالا شېشىدىكى سۇ

تېشىپ كەتكەندى. قارىغاندا فېنىننىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشىدىن ئويدانلا ئۇنۇم كۆرۈلگەندەك قىلاتتى. فېنىنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ كۆزىتىدىغان، كالىلىسىدا نامۇۋاپىق ئوي پەيدا بولغان ھامان ئۇنى دەرھال بايقىيالايدىغان؛ ئويلىغانلىرىدا ئېغىش بولغان ھامان ئۇنى دەرھال كونترول قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇ ئەھۋال بىرەر يىلچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگە ئىشىنىدىغان بولىدۇ، تۇرمۇشىمۇ رىتىمغا چۈشىدۇ ھەمدە ياخشى بىر يىگىت-نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئاچچىقىڭىز كەلگەن ھامان ئامال بار ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ۋە ئەركىن تۇتۇڭ، بولۇ-ۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىڭ. ھەرگىزمۇ ئاچچىقىڭىزنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، كەيپىياتىڭىز-نىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالماڭ.



# لىنكولىنىڭ تەكلىپى

ھەرقانچە ئاچچىقىڭىز كېلىپ كەتسىمۇ ھەرگىز بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالىدىغان ئىشنى قىلىپ سالماڭ.

— لىنكولن

بىر كۈنى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ باشلىقى ستانتون جۇدۇنى تۇتقىنىچە لىنكولىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر مايورنىڭ ئۆزىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق قول ئاستىڭدىكىلەرگە يان باستىڭ، — دەپ ئەيىبلىگەنلىكىدىن ۋايسايدۇ. لىنكولن ئۇنىڭغا دەرھال ھېلىقى ئەسكەرگە بىر پارچە خەت يېزىش تەكلىپىنى بېرىدۇ.

— خەتتە ئۇنى تازا پۇخادىن چىققۇچە تىللاڭ، — دەيدۇ لىنكولن.

ستانتون خەتنى نەشتەردەك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، زوڭتوڭنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بېرىدۇ.



— ياخشى، تازا ياخشى يېزىلىپتۇ، — دەيدۇ لىنكولن، — خەت دېگەننى مانا مۇشۇنداق يېزىش كېرەك، ئۇ مايورنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىش لازىم، — دەيدۇ لىنكولن.

ستانتون خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىشىغا لىنكولن:

— نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىمەن - دە! — دەيدۇ ستانتون زوڭتوڭنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — ۋارقىرايدۇ لىنكولن، — بۇ خەتنى ئەۋەتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، دەرھال مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىڭ. مەن ئاچچىقىم كەلگەندە يازغان خەتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىمەن. خەتنى ھەقىقەتەن ياخشى يېزىپتىكەنسىز، خەتنى يېزىش جەريانىدا ئاچچىقىڭىزمۇ ئاز - تولا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ قالغاندۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن ئەمدى ئۇ خەتنى كۆيدۈرۈۋېتىپ قايتا يېزىڭ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلار بىلەن خاپىلىشىپ قالغاندا كەيپىياتنى مۇۋاپىق تىزگىنلەشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئاچچىق يۇتۇۋېلىشقىمۇ، باشقىلارغا نەشتىرىنى سانچىشقىمۇ بولمايدۇ، ياخشىسى داۋال-غۇپ تۇرغان كەيپىياتنى پەسەيتىدىغان مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. قانداق قىلىشنى كەيپىيات نورماللىشىپ ئاچچىق پەسەيگەندىن كېيىن بېكىتسىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ.



# يوقىتىپ قويغان پەينى تېپىپ كېلىك

«ئاچچىق» بىلەن «ئەخمەقلىق» نىكاھلانسا، پۇشايمان ئارقىدىنلا يېتىشىپ كېلىدۇ.
— فرانكلىن

سىنفىراس 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر رىملىق پوپ بولۇپ، مەيلى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن ۋە مەيلى ئادەتتىكى پۇقرالار بولسۇن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەقىللىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ چۈشىنەتتى.

بىر قېتىم بىر قىزچاق ئۇنىڭغا دەرد تۆكۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە يامانلىقى بولسىمۇ، سەل غەيۋەتخور ئىكەن، شۇڭا دائىم باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپلا يۈرىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دوستى بولمىغاچقا ئۆزىنى بەكمۇ غېرىب ھېس قىلىدىكەن. سىنفىراس ئۇ قىزغا:

— باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلەپ يۈرمەڭ، دەردىڭىزنى چۈشىنىمەن، گۇناھىڭىزنى يۇيۇڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز بازارغا بېرىپ بىر مېكيان سېتىۋېلىڭ، بازاردىن يېنىشىڭىزدا مېكياننىڭ پېيىنى يۇلداپ يول بويى چېچىپ مېڭىڭ، تاكى پاك ـ پاكىز يۇلداپ بولغىچە توختىماڭ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېنىمغا كېلىڭ، — دەپتۇ.

قىزچاق بۇنداق گۇناھ يۇيۇش شەكلىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەردتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقىچە ئىلاجى بولماپتۇ ۋە بازاردىن مېكيان سېتىۋېلىپ، سىنفىراسنىڭ دېگىنى بويىچە يول بويى تۆكىنى يۇلداپ مېڭىپتۇ ۋە ئىشنى تۈگىتىپ سىنفىراسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. سىنفىراس:

www.uyghurkitap.com

— سىز گۇناھىڭىزنى يۇيۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى تۈگەتتىڭىز، ئەمدى ئىككىنچى قىسمىنى تاماملاڭ. يەنى، سىز بېرىپ يول بويى چېچىپ كەلگەن توخۇ پەيىنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

قىزچاق سېنفىراسنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن شامال توخۇ پېيىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە ئارانلا ئاز بىر قىسمىنىلا تېپىپ كېلەلەپتۇ ۋە:

— توخۇ پېيىنى تولۇق تېرىپ كېلەلمىدىم، — دەپتۇ.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، بالام. سىز ئۇ پەيلەرنى ھەرگىزمۇ تولۇق تېپىپ كېلەلمەيسىز. سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىققان ئاشۇ ئەخمىقانە گەپلىرىڭىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ سىز ئېغىزىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ گەپلىرىڭىزنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ قايتۇرۇۋالالامسىز؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداقتا سىز ئاغزىڭىز قىچىشىپ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلغىڭىز كەلگەندە، ئاغزىڭىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. ئېغىزىڭىزدىن چىققان گەپ ھەرگىزمۇ توخۇ پېيىدەك ھەممىلا يەردە چېچىلىپ يۈرمىسۇن.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا سۆز - ھەرىكىتىمىز بىلەن كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز، بولۇپمۇ، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى، يامان گېپىنى قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، خۇددى چېچىۋەتكەن توخۇ پېيىنى تېپىپ كەلگىلى بولمىغىنىدەك، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنىمۇ قايتۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ.

# شاكىچىك توم

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى ئازاپ بىلەن خۇشاللىقتىن ئىبارەت بۇ خىل كۈچنى قانداق كونترول قىلىشنى بىلىش ھەمدە بۇ ئىككى كۈچ تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ قالماسلىقتا.

— پلۇتارك

ۋىت خېنىم باللار دوختۇرخانىسىدا پىراكتىكانت سېستىرا بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە توم ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالىغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ. تومنىڭ بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزى بىلەن سالپىيىق چېچى چىرايىغا خۇيمۇ ياراشقانىدى. ۋىت خېنىمنىڭ نەزىرىدە توم چىركاۋدىكى ئەينەك رامكىلارغا قويۇلغان پەرىشتىلەرگە ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە، توم تولىمۇ بىچارە، غېرىب، روھىي تەشۋىشكە چۆمگەن يېتىم بالا ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كېسىلى يۇقۇملۇق بولسىمۇ ۋىت خېنىم ئۇنى يەنىلا قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلاتقىنىدا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئاپىسى بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ۋىت خېنىم دەم ئېلىشقا بارغىنىدا تومغا بىرنەچچە تال ئويۇنچۇق سېتىۋالىدۇ. دەم ئېلىشى تۈگەپ دوختۇرخانىغا قايتىپ، ياتاق دېرىزىسىدىن تومنىڭ كارىۋىتىنىڭ رەتلىك، پاكىز يىغىشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ، لېكىن توم كۆرۈنمەيتتى.

— توم قېنى؟ — ئالدىراپ سورىدى ۋىت خېنىم كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەن سېستىرادىن.

— ھەي، ئۇ شەنبە كۈنى كېچىدە قازا قىلدى. سىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز كەنسىز ـ دە؟

ئىمىدىگەن قاتتىق شۇم خەۋەر بۇ! بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋىت خېنىم چاقماق سوقۇۋەتكەندەك ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا سېستىرالار

ئارام ئېلىش ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ.

— ۋىت خېنىم، — دەپ توۋلايدۇ سېستىرالار باشلىقى ستېيك خېنىم، — ئىشلەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ياشلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېتىپ دەرھال ئىشقا چۈشۈڭ، هازىرلا.

قايغۇسىنى باسالماي ئاران تۇرغان ۋىت خېنىم «باغرى قاتتىق» بۇ سېستىرالار باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا، دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالىدۇ:

— سىز نېمانداق رەھىمسىز - ھە؟ توم مۇشۇنداقلا كېتەمدۇ! ئۇ تېخى ئانا مېھرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىغۇ، ئۇ نېمىدېگەن بەختسىز! سىز ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ باققانمىتىڭىز؟ باشقا بالىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ باققانمىدىڭىز؟ ياق، سىز ئۇنداق قىلىپ باقمىغان، سىز شۇ: «ۋىت خېنىم، ئىشىڭىزنى قىلىڭ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىڭ» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيسىز. مەن شۇنداق يۈرەلەمدىم؟ ياق، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن ئۇ بالىنى ياخشى كۆرىمەن. ۋىت خېنىمنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ چۈشۈشكە باشلايدۇ.

— ۋىت خېنىم، — سېستىرالار باشلىقى قولياغلىقنى ۋىت خېنىمنىڭ تىزىغا ئاستا قويۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا تۆۋەن ئىدى، ئۇ ئۇنى بوغۇلغان ھالدا:

— خىزمەت جەريانىدا تومغا ئوخشاش بالىلار بىزگە كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى بېسىۋالمىساق، ئۇلار بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىدۇ. بىزنىڭ يۈرىكىمىز مېۋە ئۆيۈتمىسىغا ئوخشاش ئۇيۇلما ھالەتتىكى يۇمشاق جىسىم بولۇشى كېرەك، بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرمىسەك، بۇ تىراگېدىيەلەرگە ئاقىلانىلىق بىلەن يۈزلەنمىسەك بولمايدۇ. ئالدىمىزغا كەلگەن بالىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك، — دەيدۇ.

ستېيك خېنىم ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

— سىز تومنىڭ كۆز يۇمغاندا يالغۇز ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسىڭىز، بۇ بەلكىم سىزگە ئاز - تولا تەسەللى بېرەلىشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى.

ۋىت خېنىم بىلەن ستېيك خېنىم سېستىرالار ئارام ئېلىش ئۆيىدە ئولتۇرۇپ توم ئۈچۈن خېلى ئۇزۇنغىچە كۆز يېشى قىلىشتى. ئاندىن يۈز - كۆزىنى سۈرتۈپ

چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشۈپ ئارام ئېلىش ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ كۆيۈنۈشىگە ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا موھتاج بالىلارنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كېتىشتى.

**مۇلاھىزە:**

ئادەم دېگەن ھېسسىياتلىق مەخلۇق. لېكىن بەزىدە ئاشۇ ھاياجانلىق كەيپىياتىمىزنى ئا-قىلانىلىق بىلەن تىزگىنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ سوغۇققان بولغاندىلا ئاندىن خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگىرىيىسى

# ئەقىل سېتىۋېلىش

ئادەم ئاچچىقلانسا، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئامفىۋىيىدىن بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىدۇ.

— دارۋىن

بىر نامرات ئادەم قاتتىق ياغقان يامغۇرنىڭ زەربىسىدىن ئۆرۈلۈپ كەتكەن تامنىڭ ئارىسىدىن بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋېلىپ، بىر كېچىدىلا بېيىپ كېتىپتۇ. پۇلغا ئېرىشكەن بۇ نامراتنىڭ ئەقىللىق بولغۇسى كېلىپ، بىر ئاقساقالدىن ئەقىللىق بولۇشنىڭ سىرىنى دەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئاقساقال:

— سىزنىڭ پۇلۇڭ بار، باشقىلارنىڭ ئەقلى بار، سەن نېمىشقا ئاشۇ پۇللىرىڭنى خەجلەپ باشقىلاردىن ئەقىل سېتىۋالمايسەن؟ — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەھەرگە كىرىپ ئەقىللىق ئادەمنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەقلىڭنى ماڭا سېتىپ بېرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەقىللىق ئادەم:

— ئەقلىمنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى، بىر جۈملىسى يۈز سەر كۈمۈش، — دەپتۇ.

— ئەقلىنى سېتىۋالالايدىغانلا بولسام قانچىلىك قىممەت بولسىمۇ مەيلى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— قېيىنچىلىققا يولۇققىنىڭدا ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىرىما، ئاۋۋال ئالدىڭغا ئۈچ قەدەم، ئاندىن كەينىڭگە ئۈچ قەدەم ماڭ، ھەمدە بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلا، شۇنداق قىلساڭلا ئەقىلگە ئېرىشەلەيسەن، — دەپتۇ ئەقىللىق ئادەم.

— ئەقىل دېگەن مۇشۇنداق ئاددىي نەرسىما؟ — سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.

ئەقىللىق ئادەم نامرات ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ،

تۇ ۋە:

— سەن ئاۋۋال قايتىپ تۇر، ناۋادا دېگەنلىرىم مەن دېگەن پۇلغا يارىمىسا مېنى ئىزدەپ كەلمە، ناۋادا ياراپ قالسا پۇلنى ئەكىلىپ بەرسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ كېچىلەپ ئۆيگە قايتىپتۇ ۋە قاراڭغۇدا خوتۇنىنىڭ كارىۋاتتا باشقا بىر ئادەم بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇئان دەرغەزەپكە كېلىپ پىچاقنى ئېلىپ ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ - يۇ، شۇ زامان كۈندۈزدە سېتىۋالغان ئەقىل يادىغا كېچىپ، ئالدى - ئارقىسىغا ئۈچ قەدەمدىن ئۇچ قېتىم مېڭىپتۇ. دەل شۇ چاغدا خوتۇنى بىلەن كاڭدا ياتقان ئادەم ئويغىنىپ:

— ئوغلۇم، بۇ يېرىم كېچىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ.

نامرات ئادەم ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپتۇ ۋە كۆڭلىدە:

— ناۋادا بۈگۈن ئەقىل سېتىۋالمىغان بولسام، خاتا ھالدا ئاپامنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىكەنمەن، — دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇ ھېلىقى ئەقىللىك ئادەمگە پۇلنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققىنىمىزدا ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرمەيلا ئاچچىقلىنىپ كېتىمىز. پا- جىئەنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ۋاقىتلىق ھاياجان ۋە ئالدى - كەينىنى ئويلىمايلا ئىش قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققاندا سوغۇققان بولۇپ، ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىل- گەندىن كېيىن ئاندىن ھۆكۈم چىقارساق، نۇرغۇن پاجىئەدىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتۇق.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئۆيى

# راھىب بەيىننىڭ سالماقلىقى

قىلغانلىرىڭىزنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىڭ، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

— روزۋېلت خانىم

ياپونىيەدە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بەيىن ئىسىملىك بىر راھىب بولۇپ، باشقىلار ئۇ توغرىلىق نېمىلا دېمىسۇن پەرۋاسىزلىق بىلەن: «شۇنداقمۇ؟» دەپلا قويىدىكەن.

راھىب بەيىن تۇرۇۋاتقان بۇتخانىنىڭ يېنىدا بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئەر ـ خوتۇن قىزىنىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ سەتچىلىك ئالدىدا قانداقمۇ ئاچچىقلانماي تۇرالىسۇن؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىستىشى بىلەن قىز دۇدۇقلىغىنىچە:

— بالىنىڭ دادىسى بەيىن، — دەپتۇ.

بۇ ئەر ـ خوتۇن غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بەيىن بىلەن دېيىشكىلى بېرىپتۇ. ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغان بەيىن ئۆزىنى ئاقلاپمۇ ئولتۇرماپتۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا: «شۇنداقمۇ؟» دەپلا قويۇپتۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇلار بالىنى بەيىنگە تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي، قوشنىلىرىدىن سۈت قاتارلىق بوۋاققا لازىملىق نەرسىلەرنى سوراپ ئېلىپ بالىنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ يۇرۇۋېرىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن تاپا ـ تەنە ۋە مەسخىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن خۇددى بىر ئۆزىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىپ بېرىۋاتقاندەك كەيپىياتتا بالىنى بېقىۋېرىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن توي قىلمايلا ئانا بولۇپ قالغان بۇ قىز ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋېرىشكە چىدىماي، ئاتا ـ ئانىسىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە بالىنىڭ دادىسى شۇ قورودا ئولتۇرىدىغان باشقا بىر يىگىت ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەر ـ خوتۇن قىزىنى ئېلىپ بەيىننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇ ـ نىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە بالىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ.

بەيىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھېچنەرسە دېمەپتۇ، پەقەت بالىنى ئېلىپ كېتىدىغاندىلا مۇلايىملىق بىلەن: «شۇنداقمۇ؟» دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا مەيلى قانداق ئەيىبلەشكە ۋە تۆھمەتكە يولۇقمايلى، مۇناخ بەيىنگە ئوخشاش پىسخىك نورماللىقنى ساقلاپ، رىئاللىققا سەگەكلىك بىلەن يۈزلىنىپ، سەۋەبسىز ئاچچىقلىنىش ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن ھودۇقۇپ، ھوش ـ كاللىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# شيۇجېڭنىڭ تەۋەرۈكى

دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە بېرىدىغان [illegible] ئىنىڭكە قارىغاندا ئەمەلىيەتتە يېقىن بولىدۇ.

— كارنېگى

شيۇجېڭ قەدىمكى ياپونىيەدە ئۆتكەن ۋەزىر. بىر كۈنى بىر چاكار سېپىلغا يېقىن جايدا بىرەيلەننىڭ شيۇجېڭنىڭ 30 نەچچە تۈرلۈك سىياسىي سەۋەنلىكى يېزىلغان ياغاچ تاختىنى تىكلەپ قويغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. باشقا ۋەزىرلەر مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇ ياغاچ تاختاينى شيۇجېڭغا كۆرسىتىپتۇ ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا:

— بۇ ياغاچ تاختاينى تىكلىگەن ئادەم بەك رەزىل ئىكەن. شۇڭا ئۇنى قولغا ئېلىپ قاتتىق جازالاش كېرەك، — دەپتۇ.

شيۇجېڭ ياغاچ تاختايغا يېزىلغان خەتلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن دەرھال:

— باشقىلارنىڭ مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى كۆرسىتىپ بېرىشى تولىمۇ ياخشى ئىش، مەن بۇلارنى تەخىرسىز ماڭا قىلغان شەپقەتتى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان تەۋەررۈك قاتارىدا ئەتىۋارلاپ ساقلايمەن، — دەپلا ياغاچ تاختاينى نەپىس خالتىغا ئوراپ ساندۇققا سېلىپتۇ ۋە مىرزا - كالانلارنى يىغىپ تاختايدا يېزىلغان سەۋەنلىكلىرى ئۈستىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شيۇجېڭنىڭ نامى تېخىمۇ كەڭ تارىلىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىش — ئادەمنى تېخىمۇ شادىمان، تېخىمۇ ساغلام يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئادەمدە كۆكسى - قارنى كەڭ خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە تەنقىدكە ئۇچرىغان ھامان ئا Q نىڭ بېشىدىكى «تاتۇق»نى تىلغا ئالسىلا ئاچچىقلانغىنىغا ئوخشاش چىچاڭشىپ كېتىدىغان بولسا، ئىچى تار، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شۆلگەي ئۆزلىكىدىن قۇرۇسۇن

باشقىلارنىڭ ھەرقانداق ھۆرمىتىگە ئېرىشىش [illegible] ئىپادە بىلدۈرمىسەملا، ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— لىنكولىن

مىجەزى ئىنتايىن چۇس، ئاچچىقى يامان بىر يىگىت بولۇپ، باشقىلار بىلەن ناھايىتى ئاسانلا سوقۇشۇپ قالىدىكەن. شۇڭا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ئۆچ ئىكەن. بىركۈنى ئۇ «مېھىر - شەپقەت» بۇتخانىسىدا سەيلە قىلىۋېتىپ بىر ھەزرەتنىڭ ۋەز ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە توۋا قىلىپ خاتالىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. ئۇ ھەزرەتكە:

— ئۇستاز! باشقىلارنىڭ ئۆچلىكىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ھەرگىزمۇ باشقىلار بىلەن سوقۇشمايمەن، خەق يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ قويغان تەقدىردىمۇ ئامال بار ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ تۈكۈرۈكنى ئېيتىۋېتىمەن ۋە سۈكۈت قىلىپ چىدايمەن، — دەپتۇ. ھەزرەت:

— ھەي! بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، تۈكۈرۈك ئۆزى قۇرۇپ كەتسىلا بولمىدىمۇ، ئېيتىمىساڭمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ مۇمكىنمۇ، مەن بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟

— بۇنىڭ چىدىمىغۇدەك نېمىسى بار؟ سەن يۈزۈمگە پاشا ياكى چىۋىن قونۇۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇشنىڭ ياكى ئۇنى تىللاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دەپلا چۈشەنسەڭ بولمىدىمۇ. باشقىلار يۈزۈڭگە تۈكۈرۈپ قويسا ئۇنى ھار ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلساڭلا بولىدى، — دەپتۇ.

— لېكىن خەق يۈزۈمگە تۈكۈرمەي، مېنى مۇشت بىلەن ئۇرسا قانداق قىلىمەن؟

ــ بۇمۇ ئوخشاشقۇ! بۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسىلا بولدى، خەقنىڭ سېنى ئۇرغىنى شۇ بىر مۇشتىلىغۇ!

يىگىت ھەزرەتنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلالماپتۇ ۋە ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالـ ماي ھەزرەتنىڭ كاللىسىغا مۇشت بىلەن بىرنى سېلىپتۇ ۋە:

ــ قانداق راھىب! ھازىر ئۆزۈڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ھەزرەت بولسا:

ــ مېنىڭ بېشىم تاشتەك قاتتىق، ھېچقانداق بولمىدىم، لېكىن سېنىڭ قولۇڭنى ئاغرىتىپ قويدۇممىكىن دەيمەن، ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا.

يىگىتنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ زۇۋان سۈرەلمەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئېغىر ـ بېسىق ئادەمنى يەڭگىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئېغۋاـ گەرچىلىكى بىلەن خورلۇقىنى كۆڭلىمىزگە ئالماي ئۆتكۈزۈۋەتسەكلا تاپا ـ تەنىلەر بىراقلا تۈگەپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى مەنبەسى

# بېلىق تۇتۇش

مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلىڭ، ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلماڭ؛ مەيلى قانداقلا ئىش بولۇز بەرسۇن چوقۇم ئېغىر ـ بېسىق، سوغۇققان بولۇڭ.

ـــ دىككېنس

يىگىت بىلەن بوۋاي دەريا بويىغا بېلىق تۇتۇشقا بېرىپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئەجەپلىنەرلىكى بوۋايىنىڭ قامىقىغا پات ـ پاتلا يوغان بېلىق چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، يىگىتنىڭ لەيلىمە بەلگىسى مىتمۇ قىلماي قويماي شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بوۋايدىن:

ـــ ئىككىمىزنىڭ يەمچۈكى ئوخشاش، بېلىق تۇتۇۋاتقان جايىمىزمۇ ئوخشاش، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا سىلى ئاسانلا تۇتۇلا، مەن نېمىشقا بىرنىمۇ تۇتالمايمەن، ـــ دەپ سوراپتۇ. بوۋاي مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ يېنىكلىك قىلىش، كەيپىيات تۇراقلىق بولماسلىق، تەشۋىشلىنىش دېگەنلەر سىلەر ياشلارنىڭ ئورتاق يېتەرسىزلىكىڭلار، مەن بېلىق تۇتۇۋاتقاندا ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىمەن، ھەرگىزمۇ ساڭا ئوخشاش قارماق دەستىسىنى بىكار تۇرماي مىدىرلاتمايمەن، ئاھ ئۇرۇپ زارلانمايمەن. شۇڭا مەن تەرەپتىكى بېلىقلار بۇ يەردە ئادەمنىڭ بارلىقىنى پەقەت بىلەلمەيدۇ، سەن تەرەپتىكىسىچۇ؟ سەن بىكار تۇرماي: بېلىق يەمچۈكنى يېگەنمىدۇ، ـــ دەپ كۆزۈڭنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىدىكەنسەن، بېلىق يەمچۈككە يېقىنلاشقان ھامان ئالدىراپ كەيپىياتىڭمۇ تۇراقسىزلىنىشىپ، دىققىتىڭ چېچىلىپ كېتىدىكەن، بۇنداق قىلساڭ بېلىق قورقۇپ قېچىپ كەتمەمدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بېلىق تۇتالامسەن؟ ـــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلىش كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەپ، نورمال كەيپىياتتا بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ تېگىشلىك سەۋىيەيىڭىزنى جارى قىلدۇرالايسىز. كۆپىنچە ھاللاردا بىز باشقىلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئالدىراقسانلىقى بىلەن كەيپىياتىمىزنى تەڭشىيەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆزىمىزگە ئۇتتۇرۇپ قويىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى دۇنياسى

# رېمونتچىدىن ئاپتوموبىل شاھىغىچە

ئادەم بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېڭىلىقنى ئاشلاپ، توختاملىق بولۇش كېرەك. مەيلى بەختلىك بولسۇن ـ بولمىسۇن، جاسارەتلىك ۋە يارامىلىق بولۇش لازىم.

—— رومىن. روللاند

ھېنرىي فورد رېمونت ئىشچىسى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ چوڭ ئەرباپ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ ئىش ھەققىنى ئېلىپ خۇشال ھالدا شىركەتكە يېقىن بىر ئالىي دەرىجىلىك ئاشخانىغا تاماقا كىرىدۇ. ئۇ ئاشخانىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپ قويمايدۇ. ئاخىرى بىر مۇلازىم ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق ئولتۇرغىنىغا قاراپ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ تاماق بۇيرۇتىدىغان ـ بۇيرۇتمايدىغانلىقىنى سورايدۇ.

ھېنرىي فورد خۇشال ھالدا تاماق بۇيرۇتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇلازىم ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ تاماق تىزىملىكىنى شىرەگە تاشلاپ قويىدۇ. ھېنرىي فورد تاماق تىزىملىكىگە قارا ـ قارىمايلا مۇلازىم مەنسىتمىگەن تەلەپپۇزدا:

— تاماق تىزىملىكىگە ئۇنچىۋالا تەپسىلىي قاراپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز ئوڭ تەرەپ (تاماق باھاسىنى دېمەكچى) كە قارىسىڭىزلا كۇپايە، سول تەرەپ (تاماق تۈرلىرىنى دېمەكچى) كە قارىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دەيدۇ.

ھېنرىي فورد ھەيران بولغان ھالدا مۇلازىمغا قارايدۇ ۋە مۇلازىمنىڭ بىزارلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كېلىدۇ. ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئەڭ قىممەت تاماقنى بۇيرۇتماقچى بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن يانچۇقىدىكى ئاشۇ ئازغىنە ئىش ھەققىنى ئويلاپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ ئامالسىز بىر تال ھامبۇرگ بولكىسى بۇيرۇتىدۇ.

مۇلازىم دىمىقىنى قېقىپ، ھېنرىي فوردنىڭ قولىدىكى تاماق تىزىملىكىنى تە-

كەببۇرلۇق بىلەن يولۇپ ئالىدۇ. گەرچە مۇلازىم باشقا گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېنرىي فورد مۇلازىمىنىڭ چىرايىدىن خۇددى: «سەن قەلەندەرنىڭ مۇشۇ ھامبۇرگ بولكىسىدىن باشقا نەرسىگە چىقىنالمايدىغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم» دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

مۇلازىم كەتكەندىن كېيىن ھېنرىي فورد ئۆزىنىڭ پۇل خەجلىمىگەنلىكى سەۋەبلىك باشقىلار تەرىپىدىن خورلانغانلىقىدىن رەنجىپمۇ يۈرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەستايىدىل ئويلايدۇ:

— مەن نېمىشقا دائىم ئۆزۈمنىڭ يېگۈسى بار تاماقلارنى بۇيرىتالماي، بۇيرۇتۇشقا قۇدرىتىم يېتىدىغان تاماقلارنىلا بۇيرۇتىدىغاندىمەن؟

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېنرىي فورد جەمئىيەتتە تونۇلغان شەخس بولۇشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە مانا مۇشۇنداق ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە ئاخىرى ئادەتتىكى رېمونتچىدىن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر ئاپتوموبىل شاھى بولۇپ چىقىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا كۆز ئالايتىشلارغا ۋە سوغۇق مۇئامىلىگە پات - پات ئۇچراپ تۇرىمىز، بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئېغىر - بېسىق بولۇپ، باشقىلار بىلەن سوقۇشۇشنىڭ ئورنىغا باشقىلارغا بولغان نارازىلىقىمىزنى غەيرەتكە كېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب ئۆزىڭىزنى تەڭشەپ كۆڭۈل بېسىمىدىن قۇتۇلۇڭ

بىز ئۇچرايدىغان بېسىم كۆپىنچە ئىچكى دۇنيارىمىزدىن كېلىدۇ. كۆڭلىمىز ھەر زامان بېسىم ۋە ئازابنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. تۇرمۇشتا بېسىم ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىمىزنى ئۇستىلىق بىلەن تەڭشەپ، كۆڭۈل «بېسىم» دمىزنى يېنىكلەتسەكلا ئەمەلىي كۈچىمىزنى تولۇق ساقلاپ قالالايمىز.

بېسىم ھېس قىلغىنىمىزدا ئىچ پۇشۇقى ۋە ئازابنى ئەخلەت قاتارىدا چۆرۈۋېتىڭ، كۆڭلىڭىزگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ۋە چىگىش ـ مۇرەككەپ نەپرەت ۋە ئازابلىرىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىن پاك ـ پاكىز چىقىرىۋېتىڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىزلا ئازادە ۋە خۇشال روھى ھالەتكە ئىگە بولالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى تارقىلىش

# روھىڭىزنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىڭ

ئادەم پاك قەلبكە ئىگە بولۇپ، [illegible] ئاداۋەتنى تۈگەتكەندىلا ياشلىق باھارىنى خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالالايدۇ.

ـــ ستېندال

شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شاڭ تاڭ دەيدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزى يۇيۇنىدىغان داسنىڭ يېنىغا «پاكىز يۇرەي دېسەڭ كۈندە پاكىز بول ھەم كۈندە پاكىز بول» دەپ يېزىپ قويغانىكەن. ئۇ ھەر قېتىم يۇيۇنغاندا سىرتىدىن بەدىنىنى يۇيسا، ئىچىدىن قەلبىنى يۇيىدىكەن. شۇڭا يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن: «بەدىنىممۇ، قەلبىممۇ شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتى» دەيدىكەن.

رېئال تۇرمۇشتا كۆپ ساندىكى ئادەم ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تاپالماي جاھىللىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى دەرد تېپىۋالىدۇ. دەرد ئادەم قەلبىدىكى ئەخلەتكە ئوخشاش شەكىلسىز ئازاب بولۇپ، ئۇ رەنجىش، نەپرەت، ئاچكۆزلۈك، ئەقىلسىزلىك قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

تازىلىق ئىشچىلىرى ھەر كۈنى كوچىلاردىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ تۇرغاچقا كوچا ئازادە، پاكىز تۇرىدۇ. سىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر كۈنى روھىڭىزدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ تۇرسىڭىز، تۇرمۇشىڭىز شاتلىققا تولىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

دەرد ـ ئەلىمىڭىزنى ئەخلەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ. قەلبىڭىزگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، مۇرەككەپ نەپرەت ـ ئازابلىرىڭىزنى كۆكۈل ـ كۆكسىڭىزدىن پاكىز تازىلىۋەتسىڭىزلا ئازادە ھەم خۇشال كەيپىياتقا ئىگە بولالايسىز.

# بىر قېتىم ئەپۇ سورىسىڭىزلا كۇپايە

قىزىقچىلىق تۇرمۇش قايىنىمىدىكى بىر خىل تەمسىرىكى.

—— ماۋروئىس

جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدە زۇڭتۇڭ لىنكولىن ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر يولۇققان پېشكەللىك بېسىمىنى دائىم قىزىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق پەسەيتىدىكەن.

بىر قېتىم ئالدىراپ ماڭغان بىر ئوفىتسېر ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىمنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ كارىدورىدا لىنكولىن بىلەن ئۇسۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۇسۇۋالغان ئادەمنىڭ زۇڭتۇڭ لىنكولىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئەپۇ سورايدۇ.

— سىزدىن تۈمەن قېتىم ئەپۇ سورايمەن، — دەيدۇ ئۇ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— بىر قېتىم ئەپۇ سورىسىڭىزلا كۇپايە، — دەيدۇ لىنكولىن جاۋابەن، ئاندىن ئۇلاپلا: — پۈتۈن قىسىمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مانا مۇشۇنداق چاققان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەيدۇ.

يەنە بىر قېتىملىق ئەسكىرىي كۈچ مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇزاكىرىدە بىرەيلەن لىنكولىندىن جەنۇب تەرەپتىكى جەڭ مەيدانىدا قانچىلىك ئادەمنىڭ بارلىقىنى سورايدۇ:

— بىر مىليون 200 مىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ لىنكولىن.

ئەمەلىيەتتە بۇ سان جەنۇب تەرەپتىكى قوشۇننىڭ ئەمەلىي كۈچىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ھەيرانلىق ۋە گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ تۇرغانلارغا:

— خاتاسى يوق، راست بىر مىليون 200 مىڭ، سىلەرگە ئايان بولغىنىدەك، بىزنىڭ گېنېراللىرىمىز ھەر قېتىم مەغلۇپ بولغاندا ماڭا: «بىز ئاز، دۈشمەن كۆپ، بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىدۇق، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىزدىن ئاز دې-

www.uygurkitap.com

گەندىمۇ ئۈچ ھەسسە كۆپ» دەيدۇ، مەنمۇ ئامالسىز ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىمەن. ھازىر بىزنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەسكىرىمىز 400 مىڭ. شۇڭا دەيمەن، جەنۇب تەرەپتىكى قوشۇنىمىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىر مىليون 200 مىڭ. بۇنىڭدا قىلچە خاتالىق يوق، — دەيدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىز ئۇچرايدىغان بېسىم كۆپىنچە ئىچكى دۇنيارىمىزدىن كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا قىلىنغان قىزىقچىلىق بېسىمىمىزنى يېنىكلىتىپ، روھىي جەھەتتىن ئازادە قىلىدۇ. كەيپىياتىمىزنى بوغۇپ تۇرغان بېسىممۇ يۇمۇرىستىك كەيپىيات ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىدۇ.



# پۇتبول شاھى پېلىنىڭ دەردى

دەرد ئوي ــ پىكىرنىڭ چۆكۈپ كېتىشىنىڭ مەھسۇلى.

ــ فرانكلىن

پۇتبول شاھى پېلى بىرازىلىيەدىكى داڭلىق كوماندا سانتروس كوماندىسىغا دەسلەپ كىرگەندە زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ: «داڭلىق پۇتبولچىلار مېنى مازاق قىلارمۇ؟ ناۋادا بىرەر ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسام، ئۆيدىكىلەر ۋە دوستلىرىمغا يۈز كېلەلەرمەنمۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

ئۇ «ئاشۇ داڭلىق پۇتبولچىلارنى مەن بىلەن توپ ئوينىدىمۇ دەيلى، ئۇلار مېنىڭ پاراسەتسىزلىكىم بىلەن نادانلىقىمنى ئۆزلىرىنىڭ توپ ماھارەتلىرى ئارقىلىق سەلبىي جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرەر. ناۋادا ئۇلار مەيداندا مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەق قىلىدىغان ئوبيېكتى قىلىۋېلىپ، گوموش قاتارىدا ھەيدىۋەتسە قانداقمۇ قىلارمەن؟ »دېگەنلەرنىمۇ ئويلايدۇ.

پېلى مانا مۇشۇنداق ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان گۇمان ۋە تەشۋىش سەۋەبىدىن تۇرمۇشتا زادىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. گەرچە ئۇ قۇرداشلىرى ئارىسىدا داڭقى چىققانلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئەندىشە ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى ئارزۇ ـ ئۈمىدى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئاخىرى پېلى ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي سانتروس كوماندىسىنىڭ مۇسابىقە مەيدانىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى جىددىيلەشكەن ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «مەشق رەسمىي باشلانغاندا، سۇر باسقىنىدىن قورقۇپ يەردە ئولتۇرۇپ قالغىلى تاس قالدىم.» پېرلى مانا مۇشۇنداق ھا-

www.uyghurkitap.com

لەتتە بۇ داڭلىق كوماندىغا قاتناشقانىدى. ئۇ دەسلىپىدە: «مەن بۇ كوماندىغا يېڭى كەلدىم، بەلكىم تىرېنېرمۇ مېنى توپ ئايلاندۇرۇش، پاس بېرىش دېگەندەك مەشقلەرگىلا سالىدۇ، ئاندىن مۇسابىقىگە سالماي ‹ئورۇندۇق ئەزاسى› قىلىپ قويىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. كىم بىلسۇن، تۇنجى مەيدان مۇسابىقىدىلا تىرېنېر ئۇنى مەيدانغا سالىدۇ، يەنە كېلىپ ئاساسلىق ئوتتۇرا ھۇجۇمچى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن جىددىيلىشىپ كەتكەن بېرلى خېلىغىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالىدۇ، پۇتلىرىمۇ ئۆزىگە بويسۇنمايدۇ، ھەر قېتىم ئالدىغا توپ كەلسە، خۇددى باشقىلارنىڭ مۇشى تېگىدىغاندەك تۈيغۇدا بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇتلىرىنى يۆتكەپ مەيداندا توپ بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشكە باشلىغاندىلا ئۆزىنىڭ كىم بىلەن توپ تېپىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ پۇتۇنلەي ئۇنتۇيدۇ ۋە توپ ئېلىش، پاس بېرىش، توپ ئايلاندۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئىنتايىن نورمال ئىشلەيدۇ. مۇسابىقە ئاخىرلىششقا ئاز قالغاندا ئۇ ئۆزىنى خۇددى مەھەللىسىدە توپ مەشقى قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، سانترس كوماندىسىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

ئۇ قورققان پۇتبول چولپانلىرىنىڭ بىرسىمۇ ئۇنى كەمستمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئاجايىپ دوستانە مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئەگەر بېرلى دەسلىپىدىلا ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىپ، توپنى تېپىۋەرگەن ھەمدە ئاساسسىز گۇمان ۋە ئەندىشىدە بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنچىۋالا روھىي بېسىمغا ئۇچرىمىغان بولاتتى.

**مۇلاھىزە:**

قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ قىلىڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىز جىددىيلىشىشتىن خالىي بولۇپ، خاتىرجەم كەيپىياتقا ئىگە بولالايسىز.

# سودىگەرنىڭ قوي سانىشى

ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ يىغقان - تەرگىنىنى خەجلەشكە كۆزى قىيمايدىغان ئادەملەر بىلىپ - بىلمەيلا زېھنىنى ئىسراپ قىلىپ قويىدۇ.

—— فرانكلىن

كىيىم - كېچەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر سودىگەرنىڭ سودىسى يۈرۈشمەي جىق زىيان تارتىپ كەتكەچكە، كۆڭلىگە ئىچى پۇشۇپ ئۇيقۇدىن قاپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن خوتۇنى ئېرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئېرىگە پسىخولوگىيە دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پسىخولوگىيە دوختۇرىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

دوختۇر ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدى؟ ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە.

— بۇنى ھەل قىلىش ئاسان، ئۇيقىڭىز قاچقاندا قوي ساناڭ.

سودىگەر دوختۇرغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ئۇ يەنە كېپتۇ. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ، روھى ھالىتى ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ ئوسال ئىكەن. دوختۇر ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ:

— سىز دېگىنىمدەك قىلمىدىڭىزمۇ؟ — سودىگەر ئەلەم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەلۋەتتە دېگىنىڭىزدەك قىلدىم - دە! سانىغاندىمۇ 30 مىڭغىچە سانىدىم

دەڭگا!

ــ شۇنچە جىق ساناق ساناپمۇ ئازراقمۇ ئۇيقىڭىز كەلمىدىما؟

ــ تازا كەلدى. بىراق شۇ 30 مىڭ تۇياق قويدىن ئاجايىپ جىق يۇڭ چىقىدىغانلىقى، بۇ يۇڭلار ۋاقتىدا قىرقىۋېلىنمىسا بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ پەقەت ئۇخلىيالمىدىم.

ــ يۇڭنى قىرقىپ بولۇپلا ئۇخلىسىڭىز بولمىدىمۇ؟

باش قېتىقچىلىقى شۇ قىرقىۋېلىنغان يۇڭدىن چىقتى دېمەمسىز، 30 مىڭ تۇياق قوينىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان پوپايكىلارغا نەدىنمۇ خېرىدار تاپارمەن دەپ غەم يەپ ئۇخلىيالمىدىم.

**مۇلاھىزە:**

مەيلى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن ۋە مەيلى ئىش قىلىشتا بولسۇن يىراقنى ئويلىغىنىمىز ياخشى. لېكىن يىراقنى بەك ئويلاپ كەتسەك ئۆزىمىزگە بېسىم قىلىۋالىمىز ـ دە، غەمگە پېتىپ قالىمىز. شۇڭا، كۆڭلىمىزنى توختىتىپ، غېمىنى پېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشنىڭ غېمىنى بىھۇدە يېمىسەكلا خاتىرجەم، خۇشال ياشىيالايمىز.



# ئۆزىڭىزگە «كېرىكى يوق» دېيەلەيدىغان بولۇڭ

ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ھەتتا ئۈزۈڭىز ئەڭ ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغانلىقتەك، پاكىت ئالدىدىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ.

—— كافكا

بىركۈنى بىر پىنشقەدەم پىروفېسسور ۋاڭ لىنىڭ سىنىپىغا كىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ سىلەرگە قىلىدىغان نەسىھىتىم بار، بەلكىم بۇ نەسىھىتىم سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىڭلارغا ياردىمى بولۇپ، توختاملىق ئادەم بولۇشىڭلارغا پايدىسى تېگىپ قالار، مېنىڭ سىلەرگە قىلماقچى بولغان نەسىھىتىم شۇكى، «كېرىكى يوق» دېيىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

ۋاڭ لى بۇ سۆزگە يوشۇرۇنغان مەنانى چوڭقۇر چۈشىنىپ، دەپتىرىگە «كېرىكى يوق» دېگەن خەتنى چىرايلىق يېزىپ قويۇپتۇ ۋە «ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ تىنچ قەلبىمگە بۆسۈپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

كېيىن ئۇ راستتىنلا سىناققا دۇچ كەپتۇ. ئۇ كېلىشكەن يىگىت لى گاڭنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. لېكىن لى گاڭ: «مەن سىزنى ئادەتتىكى دوستۇم دەپلا بىلىمەن» دەپ ئۇنى ئەدەپ بىلەن رەت قىپتۇ. بۇ، ۋاڭ لىغا خۇددى جاھان پارتلاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كېچىچە يىغلاپ چىقىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالغان «كېرىكى يوق» دېگەن نەسىھەت ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا بەكلا بىمەنە تۇيۇلۇپتۇ. «كېرىكى باركەنغۇ!» مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىقى خەتكە يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپتۇ: «زادى قانچىلىك كېرىكى

باردۇ؟ لى گاڭ مۇھىم، ئۆزۈممۇ مۇھىم، لېكىن خۇشال ئۆتۈش ھەممىدىن مۇھىم. ئەمما مەن مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن توي قىلارمەنمۇ؟!»

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ۋاڭ لى تۇرمۇشىدا لى گاڭ بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ياشىيالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ داۋاملىق خۇشال ئۆتەلەيدىغانلىقىنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە لايىق ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئادەم بولمىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا خۇشال ئۆتەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ۋاڭ لىغا ماس كېلىدىغان ئادەممۇ چىقىپتۇ. توي ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن كۈنلەردە ھېلىقى «كېرىكى يوق» دېگەن سۆزنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ سۆزنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغاندەك تۇيۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ مۇشۇنداق خۇشال ئۆتىدىغاندەك، تۇرمۇشىدا ئەمدى ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئۇمىدسىزلىك مەڭگۈ بولمايدىغاندەك ھېسسىياتقا كەپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككى سى كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتۇ. ئۇلار تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دەسمى سېلىپ قىلغان سودىسىدا ئېغىر زىيان تارتىپتۇ.

ئېرى ئىشنىڭ جەريانىنى ۋاڭ لىغا دەپ بېرىپلا بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ۋاڭ لىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ ۋە شۇئان ھېلىقى «كېرىكى يوق» دېگەن نەسىھەتنى ئېسىگە ئېلىپتۇ ـ يۇ كۆڭلىدە: «كېرىكى بار، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەن كېرىكى بار» دەپ ئويلاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئوغلىنىڭ كۆبىكنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ ئوينىغاندىكى ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. ئوغلى ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆبىكنى ئويناشتىن توختاپ ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپتۇ. بۇ كۈلۈمسىرەش ۋاڭ لىغا ئاجايىپ قىممەتلىك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ھاياتى كۈچكە تولغان گۈللۈك بىلەن كۆپكۆك ئاسماننى كۆرۈپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئەسلىگە كەلگەندەك بولۇپ، كەيپىياتىمۇ ئوڭشىلىپ قاپتۇ ۋە ئېرىگە:

ــ ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، يوقاتقىنىمىز شۇ پۇلغۇ. راستتىنلا «كېرىكى يوق»، ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا دائىم كۆتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ، غايەت زور روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇرغۇنلىغان ئادەم ئاشۇ بېسىم سەۋەبلىك بىراقلا تۈگىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبلىك ياشاشتىن ئۈمىد ئۈزىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، مەسىلىنىڭ كۆپىنچىسى ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ ئەمەس. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئالدىدا «كېرىكى يوق» دېيەلەيدىغان بولۇپ، ياخشى پسىخىك ھالەتنى ساقلىساقلا كىشىلىك ھاياتتىكى ئاشۇ ئېغىر كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆزىڭىزنىڭ «چېكىنىش پىلانى» بولسۇن

جىددىيلىشىش بىر خىل ئادەت بولغىنىدەك، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشمۇ بىر خىل ئادەت.

—— كارنېگى

بىر قېتىم كارنېگى پويىزدا بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن جىددىيلىشىشكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

شۇ كۈنى ھېلىقى سودىگەر بىلەن كارنېگى ئۇدۇل ئولتۇرغان بولۇپ، سودىگەر پويىزغا چىقىپلا ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە ھەر خىل ھۆججەتلەرنى يېيىۋېتىدۇ.

سودىگەر ئىشىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر غەلىتە ئىش قىلىدۇ: ئۇ سومكىسىدىن ئۈستىگە ئاق رەڭدە «چېكىنىش پىلانى» دېگەن خەت يېزىلغان ئاتكرىتكا چوڭلۇقىدىكى قارا تاختىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشىنى باشلايدۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان كارنېگ تاقەت قىلالماي:

— مەن ئۇرغۇنلىغان «ئالغا بېسىش پىلانى»نى كۆرگەن، لېكىن سىزنىڭكىگە ئوخشاش «چېكىنىش پىلانى»نى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دەيدۇ. سودىگەر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ تاختىنى ئېلىشىمدىكى سەۋەب ئاساسلىقى ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش. چۈنكى مەن ۋاقتىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىسام بولمايدۇ، — دەيدۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئالغا ئىلگىرىلىمەي، ئارقىغا چېكىنىسىز؟

— چۈنكى، مېنىڭ بۇ ئارقىغا چېكىنىش پىلانىم مۇئەييەن نىشاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سىز نىشانىڭىزنى بېكىتكەندىن كېيىن، شۇ نىشانغا يەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ئاندىن چېكىنىش پىلانىدىن بىرنى تۈزۈڭ، شۇندىلا ئىشنى قاچان، قەيەردىن باشلاشنى بىلەلەيسىز.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن قىسلىقىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ چېكىنىش پىلانىنى تۈزۈپ بېقىڭ. شۇنىڭدا ۋاقىت بېسىمىنى ئازايتىپ، نىشانىڭىزغا يېتىشنى يېتەرلىك بولغان ۋاقىت كاپالىتىگە ئىگە قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تورى

# ترۇمان زۇڭتۇڭنىڭ «ئاكوپ»ى

مەيلى قانداقلا كەسپ بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ.

— ئالبېرت. خۇببارد

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بەزىلەر ترۇمان زۇڭتۇڭ خىزمەتنىڭ بېسىمى ۋە جىددىيچىلىكىگە ئىلگىرىكى ھەرقانداق زۇڭتۇڭغا قارىغاندا بەكرەك چىداشلىقكەن، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئۇنى «قېرى» تىۋېتەلمىدى ياكى يوقىتىۋېتەلمىدى، بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش. بولۇپمۇ، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى زۇڭتۇڭ نۇرغۇن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا:

— مېنىڭ قەلبىمدە يوشۇرۇن بىر ئاكوپ بار، — دەيدۇ ترۇمان زۇڭتۇڭ، — خۇددى ئەسكەر يوشۇرۇنۇش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئاكوپقا كىرگىنىگە ئوخشاش، مەنمۇ قەرەللىك ھالدا قەلبىمدىكى ئاشۇ ئاكوپقا كىرىۋېلىپ، ھەممە ئاۋارىچىلىقتىن خالىي ئارام ئالىمەن.

**مۇلاھىزە:**

ھەممىمىز قەلبىمىزدە ئەنە شۇنداق جىمجىت ئارام ئالىدىغان ئۆيىنىڭ بولۇشىنى، شۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ ھەرقانداق بېسىم ۋە پاراكەندىچىلىكتىن خالىي بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. ئادەمنىڭ ھەممىدىن تىنچ، بارلىق پاراكەندىچىلىكتىن خالىي جايى دەل ئۆزىنىڭ قەلبىدە بولسا كېرەك. ئۆزىڭىزنى تەمكىنلىك بىلەن ئەنە شۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ساقلاڭ.

# دوختۇرنىڭ تەكلىپى

جايىدا ئويلانغان ئويۇن — ئارتقان [illegible] سىزىلگەن تەسەللى، خىزمەتكە كىرىشىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدۇر.

— فېڭ زىكەي

IBM شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى توم ۋورسېننىڭ يۈرەك كېسىلى بولغاچقا، كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

— بۇنىڭغا ھەرگىز ۋاقىت چىقىرالماسمەنمىكىن، — دەيدۇ دوختۇرنىڭ بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ئاڭلىغان ۋورسېن تىت-تىت بولۇپ، IBM شىركىتى كىچىك شىركەت ئەمەس، ھەر كۈنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئىش بار، مەن بولمىسام...

— بىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى. دوختۇر ۋورسېنغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا ئۇنى ماشىنىسىغا سېلىپ سىرتقا ماڭىدۇ.

ئۇلار ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا يېقىن ئەتراپتىكى بىر قەبرىستانلىققا يېتىپ كېلىدۇ.

— ھەر ئىككىلىمىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قەبرىستانلىقنىڭ مەڭگۈلۈك مېھمىنى بولۇپ قالىمىز، — دەيدۇ دوختۇر بىر قەبرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سىز بولمىسىڭىز سىزنىڭ ئىشىڭىزنى قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، — سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز شىركىتىڭىز يەنىلا نورمال يۈرۈشۈۋېرىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز تاقىلىپ قالمايدۇ، — ۋورسېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈكۈتكە چۆكىدۇ.

ئەتىسى ئامېرىكا سودا ساھەسىدىكى بۇ داڭلىق دىرېكتور IBM شىركىتىنىڭ مۇدىرىيىتىدىن ئىستېپا سوراپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن كۆڭلى خۇش بولىدىغان يەرلەرگە بارىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن IBM

شىركىتى تاقىلىپ قالماي، تا ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى داڭلىق شىركەت قاتارىدا تۇ-رۇۋېرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئارام ئېلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئىشلەشنىمۇ بىلمەيدۇ، توختىماي ئىشلەش زېھىن ـ قۇۋ-ۋەتنى خورىتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تۇرمۇش بىسىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئارام ئېلىشنى بىلىشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچ جۇغلاپ يېڭى خىرىسقا تەييار بولۇشىمىز كېرەك.



# ۋاروندا پىسخىكىسى

ئۆزىنى ئەركىن تۇتقاندىلا رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

— د. كابو

ۋاروندا ئامېرىكىلىق داڭلىق دارۋاز بولۇپ، بىر قېتىم ئويۇن قويۇۋاتقىنىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن پولات ئارغامچىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى ئىش چىقىدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى، چۈنكى ئۇ مەيدانغا چۈشۈشتىن بۇرۇن توختىماي: ‹بۇ قېتىمقى ئويۇن بەك مۇھىم، مەغلۇپ بولۇشقا قەتئىي بولمايدۇ› دەپلا تۇردى، ئىلگىرىكى ھەر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئويۇنلاردا ئۇ پولات ئارغامچىدا مېڭىشنىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ قانداق نەتىجىلىنىدىغانلىقى بىلەن ئەزەلدىن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى.»

كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر پۈتۈن دىققىتىنى قىلماقچى بولغان ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، نەتىجىسى بىلەن كارى بولمايدىغان ۋە پايدا ـ زىيىنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان بۇنداق پىسخىكىلىق ھالەتنى «ۋاروندا پىسخىكىسى» دەپ ئاتاشقان.

ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى مەلۇم بىر سۈرەت ئەمەلىي ئەھۋالغا ئوخشاش ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى غىدىقلايدىكەن. مەسىلەن: گولف توپ ماھىرى توپنى ئۇرغىچە ئۆزىگە «ھەي، توپ سۇغا چۈشۈپ كەتمىسە بولاتتى» دەپ ئاگاھلاندۇرغاندا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە توپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مەنزىرە ئەكس ئېتىدىكەن ـ دە، نەتىجىدە ئىش ئويلىغىنىدەك توپ سۇغا چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ تەتقىقات ۋاروندا پىسخىكىسىنى باشقا بىر نۇقتىدىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىنى ئەركىن تۇتقاندا سەۋىيەنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەيلى قانداقلا ئىش قىلمايلى نەتىجىسىدىن ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەكسىچە ياخشى پىسخىك ھالەتنى ساقلاپ، ئىشنى ئازادە كەيپىيات ئىچىدە تاماملاش لازىم. شۇنداق قىلغاندا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.



# كاۋا بىلەن تۆمۈر چەمبەر

ئادەم قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغاندىلا ئاندىن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلالايدۇ.

— كارنېگى

بىر بىيولوگىيە پروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىر تەجرىبە ئىشلەپتۇ. ئۇلار كاۋىنىڭ چوڭىيىش جەريانىدا تۆمۈر چەمبەرنىڭ قانچىلىك بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە تۆمۈردىن بىر چەمبەر ياساپ بىر كىچىك كاۋىنى چەمبەر بىلەن ئوراپتۇ. تەجرىبىنىڭ دەسلىپىدە ئۇلار كاۋا كۆپ بولغاندىمۇ 500 قاداق بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دەپ پەرەز قىلىشىپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن، ئۇلار كاۋىغا چۈشكەن بېسىمنى ئۆلچەپتۇ. نەتىجىدە كاۋىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى 500 قاداق چىقىپتۇ؛ ئىككىنچى ئېيى ئۆلچىگەندە بىر مىڭ 500 قاداق؛ ئۈچىنچى ئېيىدا ئىككى مىڭ قاداق چىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كاۋىنىڭ تۆمۈر چەمبەرنى يېرىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆمۈر چەمبەرنى چىڭىتىپتۇ. ئاخىرى كاۋىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى بەش مىڭ قاداقتا چىققاندا كاۋا يېرىلىپ كېتىپ، تەجرىبىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماپتۇ. ئۇلار تۆمۈر چەمبەرنى بۇزۇپ كاۋىنى ئېلىپ، كاۋا ئىچىنىڭ ئىنتايىن پۇختا ئۆسۈملۈك تالاسى بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئەسلىدە كاۋا ئۆزگە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ چوڭىيىشىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈر چەمبەرنى يېرىۋېتەلەيدىكەن. ئادەمنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرىدىغىنى، كاۋىنىڭ يىلتىزلىرى تەرەپ - تەرەپكە تارىغان بولۇپ، تۇپراقتىكى ھەممە ئوزۇقلۇقنى كونترول قىلىۋالغان. بۇ جەرياندا كاۋا ئۆزىنىڭ نورمال ئۆسۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بارلىق ئىقتىدارىنى

تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئۆسۈش جەريانىدىكى بۇ خىل ئىقتىدارى تەجرىبە خادىملىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەم بېسىمغا قارىتا ئۆيلىغىنىدىنمۇ كۈچلۈك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاشۇ بېسىمغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلىسىڭىزلا ھەرقانچە زور بېسىممۇ ئالدىڭىزدا باش ئەگمەي قالمايدۇ.



# ئۆزىڭىزنى غەمدىن خالاس قىلىڭ

چەكتىن ئاشقان ئارزۇ كىشىلىك ھاياتنى خۇشەتسىز قويىدۇ.

ــ لېۋ. تولستوي

بىر سەرگەردان ئايىقى چىقماس يولدا ئۆشىنىسىگە توشقىچە قۇم قاپلانغان ئېغىر خالتىنى ئارتىۋالغان، بەدىنىگە سۇ توشقۇزۇلغان يوغان شلانكىنى يۆگىۋالغان، ئىككى قولىغا يوغان ئىككى پارچە تاش ئېلىۋالغان، بوينىغا كونا ئارغامچىغا ئۆتكۈزۈلگەن يوغان بىر پارچە تۆگمەن تېشى ئېسىۋالغان، پۇتىغا ھەر يوغان تۆمۈر توپچە ئۆتكۈزۈلگەن داتلىشىپ كەتكەن ئىشكەل سېلىۋالغان، بېشىدا يوغان سېسىپ كەتكەن كاۋىنى كۆتۈرۈۋالغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ قەدىمىنى تەستە يۆتكەيتتى، ماڭغىنىدا پۇتىدىكى ئىشكەل «جاراڭ ـ جۇرۇڭ، جاراڭ ـ جۇرۇڭ» ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن، چارچاشنىڭ ئۆزىنى توختىماي قىينىشىدىن ھە دەپ ۋايسايتتى.

ئۇ پېژغىرىن ئىسسىقتا قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بىر دېھقان ئۇچراپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

ــ ھەي چارچاپ ھالىدىن كەتكەن سەرگەردان، قولۇڭدىكى تاشنى نېمىشقا تاشلىۋەتمەيسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن راست، تازا ساراڭ ئىكەنمەن، ــ دەپتۇ سەرگەردان نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك قىلىپ، ــ مەن ئىلگىرى بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن؟ ــ سەرگەردان قولىدىكى تاشنى تاشلىۋېتىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا بىر كىچىك بالا ئۇچراپتۇ:

ــ قېنى دېگىنە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن سەرگەردان، نېمىشقا بېشىڭدىكى ئاۋۇ سېسىق كاۋىنى تاشلىۋەتمەيسەن؟ پۇتۇڭغا نېمىشقا شۇنداق يوغان ئىشكەل

www.uyghurkitap.com

سېلىنىۋالدىڭ؟

ــ سېنىڭ ماڭا بۇلارنى دەپ قويغىنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى ئاڭقىرالماپتىمەن، ــ دەپتۇ ۋە پۇتىدىكى ئىشكەلنى ئېلىۋېتىپتۇ، بېشىدىكى سېسىق كاۋىنى تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يول يۈرگەندە قەدەملىرىنىڭ يەنىلا ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ.

يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بوۋاي سەرگەردانىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

ــ ھەي بالام، يولدا قۇمدىن تولا نەرسە يوق تۇرسا قۇم كۆتۈرۈۋالغىنىڭ نېمىسى؟ قارا، يول بويىدىكى ئاۋۇ ئېرىقتا شۇنداق سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرسا شالاڭغا سۇ قاچىلاپ كۆتۈرۈۋاپسەن، سەن بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ خېلى يول يۈرگەندەك قىلىسەن، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سەرگەردان شالاڭدىكى تەمى ئۆزگىرىپ كەتكەن سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ، خالتىدىكى قۇمنى بىر ئورەككە تۆكۈپتۇ. تۇيۇقسىز بويىنىدىكى يوغان تۆگمەن تېشى ئېسىگە كېلىپ ئۇنىمۇ ئېرىققا تاشلىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەممە يۈكنى تاشلىۋېتىپ، كەچنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا قونالغۇ ئىزدەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

## مۇلاھىزە:

ھاياتلىق كېمىسىدىكى يۈكنىڭ ئاز بولغىنى ياخشى. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە ئۈستىگە ئېلىش بولۇپ، خېلىلا ئېغىر. ئەگەر بۇنىڭغا يەنە نورمىدىن ئارتۇق زۆرۈرىيىتى بولمىغان پىسخىك يۈكنى قوشۇۋالىدىغان بولساق، بېسىم تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئېغىر يۈكنى چۆرۈۋېتىپ، تۇرمۇشقا ئازادىچىلىك ئىچىدە يۈزلىنىشىمىز لازىم.

# كىچىك ئىشلاردىن ئەنسىرىمەڭ

ھايات ئىنتايىن قىسقا. شۇڭا ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئاۋارىلانماڭ.

ــــ دىشرېل

روسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى چېخوپنىڭ «مەمۇرنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ھېكايىسىدا مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلىنىدۇ: بىر مەمۇر تىياتىرخانىدا ئويۇن كۆرۈۋېتىپ چۈشكۈرگەندە شالۋىقى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان گېنېرالغا چاچراپ كېتىدۇ.

قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمىگەن مەمۇر ئالدىراپ گېنېرالدىن كەچۈرۈم سورايدۇ.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دەيدۇ گېنېرال جاۋابەن.

لېكىن مەمۇر قورقىنىدىن ساراسىمگە چۈشىدۇ.

ئويۇن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ئۇ يەنە گېنېرالدىن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن مەخسۇس گېنېرالنىڭ قېشىغا بارىدۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇ يەنە گېنېرالنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن گېنېرالنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى تەكرار چۈشەندۈرىدۇ.

بۇنداق ئايىغى چىقماس ئەپۇ سوراشتىن ئاچچىقى كەلگەن گېنېرال: «يوقال!» دېگىنىچە ئۇنى ئىشخانىسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.

بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن مەمۇرنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، شۇ يەردىلا جېنى چىقىپ كېتىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

نۇرغۇن ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ ئەمەس، نۇرغۇن بېسىمنى خۇددى تۇخۇمدىن تۈك ئۈنگەندەك ئۆزىمىز تېپىۋالىمىز. ئەگەر سىز ھەممىگە گۇمان بىلەن قاراپ خاتىرجەمسىزلەنسىڭىز كىچىككىنە ئىشمۇ خاتىرجەملىكىڭىزنى بۇزىدۇ.



# قايغۇنىڭ ئورنىنى كۆلكە ئىگىلىسۇن

ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا خۇددى تال ئېرىقتىكىنىڭ بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بەرگىنى، سۇنىڭ ھەرقانداق قاچىغا ماس كەلگىنىگە ئوخشاش كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بەرداشلىق بېرىش لازىم.

ـــ كارنېگى

بىركۈنى، دوننا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئەۋەتكەن ئۆزى ئەڭ ئامراق جىيەن ئوغلىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا يوقاپ كەتكەنلىك ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دوننانىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپلا قالىدۇ. بۇرۇنقى ئۇچۇق ـ يورۇق، كەڭ قورساقلىقى نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ، گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ.

ئىلگىرى دوننا تەقدىرىنىڭ ياخشىلىقىدىن خۇشال بولاتتى ۋە: «ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى ئاتا قىلدى، ماڭا يەنە جىيەن ئوغلۇمنى ئامان ـ ئېسەن چوڭ قىلىۋېلىشىمغا ياردەم قىلدى. قارىسام، جىيەن ئوغلۇم ياشلار گۈزەللىكىنىڭ ۋەكىلى بولالايدىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ بەدىلىگە بۈگۈنكىدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى تەقدىرگە ئىگە بولۇشۇم مۇمكىن...، دەيتتى.

ئەپسۇس، ھازىر ئۇ مۇشۇنداق بىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە بولىدۇ. ئۇ ئەمدى ياشىغانىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتەك، داۋاملىق ياشاشقا بىرەر سەۋەب تاپالمايۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمدى ئۇ خىزمەت بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان، دوستلىرى بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولۇپ، تۇرمۇشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ، دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ئاغرىنىدۇ. «مېنىڭ ھەممىدىن ئامراق جىيەن ئوغلۇم نېمىشقا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ شۇنداق ياخشى بىر بالا نېمىشقا جا-

ھانىنىڭ تېخى ھېچقانداق خۇشاللىقنى كۆرمەي تۇرۇپلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ؟» ئۇ بۇ رېئاللىقنى زادىلا قوبۇل قىلالماي ۋاتاتتى. ئۇ چەكسىز قايغۇرغان ھالدا خىزمىتى ۋە يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا يەرگە بېرىپ بىر ئۆمۈر يىغا، ھەسرەت ئىچىدە ياشىماقچى بولىدۇ. ئۇ ئىشخانىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن جىيەن ئوغلى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يازغان بىر پارچە خەتكە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ چاغ جىيەن ئوغلىنىڭ ئاپىسى يېڭىلا قازا قىلغان چاغ بولۇپ، جىيەن ئوغلى خېتىدە: «ھەممىمىز ئۇنى سېغىنىمىز، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ سىز بەكرەك چىدىمايسىز. لېكىن سىزنىڭ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، سىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قارىشىڭىزدىنلا سىزنىڭ چىداملىق ئىكەنلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. مەن سىزنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن ئاشۇ گۈزەل ھەقىقەتلىرىڭىزنى ئېسىمدە مەڭگۈ ساقلايمەن، مەيلى مەن نەدە بولاي، مەيلى ئارىلىقىمىز قانچىلىك يىراق بولسۇن، سىزنىڭ ماڭا تۇرمۇشقا كۈلۈمسىرەپ قاراش، ھەقىقىي ئەركەكتەك يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىگە بەرداشلىق بېرىش ھەققىدە بەرگەن تەلىملىرىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن» دېگەنىدى.

دوننا خەتنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ، جىيەن ئوغلىنى خۇددى يېنىدا باردەك، خۇددى ئۆزىگە: «سىز نېمىشقا ماڭا دېگەنلىرىڭىزدەك قىلمايسىز؟ ئىرادىلىك بولۇڭ، مەيلى قانداقلا ئىش يۈز بەرمىسۇن ئازابلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى تەبەسسۇم ئىگىلىسۇن، ئۈمىدۋار بولۇڭ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

جىيەن ئوغلىنىڭ خېتى دونناغا زور تەسەللى ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى ئىشلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىمايدىغان، باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ دائىم ئۆزىگە: «بولىدىغان ئىش بولدى، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئاجىزمەن، شۇڭا جىيەن ئوغلۇم ئارزۇ قىلغاندەك داۋاملىق ياشىشىم كېرەك» دەيتتى.

دوننا بارلىق ئوي ـ پىكرى ۋە زېھنى ـ قۇۋۋىتىنى خىزمەتكە قارىتىدۇ، ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرگە، يەنى باشقىلارنىڭ ئوغۇللىرىغا خەت يازىدۇ، كەچلىكى چوڭلار مائارىپى كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى قىزىقىشىنى يېتىلدۈرىدۇ، نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئىشەنمەي

قىلىۋاتاتتى.

— ئەمدى مەن ھەرگىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن قايغۇرمايمەن، تۇرمۇشۇمنى جىيەن ئوغلۇم ئۈمىد قىلغاندەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىمەن، — دەيدۇ ئۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى قانداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدە بولماستىن، بەلكى يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا. قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر بولغان ئىشنى قوبۇل قىلىپ، ئازابلىرىڭىزنىڭ ئورنىنى تەبەسسۇم ئىگىلىسۇن، كۆڭلىرىڭىزنى تىنچ ئۆتكۈزۈڭ. مانا بۇ، بىپسەمنى بىيىكلىتىشىنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر يىغىندىسى

# قارىغايدىن كەلگەن ئىلھام

كىرىچ بەك ئېگىۋېتىلسە سۇنىدۇ، ئاتىلىپ تۇرغاندىن كېيىن كېمىيىشكە باشلايدۇ.

— «پالنامە»

كانادا كوبېك تاغ ئېتىكىدىكى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان جىلغا داڭلىق مەنزىرىلىك سەيلىگاھ بولۇپ، تاغنىڭ غەربىي باغرى، ئارچا، بورجون قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن، شەرقىي باغرى قارىغاي بىلەن قاپلانغان.

بىركۈنى بىر ــ بىرىدىن كۆڭلى قاتتىق سوۋۇغان بىر جۈپ ئەر ــ خوتۇن ئۆز-لىرىنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەتلىك كۈنلىرىنى ئىزدەپ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشقا تەييار-لىق قىلىشىپتۇ. سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلار ناۋادا ئاشۇ مۇھەببەتنى تېپىۋالا-لىسا داۋاملىق ئۆي تۇتىدىغانغا، تاپالمىسا ئاجرىشىپ كېتىدىغانغا كېلىشىپتۇ. ئۇلار جىلغىغا كېلىشكىلا قاتتىق قار يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇلار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قاراپ تۇيۇقسىزلا شامال يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىچىلىكى سەۋەبلىك شەرق تەرەپتىكى قارنىڭ غەرب تەرەپكە قارىغاندا جىقراق يېغىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئانچە ئۇزاق ئۆتمە-يلا قارىغاي قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپتۇ. لېكىن، قارنىڭ قېلىنلىقى مەلۇم دەرىجى-گە يەتكەندىن كېيىن قارىغاينىڭ شېخى ئېگىلىپ، ئۈستىدىكى قارنى چۈشۈرۈۋېتى-دىكەن، قار يەنە قېلىنلىسا يەنە چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، بۇ ئىش توختىماي تەكرارلىنى-ۋېرىپتۇ، مەيلى قار قانچىلىك قېلىنلىقتا ياغمىسۇن قارىغاي ھېچقانداق زەخىمگە ئۇچرىماپتۇ. قالغان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئېگىلمىگەچكە ئۈستىدىكى قارنى چۈ-شۈرۈۋېتەلمەي ناھايىتى تېزلا سۇنۇشقا باشلاپتۇ. گەرچە غەرب تەرەپتىكى قار ئانچە قېلىن بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ دەرەخ سۇنۇپ كېتىپتۇ.

بۇلارنى كۆرگەن خوتۇنى نېمىلەرنىدۇر ھېس قىلغاندەك ئېيتىپتۇ:

ــ بەلكىم تاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىمۇ نۇرغۇن دەرەخلەر ئۆسكەن بولۇشى

مۇمكىن، لېكىن شاخلىرى ئېگىلمەسلىك سەۋەبىدىن قاردا نابۇت بوپتۇ، ــ دەپتۇ. ئېرى خوتۇنىنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ئىككىسى بىردىنلا ھوشىنى تاپقاندەك بولۇپتۇ. ئېرى ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ سىرتتىن كەلگەن بېسىمنى ئامال بار قوبۇل قىلغۇلۇقكەن، قوبۇل قىلىش زادىلا مۇمكىن بولمىغاندا قارىغايغا ئوخشاش ئازراق ئېگىلسىلا بېسىم نابۇت قىلىۋېتەلمەيدىكەن، ــ دەپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئەر ـ خوتۇن نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولۇپ، بىر ـ بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كىرىپ بەك ئېگىۋېتىلسە سۇنىدۇ، ئايمۇ تولغاندىن كېيىن كېمىيىشكە باشلايدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ۋە بەختسىزلىككە جانلىق مۇئامىلە قىلساقلا ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# يەتتىنچى باب خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاپ قويۇپ، قەلبىڭىزگە خۇشاللىق ئۇرۇقى تېرىڭ

لىنكولن: «ئادەملەر ئۆز خۇشاللىقىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىر قارارغا كېلەلىسىلا ئاسانلا خۇشال بولالايدۇ» دېگەنىدى. خۇشاللىقنىڭ يىلتىزى ئۆزىمىزدە، خۇشال بولۇشنىڭ سىرى قەلبىمىزدە، ھەرقانداق ئادەم روھى كەيپىياتى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ.

خۇشال بولۇش تولىمۇ ئاسان ئىش. مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر تۇرمۇشنى، ئائىلىسىنى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنى قەدىرلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ، جاپالىق ئىشلىسىلا ئىچكى دۇنيارى خۇشاللىققا تولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خۇشاللىقىڭىزنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ

ئادەملەر ئۆز خۇشاللىقلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىر قارارغا كېلەلىسىلا ئاسانلا خۇشال بولالايدۇ.

— لىنكولىن

كىنو «تۇرمىدىكى بوران ـ چاپقۇن»دا كۇلۇپلا تۇرىدىغان، خۇشچاقچاق، دائىم باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ھېنرى دەيدىغان بىر ئەر بار. ئۇ خاتا ئەيىبلىنىپ تۇرمىگە سولىنىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ خۇشچاقچاق مىجەزىنى يوقاتماي، تۇرمىدىكىلەرگە دائىم كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئۇ گۇندىپايلارنىڭ كۆزىگە سىغمىغاچقا، پات ـ پاتلا ئۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بىر قېتىم گۇندىپايلار ھېنرىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېسىپ قويىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېنرى گۇندىپايلارغا: «سىلەرنىڭ مېنىڭ ئومۇرتقا ئاغرىقىمنى ساقايتىپ قويغىنىڭلارغا رەھمەت!» دەيدۇ. گۇندىپايلار ھېنرىنى كۈن نۇرىنىڭ تەپتىدىن تونۇردەك قىزىپ كېتىدىغان قەلەي ساندۇققا سولاپ قويىدۇ. ئۇلار ھېنرىنى قەلەي ساندۇقتىن چىقارغاندا ھېنرى: «مېنى يەنە بىرەر كۈن سولاپ قويغان بولساڭلار، بۇ تېخى ماڭا ئەمدىلەتىن قىزىقارلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى» دەيدۇ.

ئامالسىز قالغان گۇندىپايلار ئۇنى بەدەن ئېغىرلىقى 300 قاداق كېلىدىغان قاتىل دېرىك بىلەن بىر مەخپىي كامىرغا سولاپ قويىدۇ. دېرىكنىڭ سېسىق پۇرىقى تۇرمىگە پۇر كەتكەن بولۇپ، ئەڭ قەبىھ جىنايەتچىمۇ دېرىكتىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچاتتى. گۇندىپايلار ئۇلار سولانغان مەخپىي كامىرغا كىرىپ ئىككىسىنىڭ خۇشال قارتا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ.

ھېنرىنىڭ مانا مۇشۇنداق مەڭگۈ خۇشال يۈرۈشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قانداقتۇر باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكىدەك ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئىشلارغا خۇشاللىق بىلەن قايغۇنىڭ ئىچىدىن خۇشاللىقنى تاللاپ مۇئامىلە قىلغانلىقىدا. ئەگەر سىزمۇ ھەرقانداق ئىشقا خۇشاللىق بىلەن يۈزلىنەلىسەڭىز ئوڭۇشسىزلىقلىرىڭىزمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدىغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شادىمان ئۇرۇق

ھەقىقىي خۇشاللىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ روھىدىلا سېزىلىدۇ.

— بروس

بىر كۈنى تەڭرى پەرىشتىلەرنى جەننەتكە يىغىپ يىغىن ئېچىپ:

— مەن ئىنسانلارنى خۇشاللىقنى بەلگىلىك ئەجىر قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تاپىدىغان قىلايمىكىن دەيمەن. سىلەرچە خۇشاللىقنىڭ سىرىنى نەگە يوشۇرۇپ قويساق مۇۋاپىق بولار؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى ئېگىز تاغقا يوشۇرۇپ قويايلى، شۇنداق قىلساق ئىنسانلار ئۇنى تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلەيدۇ، — دەپتۇ پەرىشتىلەرنىڭ بىرى.

تەڭرى بېشىنى چايقاپتۇ.

— مېنىڭچە، خۇشاللىقنى يەنىلا ئادەملەرنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇپ قويغىنىمىز تۈزۈك. چۈنكى، ئۇلار ئۆز خۇشاللىقىنى دائىم تاشقىي دۇنيادىن ئىزدەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنيارىنى ئىزدەپ بېقىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، — دەپتۇ يەنە بىر پەرىشتە.

تەڭرى بۇ جاۋابتىن رازى بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ خۇشاللىقنىڭ سىرى ئادەمنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇپ قويۇلۇپتۇ. پسىخولوگ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق ئادەم خۇشاللىقنىڭ كەمتەرلىك، ھەمكارلىق روھى، ئاكتىپ پوزىتسىيە، مېھرىبانلىق دېگەندەك ئوخشاش بايلىقلىرىغا ئىگە. بۇ خىل خاراكتېرنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ جىسمىدىن تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى ئادەملەر «خۇشاللىق بايلىق»لىرىدىن جايىدا پايدىلىنالمايدۇ.

مۇلاھىزە:

خۇشاللىقنىڭ يىلتىزى ئۆزىمىزدە، خۇشال بولۇشنىڭ سىرى قەلبىمىزدە، ھەرقانداق ئادەم روھى كەيپىياتى ۋە ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالدىرىسى

# خۇشال بولۇش تولىمۇ ئاسان

تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

— مونتايىنى

بۇرۇنقى زاماندا دەريا بويىدا بىر تۈگمەنچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيە بويىچە ئەڭ خۇشال ياشايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ كۈن چىقاردىن كۈن پاتارغىچە ئالدىراش يۈرسىمۇ، توختىماي ناخشا ئېيتىدىكەن. ئۇ ئاجايىپ ئۈمىدۋار بولغاچقا، باشقىلارنىمۇ ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلەيدىكەن. يېقىن ئەتراپتىكىلەر دائىم بۇ تۈگمەنچىنىڭ خۇشال ياشاش ئۇسۇلى ئۈستىدە پاراڭلىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خەۋەر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ.

— مەن بېرىپ بۇ غەلىتە تۈگمەنچى بىلەن بىر مۇڭدىشىپ كېلەي، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ ماڭا قانداق قىلغاندا خۇشال ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

پادىشاھ تۈگمەنگە كىرىپلا تۈگمەنچىنىڭ:

— مەن ھېچكىمگە ھەۋەس قىلمايمەن، ھەۋەس قىلمايمەن، چۈنكى ئۆزۈم ئاجايىپ شادىمان، ئاجايىپ شادىمان، — دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

— دوستۇم، — دەپ سۆز باشلاپتۇ پادىشاھ، — مېنىڭ ساڭا زوقۇم كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئادەم قىلالىساڭ، سەن بىلەن ئورنۇمنى تېگىشىمەن.

تۈگمەنچى كۈلگىنىچە كېلىپ پادىشاھقا تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— مەن ئورنۇمنى ھەرگىزمۇ سىلى بىلەن تېگىشمەيمەن، شاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سەن ماڭا مانا مۇشۇ توپا - چاڭ بېسىپ كەتكەن تۇگمىنىڭدە خۇشال ئۆتىدىغىنىڭنىڭ سىرىنى دەپ بەرگىن. مەن بىر پادىشاھ تۇرۇپ ھەر كۈنى غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولالمايمەن، دەردىم تولا.

— مەن سىلىنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇنداق غەمكىن يۈرۈيدىغانلىقلىرىنى بىلـ مەيمەن. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق خۇشال يۈرۈيدىغانلىقىمغا كەلسەم، مەن ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىمگە تايىنىپ ياشايمەن، خوتۇن - بالىلىرىمنى سۆيىمەن، دوستلىرىمنى قەدىرلەيمەن. ئۇلارمۇ مېنى شۇنداق ھۆرمەتلەيدۇ. مەن ھېچكىمگە قەرز ئەمەس. مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا خۇشال ئۆتمىگۈدەكمەن؟ بۇ يەردە بىر دەريا بار، مەن شۇ دەريانىڭ سۈيى بىلەن تۇگمىنىمنى چۆرگىلىتىپ ئۇن تارتىمەن، مۇشۇ ئارقىلىق خوتۇن - بالىلىرىمنى باقىمەن، — دەپتۇ تۇگمەنچى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولدى سۆزلىمە، — دەپتۇ پادىشاھ، — مېنىڭ ساڭا بەكلا زوقۇم كېلىۋاتىدۇ، بېشىڭدىكى ئاۋۇ توپا بېسىپ كەتكەن دوپپاڭ مېنىڭ ماۋۇ خان تاجىمدىنمۇ كۆپ پۇلغا يارىغۇدەك. تۇگمىنىڭنىڭ ساڭا ئاتا قىلغىنى خان ئوردىسىنىڭ ماڭا ئاتا قىلـ غىنىدىن كۆپ ئىكەن. ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش بولغان بولسا، جاھان قانچە گۈزەل بولۇپ كېتەتتى - ھە!



**مۇلاھىزە:**

خۇشال بولۇش تولىمۇ ئاسان ئىش. مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر تۇرمۇشنى، ئائىلىسنى ۋە دوست - بۇرادەرلىرىنى قەدىرلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ، جاپالىق ئىشلىسىلا ئىچكى دۇنياسى خۇشاللىققا تولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# دائىم ئىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاڭ

«خۇشاللىقنى ئىسگىزدە ساقلاپ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ». مانا بۇ بىزنىڭ خۇشال تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىزدىكى سىرلارنىڭ بىرى.

— روللاند

شياۋ ۋاڭ بويىتاق چېغىدا بىرنەچچە دوستى بىلەن 7 ~ 8 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆيدە ئولتۇراتتى. گەرچە تۇرمۇشتا نۇرغۇن قولايسىزلىقلار بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە خۇشال يۈرەتتى. بىرى ئۇنىڭدىن:

— شۇنچىۋالا ئادەم كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ ئولتۇرىدىكەنسىلەر، قىستاڭچىلىقتىن پۇت قويغىدەك يەرمۇ يوق ئىكەن. شۇنداق تۇرۇپمۇ نېمىگە شۇنچە خۇشالسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوستلار بىرگە بولساق دائىم پىكىر، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ تۇرىمىز. ئەجەبا بۇ خۇشال بولىدىغان ئىش ئەمەسمىكەن؟ — دەپتۇ شياۋ ۋاڭ.



ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ دوستلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن توي قىلىپ كېتىپ، شياۋ ۋاڭ يالغۇز قاپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك خۇشال ئۆتىدىكەن.

— ئۆزۈڭ ھوقۇشتەك يالغۇز قېلىپمۇ يەنىلا خۇشالغۇ ـ سەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم يەنە.

— مېنىڭ ئاجايىپ جىق كىتابلىرىم بار، ھەربىر پارچە كىتاب مەن ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچى. مۇشۇنداق كۆپ ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرگە بولغاچقا ئۆلاردىن خالىغانچە نەرسە ئۆگىنىمەن. مۇشۇنداق تۇرۇپ خۇشال بولماي قانداقمۇ تۇرالايمەن؟

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن شياۋ ۋاڭمۇ ئۆيلىنىپ بىناغا كۆچۈپ كىرىپتۇ. ئۇ يەتتە قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە ئىكەن. بىرىنچى قەۋەتنىڭ مۇھىتى بىنا بويىچە ناچار بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر دائىم پەسكە يۇندا

تۆكۈدىكەن، چاشقاننىڭ ئۆلۈكى، يىرتتىق ئاياغ، پۇراپ كەتكەن پايپاق دېگەندەك ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلايدىكەن. ھېلىقى ئادەم شياۋ ۋاڭنىڭ يەنىلا خۇشال يۈرگەن ھالىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا:

— مۇشۇنداق ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ خۇشاللىق ھېس قىلامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە! بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرغاننىڭ قانچىلىك پايدىسى بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئالايلۇق: ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا ئۆيگە كىرىسىز پەلەمپەيگە يامىشىپ ئاۋارە بولمايسىز؛ نەرسە ـ كېرەك ئەكەلگەندە ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ؛ دوستلىرىڭىز يوقلاپ كەلگەندە بىناغا يامىشىپ ئاۋارە بولمايدۇ...، مېنى ھەممىدىن بەك رازى قىلىدىغىنى، ئىشىك ئالدىدا گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرگىلى، كۆكتات تېرىغىلى بولىدۇ. بۇنداق خۇشاللىقلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ شياۋ ۋاڭ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنى ئۆيىدە پالەچ بولۇپ قالغان ئادەم بولغاچقا، پەلەمپەيدىن چىقىپ ـ چۈشۈشتە كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان بىر دوستى بىلەن تېگىشىپ، ئۆزى 7 ـ قەۋەتكە كۆچۈپ چىقىپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا خۇشال يۈرۈيدىكەن.

— ئەپەندىم، يەتتىنچى قەۋەتتە ئولتۇرغانلىقىڭىزمۇ نۇرغۇن پايدىسى باردۇ ـ ھە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم مەسخىرە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

— توغرا دېيىسىز. پايدىسى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. مىسال قىلسام: كۈندە بىر ـ نەچچە قېتىم چىقىپ چۈشىدىكەنسىز، بۇ دېگەن قالتىس ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى ئىكەن، تېنىڭىز ساغلام بولىدىكەن؛ كۈن نۇرى ياخشى چۈشكەچكە يېزىقچىلىق قىلسىڭىز كۆزگە زەخمە يەتمەيدىكەن؛ ئۈستىڭىزدە تاراڭشىتىپ مېڭىپ يۈرۈيدىغان ئادەم يوق، كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق تىنچ دەڭا.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا ئادەمنىڭ ئۆيلىغىنىدەك بولمايدىغان ئىش ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر سىز مۇشۇ ئىشلار سەۋەبلىك قايغۇرۇپ يۈرسىڭىز مەڭگۈ خۇشال بولالمايسىز. شۇڭا، ئەھۋالىڭىز ناچار چاغدا شياۋ ۋاڭنىڭ قىلغىنىدەك دائىم ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاڭ، بەلكىم ئۆزىڭىزنى يېڭىدىن تونۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، كۆڭلىڭىز خۇشاللىققا چۆمۈشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

# كۆڭۈل نۇرى، رەڭ ۋە سۆز

باشقىلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز خۇشال بولۇڭ. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى قۇياش نۇرىدەك يورۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەلبىڭىز قۇياش نۇرىدەك يورۇقلۇققا تولسۇن.

—— رومېن. روللاند

قىش يېقىنلاپ قالغاچقا، چاشقانلار بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇۋىلىرىغا قۇرۇق مېۋە، شال ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى يىغىپ قىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. پەقەت فرانك دەيدىغان چاشقانلا بۇلاردىن مۇستەسنا ئىدى.

— فرانك نېمىشقا ئىش قىلمايسەن؟ — سوراشتى قالغان چاشقانلار.

— قىلىۋاتىمەنغۇ.

— ئۇنداقتا، سەن نېمىلەرنى يىغدىڭ؟

— كۆڭۈل نۇرى، رەڭ ۋە سۆز.

— نېمە؟ — چاشقانلار ھەيران بولۇشقىنىچە بىر - بىرىگە قاراشتى ۋە فرانك چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. فرانكمۇ ئۇلار بىلەن كارى بولماي، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

قىش كىرىپ، ھاۋا قاتتىق سوۋۇپ كەتتى.

چاشقانلار فرانكنى يادىغا ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— فرانك، قىشنى قانداق ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىسەن؟ يىغقان نەرسىلىرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراشتى.

— سىلەر ئاۋۋال كۆزۈڭلارنى چىڭ يۇمۇڭلار، — دېدى فرانك.

چاشقانلار بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، يەنىلا كۆزلىرىنى يۇمۇشتى. فرانك ئۆزى يىغقان نەرسىنى كۆرسىتىپ:

ــ مانا بۇ مەن يىغقان كۈن نۇرى، ــ دېدى.

ــ قاراڭغۇ كامار شۇ ھامان پاللىدە يورۇپ كەتتى. چاشقانلار بىر خىل ئىللىق ھارارەتنى ھېس قىلىشتى.

ــ رەڭچۇ، رەڭ قېنى؟ ــ سوراشتى چاشقانلار.

فرانك قىپقىزىل گۈل، ياپيېشىل يوپۇرماق ۋە ساپسېرىق شالنى ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلىۋىدى، چاشقانلار خۇددى يازدىكى ئېتىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولۇشۇپ كەتتى.

ــ ئۇنداقتا سۆزلىرىڭچۇ؟ ــ دەپ سوراشتى چاشقانلار.

فرانك ئۇلارغا ئاجايىپ تەسىرلىك بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان چاشقانلار ھېكايىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىشتى.

ئاخىردا ئۇلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى:

ــ فرانك، سەن شائىر ئىكەنسەن جۇمۇ!

كۈن نۇرى، رەڭ ۋە سۆزلەرنى يىغىش ئارقىلىق يازنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ، زېمىستان قىش كېلىش ھارپىسىدا قەلبىنى ئىللىتىش ــ بۇ نېمە دېگەن ئاددىي ھەم چىن ھەقىقەت ـ ھە!



**مۇلاھىزە:**

باشقا غەم چۈشىشتىن بۇرۇن خۇشاللىق توپلاشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا زېمىستان قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىققىلى بولىدۇ، قەلبىمىزمۇ باھاردەك مەڭگۈ ئىللىق ۋە يورۇقلۇققا تولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر تال مارۇژنى

ئازاب بىلەن شادلىق نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا باغلىق.

ـــ شېللېي

پىد يېڭىلا سېتىۋالغان سوت تەملىك مارۇژنىنى يېگەچ خۇشال كېتىۋاتقىنىدا مارۇژنى ئېھتىياتسىزلىقتىن يەرگە چۈشۈپ توپىغا مىلىنىپ كەتتى.

پىد گەپمۇ قىلالماي كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە توپىغا مىلىنىپ كەتكەن مارۇژنىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بۇنى كۆرگەن بىر موماي پىدنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئايىغىڭنى ال، مەن ساڭا قىزىقارلىق بىر ئويۇن ئۆگىتىپ قوياي، ـــ دېدى.

ـــ مارۇژنىنى دەسسە، تازا كۈچەپ دەسسە، تاكى مارۇژنى بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن چىققىچە دەسسە.

ـــ سەن بىلەن قول باغلىشىمەنكى، بۇ ئەتراپتا ھېچكىممۇ مارۇژنىنى دەسسەش لەززىتىدىن سېنىڭدەك بەھرىمان بولۇپ باقمىغان. ئەمدى سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ، بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى ئاپاڭغا سۆزلەپ بەر، ـــ دېدى موماي خۇشال بولۇپ.

ـــ ئېسىڭدە بولسۇنكى، مەيلى قانداقلا ئىشقا يولۇقما، چوقۇم شۇنىڭدىن ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ھۇزۇر تاپالايسەن، ـــ دېدى موماي ئۈلاپلا.

بۇ ئىشتىن پىد ئىلھاملاندى ۋە ناھايىتى تېزلا ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ يامغۇر يېغىپ يولدا كىچىك ـ كىچىك كۆلچەكلەرنى پەيدا قىلدى. پىدنىڭ ئاپىسى پىدنى ئەگەشتۈرۈپ پىيادىلەر يولىغا يىغىلىپ قالغان سۇلاردىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئويلىمىغان يەردىن بىر كىرا ماشىنىسى ئۇلارنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، ئىككەيلەننىڭ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

پىدىنىڭ ئاپىسى ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دېدى، پىد بولسا ھاياجانلانغان ھالدا ئاپىسىغا:

— ئادەمگە سۇ چاچىرىسا باي بولارمىش، بىز باي بولىدىغان بولدۇق، — دەيدۇ.

ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئاپا ئوماق ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە يامغۇر سۈيىنى كېچىپ ئۆيىگە خۇشال قايتىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

سىز يۈز بېرىپ بولغان ئۇسال ئىشنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. لېكىن شۇ ئىشقا خۇشاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش يولىنى تۇتسىڭىز بولىدۇ. شۇنداق قىلالىسىڭىز مەيلى قانداقلا ئىشقا يولۇقماڭ، شۇنىڭدىن ئۆزىڭىزگە تۇشلۇق ھۇزۇر تاپالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# تەڭرى ئىنتايىن ئادىل

تەڭرى ئىنتايىن ئادىل. ھېچكىمنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ بەرمەيدۇ.

— ئىسپانىيە خەلق ماقال ـ تەمسىلى

كەسپتە ئىشى ئوڭىدىن كەلگەن يۇقىرى ئاۋازلىق بىر ناخشىچى ياش تۇرۇپلا داڭق چىقىرىپتۇ. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىنتايىن بەختلىك بولۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگىدەك بەختلىك ئائىلىسى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ئېرى ۋە شوخ، ئوماق بىر ئوغلى بار ئىكەن.

بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغان مۇزىكا كېچىلىكىدىن كېيىن تاماشىبىنلار ناخشىچىنى ئېرى ۋە بالىسى بىلەن قوشۇپ ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئەھۋاللىشىپتۇ، مەيداننى مەدھىيە، ماختاش سۆزى بىر ئاپتۇ.



بەزىلەر ناخشىچىنىڭ ياش تۇرۇپلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا دۆلەت دەرىجىلىك تىياتىرخانىغا كىرىپ ئاساسلىق ئارتىس بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ماختىسا؛ بەزىلەر ناخشىچىنىڭ 25 يېشىدىلا دۇنيادىكى ئون مۇنەۋۋەر يۇقىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچى بولۇپ باھالانغانلىقىنى، كەلگۈسىدە زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ماختىشىپتۇ؛ يەنە بەزىلەر ناخشىچىنىڭ ياخشى ئېرى بارلىقىنى، يەنە تېخى ئاجايىپ شوخ، ئوماق، چىرايىدا مەڭگۈ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ئوغلىنىڭ بارلىقىنى ماختاپتۇ.

تاماشىبىنلار سۆزلەۋاتقاندا ناخشىچى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، ئۇلارنىڭ سۆزىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. كۆپچىلىك بېسىققاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئالدى بىلەن مەن كۆپچىلىكنىڭ ماڭا ۋە ئائىلەمگە بولغان مەدھىيەسىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ھەم بۇ جەھەتتە ھەر قايسىڭلار بىلەن خۇشاللىقنى تەڭ بەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن، سىلەر ئىشنىڭ بىر تەرىپى-

ىنىلا كۆرۈپسىلەر، يەنە بىر تەربىيىگە بولسا دىققەت قىلماپسىلەر، ئۇ بولسىمۇ سىلەر دەۋاتقان شوخ، ئوماق ھەم چىرايىدا دائىم كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ماۋۇ ئوغۇل بالا، ئۇ ئىنتايىن بەختسىز، چۈنكى ئۇ گەپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ تېخى دائىم ئۆيگە سولاپ قويۇلىدىغان روھىي كېسەل ھەدىسى بار.

كىشىلەر ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، بۇنداق رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قېلىپتۇ. بۇ چاغدا ناخشىچى:

ــ بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ تەڭرىنىڭ ئىنتايىن ئادىللىقىنى، ھېچكىمنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزى مەمنۇن بولىدىغان ئىشى بولغىنىغا ئوخشاش، باشقىلار بىلمەيدىغان دەردىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، خۇشال ئۆتمەن دېيدىكەنسىز، دائىم باشقىلارنىڭ ئېرىشكىنىنىلا كۆرمەي، ئۆزىڭىز ئېرىشكەن، لېكىن باشقىلاردا يوق نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغان بولۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تىلەمچى دېڭىزنىڭ دەردى

نەپسىڭنى قانچىلىك يىغساڭ، خۇشاللىقىڭ شۇنچە كۆپ ئېرىشىسەن.

— تولستوي

دېڭىز ئىلگىرى دۇنيادىكى ئەڭ خاتىرجەم قەلەندەر ئىدى.

— مەن نېمىشقا خاتىرجەم بولمىغۇدەكمەن؟ ھەر كۈنى تويغىچە يەيمەن، بەزىدە تېخى تىلەپ يۈرۈپ بىرەر پارچە كولباساغىمۇ ئېرىشىپ قالىمەن تېخى؛ ھەر كۈنى ماۋۇ ئەپچىقى چىقىپ كەتكەن بۇتخانىدا پاناھلىنىمەن؛ مەن ھېچكىم ئۇچۇن ئىشلىمەيمەن، ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم خان. مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ قانداقمۇ خاتىرجەم بولماي تۇرالايمەن؟ — دېڭىز ئۆزىگە ھەۋەس قىلىدىغانلارغا مۇشۇنداق جاۋاب بېرەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىز خۇددى ئامراق نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك بىر كۈن بىئارامچىلىق ئىچىدە ئۆتتى.

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغانىدى: بىركۈنى دېڭىز ھېلىقى ۋەيرانە بۇتخانىغا قايتىۋېتىپ يولدىن بىر تاغار تىللا تېپىۋالىدۇ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق 99 تال تىللا تېپىۋالىدۇ.

دېڭىز تىللا تېپىۋالغان كۈندىكى كېچىنى ئاجايىپ خۇشال ئۆتكۈزىدۇ:

— ئەمدى مەن تىلەمچى ئەمەس، ھازىر مېنىڭ 99 تال تىللارىم بار، بۇ ماڭا بىر ئۆمۈر يېتىدۇ، 99 تال، ھا... ھا...، يەنە بىر قېتىم ساناپ كۆرەيچۇ! — دېڭىز بۇنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇخلاشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمايدۇ. پەقەت ئەتىسى كۈن چىققان ۋاقىتتىلا بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ.

ئەتىسى دېڭىز بۇتخانىدىن بىر كۈن چىقمايدۇ، 99 تال تىللانى يوشۇرۇپ قويۇشمۇ خېلى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئىشتە: «مەن بۇ پۇللارنى خەجلىسەم بولمايدۇ، ئۇنى چوقۇم ساقلاپ قويۇشۇم كېرەك، يۈز تال تىللارىم بولغان بولسا قانچە ياخشى

بولاتتى ـ ھە؟ يۈز تال تىللاغا ئىگە بولۇشۇم كېرەك، ــ ھېچقاچان غايىسى بولۇپ باقمىغان دىكنىڭ مانا ئەمدى غايىسىمۇ بولدى، ئۇنىڭغا يەنە بىر تال تىللا كېرەك، بۇ بىر تىلەمچىگە نىسبەتەن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار غايە ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

دىك ئاش ۋاقتى بىلەن يەيدىغان نەرسە تىلەش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ياق، بۇ بولمايدۇ! ئەمدى ئۇ بىر تىيىن، بىر تىيىندىن پۇل تىلەشكە باشلىدى. چۈشتە ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاچقا ئازراق تاماق تىلەپ يېدى، چۈشتىن كېيىن ئۇ بالدۇرلا «ئىشتىن چۈشۈپ» بۇتخانىغا قايتتى. ئەمدى ئۇ كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ تىللالىرىغا ھەمراھ بولمىسا بولمايتتى.

يەنە 97 تىيىن كەملەيدىكەن. كەچتە ئۇ تىللالىرىنى ساناۋېرىپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

دىك ئۇدا بىرنەچچە كۈننى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنلەردە دىك بىرەر ۋاقىمۇ تويغىدەك تاماق يەپ باقمىدى، بىر مىنۇتمۇ خاتىرجەم بولالمىدى.

تىلەمچىلىك قىلىش بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا تاماق بەرسە بېرەتتىكى، ئاسانلىقچە پۇل بەرمەيتتى، بۇنىڭ بىلەن دىكنىڭمۇ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ۋاقتى كۈندىن ـ كۈنگە ئازلاپ كەتتى. دىك خۇشال يۈرمىگەچكە خەقلەرمۇ ئۇنىڭغا سەدىقە بەرمەس بولۇۋالدى.

ــ دىك، نېمىنداق غەمكىن يۈرۈيسەن؟

ــ مەن دېگەن بىر تىلەمچى، مۇشۇنداق يۈرمەي قانداق قىلىمەن؟

دىك كۈندىن ـ كۈنگە غەمكىن بولۇپ، ئىچى تىتىلدايتتى، ئۆزىمۇ بارغانسېرى جۇدەپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ دىك ئاخىرى ئاغرىپ قېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە يەر دەسسەپ قوپالمىدى. بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دىك يەنە: «16 تىيىن بولسىلا يۈز تىللا بولاتتى» دېگەندىن باشقىنى ئويلىمىدى.

ــ دىك، مەن ساڭا ئەۋەتكەن تىللالارنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭمۇ؟ بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر باي سودىگەر بۇتخانىغا كېلىپ سەكراتتا ياتقان دىكتىن سوراپ قالدى.

ــ نېمە؟ ــ دىك ھەيران بولغىنىچە ياندۇرۇپ سورىدى.

ــ دىك، ــ دېدى سودىگەر ئالدىرىماي، ــ سېنىڭ خۇشاللىقىڭ مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق سودىدا ھەممە دەس-

مايىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولدۇم، لېكىن سېنىڭ خۇشال ئۆتۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ، يېنىدا تېيىنىنىڭ سۇنىقى يوق ئادەممۇ خۇشال ئۆتىدىكەنغۇ، دېگەننى ئويلاپ، قايتىدىن ئىگىلىك تىكلىدىم، نۇرغۇن پۇل تاپتىم، ئاشۇ كۈنى مەن 99 تال تىللانى ئېلىپ ئوينىغىلى چىققانىدىم. يولدا سېنى كۆرۈپ، قېلىپ ئۇ تىللالارنى ئۆتەر يولۇڭغا قويۇپ قويدۇم. لېكىن سەن نېمىشقا ھازىرمۇ يەنە تىلەمچىلىك قىلىسەن؟ نېمىشقا بۇرۇنقىدەك خۇشال ئەمەسسەن؟ نېمىشقا ئاغرىپ قېلىپمۇ پۇل خەجلەپ دوختۇرغا كۆرۈنمەيسەن؟

— مېنىڭ يۈز تىللارىم بولسىكەن دەيمەن. يەنە 16 تىيىن بولسىلا بولاتتى، 16 تىيىن.

سودىگەر قوينىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ دىكقا بەردى. دىك تىللانى ئېلىپ خالتىغا سالدى، ئاندىن تىللانىڭ ھەممىنى تۆكۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ساناپ چىقتى. مانا، ئاخىر ئۇنىڭ يۈز تىللاسى بولدى، يەنە تېخى 84 تىيىن ئارتۇق.

دىك كۈلۈمسىرىدى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

بۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر راھىب دىكنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سودىگەردىن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ بىلدى ۋە:

— ئەمدى چاتاق، — دېدى.

— قانداق دەيلا؟

— چۈنكى ئۇنىڭ 99 تال تىللارى بار چاغدا يۈز تىللاغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ دېگەن ھەرقانداق ئادەمدە بولىدىغان بىر خىل تويىمسىزلىق. تويىمسىزلىق ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى يوقاتتى. ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىمەن دېسەڭ 99 تال تىللانى ئېلىۋالساڭ بولاتتى، بۇنداق قىلغاندا بەلكىم ئۇ ھايات قالار ئىدى. ئەمدى سەن ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپسەن، كېسەلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئادەم بۇنىڭلىق بىلەن ياشاشقا سەۋەب بولۇۋاتقان كۈچتىن ئايرىلىپ قاپتۇ. سەن ئۇنىڭغا 99 تال تىللا بەرگىنىڭدە دۇنيادا پەرىشتىدىن بىرسى ئازايغانىدى، مانا ئەمدى سېنىڭ ئۇنىڭغا يەنە بىر تال تىللا بېرىشىڭ سەۋەبلىك دۇنيادا ھاياتلىقتىن بىرسى ئازىيىدىغان بولدى.

باي دىكنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئەمدى مەڭگۈ خۇشال بولالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**مۇلاھىزە:**

كىشىلىك ھاياتتىكى خۇشاللىق ئادەمنىڭ قانچىلىك نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىدە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئۆزىدە بار بولغان نەرسىدىن بەھرىلىنىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. تىرىشىپ تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىش ئەسلىدە يامان ئىشمۇ ئەمەس، بۇ ھەم بىر خىل نورمال پسىخىك ھالەت. لېكىن ئادەمدە مىننەتدار بولۇشنى بىلىدىغان، شۈكرى ـ قانائەت قىلىدىغان قەلبمۇ بولۇشى كېرەك. ئۆزىمىزدە بار بولغان نەرسىنى قەدىرلەپ، تويمىغۇرلۇقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلايلى. مۇشۇنداق قىلساق تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# مەخلۇقاتلارنىڭ جاۋابى

ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم مەڭگۈ خۇشال بولالمايدۇ.

ــ سەن ماۋ

بىر كۈنى تەڭرى زېرىكىپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز كالىلىسىغا بىر غەلىتە ئوي كېلىپ قاپتۇ:

ــ ناۋادا دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلارغا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلسام ئۇلار نېمە-نى تاللايدىغاندۇ؟ شۇنىڭ بىلەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن جىمى مەخلۇقاتلارنىڭ تولدۇرۇشى ئۇچۇن جەدۋەل تارقىتىلىپتۇ.

تەڭرى يىغىلغان جەدۋەللەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. مەخلۇقاتلار ھەر خىل جاۋاب يازغانىكەن:

مۈشۈك: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم چاشقان بولۇپ تۆرەل-گەن بولاتتىم. غوجايىنىمنىڭ بىر تال بېلىقىنى ئوغرىلاپ يەۋالغىنىم ئۈچۈن غوجا-يىنىم مېنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى. چاشقان ئاشخانىنى ئوڭتەي -توڭتەي قىلىۋېتىپ، خالىغانچە يەپ ـ ئىچسىمۇ، كىشىلەر بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالمايدىكەن.»

چاشقان: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم مۈشۈك بولۇپ تۆرەل-گەن بولاتتىم. مۈشۈك تەييار ئاشنى يەپ، ئەمەلدارلار تەمىناتىدىن بەھرىمان بولىدى-كەن، بۇشۇكتىن تارتىپ تاكى تۇشۇككىچە ئادەملەر ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن، تېخى باشقا چاشقانلار ئۇنىڭغا پات ـ پات بېلىق، راك دېگەندەك نەرسىلەرنى شۈكگىتىپ تۇ-رىدىكەن، نېمىدېگەن ئەركىن.»

چوشقا: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم كالا بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. كالىنىڭ كۈنلىرى جاپالىقراق بولسىمۇ لېكىن نامى ياخشىكەن. بىز

بولساق پەمسىز ـ كالۋالىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنمىز ، خەقلەر بىر ـ بىرىنى تىللىسىمۇ «دۆت چوشقا» دەپ تىللىشىدىكەن.»

كالا: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم چوشقا بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. يەيدىغىنىم ئوت ـ چۆپ، چىقىرىدىغىنىم ئاپپاق سۈت، قىلىدىغىنىم ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك. لېكىن كىم مېنىڭ تۆھپەمنى باھالاپ بېقىپتىكەن؟ كىم مېنى مۇكاپاتلاپ بېقىپتىكەن؟ چوشقا ئېمىدىگەن خۇشال، يېيىش ـ ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، سالپاڭ قۇلاق خۇددى ئەۋلىيالاردەك ياشايدىكەن ئەمەسمۇ.»

بۆركۈت: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم توخۇ بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. توخۇنىڭ ئىچىدىغانغا سۈيى، يەيدىغانغا دېنى، ياتىدىغانغا كاتەكى بار ئىكەن، ئېتخى ئادەملەر ئۇنى قوغدايدىكەن. بىزچۇ؟ يىل بويى سىرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرىمىز، بوران ـ چاپقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرىمىز، غايىبتىن كەلگەن ئوق، يوشۇرۇن قويۇپ بېرىلگەن ئوقيادىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولمىساق بولمايدۇ، ياشىمىغىمىز بەك تەس.»

توخۇ: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم بۆركۈت بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. بۆركۈت ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، توخۇ ـ توشقانلارنى خالىغانچە ئوۋلايدىكەن. بىز بولساق تۇخۇم تۇغقان، تاڭ ئېتىشىنى خەۋەر قىلغاندىن باشقا ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىرسى تۇتۇۋالارمۇ، ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ، ـــ دەپ ئەندىشە ئىچىدىلا يۈرۈيدىكەنمىز، غەمدىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز.»

بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك ئادەمنىڭ جاۋابى قىزىق ئىكەن.

ئەر: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم ئايال بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. ئۇ چاغدا ئاياللاردەك ئەركىلىيەلەيتتىم، ئەتىۋارلىناتتىم، خانىش بولاتتىم، مەلىكە بولاتتىم، خانىم بولاتتىم، خوتۇن ياكى توقال بولاتتىم...، ئەڭ مۇھىمى ئەرلەرنى ئىدارە قىلىپ، ئۇلارنى ئايىقىم ئاستىدا ئۇمىلىتەتتىم.»

ئايال: «ئەگەر ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلىنسا چوقۇم ئەر بولۇپ تۆرەلگەن بولاتتىم. ئۇ چاغدا ئەرلەرگە ئوخشاش مۇتىھەملىك قىلاتتىم، تەۋەككۇلچىلىك قىلاتتىم، خان بولاتتىم، شاھزادە بولاتتىم، تۆرە بولاتتىم، ئاتا بولاتتىم...، ئەڭ مۇ-

www.uyghurkitap.com

ھىمى ئايااللارغا زورلۇق قىلاتتىم.»

تەڭرى بۇلارنى كۆرۈپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ:

— بۇ مەخلۇقاتلار قارىغۇلارچە بەسلىشىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن، شۈكرى-قانائەت دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، — دېگىنىچە جاۋاب يېزىلغان قەغەزلەرنى يىرتىپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىپتۇ ۋە:

— ھەممىسى ئۆز پېتى تۇرىۋەرسۇن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

رېئال تۇرمۇشتا ئادەملەر ئۆزىنى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ئائىلىسىنى، كىرىمىنى، چىرايىنى سېلىشتۇرىدۇ، سېلىشتۇرغانسېرى تەڭپۇڭسىزلىق ھېس قىلىپ، ئوغىسى قايناپدۇ. بۇنداق سېلىشتۇرۇش ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، ئىچ پۇشىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياخشى كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويىدۇ. كونىلاردا: «ئادەم ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرسا ئۆلۈۋالغۇسى كېلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. خۇشال ئۆتۈش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلار بىلەن بەسلىشىشنى توختىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن قارىغۇلارچە سېلىشتۇرماي، ئۆزىمىزدە بار بولغانلىرىنى باشقىلارنىڭ يوق تەرىپى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بەسلىشىشنىڭ پىسخىك خاتالىقلىرىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم.

# ئۆزىڭىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىزدەڭ

ھەربىكەت ئادەمنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

— كارنېگى

بىر - بىرىگە مۇھەببەتتى چوڭقۇر بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولۇپ، تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. ئەرنىڭ شىركىتى بار بولۇپ، تىجارىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولغاچقا ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى بەكلا ئاز ئىكەن. ئۇلارنىڭ قىزى باشقا يۇرتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، يالغۇزلۇق تەتىلدىلا كېلىدىكەن. ئايالى ئۆيدە يالغۇز زېرىكىپ قىلىدىغانغا ئىش يوق، كۈنلىرىنى ئىنتايىن مەنىسىز ئۆتكۈزىدىكەن.

ئېرى خوتۇنىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا:

— ئۆيدە بۇنداق ئولتۇرىۋەرمەي، ئۇرۇق - تۇققان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ، قارتا ئويناپ كەل. كۈنبويى ئۆيدە مۇنداق ئولتۇرىۋەرسەڭ ئىچىڭ پۇشۇپ كېتىدۇ. بۇرۇن بالا ئۈچۈن ئالدىراش يۈرۈپ، پەقەتلا بىكار بولالمىغانىڭ، ئەمدى بولسىمۇ بوش ۋاقتىڭنى ئوبدانراق پايدىلانغىن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ خوتۇنى تۇغقانلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، قارتا ئويناپ بىر مەزگىل كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ قاپتۇ. لېكىن مۇڭمۇ تۈگەپ، قارتىنىمۇ زېرىكىپ، يەنە بۇرۇنقىدەك بولۇپ قاپتۇ.

خوتۇنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئويلاپتۇ: «ئېرىم راست دەيدۇ، ياخشىراق پىلان تۈزۈپ، تۇرمۇشتىن قانغۇچە بەھىر ئېلىشىم كېرەك، كۈنلىرىمنى بۇنداق بۇرۇقتۇرمىچە-

لىق ئىچىدە ئۆتكۈزسەم بولمايدۇ، ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن ياشىشىم كېرەك»، ئېرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— بۇ يەردە گۈل دۇكىنى يوق، شۇڭا مەن بىر گۈل دۇكىنى ئاچايمىكىن دەيمەن، چوقۇم پۇل تاپقىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گۈلگە بەك ئامراق، بۇرۇنلا شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. بۇنداق قىلسام پۇل تاپقىلىمۇ بولىدىكەن، ئۆزۈممۇ قىزىقىدىكەنمەن، مەن چوقۇم ياخشى قىلىپ كېتەلەيمەن، — دەپتۇ. ئېرى:

— بۇ ئويۇڭ بولىدىكەن، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش بولسا دادىل قىلىۋەرگەن، مەن سېنى قوللايمەن، — دەپتۇ.

گۈل دۇكىنىدا تېزلا تىجارەت باشلىنىپتۇ. خوتۇنى ھەر كۈنى گۈل دۇكىنىدىكى تىجارەت بىلەن بەكلا ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ، گۈل سېتىۋالىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن، خوتۇن ئىشنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك قىلىپتۇ ھەم نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن دوستلىشىپتۇ. خوتۇنىنىڭ خۇشال ھالىتىنى كۆرگەن ئەرمۇ شادلىققا چۆمۈپتۇ. لېكىن ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەر ھېسابات قىلىپ بېقىپ، خوتۇنىنىڭ تىجارەتتىن پەقەتلا خەۋرىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

225 خوتۇنى ئاچقان گۈل دۇكىنى پايدا ئېلىش تۈگۈل سالغان دەسمىنىمۇ تاپالماپتۇ.

— خوتۇنىڭ گۈل دۇكىنىنى يەنە ئېچىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەرنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭدىن.

— ئېچىۋاتىدۇ.

— پايدىسىغىمۇ ياكى زىيىنىغا؟

— پايدىسىغا

دوستى سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ، كوچىلاپ سوراۋەرگەچكە ئەر ئاخىرى راست گەپنى دەپتۇ:

— ئۇ پۇلدىن پايدا ئالالمىدى، لېكىن خۇشاللىقتىن پايدا ئالدى.

**مۇلاھىزە:**

گېئورگې شۇنداق دېگەن: خۇشال ئۆتۈشنىڭ سىرلىرىنىڭ بىرى كۆڭۈلنى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ خۇشال ياكى خۇشال ئەمەسلىكىنى ئويلاشقا ۋاقىت قالدۇرماسلىق. ھەرىكەت ئادەمگە ئىشەنچ ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ خۇشال ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىنىڭىزدا ئەتراپىڭىزدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز كەيپىياتىڭىز ئالدىراشچىلىقىڭىزغا ئەگىشىپ تەڭشىلىپ دىلىڭىز يورۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككى يۈەن پۇل

خۇشال بولۇش ياخشى ئىش. لېكىن بەزى خۇشاللىق ئادەمگە خۇشاللىقتىنمۇ بەكرەك ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

— ئېپىكوۋروس

جېك ماكدونالد ئاشخانىسىنىڭ بولىكچىسى بولۇپ، كىرىمى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن كۆڭلىنى خۇشال ئۆتكۈزەتتى، ھەرقانداق ئىشقا ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولاتتى ۋە دائىم: «كۈن ئولتۇرسا ئەتە يەنە چىقىدۇ، چىقسا يەنە ئولتۇرىدۇ، تۇرمۇش دېگەن شۇ» دەيتتى.

جېك خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيتتى. ئۇ ئاشۇ ئازغىنا كىرىمگە تايىنىپ ھەرگىزمۇ ماشىنا ئالالمايتتى. ئۇ دوستلىرى بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىدا دائىم:

— ماشىنام بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى- ھە! دېگىنىچە ئۈمىدۋارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىراققا تىكەتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— لاتارىيە بېلەتتى ئالساڭ بەلكىم ماشىنا چىقىپ قالار، — دەپ چاقچاقمۇ قىلغانىدى.

ئۇ ئىككى يۈەنگە لاتارىيە بېلەتتى سېتىۋالدى. تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدىمۇ قانداق، ئىككى يۈەنلىك تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىدىن جېكقا كاتتا مۇكاپات چىقتى.

جېكنىڭ ئاخىرى مۇرادى ھاسىل بولدى، ئۇ مۇكاپات پۇلىغا بىر ماشىنا سېتىۋالدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئايلىنىدىغان، كېچىلىك بەزمىخانىغىمۇ ئانچە بارمايدىغان بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسقىرتقىنىچە ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، قاچانلا قارىسا ماشىنىسى پارقىراپلا تۇراتتى.

بىركۈنى ئۇ ماشىنىسىنى بىنانىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، يېرىم سائەتتىن

كېيىن چىقىپ ماشىنىسىنىڭ يوقلىقىنى كۆردى. ماشىنا ئوغرىلانغانىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دوستلىرى جېكنىڭ ماشىنىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نەچچە تۈمەنگە ئالغان ماشىنىسىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچىلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى:

ــ جېك، ماشىناڭ يوقۇپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمىگىن.

ــ ھوي، مەن نېمىدەپ قايغۇرغۇدەكمەن؟ ــ دېدى جېك قاقاھلاپ كۈلگىنىچە.

دوستلىرى ھەيران بولغىنىچە بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ــ ئاراڭلاردىن بىرەرسىڭلار ئىككى يۈەن پۇلنى يوقىتىپ قويغىنىڭلار ئۈچۈن قايغۇرارسىلەرمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە قايغۇرمايمىزدە

ــ شۇ ئەمەسمۇ، مېنىڭ يوقىتىپ قويغىنىم شۇ ئىككى يۈەن پۇلغۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا بەزى نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويۇشتىن خالىي بولالمايمىز. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن خۇشاللىقنىمۇ قوشۇپ يوقىتىۋەتسەك بولمايدۇ. بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە يوقىتىپ قويغان نەرسە ئۈچۈن قايغۇرماسلىقنى، ۋاقتىلىق يوقىتىپ قويغان ئاشۇ نەرسە ئۈچۈن كەيپىياتىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گېنېرال بوتتوننىڭ جاۋابى

رەزىللىك ئالدىدا خۇشاللىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، ھەقىقىي خۇشاللىققا پەقەت ساۋابلىق ئىش قىلغاندىلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

—— نىنچى

مەشھۇر گېنېرال بۇتتون ئەسكەرلەرنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ ئەسكەرلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئاكوپ يېنىدىلا ئەسكەرلەر بىلەن قىززىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

— قانداق ھايات خۇشال ئۆتكەن ھايات بولىدۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن ھايات. ئەڭ خۇشال ئۆتكەن ھايات بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ بىر ئەسكەر ئالدىراپ.

— ئۇنداقتا، خۇشاللىققا باشقىلارغا تايىنىپ ئېرىشكەن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟

— مۇھەببەتلىك ھايات.

— بۇ بالىلارچە ئوي.

ئەسكەرلەر ھەر خىل جاۋاب بېرىدۇ، لېكىن گېنېرال بۇتتون بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىۋېتىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋابىنى دەيدۇ:

— ئەڭ خۇشال ئۆتكەن ھايات ئۆزۈڭنىڭ ساڭا ئېھتىياجلىق ئادەمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆتىدىغان ھايات.

مۇلاھىزە:

ھەقىقىي خۇشال ئۆتكەن ھايات دەل سىزنىڭ ھەر قاچان سىزگە ئېھتىياجلىق ئادەمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىز. گېنېرال بۇتتوننىڭ خۇشاللىق ھەققىدىكى جاۋابى ھاياتنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ. چۈشكۈنلەشكەن ۋاقتىڭىزدا سىزگە ئېھتىياجلىق نۇرغۇن ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئويلىسىڭىزلا كەيپىياتىڭىز ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق غەزىنىسى

# ئەينەكنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا

كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي خۇشاللىق — ئۆزى بېكىتكەن ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

— بېرنارد شاۋ

بىر ئادەم بولۇپ ياش ۋاقتىدا تازا ئىشلەپ پۇل تېپىپتۇ، ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە مۇرادى ھاسىل بولۇپ، چوڭ بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ماددىي مەئىشەتكە تويۇنغان بۇ ئادەم ئارزۇسىغا يېتىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى ھېچبىر خۇشال ھېس قىلالماپتۇ. ئۇنىڭ گۈل تىجارىتى قىلىدىغان بىر دوستى بولۇپ، كۈنى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن خۇشال ئۆتىدىكەن، ئۇ بۇ دوستىنىڭ كۈلكىسىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ بۇنى پەقەت چۈشىنەلمەپتۇ.

بىركۈنى بۇ باي گۈلچى دوستىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ:

— تاپقان پۇلۇمغا دۇكىنىڭدەك گۈل دۇكىنىدىن بىرەر يۈزنى سېتىۋالالايمەن، لېكىن نېمىشقا خۇشاللىق ماڭا نېسىپ بولمايدىغاندۇ؟

— ماۋۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ — سوراپتۇ گۈلچى دوستى ئۇنىڭغا يېنىدىكى دېرىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— نۇرغۇن ئادەمنىڭ گۈللۈكتە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم.

— ئەمدى ماۋۇ ئەينەككە قارىغىنە، ئەينەكتىن نېمىنى كۆردۈڭ؟

— ئۆزۈمنى كۆردۈم، جاۋاب بېرىپتۇ باي ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سولغۇن چىرايىغا قاراپ.

— ئۇنداقتا ئۇ ئىككى مەنزىرىنىڭ قايسىسى چوڭ ئىكەن؟

— ئەلۋەتتە دېرىزىدىن يىراقنى كۆرگىلى بولىدۇ ـ دە.

دوستى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

ــ گەپ دەل سېنىڭ ئەينەك ئىچىدىكى دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىڭدا! سەن ئاشۇ ئەي-
نەكنىڭ ئارقىسىدىكى سىرنى چىقىرىۋەتكەن بولساڭ ئىدىڭ، پۈتۈن دۇنيانى كۆرەل-
گەن بولاتتىڭ، ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ئۇنىڭ قانچىلىك نەرسىگە ئىگە بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇز خۇشاللىقىغا قانچىلىك ئادەمنى ئورتاق بەھرىلەندۈرەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۆز خۇشاللىقىغا باشقىلارنى بەھرىلەندۈرۈلگەن ئادەملەرلا مەڭگۈ تۈ-
گىمەس خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى قامۇسى

# خۇشال يۈرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ

خۇشاللىق گەرچە ئۇ ھېسسىيات جەھەتتىكى ھۇزۇرلىنىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاقىلانىلىق بىلەن قوغلاشمىساق بولمايدۇ.

— روللاند

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە لوندونغا قاراپ ماڭغان پويىزنىڭ كونا پاسوندىكى ۋاگوننىڭ تازىلىق ئۆيىدە بىرنەچچە ئەر ساقال ئېلىۋاتاتتى. پويىزدا تاڭ ئاتقان ھامان مانا مۇشۇنداق تورغۇن ئادەم يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ تارىنىدىغان گەپ، بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسى تېخى تولۇق ئېچىلمىغاچقا بىر ـ بىرىگە گەپ قىلىشمۇ خوش ياقمايدۇ.



دەل مۇشۇ پەيتتە، چىرايىدىن ئىللىقلىق چىقىپ تۇرغان بىر ئەر تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ـ دە، كۆپچىلىككە قىزغىن سالام قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ سالىمىنى ھېچكىم ئىلىك ئالمىدى. ھېلىقى ئادەم ساقىلىنى ئالغاچ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ روھى ئاجايىپ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى باشقىلارغا ياقمىدى بولغاي، ئارىدىن بىرى ھەم سوغۇق ھەم مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇزدا:

— ھەي! ئاجايىپ خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ سەن؟ نېمە بولدىساڭا؟ — دەپ سورىدى.

— راست دەيسەن، — دېدى ھېلىقى ئەر يەنىلا خۇشال كەيپىياتتا، خۇددى سەن ئېيتقاندەك مەن خۇشال، ھەقىقەتەن بەك خۇشال، ئەر سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ئۆزۈمنى بەختلىك قىلىشنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرغانمەن.

كېيىن تازىلىق ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭ «مەن ئۆزۈمنى بەختلىك قىلىشنى بىر خىل ئادەتكە ئايلاندۇرغانمەن» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزىنى ئېسىدە چىڭ ساقلى- ۋېلىشتى.

**مۇلاھىزە:**

كارنېگ مۇنداق دېگەن: ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئىدىيەسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئادەت خاراكتېرلىك ئوي ـ پىكىر تۇرمۇشتا يولۇققان كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىز ئىشلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەيلى قانداقلا ئىش يۈز بەرمىسۇن ئۇ- نىڭغا خۇشال كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلالىسىڭىزلا تۇرمۇشىڭىز ئىزچىل شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يالغاندىن خۇشال بولالىسىڭىزلا ھەقىقىي خۇشال بولالايسىز

خىيالىي خۇشاللىقنىڭ ئادەمگە ئېلىپ كېلىدىغان ھۇزۇرى ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ ھۇزۇرىدىن كەم ئەمەس.

—— شېكسپېر

مارى ئىلگىرى ئەتىدىن ـ كەچكىچە خاپىلا يۈرۈيدىغان ئايال بولۇپ، ئانچىكىم بىر ئىشقىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە قايغۇراتتى.

بىر قېتىم ئۇ بىر مۇھىم يىغىنغا قاتناشماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ غەمگە تولغان كەيپىياتى ئۇنى ناھايىتى تەڭقىسچىلىقتا قويىدۇ. ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ روھسىز سىيماسىنى كۆرۈپ ساراسىمگە چۈشىدۇ ۋە ئامالسىز پسىخىكا دوختۇرىغا تېلېفون قىلىپ:

—— قانداق قىلسام بولار، تۇرقۇم بەكلا سولغۇن، روھسىز ھالەتتە قانداقمۇ يىغىنغا قاتنىشارمەن؟ —— دەپ سورايدۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا بىر ئەقىل كۆرسىتىدۇ:

—— سىزنى غەمگە سېلىپ قويغان ئىشنى ئۇنتۇپ، ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ. دىققەت قىلىڭكى، يالغاندىن خۇشال بولغان، ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز كەيپىياتىڭىز ياخشىلىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئېچىلىپ كېتىسىز ۋە چىرايىڭىزدىن يېقىملىق كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بولىسىز، —— مارى دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. كەچتە ئۇ دوختۇرغا يەنە تېلېفون قىلىپ:

—— يىغىنغا ئوڭۇشلۇق قاتنىشىپ، يېڭى پىلان ۋە خىزمەتكە ئېرىشتىم. مەن ئۆزگە ئىشەنگەن بولۇۋالسا ئىشەنچىنىڭ راستىنلا پەيدا بولىدىغانلىقى ۋە يالغاندىن خۇشال بولۇۋالسا ناچار كەيپىياتنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن، —— دەيدۇ.

**مۇلاھىزە:**

يالغاندىن خۇشال بولالىسىڭىز راستتىنلا خۇشال بولالايسىز. ئادەم باشقىچە تەپەككۇر قىلىپ، كەيپىياتنى تەڭشىسىلا يېڭىچە ھېسسىياتقا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ناچار كەيپىياتىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بايقىغان ھامان، ئۆزىمىزنى يالغاندىن بولسىمۇ خۇشال تۇتۇپ، ئۆزىمىزگە ناچار كەيپىياتتىن قۇتۇلۇشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتابى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆت ئېغىز سۆز

خۇشاللىق ئاجايىپ غەلىتە نەرسە، ئۇ سىزنىڭ ئۇنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلىكىڭىز سەۋەبلىك ئازلاپ كەتمەيدۇ. بەزىدە سىز ئۇنى باشقىلارغا قانچىلىك جىق بەرسىڭىز ئۇ سىزگە شۇنچە كۆپ نېسىپ بولىدۇ.

— يى مىڭ

بىر بالا دانىشمەننى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خۇشاللىقتا تۇتۇشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ھۆرمەتلىك دانىشمەن، قانداق قىلسام ئۆزۈممۇ خۇشال ئۆتىدىغان، باشقىلارغىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئادەم بولالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ بالا دانىشمەندىن.

— بۇ ئاسانغۇ، مەن ساڭا تۆت ئېغىز سۆز سوۋغا قىلاي. بىرىنچىسى، ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قوي. سەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟

— بۇ، ئۆزۈم ئازابلانغان ۋە دەرد تارتقاندا ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويسام ئازابىم يېنىكلەيدۇ؛ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالغاندا ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويسام ئاشۇ خۇشاللىقمۇ جايىدا بولىدۇ، دېگەنلىكمۇ؟

دانىشمەن ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئىككىنچىسى، باشقىلارنى ئۆزۈڭنىڭ ئورنىغا قوي.

بالا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن دەپتۇ:

— بۇنداق بولغاندا باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىككە ھەقىقىي تۇردە ھېسداشلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ دەردىنى چۈشەنگىلى ھەمدە باشقىلارغا ياردەم كېرەك بولغاندا ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ياردەم قىلغىلى بولىدۇ.

دانىشمەن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپتۇ:

— ئۈچىنچىسى، باشقىلارنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قوي.

— بۇ گەپنىڭ مەنىسى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مۇستەقىل ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ مەركىزىي دائىرىسىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، دېگەنلىك بولامدۇ؟

دانىشمەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى. تۆتىنچىسى، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭنىڭ ئورنىغا قوي. بۇ گەپنى چۈشەنمەك سەل تەسرەك، بۇنى كېيىن ئۆزۈڭ ئاستا ـ ئاستا بىلىۋال، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ مەنىسىنى دەماللىققا بىلەلمىگۈدەكمەن. لېكىن بۇ تۆت ئېغىز گەپنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان يېرى ئاز ئەمەسكەن. بۇلارنى قانداق قىلىپ ئۆزئارا بىرلەشتۈرەلەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ بالا.

— بۇمۇ ئاسان، ھاياتىڭدىكى بارلىق ۋاقىت ۋە سەرگۈزەشتىڭ ئارقىلىق بىرلەشتۈرىسەن، — دەپتۇ دانىشمەن.

كېيىن بۇ بالا چوڭ بولۇپ قورامىغا يېتىپتۇ، كېيىن يەنە قېرىپ بوۋايغا ئايلىنىپتۇ. بوۋاي دۇنيادىن كېتىپمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىزدىن چۈشۈرمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىدى، ئۇ دائىم خۇشال يۈرەتتى، ئۆزى بىلەن ئۇچراشقانلىكى ئادەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلالايتتى، دېيىشىپتۇ.



**مۇلاھىزە:**

خاپا ياشايدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار يۇقىرىدىكى ھېكايىدە دانىشمەن دېگەن تۆت ئېغىز سۆزدە دېيىلگەننى قىلالمىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۆمرۈمنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزىمەن دېگەن ئادەم ئاشۇ تۆت ئېغىز سۆزنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەپ، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىپ، بېشىغا دەرد كەلگەندە كەيپىياتىنى مۇۋاپىق تىزگىنلىسىلا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# لايدىن ياسالغان پىل ۋە دانىشمەن

ئادەمنى ھەممىدىن بەك ئازابلايدىغان ئىش دەل ئادەمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئىش.

— لاروشفۇكو

بىرەيلەن يول بويىغا يېڭىدىن ياسالغان پىلنىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ھەيكەل بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلانغۇدەك بىر ئەر يەرنى تېپىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن ئۇ يا ماڭالمايدىغان يا زۇۋان سۈرەلمەيدىغان بولغاچقا ئادەملەرگە ھەۋەسلىنىپلا يۈرۈيدىكەن ۋە ئادەملەر ھېچنېمىدىن غېمى يوق، خالىغان يەرگە ئەركىن ـ ئازادە بارالايدىكەن، دەپ ئويلاپ، پۇرسەت بولسىلا ئادەملەردىن ياردەم سوراشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

بىر كۈنى بۇ يەردىن بىر دانىشمەن ئۆتۈپ قاپتۇ. قورچاق پىل كۆزلىرى ئارقىلىق دانىشمەندىن ياردەم سوراپتۇ:

— دانىشمەن، مېنى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىڭىز! — دانىشمەن ھەيكەلگە خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە يېڭىنى بىرلا سىلىكىپتىكەن، قورچاق پىل ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ.

— ئادەمگە ئۆزگەرسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئاۋۋال مەن بىلەن بىرگە ھايات مۇساپىسىنى سىناق تەرىقىسىدە مېڭىپ كۆر. ناۋادا تۇرمۇشنىڭ ئازابلىرىغا چىدىيالمىغۇدەك بولساڭ سېنى شۇ ھامان ئەسلىڭگە كەلتۈرۈپ قويىمەن، — دەپتۇ دانىشمەن.

شۇنداق قىلىپ يىگىت دانىشمەنگە ئەگىشىپ بىر تىك يارنىڭ بويىغا كەپتۇ.

— ئەمدى سەن بۇ چوققىدىن ئاۋۇ چوققىغا ئۆتۈپ باق، — دەپتۇ دانىشمەن ھەمدە يېڭىنى بىرلا سىلكىپ يىگىتنى زەنجىر كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ.

يىگىت قورققىنىدىن تىترىگىنىچە چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل زەنجىر ھالـ قىلارغا دەسسەپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ھالقىـ نىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قاپتۇ، ئىككى پۇتى مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ كۆكرىكى ھالقىغا قىسىلىپ قېلىپ دەم ئالالماي قاپتۇ.

ــ ۋايجان! بەك قىينىلىپ كەتتىم، مېنى تېز قۇتقۇزۇۋېلىڭ! ــ دەپ ۋارقىراپ- تۇ يىگىت قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ.

ــ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز. بۇ يولدا سېنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالـ مايدۇ، ــ دەپتۇ دانىشمەن.

يىگىت تولغىنىپ خېلى ھەپىلىشىپتۇ ۋە مىڭ بالادا بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپتۇ، ــ سەن قانداق ھالقا؟ نېمىشقا مېنى بۇنداق ئازابلايسەن؟ ــ دەپتۇ يىگىت ئاچچىقلىـ نىپ.

ــ مەن دېگەن نام ـ مەنپەئەت ھالقىسى، ــ دەپتۇ يىگىتنىڭ پۇتىدىكى ھالقا زۇۋانغا كىرىپ.

يىگىت داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايلىق بىر قىز پەيدا بولۇپ يىگىتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قۇيۇپلا غايىب بولۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن يىگىتنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كېتىپ يەنە بىر ھالقىغا قاپسـ لىپ قاپتۇ.

ــ ۋايجان! بەك قىينىلىپ كەتتىم، مېنى تېز قۇتقۇزۇۋېلىڭ! ــ يىگىت قولـ لىرىنى پۇلاڭلىتىپ يەنە ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

لېكىن ئەتراپ جىمجىت بولۇپ، ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ، ئۇنى قۇتقۇزغىلى ھېچكىم كەلمەپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە دانىشمەن پەيدا بولۇپتۇ ۋە:

ــ بۇ يولدا سېنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، ــ دەپتۇ.

يىگىت ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇ ھالقىدىنمۇ قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولغاچقا، دېمىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ ئىككى ھالقىنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇرۇپتۇ.

ــ بۇ قانداق ئازابلىق ھالقا بولغىيتى ئەمدى؟ ــ دەپتۇ يىگىت.

www.uyghurkitap.com

— مەن دېگەن گۈزەللىك ھالقىسى، — دەپتۇ پۈتىنىڭ ئاستىدىكى ھالقا چاۋاـ بەن.

يىگىت بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىپ شادلىققا چۆمۈپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالقىدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىدىن خۇرسەن بوـ لۇپتۇ.

يىگىت داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. لېكىن ئۇيلىمىغان يەردىن ئارقا ـ ئارقىـ دىن ئارزۇ ـ ئارمان ھالقىسى، ھەسەتخورلۇق ھالقىسى،... غا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ھالقىلارنىڭ ئازابىدىن بىر ـ بىرلەپ قۇتۇلۇپ چىققاندا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنـ كەن. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىدا، كۆز ئالدىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول كۆرۈنۈپـ تۇ. ئەمدى ئۇنىڭ پەقەتلا ماڭغىدەك مادارى قالماپتۇ.

— دانىشمەن، ئەمدى ماڭالمىغۇدەكمەن، مېنى بۇرۇنقى ئورنۇمغا ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز، — دەپتۇ يىگىت ۋارقىراپ.

دانىشمەن پەيدا بولۇپتۇ ۋە يېڭىنى بىرلا سىلكىپ يىگىتنى يول بويىغا ئېلىپ چىقىپ قويۇپتۇ.

— ھايات يولىدا نۇرغۇن ئازاب بار. لېكىن ئاشۇ ئازاب ئۈستىدىن غەلىبە قىلـ غاندىن كېيىنكى خۇشاللىق ۋە راھەت تۇيغۇسىمۇ يوق ئەمەس. سەن راستتىنلا كىـ شىلىك ھاياتتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟

— ھايات يولىدىكى ئازاب جىق، شادلىق ۋە خۇشاللىق قىسقا ھەم ئاز ئىكەن. شۇڭا مەن ئادەم بولۇش نىيىتىدىن ياندىم، يەنىلا قورچاق پىل بولغىنىم ياخشىكەن، — دەپتۇ يىگىت قىلچە ئىككىلەنمەيلا.

دانىشمەن يېڭىنى بىرلا سىلكىگەن ئىكەن، يىگىت شۇ ھامان ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

— ئەمدى دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئىككىنچى كۆرمەيدىغان بولدۇم، — دەپ ئويلاپتۇ قورچاق پىل.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ياققان بىر قىممەتلىك قاتتىق يامغۇردا قورچاق پىل ئېرىپ بىر دۆۋە لايغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر يازغۇچى مۇنداق دېگەنىكەن: «ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرمىگەن دەيدىغان ئادەم يامـ
غۇردىن قورقمىسۇن. ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا خۇشاللىق بىلەن ئازاب بىر ـ بىرىـ
گە سۈگدىشىپلا يۈرۈيدۇ. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ ئازابلىرىغا
بەرداشلىق بەرمەي بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن «غەم ـ ئەندىشە دەرىخى» تىكىپ قويۇڭ

غەم ـ ئەندىشە كەيپىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شائىرلارنىڭ تەسۋىرىي دۇنياسىدا تاشنىڭ روھى، بۇلۇتنىڭ چوڭقۇر مەنىسى، سۇنىڭ نازۇك تەرىپى بولغان بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قەلبى يوق. پەقەت ئادەمنىڭلا قەلبى بولىدۇ، ئادەمدە قەلب بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدا غەم ـ ئەندىشە بولىدۇ. ئادەم غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمايدۇ، لېكىن ئۆزىمىزنى خۇشال تۇتساق تامامەن بولىدۇ! كۆڭلىمىزنى خۇشال ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەنسىز، شۇ ئىېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىچى پۇشۇش، غەم ـ ئەندىشە، پۇشايمان دېگەنلەرنى ئۆزىڭىزگە ھەرگىز يېقىن يولاتماڭ، بۇرۇن يۈز بەرگەن ئازابلىرىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ. شۇنداق قىلالىسىڭىزلا كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۈزلىنەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى

# جەننەتكە ئەۋەتىلگەن خەت

مۇۋاپىق قايغۇرۇش ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە بولغان سېغىنىشنىڭ ئىپادىلىنىشى. لېكىن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قايغۇرۇش ھاياتنى نابۇت قىلىدىغان دۈشمەن.

— شېكسپىر

پىد شادىمان پوچتالىيون بولۇپ، خىزمىتىنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى ۋە جان ـ دىل بىلەن ئىشلەيتتى. ئادرېسى ئېنىق بولمىغان ياكى پەرقلەندۈرۈش قىيىن خەتلەر ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىسىنى تاپاتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېلىپلا شۇ كۈنى يۈز بەرگەن كۆڭۈللۈك ئىشنىڭ ھەممىسىنى خوتۇنىغا دەپ بېرەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن خوتۇنى بىلەن بىر جۈپ بالىسىنى ئېلىپ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇددى سۈپسۈزۈك ئاسماندەك كۆڭۈلسىزلىكتىن مۇستەسنا ئۆتەتتى.

لېكىن ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ ئوغلى ئاغرىپ قالدى. داۋالاتقان بولسىمۇ، لېكىن دوختۇر ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ، ئەتىسى ئوغلى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

شۇنىڭغا ئەگىشىپلا پىدنىڭ يۈرىكىمۇ ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇددى ئادرېسى ئېنىق يېزىلمىغان خەتكە ئوخشاش تاپانچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا باراتتى، يولنىمۇ خۇددى تۇن سەيلىسى قىلىدىغان ئادەمدەك ماڭاتتى. ئىشخانىغا كېلىپلا ئىش بېجىرىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ زۇۋان سۈرمەي ئۆز ئىشىنى قىلاتتى، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كېلىپ تامىقىنى چالا ـ پۇلا يەپلا يېتىپ قالاتتى. خوتۇنى پىدنىڭ تۇن بويى كىرپىك قاقماي تورۇسقا قاراپ ياتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

خوتۇنى تىت ـ تىت بولاتتى، ئېرىگە شۇنچە كۆيۈنسىمۇ لېكىن ھېچ ئۇنۇمى

بولمايۋاتاتتى.

روژدېستۋو بايرىمى يېقىنلاپ قېلىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى بايرام كەيپىياتى بۇ ئائىلىنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتەلمىدى. يىلنىڭ بېشىدىلا ئىنىسى بىلەن بىرگە بايرامنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ يۈرگەن ئاچىسى ئانىۇ كەمسۆز بولۇپ قالغانىدى.

بىركۈنى پىد خەت ئايرىۋېتىپ، قولىغا رەڭلىك قەغەزدە ياسالغان بىر پارچە كونۋېرت چىقىپ قالدۇ. كونۋېرت ئۈستىگە كۆك رەڭلىك قەلەمدە: «جەننەتتىكى موماغا تېگىدۇ» ــ دەپ يېزىلغانىدى. «قانداق خەت بۇ!» پىد يېنىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن خەتنى بىر ياققا تاشلاپ قويماقچى بولىدۇ ـ يۇ، «جەننەتتىكى موماغا تېگىدۇ» دېگەن خەت ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، خەتنى ئېچىپ ئوقۇيدۇ. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

ــ سۆيۈملۈك جەننەتتىكى موما:

ئىنىم قازا قىلىپ، دادام بىلەن ئاپام بەك ئازابلاندى. ئاپام ياخشى ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ، ــ دەيدۇ. ئىنىم بەلكىم سىز بىلەن بىللىدۇر. ئىنىمنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بارمۇ؟ ئىنىمنىڭ ياغاچ ئېتىنى مىنىمىدىم، كۈبىكلىرىنى ئوينىمىدىم. مەن دادامنىڭ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ ھەممىسىنى يوشۇرۇپ قويدۇم. دادام تاماكا چەكمەيدىغان بولدى، گەپمۇ قىلماس بولۇۋالدى. مەن ھېكايە ئاڭلاشقا شۇنداق ئامراق ئىدىم، لېكىن دادامنى ھېكايە ئېيتىپ بەر دېيەلمەيمەن، ئۇ بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئالسۇن. بىر قېتىم مەن ئاپامنىڭ: «پەقەت تەڭرىلا ئۇنى قۇتقۇزالايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. موما ئېيتىڭچۇ، تەڭرى نەدە؟ مەن ئۇنى چوقۇم ئىزدەپ بارىمەن، ئۇنىڭدىن دادامنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىمەن، دادامنى بۇرۇنقىدەك تاماكىسىنى چېكىپ، ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغان قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن.

ــ ئان

ئۇ ئىشتىن چۈشكىنىدە كوچا چىراقلىرى ئاللىقاچان يېنىپ بولغانىدى. پىد ئۆيىگە ناھايىتى تېز قايتىدۇ، ئۇ ئالدىراپ ماڭغاچقا سايىسىنىڭ بىردە ئوڭغا، بىردە

سولغا ئېگىز ـ پەس بولۇۋاتقانلىقىغىمۇ دىققەت قىلماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، لېكىن ئىشىكنى ئالدىراپ ئاچماي، ئىشىك ئالدىدا خېلىغىچە تۇرىدۇ. ئۇ ئۇستى ـ بېشىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن چىرايىغا ئۆچۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان كۈلكىنى يۈگۈرتىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

خۇددى ئاينىڭمۇ تولىدىغان، كېمىيىدىغان ۋاقتى بولغىنىدەك ئادەمدە ھىجران قايغۇسى بىلەن ۋىسال شادلىقى بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا ھايات ـ ماماتلىق جۇدالىق بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۆزىمىزنى ئۇزۇنغىچە ئازابلاپ قايغۇرۇپ يۈرسەك بولمايدۇ. ئاشۇ قايغۇنىڭ ئاسارىتىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ چىقىپ، نورمال تۇرمۇشتىن بەھر ئالغىنىمىز تۈزۈك.

# بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ

تۇرمۇشقا ئالاھىدە نۇقتىدىن قارىساق تۇرمۇشنىڭ تىراگېدىيە ئىكەنلىكىنى؛ نورمال كەيپىياتتا قارايدىغان بولساق تۇرمۇشنىڭ كومېدىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

—— چارلىز چاپلىن



داڭلىق ئارتىس لاسا بېنو بىر قېتىملىق پاراخوت سەپىرىدە بورانغا ئۇچراپ، پالوبىدا يىقىلىپ كېتىپ بەختكە قارشى ئېغىر يارىلىنىدۇ. ئۇ ئوپېراتسىيە ئۈيگە كەلتۈرۈلۈپ، يۈتى كېسىۋېتىلىش ئالدىدا تۇيۇقسىز ئىلگىرى ئۆزى رول ئالغان ئويۇندىكى بىر ئابزاس سەھنە سۆزىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇيدۇ. مۇخبىرلار: ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن كەيپىياتىنى تەڭشەش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك، — دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۇ: «ئۇنداق ئەمەس، دوختۇر ـ سېستىرالارغا ئىلھام بېرىۋاتىمەن. كۆرمىدىڭلارمۇ، ئۇلار نېمىدېگەن سورلۇك ـ ھە؟ — دەيدۇ.

لاسا بېنو قارشىلىشىپ بولمايدىغان ئاپەت ئالدىدا تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن رەنجىمىدى، تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنمىدى. ئەكسىچە، ئازاب ۋە ئەندىشىنىڭ ئاسارىتىدىن مەردانىلىق بىلەن قۇتۇلۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئوتلۇق مەشئىلىنى يېڭىباشتىن يالقۇنجىتىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن «ئۇلار نېمىدېگەن سورلۇك ـ ھە؟» دېگەن ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ كۆڭلىدىكى كەيپىيات تەڭشەگۈچ بەلكىم ئەڭ ياخشى ھالەتكە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لاسانىڭ ئوپېراتسىيەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغاندىن كېيىن، گەرچە ئۇ سەھنىگە چىقالمىسىمۇ، لېكىن نۇتۇق سۆزلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان نۇتۇقىنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلىرى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى

**مۇلاھىزە:**

ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بەختسىزلىك ۋە مادارى يەتمەيدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە، پۇشايمان قىلىش ۋە ئاغرىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ... ئۆزگىگە ئاشۇ دەرد ــ ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ. چۈنكى، ئىش مەيلى ئوڭدىن كەلسۇن ياكى تەتۈرسىدىن چىقسۇن، ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ.



# چىقىلىپ كەتكەن قەھۋە ئىستاكانى ئۈچۈن ياش تۆكمەڭ

كۆز يېشىڭىزنى ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن ئىسراپ قىلماڭ.

— ئېۋرىپىدېس

بىر پىسخولوگ دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر قەھۋە ئىستاكانىنى كۆرسىتىپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ھە دەپ بۇ ئىستاكاننىڭ ئۆزگىچىلىكىنى تەرىپلىشىۋاتقاندا ئوقۇتقۇچى ئىستاكاننى قەستەن يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئىستاكان سېمونت يەرگە چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار ئېچىنىپ چۇرقۇرىشىپ كېتىپتۇ. ئوقۇتقۇچى ئىستاكان پارچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىلەر بۇ ئىستاكان ئۈچۈن ئېچىنىۋاتىسىلەر، لېكىن بۇنداق ئېچىنىش ئىستاكاننى ھەرگىزمۇ ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرەلمەيدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولۇڭلاردا مانا مۇشۇنداق ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەن ۋاقتىڭلاردا مۇشۇ چىقىلغان قەھۋە ئىستاكاننى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار، — دەيدۇ.

بۇ ئىنتايىن نەتىجىلىك چىققان بىر قېتىملىق ساپا تەربىيەسى دەرسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار چىقىلغان قەھۋە ئىستاكاندىن ئادەم مەغلۇبىيەت ۋە بەختسىزلىكنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغاندا ئۇنى قوبۇل قىلىشنى، ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

چېقىلىپ كەتكەن قەھۋە ئىستاكانى ئۈچۈن ياش تۆكمەڭ. گەرچە رېئاللىقنى دەماللىققا ئۆزگەرتكىلى بولمىسىمۇ، قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئىلكىمىزدىكى نەرسىنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.





# ئۇ پەقەتلا بىر كۆينەك خالاس

ئۆزىنى خۇشال تۇتالمايدىغان ئادەم مەڭگۈ خۇشال بولالمايدۇ.

— سېنېكا

كاتنىڭ تويى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئۆزى ئۇچۇن يارىشىملىق توي كۆينىكى لايىھەلىمەكچى بولۇپ، يىپەك دۇكىنىغا بېرىپ چۆرىسىگە زەر تۇتۇلغان پىل چىشى رەڭلىك تاۋاردىن بىر كىيىملىك ئالدى. ئۇ بۇ توي كۆينىكىنى تىكىشكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئاپىسى قىزىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇنىڭ كىيىمىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئاپىسى دېگىنىنى قىلىدىغان ئايال بولۇپ، قىزىغا تويدا ھېچقانداق پاسون چىقىرىلمىغان ئاق رەڭلىك توي كۆينىكى كىيىسەن، — دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

كۆيئوغۇل بولغۇچى ھانس كاتنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ كاتنىڭ تويى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن توي كىيىمىنى كىيىش ھوقۇقى بار، — دەپ قارايتى. كاتمۇ ئەسلىدە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، دېگىنىنى قىلىدىغانلاردىن ئىدى، لېكىن ھانس كاتنىڭ بۇ قېتىمقى ئىپادىسىدىن ھەيران قالىدۇ.

كېيىنچە ھانس بۇ ئىشنى تىلغا ئالغىنىدا كات خەنسكە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قەدىرلىكىم، ئادەم بەزى ئىشلارنى بەك زىغىرلاپ كەتمىگىنى تۈزۈك، ئۇ پەقەتلا بىر كۆينەككۇ. ئىككىمىز ئامراق ئەر - خوتۇنلاردىن بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇن خالتىسىدىن توي كۆينىكى تىكىپ كىيسەممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دەيدۇ.

توي كۈنى يېتىپ كېلىدۇ. كات تويدا ئاق رەڭلىك توي كۆينىكى كىيىدۇ. توي كۈنى كات ھانسقا مۇھىم ساۋاق بېرىدۇ. خەنسنىڭ تەلىيىنىڭ كاج كەلگەن يېرى شۇ بولدىكى، ئۇ بۇ ساۋاقنىڭ مەنىسىنى بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاندىن ئاران چۈ-

شىنىدۇ.

كېيىن ھانسنىڭ قىزى جۇلىيا توي قىلىدىغاندا ھانس قىزىنىڭ ھېلىقى زەر تۇتۇلغان توي كۆينىكىنى كىيىپ كاتقا سالام بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن جۇلىيا خاپا بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ توي قىلغىلى كەتكەنلىكىنىمۇ دېمەيدۇ. ھانس بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاپا بولىدۇ، ھەتتا نەچچە ئايغىچە ئۇنىڭغا گەپ قىلمايدۇ. ئاردىن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ، ھانس بۇنى ئاخىرى چۈشىنىدۇ. ئۇمۇ كاتنىڭ ئاپىسىغا ئوخشاش كاللىسى قاتمال بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ پەقەتلا بىر كۆينەكقۇ، خالاس.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، كات توي كۈنى كەيگەن ھېلىقى ئاق رەڭلىك توي كۆينىكىنى ساقلاپ قويمىغانىدى. ئۇنىڭ بىر دوستىغا توي كۆينىكى لازىم بولۇپ قالغاندا ئۇ ئاشۇ توي كۆينىكىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئۇنى دوستىغا بېرىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لېكىن ئۇ ھېلىقى زەر تۇتۇلغان توي كۆينىكىنى ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇشۇ زەر تۇتۇلغان توي كۆينىكىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي تويلۇق كۆينىكى ئىدى. كات ئۇنى بەزىدە كىيىپ باقاتتى، لېكىن كۆپىنچە ھاللاردا قاپقا سېلىپ، كىيىم ئىشكابىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ساقلايتتى.



**مۇلاھىزە:**

خۇشاللىقتا ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز شۇنداق بىر پرىنسىپقا بويسۇنىشىڭىز، يەنى ئۇششاق ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرماسلىقىڭىز لازىم. كىشىلىك ھاياتتا مەڭگۈ ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بولىدۇ، ئەرزىمەس ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، خۇشال كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.

# تۇرۇبا يولى ئىشچىسىنىڭ «غەم ـ ئەندىشە دەرىخى»

ناۋادا مېنى بىئارام قىلىدىغان ئىشقا يولۇقۇپ قالسام، شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاتىرىنىڭ ھەممىسىنى كاللامدىن پاك ـ پاكىز چىقىرىۋەتكەن ھەمدە كۆز ئالدىمدىكى تۇرمۇشقا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاشۇ غەم ـ ئەندىشىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتكەن بولاتتىم.

— ھېنرى. ۋاد. بىچ

بىركۈنى بىر سودىگەر تۇرۇبا يولى ئىشچىسىنى ئۆيىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بېرىشكە چاقىرىپتۇ. تۇرۇبا يولى ئىشچىسى بىتەلەي ئادەممۇ قانداق، شۇ كۈنى ماشىنىسىنىڭ چاقى ئېتىلىپ كېتىپ بىر سائەت كېچىكىپ كەپتۇ، ئارقىدىنلا توك ئۆشكىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ، كېيىن يەنە ماشىنىسىنىڭ موتورىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قاپتۇ. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن سودىگەر ئۇنى ماشىنىسى بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. تۇرۇبا يولى ئىشچىسى سودىگەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇرۇبا يولى ئىشچىسى بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى دەرەخنىڭ شېخىنى سىيلاپتۇ. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ كۈلگىنىچە بېرىپ ئىككى بالىسىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ، ئاندىن خوتۇنىنى سۆيۈپ قويۇپتۇ. تۇرۇبا يولى ئىشچىسى سودىگەرنى بەك قىزغىن كۈتۈپتۇ، سودىگەر قايتىدىغاندا ئۇنى ماشىنىسىنىڭ قېشىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. سودىگەر ھەيرانلىقىنى باسالماي سوراپتۇ:

— بايا ئىشىكنىڭ ئالدىدا قىلغانلىرىڭىزنىڭ بىرەر مەنىسى بارمۇ قانداق؟

— شۇنداق، — خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ تۇرۇبا يولى ئىشچىسى، — بۇ مېنىڭ «كۆڭۈلسىزلىك دەرىخىم»، ھەر قېتىم سىرتقا ئىشلىگىلى چىققاندا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىمەن، لېكىن مەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كەلسەم بولمايدۇ، چۈنكى ئۆيدە خوتۇن ـ بالىلىرىم بار. شۇڭا، مەن ئۇ كۆ-

ڭۈلسىزلىكلەرنى ئەتىسى ئىشقا ماڭغاندا ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تەگرىنىڭ ۋاقتىنچە ئىگىدارلىقىغا تاپشۇرۇپ دەرەخقە ئېسىپ قويىمەن. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئەتىسى قارىسام ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى يوقاپ كېتىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا بەزى بىر كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. تۇرمۇشتىن ئۇھسىنغان ياكى رايىڭىز قايتقان چاغلاردا مۇۋاپىق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، يىغىلىپ قالغان دەردنى چىقىرىۋېلىشمۇ روھىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ بىر خىل ياخشى ئۇسۇلى.

# ھەر كۈنى ئۆزىڭىزگە بىر ئۈمىد يۆلەڭ

كىشىلىك ھاياتتىكى ھەقىقىي خۇشاللىق ئۆزى بېكىتكەن ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتا ئىپادىلىنىدۇ.

— بېرنارد. شاۋ

كەسپتە ئاھايىتى پىشقان، تۇرمۇشى ئىنتايىن بەختلىك، سالامەتلىكىمۇ ئىنچىل ياخشى كېتىۋاتقان بىر دوختۇر بەختكە قارشى راك بولۇپ قاپتۇ. قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان دوختۇر چۈشكىنلىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئۆزگىرىپلا تېخىمۇ كەڭ قورساق، تېخىمۇ كەمتەر، خۇش پېئىل، تېخىمۇ ھاياتنى قەدىرلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تىرىشىپ ئىشلىگەندىن باشقا كېسەلگە قارشى جەڭنى بىر كۈنمۇ توختاتماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىرنەچچە يىلنى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭدىن قانداق سېھرىي كۈچنىڭ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. دوختۇر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئۈمىد، ھەر كۈنى سەھەردە ئۆزۈمگە بىر ئۈمىد يۆلەيمەن، شۇ كۈنى كۆپرەك بىمارنى داۋالاپ ساقايتىشنى، كۈلكەمنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ دوختۇرنىڭ تېخىنىكىسى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، ئاجايىپ ئالىيجاناپ ئىكەن.

ھەر كۈنى ئۆزىگە بىر ئۈمىد يۆلىگەنلىك ئۆزىگە نىشان بەلگىلىگەنلىك، شۇنداقلا ئۆزىگە ئىشەنچ ئاتا قىلغانلىق. ئۈمىد دېگەن نېمە؟ ئۇ دېگەن ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى پارتلىتىدىغان پىلىك، ھاياتنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى ئۇلغايتىدىغان كاتالىزاتور. ھەر كۈنى ئۆزىمىزگە ئۈمىدتىن بىرنى يۆلىگەندە ھاياتىمىز تېخىمۇ جانلىنىدۇ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئاھ ئۇرۇپ، قايغۇ-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رۇپ، قىممەتلىك ھاياتنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلىشقا ۋاقىت چىقمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەر كۈنى ئۆزىمىزگە بىر ئۈمىد يۈكلىگەندە ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئىشلار ئۈچۈن ئىسراپ قىلماي، تۇرمۇشقا تولۇپ ــ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەلەيمىز. ھايات چەكلىك، لېكىن ئۈمىدنىڭ چېكى يوق. ھەر كۈنى ئۆزىگە بىر ئۈمىد يۈكلىگەندە ھەقىقىي مەنىلىك ھاياتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.





# داغلىق تېۋىپ يې تيەنشى

ئىدىيەمىزدىكى خاتا قاراشنى ئامال بار يوق قىلىۋېتىشىمىز كېرەك. بۇ، تېنىمىزدىكى ئۆسمە ياكى يىرىڭلىق يارىنىڭ قېپىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەندىنمۇ مۇھىم.

— ئېمېرسون

يې تيەنشى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن داغلىق تېۋىپ. بىركۈنى چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان، كۆزلىرى قىزارغان بىر بىمار ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

يې تيەنشى بىر ھازا كۆزىتىش، پۇراش، سوراش، تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن بىمارغا:

— كۆزلىرى بىرنەچچە تال دورا چاپلىمىسى ئىشلەتسەكلا ئوڭشىلىپ كېتەكىدەك. لېكىن كۆزلىرى ساقىيىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئىككى پۇتلىرىغا يامان يارا چىقىدىكەن، بۇ ھاياتلىرىغا ئېغىر تەھدىت سالىدۇ، — دەپتۇ.



بىمارنىڭ قورققىنىدىن چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. يې تيەنشى ئۇنىڭغا يەنە:

— بىر ئامال بار، سىلى ھەركۈنى ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن ۋە سەھەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا پۇتلىرىنىڭ ئالقىنىنى قوللىرى بىلەن 360 قېتىمدىن ئۇۋۇلاپ بەرسىلە، بىر قېتىملىقى كەم بولسىمۇ بولمايدۇ، ئۇنى يەتتە كۈن داۋاملاشتۇرىدىلا، شۇنىڭدا كېسەللىرى ئاساسىي جەھەتتىن ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بىمار داغلىق تېۋىپ يې تيەنشىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنداپتۇ.

يەتتە كۈن ئۆتۈپ، دېگەندەك كۆزى ئوڭشىلىپ كېتىپتۇ، پۇتىغىمۇ يارا چىقماپتۇ، روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىمار تېۋىپقا رەھمەت ئېيتقىلى بېرىپتۇ. يې تيەنشى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كۆزلىرىدىكى كېسەل ئەندىشىدىن كېلىپ چىققان. سىلى ئۇنى ئويلىمە-
سىلا ئازراق دورا ئىشلەتسەكلا ساقىيىپ كېتەتتى، لېكىن سىلى ئارتۇقچە ئويلاپ
كېتىدىكەنلا، يەنە كېلىپ كۆزلىرىنىڭ ئاغرىقىنى ئويلىماي تۇرالمايدىكەنلا. مەن
سىلىنى ھاياتلىرىغا تەھدىت سېلىۋاتقان يامان يارىغا ئەھمىيەت بېرىشنى بۇيرىسام،
سىلى كۆزلىرىدىكى كېسەلنى ئۇنتۇيدىلا، پۇتنىڭ ئالقىنىنى ئۇۋۇلاشنىڭ پەقەت
ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇپ نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەپ بەدەننى كۈچەي-
تىشلا رولى بار. دىققەتلىرى باشقا يەرگە ئاغدۇرۇلۇپ، كۆڭۈل كېسەللىكلىرى ساقاي-
سىلا كۆزلىرىمۇ ئاسانلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

مۇلاھىزە:

روھىمىز بىلەن تۇيغۇمىز تەن سالامەتلىكىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. قانچە خۇشال يا-
شىساق تېنىمىز شۇنچە ساغلام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، روھىمىزنى غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالسا
ئاسانلا كېسەل بولۇپ قالىمىز. «كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆڭۈل بېرىپ ئال» دېيدىغان گەپ بار.
غەم ـ قايغۇ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، كۆڭۈل ئاغرىقىنى تۈگەتسەكلا ساغلام، خۇشال ھاياتقا
ئىگە بولالايمىز.





# مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

خۇشاللىقنىڭ سىرى ئۆزى مەمنۇن بولىدىغان ئىشنى كۆپرەك ئويلاپ، غەم ـ ئەندىشە بىلەن كارى بولماسلىق.

ـــ كارنېگى

شياۋ گاڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يېقىندا ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئائىلىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇنى غەمكىن قىلىپ قويىدى، ئۇنىڭ ئۆگىنىشى چېكىنىپ كېتىپلا قالماي، يەنە بىكاردىن بىكار ساۋاقداشلىرىغا چېپىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ روھى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئاز ـ تولا تەڭشەشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆزى يالغۇز تەنتەربىيە مەيدانىنى توختىماي ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئازابى كۆپچىلىككە ئايان ئىدىيۇ، لېكىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەي دېمەيتتى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە سىنىپىدىكى ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان شياۋ لىن ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقىلار تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ دائىم بىللە يۈرگەنلىكىنى كۆرىدىغان بولدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ شياۋ گاڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا قايتىپ كەلدى.

بىر قېتىملىق ساۋاقداشلار يىغىلىشىدا كۆپچىلىك شياۋ لىندىن بۇ ئىشنى سورىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ساۋاقداشلىرىغا:

ـــ بۇنىڭدا ھېچقانداق سىرمۇ يوق، سىلەر بەلكىم بىلمەيسىلەر، ئاتا ـ ئانام مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىمدىلا ئاجرىشىپ كەتكەن، ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەردە مەن تىرىشىپ ئۆگەندىم، ئاخىرى ئالىي مەكتەپكىمۇ ئۆتتۈم. ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى ئويلىسام، ھازىر ئۆزۈمنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىمنى، مۇستەقىل، قەيسەر بولغانلىقىمنى ھېس قىلىمەن. مەن پەقەت ئاشۇ سەزگۈزەشتىلىرىمنى شياۋ گاڭغا

سۆزلەپ بەردىم.

ساۋاقداشلار بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. چۈنكى، تۆت يىل جەريانىدا شىپاۋلىنىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ھېچكىم بىلمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىزچىل تۇرۇپ شۇنداق خۇشال، خۇشخۇي ئۆتكەنىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ مۇشۇنداق قىلالىغانلىقىنى سورىغىنىدا ئۇ:

— تۇرمۇشقا رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەكمۇ؟ تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئادەم ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي مۇشۇنداق سوئالنى قويۇپ قالىدۇ، ھەممىمىز تۇرمۇشقا رەھمەت ئېيتىشنى بىلىمىز. لېكىن، تۇرمۇش كۆڭۈلىمىزدىكىدەك بولمىغاندا زور كۆپچىلىكىمىز ئۇنىڭدىن ئاغرىنىمىز. ئەپسۇس، تۇرمۇشىمىز بىزنىڭ ئاغرىنىشىمىز سەۋەبلىك ياخشىلىنىپ كەتمەيدۇ، بەزىدە تېخى ئاشۇ ئاغرىنىشلار سەۋەبلىك تېخىمۇ ئۇساللىشىپ كېتىدۇ. مەن كۆڭۈلسىزلىكنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، تۇرمۇشقا رەھمەت ئېيتىشنى بىلىۋالدىم. چۈنكى، ئائىلىمىزنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ئۆزگىرىشى مېنى تاۋلاپ چىقتى.

**مۇلاھىزە:**

مىننەتدارلىق مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا خۇشاللىقنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئەگەر بىز تۇرمۇشتا ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلگەن بولساق ئىدۇق، ئۇ چاغدا جاھاندا قانداق ئاپەت ۋە ئۆزگىرىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەرگەن ۋە ئۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشكەن بولاتتۇقكى، ھەرگىزمۇ دەرد ـ ئەلەم سەۋەبلىك ناچار كەيپىياتنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالمىغان بولاتتۇق.

# پسىخولوگىيە دوختۇرى بىلەن كومېدىيە ئارتىسى

ئەگەر بىز كۆپچىلىكنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ، ئاندىن ھەربىر ئادەمنى ئوخشاش بىر ئۈلۈشتىن ئېلىشقا بۇيرىساق، كۆپ ساندىكىلەر ئۆزىگە تېگىشلىكىنى خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ كەتكەن بولاتتى.

— سورېئاۋ

فىروم تونۇلغان پسىخولوگىيە دوختۇرى بولۇپ، ھەر كۈنى نۇرغۇن كېسەل كۆرەتتى. ئۇ كېسەل كۆرگەندە بىمارلارنىڭ دەرد ـ ئەندىشىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئۇچرىدىغىنى ساپلا غەم باسقان چىراي بولغاچقا، ئاشۇ ناچار كەيپىيات ئۇنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئۆزىدىكى بېسىمنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن پات ـ پات تىياتىرخانىغا بېرىپ، مەخسۇس كومېدىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇ.

بىركۈنى فىرومنى يەنە بىمار بېسىۋالىدۇ. ئۇ بېشىنى چۆكۈرۈپ بىر بىمارنىڭ كېسەللىك ئارخىپىغا دىياگنوز نەتىجىسىنى يېزىۋاتقاندا قۇلىقىغا ناھايىتى تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ:

— دوختۇر، مەن ئىنتايىن خاپا، تۇرمۇشۇمدا خۇشال بولغۇدەك بىرمۇ ئىش يوق، بۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە مەززىسى بار، ئۆلۈۋالايمىكىن دەيمەن.

فىروم بېشىنى كۆتۈرۈپ تونۇش چىراينى كۆرىدۇ. ئۇ دەل ئۆزىنى قانغۇچە كۈلدۈرگەن كومېدىيە ئارتىسى ئىدى.

بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ھەيران بولغان فىروم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېتىدۇ ۋە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مۇنداق بولسۇن، ئىككىمىز ئورنىمىزنى ئالماشتۇرايلى. مەن بىر كۈن كومېدىيە ئارتىسى بولاي، سىز بىر كۈن پىسخولوگىيە دوختۇرى بولۇڭ بولامدۇ؟ — دەيدۇ.

كومېدىيە ئارتىسى فرومنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئەستايىدىللىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چاقچاق قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بولىدۇ.

كومېدىيە ئارتىسى بىر كۈن «مۇۋەققەت دوختۇر» بولىدۇ. رېتسېپنى پەردە ئارقىسىدىكى فروم يازغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى خۇددى راست دوختۇردەك سوراپ، ئۇلارغا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋېلىشى ھەققىدە كۆچىنىڭ بىرىچە مەسلىھەت بېرىدۇ.

فروممۇ كومېدىيە ئارتىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تىياتىرخانىدا بىر پەردىلىك كومېدىيەدە رول ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ، سەھنىدە ساراڭ بولۇۋېلىپ تاماشىبىنلارنى قانغۇچە كۈلدۈرىدۇ. فروم پەستىكى شۇنچە كۆپ كۈلكىگە تولغان چىراينى كۆرۈپ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىزمەتلىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بىر كۈنى كومېدىيە ئارتىسى يەنە پىسخولوگىيە دوختۇرىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.



— دوختۇر، مەن تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى تاپتىم. ئەمدى چۈشەندىمكى، خىزمىتىم بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەن. تاماشىبىنلارنىڭ مېنىڭ ھەربىر قىزىقارلىق ھەرىكىتىمنى كۆرگەندىن كېيىنكى كۈلكىسى مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم ئىكەن. ئەمدى مەن ئۆلۈۋالمايمەن، چۈنكى مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم نۇرغۇن ئادەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى تەڭپۇڭلىقىغا ئېرىشتۈرىدىكەن، — دەيدۇ روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا.

فروم كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ:

— توغرا دەيسىز، مەنمۇ سىزنىڭ ماڭا ئۆزۈمنىڭ كىشىلەرگە نۇرغۇن كۈلكە ئاتا قىلالايدىغانلىقىمنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىمارلار كېسەل كۆرۈش ئۆيىدىن چى-

قىۋاتقان يۇمۇرىستىك چاقچاق بىلەن بىمارلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن كۈلكىسىنى ئاڭلاپ تۇردۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر خىل قىلىپتىكى تۇرمۇش سەۋەبلىك بەزىدە سەۋرچانلىقىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى ھەم زېرىكىشلىك ھەم مەنىسىز دەپ قارايمىز. ھەتتا، مۇشۇ سەۋەبلىك ئۈمىدسىزلىك پسىخىكىسى پەيدا قىلىۋالىمىز. مۇشۇنداق چاغدا باشقىچە «رول» ئېلىپ، تۇر-مۇشىمىزنى باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە لەززىتىنى يېڭىباشتىن ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇرمۇشنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى كەچۈرۈۋېتىڭ

تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇش ـ بولماسلىقى شۇ كىشىنىڭ ئادەم، ئىش ۋە شەيئىگە بولغان كۆز قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشنى ئىدىيە يارىتىدۇ.

ــــ نورمان ۋىنكېت

تەقدىرىدىن رازى بولمىغان بىر ئادەم تەڭرىدىن تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا:

ــــ ئەگەر سەن دۇنيادا تەقدىرىدىن تولۇق رازى بولىدىغان ئادەمنى تاپالىساڭ بەختسىزلىكىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بېرىمەن، ــــ دەپ ۋەدە قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئاشۇنداق ئادەمنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇ خان ئوردىسىغا كېلىپ پادىشاھتىن تەقدىرىدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ. پادىشاھ ئۇھسىنغان ھالدا:

ــــ گەرچە مەن بىر پادىشاھ بولسامۇ كېچە ـ كۈندۈز غەمدىن خالىي بولالمايمەن. شاھلىق تەختىدە قانچە ئۇزۇن ئولتۇرارمەن، دۆلەت قانچە ئۇزۇن تىنچ ـ ئامان تۇرار، دېگەنلەرنى تولا ئويلاپ، پادىشاھ بولغاندىن كۆرە كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان سەرگەردان بولسامۇ بوپتىكەن دەپ كېتىمەن، ــــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرغان سەرگەرداننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن تەقدىرىدىن رازى ـ رازى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ. سەرگەردان قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

ــــ چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسەن؟ مەن بىرەر ۋاق تويغىدەك تاماقمۇ يېيەلمەيدىغان تۇرسام، تەقدىرىمدىن قانداقمۇ رازى بولاي؟ ــــ دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەم دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە بېرىپمۇ تەقدىرىدىن رازى ئادەمنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ نېمىنىدۇر چۈشىنىپتۇ ـ دە، تۇرمۇشتىن ئاغرىنمايدىغان بولۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

نۇرغۇنلىغان ئادەم كۆنلىرىنى ئەلەم ۋە ئاغرىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بەختلىك تەرىپىنى كۆرەلمىگەچكە ياشاش مۇھىتىدىن پەقەتلا رازى بولماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دەردىڭىزنى قۇمغا يېزىپ قويۇڭ

ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ۋە باشقىلارغا ھەۋەس قىلىش ئارقىلىقمۇ غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمەن.

ـــ جېك. دېمپېس

چۈن كەسپتە نەتىجە قازانغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم بولۇپ، ياش چاغلىرىدا تىرىشىش ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ بۇگۈنى ۋە كەسپى ئۈچۈن ئاساس سالغانىدى. لېكىن تۇرمۇشنى مەنىسىز ھېس قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى دوختۇرغا كۆرۈنمىسە بولمايدىغان يەرگە بېرىپ يېتىدۇ. دوختۇر ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـــ سىزگە بىرنەچچە خىل دورا يېزىپ بېرەي، شۇنى ئىشلىتىپ بېقىڭ، ـــ دەپتۇ ۋە تۆت بولاق دورا يېزىپ، دورىنى دورا خالتىسىغا سېلىپ:

ـــ ئەتە ئەتىگەن سائەت 9:00 دا ئۆزىڭىز يالغۇز دېڭىز بويىغا بېرىڭ، گېزىت ـ ژۇرنال ئېلىۋالماڭ، رادىئو ئاڭلىماڭ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9:00 دا، چۈش سائەت 12:00 دە، چۈشتىن كېيىن سائەت 3:00 ۋە 5:00 تە دورىنى بىر بولاقتىن ئىچىڭ، شۇنىڭ بىلەن كېسىلىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ، ـــ دەپتۇ.

چۈن دوختۇرنىڭ دورىسىغا دەرگۇمان بولۇپتۇ ـ يۇ، شۇنداقتىمۇ ئەتىسى يەنىلا دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە دېڭىز بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ دېڭىز بويىغا كېلىپ، پايانسىز دېڭىزنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. سائەت 9:00 بولغاندا دورىنى ئىچمەكچى بولۇپ بىرىنچى بولاقنى ئېچىپتۇ. لېكىن بولاقتا ھېچنېمە يوق بولۇپ، قەغەزگە «ئاڭلاڭ» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. ئۇ ئولتۇرۇپ دېڭىز شاملىنىڭ غۇيۇلدىشىغا قۇلاق سېلىپ، يۈرەك رىتىمىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رىتىمى بىلەن بىر

لىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق تىنچ ئولتۇرۇپ باقمىغى-نىغا بەك ئۇزۇن بولغاچقا جىسمى بىلەن روھى پاكىزلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ-تۇ. چۈشتە ئىككىنچى بولاقنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭغا «ئەسلەڭ» دېگەن خەت يېزىلغان-كەن. ئۇ شۇ ھامان ئۆزىنىڭ بالىلىق چېغىدىن ئۇسمۇرلۇك چېغىغىچە ئۆتكۈزگەن غۇبارسىز ۋاقتى، ياشلىق مەزگىلىدىكى ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى، ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھرىبان سىيماسى، ئاكا-ئىنى، دوست-بۇرا-دەرلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقى قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر ئويلاپ، ھاياتنىي كۈچ ۋە قىزغىنلىق قەلبىدە گۈلخان بولۇپ يېنىپتۇ. چۈشتىن كېيىن سائەت 3:00 تە ئۇ چىنچى بولاقنى ئېچىپتۇ، ئۇنىڭدا «مۇددىئايىڭىز ئۈستىدە ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ» دەپ يېزىلغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپتە تىجارەت باشلىغاندا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، سەممىيلىك بىلەن ئىشلەشنى نىيەت قىلغانلىقى؛ كېيىنچە نەتىجە قازان-غاندىن كېيىن پۇل تېپىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، تىجارەتنىڭ خۇشاللىقىدىن مەھرۇم قالغانلىقى؛ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتنى دەپ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى قا-تارلىقلارنى ئويلاپ، ئۆزىدىكى سەۋەنلىكنى چوڭقۇر ھېس قىلىپتۇ. قاش قارايغاندا تۆتىنچى بولاقنى ئېچىپتۇ. ئۇنىڭدا «دەردىڭىزنى قۇمغا يېزىپ قويۇڭ» دەپ يېزىلغا-نىكەن. ئۇ سۇ بويىدىكى قۇمغا «دەرد» دەپ يېزىپتۇ. دولقۇن كېلىپ ئۇ يازغان خەتنى ئۆچۈرۈپ قۇمنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىششى ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئالدىراش تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئادەمنى ھالسىرىتىپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ تىنچ ئولتۇرۇپ ئويلايدىغان بولساق يەنىلا تۇرمۇشنى مەنىسىز ھېس قىلىپ، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز. بۇنداق چاغدا كەيپىياتىڭىزنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئۆزىڭىزگە بىر ئازادىلىك يارىتىپ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىز، خۇ-شاللىقنى ئېلىپ قىلىپ، دەردنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىشىكنى يېپىۋېتىڭ

ئادەمنى خۇشاللىققا باشلايدىغان بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەندىشە ۋە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئارزۇدىن قۇتۇلۇش.

— ئېپىتېتاس

ئىلگىرى ئەنگلىيە ۋەزىرى بولغان لوي. جورجىنىڭ ئىشىكنى يېپىپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىركۈنى ئۇ دوستى بىلەن ھويلىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، ئۇچرىغانلىكى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپتۇ.

— بۇ ئىشىكلەرنى يېپىپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ — سوراپتۇ دوستى بۇنى چۈشىنەلمەي.

— ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى بار، — دەپتۇ جورجى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — مەن ئۆمۈر بويى ئىشىك كۆرسەملا يېپىپ كەلدىم. بۇنى بىلسەڭ، بۇ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. سەن ھەر قېتىم ئاشۇ ئىشىكنى ياپقىنىڭدا مەيلى ئۇ سېنى خۇشال قىلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت بولسۇن ۋە مەيلى ئىچىڭنى پۇشۇرىدىغان مەغلۇبىيەت بولسۇن، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئارقىڭدا قالدۇرىدۇ. شۇنداق بولغاندا سەن ئىشنى يېڭىباشتىن باشلايسەن ئەمەسمۇ!

دوستى بۇنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ.

«مەن ئۆمۈر بويى ئىشىك كۆرسەملا يېپىپ كەلدىم» نېمىدېگەن پاساھەتلىك سۆز - ھە، بۇ! كىشىلىك ھاياتتا بوران - چاپقۇننىڭ زەربىسىدىن خالىي بولالمايمىز، كۆڭلىمىزدە ھامان بەزى ئازابلىق ئەسلىمىلەر قالىدۇ. بىز تونۇگۇنكى سەۋەنلىكنى خۇلاسىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ سەۋەنلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن غەم يەپ ھەسرەتلەنسەكمۇ، پۇشايمان قىلساقمۇ ئۇ بەربىر ئىزدغا كەلمەيدۇ، بىزنى تېخىمۇ ئەقىللىك، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىپ قويمايدۇ. ناۋادا،

ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە يۈك قىلىۋېلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ يۈرسەك، ئۇ ھالدا كۆز ئالدىمىزدىكى ياخشى ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، بۇ ھازىر ۋە كەلگۈسىدىن ۋاز كەچكەن بىلەن ئوخشاش.

**مۇلاھىزە:**

كۆڭلىرىڭىزنى خۇشال ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم ئاشۇ قايغۇ، دەرد ـ ئەلەملەرنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇشىڭىز، ئازابنى يەتتە تاغنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلالىسىڭىز كەلگۈسىگە تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاتلىنالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئايىغىڭىزنىڭ بوغقىچىنى چىگىۋېلىڭ

ئىشتىن بۇرۇنقى ئەندىشىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە پىلان تۈزۈشكە ئۆزگەرتەيلى.

— ۋىنستون. چېرچىل

بىركۈنى جون ئالتە ياشلىق قىزى جېنىنىڭ ئوينىشىنى، كىتاب كۆرۈشنى خۇشياقماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ نېمە بولغانلىقىنى سورايدۇ.

— ھېچ نېمە بولمىدى، — دەيدۇ ئۇ كۆزلىرىنى پولغا تىككىنىچە.

— قوشنىمىزنىڭ بالىسى برائت يەنە سىزنى بوزەك قىلدىما؟

— ياقەي دادا، بۈگۈن ئىچىم پۇشۇپ قالدى شۇ.

جون قىزىنىڭ ئۈستى - بېشىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەنلىكى، بوغقىچىنىڭمۇ يېشىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

— ئايىغىڭىزنىڭ بوغقىچى يېشىلىپ كېتىپتۇ، قىزىم.

— شۇنداق، مەن ئايىقىمنىڭ يىپىغا دەسسىۋېلىپ نەچچە قېتىم يىقىلىپ كەتتىم.

جون قىزىنى كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ ئايىغىنىڭ بوغقىچىنى چىگىپ قويۇپ قىزىغا قارىدى. قىزىمۇ بىر خىل خۇشال كەيپىياتتا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— ھازىر قانداقراق؟

— ياخشى دادا، ياخشى بولۇپ كەتتىم.

جون قىزىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

**مۇلاھىزە:**

بەزىدە تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە ئىشمۇ بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەمە-لىيەتتە بۇنداق ئىچ پۇشۇقنى ھەل قىلىش خۇددى ئايىغىڭىزنىڭ بوغقۇچىنى چىگكەندەكلا ئاسان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزىڭىزنىڭ خاسلىقىنى ساقلاڭ

باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆز جىسمىمىزدا تولۇق نامايان قىلىمەن، دېيىش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق، شۇنداقلا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش.

— كارنېگى

مارى كىچىكىدىنلا ئىنتايىن تارتىنچاق ھەم ياۋاش قىز ئىدى. ئۇ سېمىز بولغاچقا، چىرايى يېشىدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى تەرسا ئايال بولۇپ، ياراشتۇرۇپ كىيىنىشنى ئەخمەقلىق، — دەپ قارايتتى. ئۇ دائىم مارىغا:

— كىيىمنى كەڭ كىيگەن ياخشى، تار بولۇپ قالسا ئاسانلا يىرتىلىپ كېتىدۇ، — دەيتتى ھەم مارىنى دائىم ئاشۇنداق كىيىندۈرۈپ قوياتتى. مارى ئەزەلدىن باشقا باللار بىلەن ئوينىمايتتى، ھەتتا تەنتەربىيە دەرسىگىمۇ قاتناشمايتتى. ئۇ تولىمۇ نومۇسچان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەكمۇ سەزگۈر بولغاچقا، دائىم ئۆزىنى باشقىلار بىلەن «ئوخشاش ئەمەس» تەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيتتى.

مارى چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىدىن بىرقانچە ياش چوڭ بىر ئەر بىلەن توي قىلدى، لېكىن ئۇ پەقەتلا ئۆزگەرمىدى. ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ياخشى ئادەملەر بولۇپ، ئۇنىڭغا زور ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى. مارىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۇلاردەك قىلىشنى ئويلايتتى - يۇ، لېكىن قاملاشتۇرالمايتتى. ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەر مارىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئوچۇق - يورۇق قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنسېرى ئۇ شۇنچە قورۇناتتى، جىددىيلىشەتتى ھەم ئېرىنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، ھەر قېتىم ئاممىۋى سورۇنلارغا بارغاندا يالغاندىن خۇشال بولغان بولۇۋالاتتى، نەتىجىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتەتتى. ئىشتىن كېيىن ئاشۇ ئىش ئۈچۈن نەچچە كۈن بىئارام بولاتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەر-

گەچكە بۇنداق ياشىغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، دەپ ئويلاپ، ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

كېيىن، مۇنداقلا دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆز خۇشاللىقتىن مۇستەسنا بۇ ئايالنىڭ تۇرمۇشىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

شۇنداق. مۇنداقلا دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆز ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بىركۈنى ئۇنىڭ قېيىنئانىسى مارىغا بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— بالىلىرىم مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلمىسۇن، ئۇلاردىن ئۆز خاسلىقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلاتتىم، — دەيدۇ.

«خاسلىقىنى ساقلاش»! مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ. مارى شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق پەرىشان يۈرۈيدىغانلىقىنىڭ دەل ئۆزىنى ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان شەكىلگە ماسلىشىشقا زورلىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندەك بولىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مارى بۇلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— مەن بىر كېچىدىلا پۈتۈنلەي ئۆزگەردىم، ئۆزۈمنىڭ خاسلىقىنى ساقلاشقا باشلىدىم، ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىمنى تەتقىق قىلىپ كۆردۈم. ئۇسلۇب، كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى جەھەتتىكى بىلىملەرنى قوربىمىنىڭ يېتىشىچە ئۆگەندىم، كىيىملىرىمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياراشتۇرۇپ كىيدىم، باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوستلاشتىم، بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتقا قاتناشتىم (دەسلىپىدە ئۇ كىچىكلا بىر تەشكىلات ئىدى). ئۇلار مېنى پائالىيەتكە قاتناشتۇرغاندا قورقۇپ جېنىم چىقايلا دېدى. لېكىن ھەر قېتىم پىكىر بايان قىلسام جۈرئىتىم بىر ھەسسە ئېشىپ باراتتى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق خۇشاللىققا ئېرىشىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. بالىلىرىمنى تەربىيەلىگەندىمۇ دائىم ئۆزۈمنىڭ ئازابلىق تەجرىبىلەر داۋامىدا ئۆگىنىۋالغانلىرىمنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ: «مەيلى نېمىلا ئىش قىلىڭلار، چوقۇم ئۆز خاسلىقىڭلارنى ساقلاڭلار» دېدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

**مۇلاھىزە:**

مارىننىڭ بۇ ھېكايىسى بىزگە خۇشال ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەمنىڭ چوقۇم ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆزىڭىزدە چىڭ تۇرۇپ، خاسلىقىڭىزنى ساقلاپ، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان شەكىل بويىچە ياشىسىڭىزلا خۇشال ھاياتقا ئىگە بولالايسىز.





# باشقىلارنىڭ غېمىنى يېنىكلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

غەم دېگەن بىر پارچە تاش، ئۇ بىر ئادەمنى بېسىۋالالايدۇ، لېكىن ئىككى ئادەم ئۇنى ئاسانلا يۆتكىۋېتەلەيدۇ.

— خاۋخۇ

تايلى ئامېرىكىلىق ئايال. بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە كېلىشىگىلا كەنجى قىزى ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئالدى تەرەپ بوشلۇق بولۇپ، قىزى رېشاتكىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ھە دەپ ئاپىسىنى تۇۋلايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن قىزى تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن چۈشۈپ كېتىپ، نەق مەيداندىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. تايلى قاتتىق قايغۇرىدۇ. خەير ـ ساخاۋەت ئورنىدىكى بىر خانىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمى كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئۆتتى. ھازىر يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى بۇ يەردىكى 40 تىن ئارتۇق بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ، سىز كېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەڭ، شۇنداق قىلسىڭىز غەملىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسىز، — دەيدۇ.

تايلى ئۇ خانىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بۇ خىزمەتنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. گەرچە ئازابلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن دەردى خېلىلا يېنىكلەپ قالىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

دوستلۇق خۇشاللىقنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ، ئازابنى ئازايتىدۇ. ئازابلانغان ۋاقتىڭىزدا باشقىلارنىڭ غېمىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ يېنىكلەپ قالىسىز.





# كۆك رەڭلىك كۆڭلەك كەلتۈرۈپ چىقارغان مۆجىزە

ھەرىكەت قايغۇنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى.

— لېۋىس

12 ياشلىق كېتلى نامرات ئائىلىنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۆيى ھەم مەينەت ھەم قالايمىقان كوچىدا ئىدى. بۇ ئەتراپتا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامراتلار بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق مەينەت مۇھىتىغا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

كېتلىنىڭ دادىسى بەزىدە ئاز ـ تولا ئىش تېپىپ قىلاتتى، بەزىدە ئىش ئىزدەپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاترايتتى. ئۇلار ئۆينىڭ ئاقارتىلمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى، ھويلىسىدا تۈزۈك سۇيمۇ يوق ئىدى، بۇ يەردىكىلەر كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى جۈمەكتىن سۇ ئەكىلىپ ئىچەتتى. بۇ كوچىنىڭ ئەسلىھەلىرىمۇ ناھايىتى قالاق بولۇپ، نە پىيادىلەر يولى، نە كوچا چىرىغى دېگەنلەر يوق ئىدى، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۆمۈريول بۇ كوچىدىكى شاۋقۇن ۋە توپا ـ چاڭنى ئاۋۇتىدۇرۇپ تۇراتتى.

باھار كېلىپ باشقا كوچىدىكى قىزلار مەكتەپكە چىرايلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىشتى. لېكىن كېتلى يەنىلا ئاشۇ بىر قىش كىيگەن مەينەت كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. باشقىلار: «بەلكىم كېتلىنىڭ مۇشۇ بىرلا كۆڭلىكى بولسا كېرەك»، دەپ ئويلاشتى.

كېتلىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ: «نېمىدېگەن ئۇماق قىز بۇ! ئۆگىنىشتە بەك تىرىشچان، ئەدەپلىك، قاچانلا قارىسىڭىز كۈلۈپلا تۇرغان. لېكىنزە يۈزىنى پەقەتلا يۇمايدۇ، چاچلىرىمۇ شۇنداق قالايمىقان» دەپ ئويلىدى. بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى كېتلىغا:

— ئەتە مەكتەپكە يۈز ـ كۆزلىرىڭىزنى پاكىز يۇيۇپ كېلىڭ، بولامدۇ؟ — دەيدۇ. ئۇ كېتلىنىڭ چىرايلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەتىسى كېتلى مەكتەپكە يۈز ـ كۆزىنى پاكىز يۇيغاندىن باشقا يەنە چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ كەلدى. مەكتەپتىن قويۇپ بېرىدىغاندا ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا يېنى:

ـــ ئاپىڭىز كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇپ بەرسۇن، بولامدۇ؟ ـــ دەيدۇ.

لېكىن كېتلى ھەر كۈنى مەكتەپكە يەنىلا ئاشۇ كىر بولۇپ كەتكەن كىيىمنى كىيىپ كېلىۋەردى.

«ئاپىسى كېتلىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئوقۇتقۇچى ۋە كۆك رەڭلىك ئۆزۈن كۆڭلەكتىن بىرنى ئېلىپ كېتلىغا سوۋغا قىلدى.

كېتلى سوۋغىنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى ھەم خۇشال بولدى ۋە ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

ئەتىسى كېتلى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىسى ئېلىپ بەرگەن كۆڭلەكنى كىيىپ كەلدى. ئۇ ھەم پاكىز ھەم رەتلىك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا ئوقۇتقۇچىسىغا:

ـــ ئاپام مېنىڭ بۇ يېڭى كىيىمىمنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، دادام ئىش ئىزلەپ چىقىپ كەتتى، ـــ دېدى.

كېتلىنىڭ دادىسى قىزىنىڭ يېڭى كىيىم كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئىچىدە: «قىزىمنىڭ بۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن» دەپ ئويلىدى. تاماقتا ئولتۇرغاندا شىرەگە داستىخان سېلىنغىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ.

ـــ بىز ئەزەلدىن داستىخان ئىشلىتىپ باقمايتۇققۇ! ـــ ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا،

ـــ بۇ قانداق ئىش؟ ـــ دەپ سورايدۇ.

ـــ بىز ئەمدى رەتلىك ياشىمىساق بولمايدۇ، ـــ جاۋاب بېرىدۇ خوتۇنى، ـــ ھەممىنەت ھەم قالايمىقان ئۆيىمىز بىزنىڭ بۇ پەرىشتىدەك چىرايلىق قىزىمىزغا پەقەتلا ماس كەلمەيدىكەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن كېتلىنىڭ ئاپىسى پولنى پاك ـ پاكىز سۈرتتى، بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كېتلىنىڭ دادىسى گەپ قىلمايلا قولىغا سايمان ئېلىپ ئارقا ھويلىنىڭ قاشا تېمىنى ئوڭشاشقا باشلىدى. ئەتىسى كەچتە بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ھويلىسىغا بىر گۈللۈك ياسىدى.

ئىككىنچى ھەپتىسى ئۆلارنىڭ قوشنىسى كېتلى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى ۋە ئاقارتمىغىلى ئون نەچچە يىل بولغان ئۆيىنى ئاقارتتى.

بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرەيلەن ھۆكۈمەت، دىنىي جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەرگە پىيادىلەر يولى، تۇرۇبا سۈيى يوق بۇ كوچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ شارائىتى شۇنداق ناچار تۇرۇپمۇ، يەنىلا گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى مۇراجەت قىلدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ ھەم مەينەت ھەم قالايمىقان بۇ كوچا تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگەردى. پىيادىلەر يولى ياسالدى، كوچا چىراغلىرى ئورنىتىلدى، تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلدى.

كېتلى يېڭى كىيىم كىيگەننىڭ ئالتىنچى ئېيى كېتلىنىڭ ئائىلىسى ئولتۇرۇشلۇق بۇ كوچا ئۆزئارا دوستانە ئۆتىدىغان، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغانلار ئولتۇراقلاشقان رەتلىك، پاكىز كوچىغا ئايلاندى. بۇ ئۆزگىرىش مۆجىزە قاتارىدا يىراق ـ يىراقلارغا تارالدى.

ئاشۇ ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم سوۋغا قىلىشىنىڭ مۇنداق مۆجىزە يارىتىدىغانلىقىنى قانداقمۇ ئويلاپ يەتسۇن دەيسىز؟



**مۇلاھىزە:**

كېتلىنىڭ ھېكايىسى بىزگە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پسىخىكىلىق ھالىتى ۋە ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئانچە قىيىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ئىجابىي ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى تاشلىيالىساقلا، كېيىنكى ئىش ئۆزلىكىدىن يورۇشۇپ كېتىدۇ.

# توققۇزىنچى باب كىشىلىك ھاياتتا كۈلۈپ قاراڭ، روھىڭىزغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىڭ

ھايات يولى ئويلىغىنىمىزدەك ھەمىشە ئوڭۇشلۇق ۋە داغدام بولىۋەرمەيدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا چوقۇم ئىجابىي، ئۈمىدۋار ھالىتىڭىزنى ساقلاڭ، ئۆزىڭىزگە «بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ» دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ. ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالىسىڭىزلا ئۇ سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتاشتۇرىدىغان يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىدۇ. مەيلى قانداق ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇقۇڭ، سىزدە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولسىلا تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق زەربە ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆز يېشىدىن باشقا يەنە، ئىللىق قۇياش نۇرى ۋە كۆپكۆك ئاسمان بار

ناۋادا تۇرمۇش سىزنى ئالدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن قايغۇرماڭ، رەنجىمۇ يۈرمەڭ! غەم ـ ئەندىشىلىك كۈنلەردە تەمكىن بولۇڭ. ئىشىنىڭكى، خۇشال كۈنلەر سىزگە ھامان قۇچاق ئاچىدۇ.

— پۇشكىن

بۇرۇن بىر كىچىك راھىب بۇتخانىدىكى قىيىنچىلىقتا چىدىماي ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بىز ھازىر دەۋاتقان قايغۇرۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز بۇتخانىنىڭ كەينىدىكى قىيانىڭ چوققىسىغا چىقىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ سەكرەي دەپ تۇرۇشىغا يوغان بىر قول ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ باش راھىبنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ باش راھىبقا ئۆزىنىڭ قاتتىق مەيۈسلەنگەنلىكىنى، پانى ئالەمدىن كۆڭلىنىڭ قاتتىق سوۋۇپ، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا تارتىشقۇدەك ھېچنەرسىسىنىڭ يوقلۇقىنى، شۇڭا بىراقلا ئۆلۈپ قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. باش راھىب مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— ياشاش گۇناھ ئەمەس، شۇڭا ھاياتنى قەدىرلىشىمىز كېرەك، ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ئاجايىپ كۆپ نەرسەڭ بار. ئاۋۋال سەن قولۇڭنىڭ دۈمبىسىگە بىر قاراپ باققىنە، نېمە باركىن؟ — دەپتۇ.

كىچىك راھىب قولىنىڭ دۈمبىسىگە سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ھېچنەرسە يوققۇ، — دەپتۇ.

— قولۇڭنىڭ دۈمبىسى ساپلا ياش يۇقى تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ باش راھىب ئۇھ-سىنغان ھالدا.

بۇنى ئاڭلىغان كىچىك راھىب كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ يەنە يىغلاشقا باشلاپ-تۇ. باش راھىب ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا:

— ئەمدى قولۇڭنىڭ ئالقىنىغا قاراپ باققىنە، — دەپتۇ.

كىچىك راھىب ئالقانلىرىغا قاراپتۇ. ئۇ خېلى ئۇزۇن قارىغاندىن كېيىن ھېچ-نەرسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا:

— ئالقانلىرىمدىمۇ ھېچنەرسە يوققۇ؟ — دەپتۇ. باش راھىب پىخىلداپ كۈلگە-نىچە:

— قولۇڭنىڭ ئالقانلىرى كۈن نۇرى بىلەن توشۇپ كېتىپتىغۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان كىچىك راھىب بىر دەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن چە-رايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ. باش راھىب ئۇنىڭغا يەنە:

— ئەمدى بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارا، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا كىچىك راھىبنىڭ زېھنى ئېچىلىپتۇ ۋە باش راھىبنىڭ نەسىيىتىنى ساقلىمايلا چىن دىلىدىن قايىل بولغان ھالدا:

— يەنە ئاسمان، كۆپكۆك ئاسمانمۇ بار، — دەپتۇ. باش راھىب خاتىرجەم بولغان ھالدا: — ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كۆز يېشىڭ، كۈن نۇرى ۋە كۆپكۆك ئاسمىنىڭ بول-غاندىن سىرت يەنە قورقماس قەيسەر يۈرىكىڭ، سالامەت تېنىڭ... بار، — دەپتۇ.



**مۇلاھىزە:**

ھايات يولىمىز ئۈزۈلگىنىمىزدەك ھەمىشە ئوڭۇشلۇق ۋە داۋاملىق بولۇۋەرمەيدۇ. تۇرمۇش-تىن ئۈمىدسىزلەنگىنىڭىزدە بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ كۆككە قاراپ ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە تۇرمۇش-نىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ. ئۇرنىڭىزدىن دەست تۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان جۈر-ئەتكە ئىگە بولۇپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

# ئاپەتنىڭ قىممىتى

ئوڭۇشلۇق ئىش بەختلىك ئادەمنى يېتىلدۈرسە، ئوڭۇشسىزلىق ئۇلۇغ ئىنسانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

—— ئېمېرسون

1914 - يىلى داڭلىق كەشپىياتچى ئېدىسوننىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئوت كېتىپ، ئىككى مىليون دوللاردىن ئارتۇق زىيان بولۇپ، بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان نەتىجىلىرى كۆلگە ئايلىنىدۇ.

ئوت تازا ئۇلغايغان چاغدا ئېدىسوننىڭ ئوغلى چارلىس ئىس - تۈتەك ۋە خارابىلىق ئارىسىدىن دادىسىنى سەۋدايىلەرچە ئىزدەيدۇ. ئۇ دادىسىنى تاپقاندا دادىسى كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ جىممىدە تۇراتتى، چىرايى ئوتنىڭ تەپتىدىن يورۇپ كەتكەنىدى، ئاقارغان چاچلىرى سوغۇق شامالدا توختىماي يەلپۈنەتتى.

—— چارلىس، دەرھال بېرىپ ئاپاڭنى چاقىرىپ كەل، ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق ھالەتنى ئىككىنچى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن، —— دەيدۇ ئېدىسون ئەتىسى ئەتىگىنى خارابىلىققا قاراپ، —— ئاپەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بار، قارا، ماۋۇنى كۆردۇڭمۇ؟ بىزنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئوتتا پاك - پاكىز كۆيۈپ كەتتى، تەڭرىگە مىڭ شۈكرى، ئەمدى بىز ئىشنى يېڭىباشتىن باشلىيالايدىغان بولدۇق.

شۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئېدىسوننىڭ تۇنجى ئۈن ئالغۇ ئاپپاراتى دۇنياغا كېلىدۇ.

285

**مۇلاھىزە:**

ئاپەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى بولىدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا چوقۇم ئىنجابىي، ئۈمىدۋار ھالىتىڭىزنى ساقلاڭ، ئۆزىڭىزگە «بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ» دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ. ئوڭۇشسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالىسىڭىزلا ئۇ سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتاشتۇرىدىغان يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يوقىتىپ قويغانلىقىغا مىننەتدار بولۇش

ئوڭۇشلۇق ئېلىپ كەلگەن ئامەت ئادەمگە ئۈمىد ئاتا قىلسا، ئوڭۇشسىزلىق ئېلىپ كەلگەن ئامەت ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

— باكون

بىر قېتىملىق كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان دېڭىز ئۇرۇشىدا بىر پاراخوتقا دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. پاراخوتتىكى بىردىنبىر ھايات قالغان ئادەم لەيلەپ يۈرۈپ يالغۇز ئارالغا چىقىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردە يەككە ـ يېگانە ھالدا جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ كېلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ھەر كۈنى قىرغاقتا تۇرۇپ ئاق بايراقنى پۇلاڭلىتىدىكەن، ئۇ قولىنىشقا بولىدىغانلىكى تەدبىرنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەپتۇ.

بىركۈنى ئۇنىڭ مىڭبىر جاپادا ياسىغان كەپىسىگە ئوت كېتىپ، تەئەللۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسى پاك ـ پاكىز كۆيۈپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ تەڭرىدىن قاتتىق رەنجىپتۇ:

— بىردىنبىر باش تىققۇدەك يېرىم ۋە ئازغىنە تەئەللۇقاتلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولدى، ئاھ، تەڭرىم، مېنى نېمىشقا بۇنداق قىينايدىغانسەن؟

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قۇتقۇزۇۋېلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغانلاردىن بۇ ئارالدا ئادەم بارلىقىنى قانداق ئۇققانلىقىنى سورىغىنىدا، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغانلار:

— بىز دەسلەپتە بۇ ئارالدا ئادەم بارلىقىنى بىلمەيتتۇق، لېكىن كاپىتان ئارالدا كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆرۈپ بىزنى قاراپ بېقىشقا ئەۋەتكەنىدى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاغرىنىشلىرى مىننەتدارلىققا ئايلىنىپتۇ. چۈنكى

تەگرى ئاشۇ ئوت ئارقىلىق ئۇنى قۇتقۇزغانىدى.

**مۇلاھىزە:**

يوقىتىپ قويۇش سەۋەبىدىن مىننەتدار بولۇشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭغا ئۇتۇم ۋە پۇرسەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. يوقىتىپ قويۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى كۆڭلىمىزدىكى ئۈمىد ۋە خۇشاللىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى

# دادىنىڭ بىر سائەتلىك دەرسى

پايدىسىز ۋە جاپالىق قىسمەت ئالدىدا تىز پۈكمەسلىك — ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى.

— بېتخوۋېن

مارى دائىم دادىسىغا ئۆز تۇرمۇشىدىن قاقشاپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ تۇرمۇشىدا تۇسالغۇ ۋە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە ئىنتايىن كۆپتەك ھېس قىلاتتى.

دادىسى قىزىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بېشىنى سىلاپ قويىدى ۋە ئۇنى ئاشخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ ئۈچ قازانغا ئازراقتىن سۇ قۇيۇپ، قازانلارنى ئوتقا قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قازانلار قايندى. دادىسى بىرىنچى قازانغا سەۋزە، ئىككىنچى قازانغا تۇخۇم، ئۈچىنچى قازانغا تالقانلانغان قەھۋە پۇرچىقى سېلىپ، گەپ قىلمايلا قازانلاردا داۋاملىق قايناتتى.



مارى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي دادىسىغا قاراپ تۇردى. 20 مىنۇتلارچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، سەۋزىنى بىر چىنىگە، تۇخۇمنى يەنە بىر چىنىگە سۈزدى، قەھۋەنى ئىستاكانغا قۇيدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن قىزىغا:

— قوزام، نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— سەۋزە، تۇخۇم، قەھۋە، دەپ جاۋاب بەردى مارى.

دادا قىزىنى يېقىنراق كېلىشكە بۇيرىدى ۋە ئۇنىڭغا سەۋزىنى تۇتقۇزدى. ئۇ سەۋزىنىڭ يۇمشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

دادىسى يەنە مارىغا تۇخۇمدىن بىرنى چېقىشنى بۇيرىدى. مارى تۇخۇمنىڭ شا كىلىنى ئاقلاپ تۇخۇمنىڭ پىشقانلىقىنى كۆردى.

ئاخىرىدا دادىسى مارىغا قەھۋەنى ئىچكۈزدى، قەھۋەنىڭ تەمىنى تېتىغان مارى رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى ۋە دادىسىدىن:

— دادا، بۇلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى. دادىسى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ ئۈچ خىل نەرسە ئوخشاش تەقدىرگە، يەنى پورۇقشىپ قايىنىغان قايناق سۇغا دۇچ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ھەر خىل بولدى: سەۋزە قاۋۇل، قاتتىق بولۇپ بوشاڭلاردىن ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ قايناق سۇغا كىرگەندىن كېيىن يۇمشاپ ئاجىزلاردىن بولۇپ قالدى؛ تۇخۇم ئەسلىدە چۈرۈك، ئاسان چېقىلىدىغان بولۇپ، ئاشۇ نېپىز بىر قەۋەت شاكىلى ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى قوغداپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ قايناق سۇغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچكى ئەزاسى چىڭىدى؛ تالقانلانغان قەھۋە پۇرچىقى بولسا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ قايناق سۇغا كىرگەندىن كېيىن قايناق سۇنى ئۆزگەرتتى.

**مۇلاھىزە:**

ئوڭۇشسىزلىق ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۈمىدۋار بولالىغان ئادەم قەھۋەگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، روھى چۈشكۈن ئادەملەر خۇددى تۇخۇم بىلەن سەۋزىگە ئوخشاش رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تەقدىرگە تەن بېرىدۇ ـ دە، نەتىجىدە مۇھىتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر تال قېرىنداشنىڭ قانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى بار؟

قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ئادەم قىيىنچىلىقنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرالايدۇ.

—— چېرچىل

ئامېرىكىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەرلىك ساقچى ئىدارىسىدا تىزىملانغان جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن ئىكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟ مەلۇم تەتقىقاتچى مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مۇنداق بىر غەلىتە جاۋابقا ئېرىشكەن: بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشنىڭ نەچچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن.



بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تۇنجى سائەتلىك دەرستە بىر تال قېرىنداشنىڭ نەچچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى ئۆگىنىدىكەن. دەرسخانىدا باللار قېرىنداشنىڭ خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىدەك ئەقەللىي رولىدىن باشقا يەنە، زۆرۈر تېپىلغاندا سىزغۇچ ئورنىدا ئىشلىتىپ سىزىق سىزغىلى بولىدىغانلىقى؛ سوۋغا ئورنىدا باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ دوستلۇقنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى؛ تاۋار ئورنىدا سېتىپ پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقى؛ قېرىنداش سىياسىنى ئۇۋۇتۇپ سىلىقلاندۇرغۇچ قىلغىلى بولىدىغانلىقى؛ ئويۇن قويغاندا ۋاقىتلىق گىرىم بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى؛ قېرىنداش قىرىندىسىدىن پايدىلىنىپ بېزەك رەسىمى ياسىغىلى بولىدىغانلىقى؛ بىر تال قېرىنداشنى ئوخشاش نىسبەتتە كېسىپ شاھمات ياسىغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇنى يەنە ئويۇنچۇق ماشىنىنىڭ چاقى قىلغىلى بولىدىغانلىقى؛ دالا ئېكسپېدىتسىيەسىدە

سىياسى ئېلىۋېتىلگەن قېرىنداشنىڭ كاۋكىنى پېيىتكا قىلىپ تاغ يېرىقلىرىدىكى بۆلاق سۈيىنى ئىچكىلى بولىدىغانلىقى؛ ئەسكى ئادەمگە يولۇقۇپ قالغاندا ئىنچىكە ئۇچلانغان قېرىنداشنى قوغداش قورالى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى...، قاتارلىقلارنى ئىگىلەيدىكەن.

مۇشۇنداق دەرس ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار كۆزى، بۇرنى، قولىقى، كاللىسى ۋە پۇت ـ قولى ساق ئادەمنىڭ سانسىز رولىنىڭ بارلىقىنى، ئادەمنىڭ مۇشۇ روللار ئەنچىدىكى خالىغان بىرىدىن پايدىلىنىپ ياشىيالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدىكەن. بۇ خىل تەربىيە مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنتايىن خۇشال ئۆتىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلىقى بىلەن نەتىجىلىنىدىكەن.

**مۇلاھىزە:**

كىچىككىنە بىر تال قېرىنداشنىڭ ئەنە شۇنداق سانسىز رولى بار. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ سىزىق سىزغىلى، سوۋغات قىلغىلى، سىلىقلىغۇچ قىلغىلى، يەنە تېخى ئۆزىنى قوغداش قورالى قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بەدىنىمىزدىكى كۆز، قۇلاق قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئەزالارنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپ رولى بار، ئۇنىڭ خالىغان بىر خىل رولىدىن پايدىلىنىپ ياشىغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەنسەكلا مەيلى تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاكتىپ، ئۈمىدۋار پوزىتسىيەدە بولالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يۈز تۇرانە ئىمتىھاننىڭ ئالتىنچى سوئالى

بىر زەربە بىلەنلا روھى چۈشۈپ كېتىدىغانلار غەلبە مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغانلاردۇر.

ــــ ماۋخام

ۋاڭ ئەپەندى بىر قېتىملىق ئۆزگىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئىمتىھانىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن بەش ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلنىڭ نېمىلىكى ھەممەيلەنگە قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا ۋاڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئويلاندى. باشقا بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن لى ئەپەندى بولسا ئىككى قېتىملىق ئۆتكەلدىن ئارانلا ئۆتكەنىدى.

ئۇلار ئالتىنچى ئۆتكەلدىكى سوئالنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بۇنى ئۇلار ئۇچۇن ھۆكۈم ئېلان قىلىش دېيىشكىمۇ بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىدىن پەقەت بىرىلا تاللىناتتى.



ۋاڭ ئەپەندىنىڭ نامزات ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراشتى.

رىياسەتچى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ئاشۇ بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن نەتىجىنى ئېلان قىلدى:

ــ ۋاڭ ئەپەندى قوبۇل قىلىندى، لى ئەپەندىنىڭ باشقا يەردىن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەتىجىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ ۋاڭ ئەپەندى ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ھاياجىنىنى باسالماي باشلامچىلىق بىلەن ئۆزى ئۇچۇن چاۋاك چالدى.

لى ئەپەندى بولسا ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە: ــ شۇنداق، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىنتىلىشى بولىدۇ، زورلىغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاشتا ياخشىلىرى تاللىنىدىغان گەپ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر ئورۇننىڭ ئادەم ئىشلىتىشتە ئۆزىگە تۇشلۇق ئۆلچىمى بولىدۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولغىنى تۈزۈك. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، خوش، — دېدى.

— لى ئەپەندى توختاپ تۇرۇڭ، رىياسەتچى كۆلۈمسىرگىنىچە لى ئەپەندىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— لى ئەپەندى، سىز قوبۇل قىلىندىڭىز، — دېدى.

ئارقىدىنلا رىياسەتچى كۆپچىلىككە شۇنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى:

— مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئۆزئارا بېقىنىدىغان ۋە نىسبىي تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. ناۋادا بىر تەرەپكە زىيادە بەك ئەھمىيەت بېرىلىپ كەتسە، ئۇ ھالدا بۇ تارازا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ جاھاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە ياكى تەرەققىي قىلىشتا بولسۇن، بىز نوقۇل ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ شان ـ شەرىپىگىلا ھەۋەسلىنىپ قالماي، بەلكى مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە سوغۇققانلىقىغا، مەغلۇبىيەتكە تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلالىغان ئادەملەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئېرىشكەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن باشلانغان بولىدۇ، باشلىنىش نۇقتىسىدىمۇ چوڭ تۇرالمىغان ئادەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇساپىنى پۇختا بېسىشىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟



مەيداندا گۈلدىراس ئالقىش ساداسى ياڭرايدۇ.

مۇشۇ دەقىقىدە سىزمۇ ۋاڭ ئەپەندىگە ئوخشاش ئالدىڭىزغا قويۇلغان 6 ـ سوئالنى بىلگەنسىز؟

**مۇلاھىزە:**

جۇڭگودا «ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا رايىڭ قايتىپ كەتمىسۇن، مۇرادىڭغا يەتكەندە خۇدۇڭنى يوقىتىپ قويمىغىن» دەيدىغان ھېكمەت بار. مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە سوغۇققانلىقى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە يەتكۈزىدىغان يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# ئەما مۇزىكانت

ھەرقانداق ۋاقىتنىڭ ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تېرەك بولىدىغان بەختەر كۈچ بولۇشى-نى ئۈمىد قىلىمەن.

— شېكسپىر

بۇرۇنقى زاماندا سېھتار چالىدىغان بىر ئەما كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۆمرىدە يو-رۇقلۇقنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن نۇرغۇن تېۋىپقا كۆرۈنگەن بول-سىمۇ ھېچقايسىسى ئامال قىلالماپتۇ. بىركۈنى بۇ خەلق سەنئەتكارى بىر داۋجياۋ را-ھىبى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. داۋجياۋ راھىبى ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا كۆزۈڭنى تولۇق ساقايتىدىغان بىر رېتسىپ بېرەي، بۇنىڭ ئۇچۇن سەن سېھتارىڭنى مىڭ تال تارىسى ئۈزۈلگىچە چېلىشىڭ كېرەك، شۇندىلا بۇ رېتسىپنىڭ كارامىتى كۆرۈلىدۇ. بولمىسا رېتسىپنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماي-دۇ، — دەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن بۇ سەنئەتكار ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىككىلا كۆزى ئەما بولۇپ قالغان شاگىرتىنى ئەگەشتۈرۈپ جاھان كېزىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چې-لىشقا باشلاپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، مىڭىنچى تارا ئۈزۈلگەن ھامان تاق-تى تاق بولغان بۇ سەنئەتكار ئۆزۈندىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى رېتسىپنى ئېلىپ، كۆزى ساق بىرەيلەنگە رېتسىپتا كۆزىنى داۋالاپ ساقايتقۇدەك قانداق دورىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. كۆزى ساق ئادەم رېتسىپنى كۆرۈپ:

— بۇ بىر پارچە قۇرۇق قەغەز ئىكەنغۇ، ئۈستىدە ھېچنېمە يوق ئىكەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەما سەنئەتكار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە بىردىنلا ھېلىقى داۋجياۋ راھىبىنىڭ «مىڭ تال تارا» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى داۋجياۋ راھىبى بۇ ئەما سەنئەتكارنىڭ ئاشۇ

«ئارزۇ» سىغا يېتىش ئۈچۈن سازىنى توختىماي چېلىشىغا مەدەت بەرگەنىكەن. شۇڭ-لاشقىلا بۇ ئەما سەنئەتكار 35 يىلىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغان-كەن.

ئەما سەنئەتكار بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى شاگىرتىغا دېمەپتۇ ۋە ئاشۇ بىر ۋاراق ئاق قەغەزنى ئۆزىگە ئوخشاش يورۇقلۇقنى كۆرۈش ئىستىكىدە بولۇۋاتقان شاگىرتىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: ــ مەندە سېنىڭ كۆزۈڭنى ساقايتالايدىغان بىر رېتسېپ بار، بىراق بۇ رېتسېپنى سېھتارنىڭ مىڭ تال تارىسى ئۈزۈلگىچە چالغاندىن كېيىن ئاندىن ئې-چىشقا بولىدۇ، ئەمدى سەن بېرىپ شاگىرت قوبۇل قىلىپ، دۇنيانى ئايلىنىپ سا-زىڭنى چالغىن، مىڭ تال تارا ئۈزۈلگەندىن كېيىن بۇنىڭغا جاۋاب تاپالايسەن، ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئۈمىد روھىمىزغا غەيرەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا يو-لۇقمايلى قەلبىمىزدە ئۈمىدلا بولىدىكەن كاج تەلەي ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كىشىلىك ھايات-نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككە ئادرېسى

# بەزىدە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ

تۇرمۇشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان ئادەم ھاياتتىكى ھەر قېتىملىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن بىر پۇرسەتنى بايقىيالايدۇ، تۇرمۇشقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقان ئادەم پۇرسەت ئىچىدىمۇ مەلۇم ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بايقايدۇ.

ـــ ناپولېئون خېل

18 ياشلىق ئىنگىرىت پورمان داڭلىق چولپان بولۇشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا پۇرسەت كېلىپ، خان جەمەتى تىياتىر مەكتىپىنىڭ يۇز تۇرانە ئىمتىھانىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ.

ئىنگىرىت پورمان ئىمتىھاندا كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان ئېتۇتنى ئورۇنلايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كۆزى تويۇقسىز باھالىغۇچىلارغا چۈشۈپ قېلىپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

چۈنكى باھالىغۇچىلار پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئويۇنىغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئىنگىرىت پورمان ئۈمىدسىزلەنگەنلىكتىن سەھنە سۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. دەل شۇ چاغدا باھالىغۇچىلاردىن بىرەيلەن: ـــ بولدى قىلىڭ خېنىم، سىزگە كۆپ رەھمەت! ئەمدى كېيىنكىسى كىرسۇن...، ـــ دەيدۇ. ئىنگىرىت پورمان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىدۇ.

ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ مۇشۇ يەردە ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن دەريانىڭ سۈيى بەك مەينەت، سېسىق بولغاچقا ئۇ نىيىتىدىن يانىدۇ. ئەتىسى ئۇ ئۆزىنىڭ خان جەمەتى تىياتىر مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ ئىنگىرىت پورمان ھېلىقى باھالىغۇچى بىلەن

تاسادىپىي ئۈچرىشىپ قالىدۇ.

ئىنگرىت پورمان شۇ ۋاقىتتىكى ئىمتىھان مەيداندىكى ئىشنى سورىغىنىدا، ھېلىقى باھالىغۇچى ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق. شۇ كۈنى سىز سەھنىگە چىقىشىڭىز بىلەنلا بىز سىزنى قوبۇل قىلىنىدۇ، — دەپ ئويلىغان. چۈنكى سىز ئۆزىڭىزگە قاتتىق ئىشەنگەچكە بىز سىزنىڭ سەھنىدىكى قىياپىتىڭىزگە قايىل بولغانىدۇق، شۇڭا مەن قالغان باھالىغۇچىلارغا:

— بولدى قىلايلى، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانىنىڭ ئەھمىيىتى يوق، ئەمدى كېيىنكىسى كىرسۇن، دېگەنىدىم، — دەيدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بەزىدە ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنچىۋالا ئوسال ھالەتتە بولمايمۇ قالىدۇ. بەزىدە ئۆزىمىزنى بېسقۇپلىپ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساقلا ئۆزىمىزنىڭ بىھۇدە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىمىز ۋە ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئارتۇقچە ئويلاپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ قالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تەقدىرنىڭ مۇز دەرياسىدىن ھالقىغان ئادەم

ئاۋازىنىڭ بارچە توۋلاپ تۇرۇپ شادلىنىپ ناخشا ئېيتالايدىغان ئادەم بالا ـ قازا بىلەن بەختسىزلىكنى ئۇركۇتۇپ قاچۇرىۋېتەلەيدۇ.

ــــ ئىسپانىيە خەلق ماقال ـ تەمسىلى

مەلۇم بىر شەھەر دۈشمەن تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىپتۇ. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولغاچقا، شەھەرنى ساقلاۋاتقان گېنېرال دەريانىڭ قارشى تەرىپىدىكى يەنە بىر شەھەردىن ياردەم سوراش ئۈچۈن بىر ئەسكەرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئاۋادا ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەر ئەتىسى چۈشكىچە كېلىپ بولالمىسا بۇ شەھەر قولدىن كېتىپ قالىدىكەن.

ئەلچىلىككە ماڭغان ئەسكەر ئېتىنى قامچىلاپ ناھايىتى تېزلا دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. لېكىن دەريانىڭ سۈيى ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا ئەسكەرنىڭ قوشۇمىسى ئىختىيارسىز تۈرۈلۈپتۇ.

ئادەتتىكى چاغلاردا دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان قولۋاقلار بار بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۈرۈش بولۇۋاتقان بولغاچقا كېمىچىلەر ئۇرۇشتىن قېچىپ بۇ يەردىن كېتىشكەندى.

ئەسلىدە ئۇ ئەسكەر دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتسىمۇ بولاتتى. لېكىن قىش كىرىپ قالغاچقا سۇ زىيادە سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا بەكلا چوڭ ئىدى. يەنە تېخى دۈشمەننىڭ قوغلىغۇچى ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپتۇ. ئەگەر دەريادىن ئۆتۈپ كېتەلمىسە دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن باشقا يەنە شەھەرمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئەسكەرگە دەريا بويىدا كۈتۈشتىن باشقا ئامال قالماپتۇ. بۇ كېچە ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەستە ئۆتكەن بىر

كېچە بولۇپ، قاتتىق توڭلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۆزىنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ياكى بولمىسا دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

ئىش تېخىمۇ تەتۈردىن كېلىپ كېچىدە شىمال شاملى چىقىپ، ئارقىدىنلا قاتتىق قار يېغىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ توڭلىغىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىپتۇ، ھەتتا تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنغۇدەكمۇ ماجالى قالماپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىغا «ياشىشىم كېرەك» دېگەندىن باشقا ھېچنېمە كەلمەپتۇ. ئۇ:

— تەڭرىم، مېنى بىر مىنۇت بولسىمۇ ئارتۇق ھايات قالدۇرغىن، بىر مىنۇت بولسىمۇ، — دەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپتۇ.

بەلكىم ئۇنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولغان بولسا كېرەك، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا تاڭ سوزۇلۇپتۇ.

ئۇ دەريادا مۇز توڭلىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ سىناپ كۆرۈپتۇ. دەريادىكى مۇز ئۇنى كۆتۈرگىدەك قېلىن ئىدى.

ئۇ خۇشال بولغىنىدىن ئېتىنى يېتىلەپ دەريادىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈ تەلەيلىك بولمىغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈ بەتتەلەي بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بالدۇرلا ئۈمىدسىزلىنىش ئاقىلانىلىق ئەمەس. بەزىدە قىيىنچىلىقنىڭ زىيادە ئېغىرلىقىدىن ئاغرىنغىنىمىزدا، ئۇ ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنچىۋالا ئېغىر بولماي قالىدۇ. بىز بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئوڭۇشسىزلىق مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى ياردەمچىگە ئايلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# قىشتا دەرەخ كەسمەك

قىش كەلدى، دېمەك باھارغىمۇ ئاز قالدى.

— شېللې

توم توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى قىشتا دادىسى ئۇنى روژدېستۋو بايرىمىنى بوۋىسى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سەھراغا ئېلىپ باردى. بۇ يەردە بوۋىسىنىڭ كىچىك بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى.

بىر كۈنى كىچىك توم ئويناۋېتىپ ھويلىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەنجۈر دەرىجىنىڭ قوۋزىقى سويۇلۇپ كەتكەن، كۆك غول شاخلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ شاخنى شۇنداقلا ئىگىۋىدى شاخ «قارس ـ قۇرس» قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. توم بوۋىسىغا:

— بوۋا، ماۋۇ ئەنجۈر دەرىخى قۇرۇپ قاپتۇ، بىز ئۇنى كېسىۋېتىپ ئورنىغا يېڭىدىن تىكەيلىچۇ، — دېدى. بوۋىسى ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىدى:

— بەلكىم ئۇ ئۆلەي دەپ قالغاندۇ. لېكىن ئەتىيازدا كۆكلەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، بەلكىم ئۇ ئۆزىگە ماغدۇر يىغىۋاتقاندۇ، ئېسىڭدە بولسۇنكى، قىشتا ھەرگىز دەرەخ كېسىشكە بولمايدۇ، بالام.

دېگەندەكلا كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا قۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ھېلىقى ئەنجۈر دەرىخى يېڭىباشتىن بىخ سۈرۈپ، باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاشلا باھارنى كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ پەقەت بىرنەچچە تال يان شاخلىرىلا قۇرۇپ قالغانىدى. يازدا ئۇ باشقا دەرەخلەردىن ھېچقانداق پەرقسىز ھالدا باراقسانلاپ كۆكلەپ ھاياتىي كۈچكە تولدى.

**مۇلاھىزە:**

قىش كېتىدۇ باھار يەنە كېلىدۇ. بىزمۇ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئاشۇ ئەنجۈر دەرىخىگە ئوخشاش زېمىستان سوغۇق ۋە قەھرىتان قىشنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىمۇ ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەي، سوغۇققان ۋە سەۋرچانلىق بىلەن قۇۋۋەت توپلىساقلا، ھاياتىمىزنىڭ گۈل ـ گىياھقا تولغان ئىللىق باھارىنى كۈتۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# بىر تال خازان

قارا بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدا ھامان پارلاپ تۇرغان قۇياش بولغان بولىدۇ.

—— راخىللوۋ

جىېك ياش ۋاقىتلىرىدا بىشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن بىر بوۋاي بىلەن قوشنا ئولتۇرغانىدى. بوۋايىنىڭ ھاياتى تولىمۇ ئوڭۇشسىز ئۆتكەن بولۇپ، بېشىغا تۈرلۈك تۈمەن قىسمەت كەلگەنىدى. ياش ۋاقتىدا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ھەممە قېرىنداشلىرىدىن دېگۈدەك ئايرىلىپ قالغان، بىر پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغانىدى؛ ئوتتۇرا ياشتا خوتۇنى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىدى؛ تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇپ كېلىۋاتقان ئوغلىمۇ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلىپ كەتتى.

شۇنداقتىمۇ جىېكنىڭ نەزىرىدە بوۋاي روھلۇق، تېتىك، خۇشخۇي، چىقىشقاق ئىدى. بىركۈنى جىېك ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ:

— نۇرغۇن ئازاب ۋە بەختسىزلىككە ئۇچراپمۇ نېمىشقا چىرايىڭىزدا مەيۈسلۈكنىڭ ئازراقمۇ ئىزناسى يوق؟ — دەپ سورىدى.

بوۋاي زوۋان سۇرمەي جىېكقا خېلى ئۇزۇن قارىدى، ئاندىن بىر تال دەرەخ يوپۇرمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— قارا، بۇ نېمىگە ئوخشايدىكەن، — دەپ سورىدى.

بۇ بىر تال سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماق ئىدى. بۇ دەل كەچ كۈز ئىدى. جىېك: — بۇ، ئاق تېرەكنىڭ يوپۇرمىقىدەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇ نېمىگە ئوخشايدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— سەن بۇنىڭ يۈرەككە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭما؟

راستكەن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يۈرەكنىڭ شەكلىدە ئىكەن. جىېكنىڭ يۈرىكى بوش

تىترىگەندەك بولدى.

ــ يەنە قاراپ باق، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە نېمىلەر بار ئىكەن؟

بوۋاي دەرەخ يوپۇرمىقىنى جېكقا تېخىمۇ يېقىن ئەكەلدى. جېك يوپۇرماقتا ئاسماندىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل تۇشۇكچىلەرنى كۆردى.

بوۋاي يوپۇرماقنى ئالقىنىغا قويدى ۋە تەمكىنلىك بىلەن:

ــ بۇ يوپۇرماق باھار شامىلىدا بىخلىنىدۇ، قۇياش نۇرىدا چوڭىيىدۇ. قار ـ مۇزلار ئېرىگەن باھاردىن زېمىستان قىش كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە بوران ـ چاپقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ مۇشۇنداق ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ پەقەت تۈزۈپ كەتمەيدۇ. قۇياش نۇرى، تۇپراق ۋە يامغۇر ـ شەبنەمنى ياخشى كۆرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈنلا ھاياتىنى مانا مۇشۇنداق بەھر ئالالايدۇ. ھېلىقى زەربىلەر بۇلارنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئىشتى؟

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانچە ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىق ئالدىدىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولساقلا تۇرمۇشنىڭ تۈمەن خىل زەربىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مەغلۇپ بولغاندىمۇ مەيدىڭىزنى كېرىپ يۈرۈڭ

تۇرمۇش خۇددى يېقىملىق ناخشىغا ئوخشاش رىتىملىق چاغدا كۈلۈش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن ئىش ئوڭدىن كەلمىگىنىدە كۈلەلىگەن ئادەم ھەقىقىي ئۈمىدۋار ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

— ۋىلكېكاس

بىرازىلىيە پۇتبول كوماندىسى دۆلەت ئۇچۇن تۇنجى قېتىم دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن دۆلىتىگە قايتقاندا ئاجايىپ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. ئۇلار چۈشكەن ئايروپىلان بىرازىلىيە تەۋەلىكىگە كىرىشى بىلەن تەڭلا 16 دانە ئۇرۇش رېئاكتىۋ ئايروپىلانى ئۇلارنى قوغداپ ماڭىدۇ. ئايروپىلان ئايرودرومغا قونغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۈتۈۋېلىشقا چىقىدۇ. ئايرودرومدىن پايتەخت مەيدانىغىچە بولغان 20 كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان يولدا ئۈزلىكسىز يىغىلىپ قارشى ئېلىشقا چىققان خەلق بىر مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. شەھەر باشلىقى رىئو يولغا كېچىكىپرەك چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئايرودرومغا بارالماي، سارايدىن ئايرودرومغا تىك ئۇچار ئايروپىلان ئارقىلىق بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كىشىلەر ماھىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەشەمەتلىك پىكاپلىرىغا چىقىرىۋالىدۇ، بېرلى قاتارلىق بىرقانچە ئاساسلىق ماھىرنى بولسا تۆت سائەتلىك يولدا پۈتىنى يەرگە تەگكۈزمەي تاكى زۆڭتۇڭ مەھكىمىسىگىچە كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش سورۇنى ئادەمگە ئىختىيارسىز تۆت يىل بۇرۇن ئايرودرومدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلىتىدۇ:

1954 ـ يىلى برازىلىيەلىكلەر برازىلىيە كوماندىسىنى دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولىدۇ، ـــ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئامىتى تەتۈر كەلگەن برازىلىيە كوماندىسى يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدا فىرانسىيە كوماندىسىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرغان لوڭقىنى برازىلىيەگە ئېلىپ كېلەلمەي قالىدۇ. ماھىرلار چەكسىز قايغۇغا چۆمىدۇ ۋە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى توپ مەستانىلىرىنىڭ ئاھانىتى، مەسخىرىسى ۋە كالىلىسىغا تېگىدىغان بوتۇلكىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىدۇ. چۈنكى پۇتبول برازىلىيىنىڭ جېنى ئىدى.

ئۇلار چۈشكەن ئايروپىلان برازىلىيە بوشلۇقىغا كىرىشى بىلەنلا ماھىرلار ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇ قېتىم پېشكەلچىلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتى. لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئايروپىلان پايتەختت ئايرودرومىغا قونغاندا ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى باشقىچە مەنزىرە بولىدۇ. ئايرودرومدا زۇڭتۇڭ بىلەن 20 مىڭ توپ مەستانىسى سۈكۈتكە چۆككىنىچە تۇراتتى. زۇڭتۇڭ بىلەن توپ مەستانىلىرى «مەغلۇپ بولغاندىمۇ مەيدىڭىزنى كېرىپ يۈرۈڭ» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ بىر پىلاكاتنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

306

ماھىرلار بۇنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىدۇ. زۇڭتۇڭ بىلەن توپ مەستانىلىرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ماھىرلارغا تاكى ئۇلار ئايرودرومدىن چىقىپ بولغىچە قاراپ تۇرىدۇ. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ ئۇلار ئاخىرى بۇ لوڭقىنى برازىلىيەگە ئېلىپ كېلىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەغلۇپ بولۇش قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلىقى كۆرەش ئىرادىسىنىڭ يوقلىشى. مەغلۇپ بولغاندىمۇ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كېيىنكى قەدەمدىكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# جاپا تارتىشقا چىدىسىڭىزلا غايىڭىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ

مەغلۇبىيەتنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن غەلىبە بولۇشى؛ تۇرغۇنلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىنىڭ باشلىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

— رافېللو

بىر كۈنى مەلۇم بىر چوڭ شىركەتنىڭ غوجايىنى دىمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، خوتۇنىغا گەپمۇ قىلماي بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە بۇلۇڭدىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلايدۇ.

— نېمە بولدى سۆيۈملۈكۈم! — خوتۇنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئېرىدىن ئەھۋال سورايدۇ.

— تۈگەشتىم، پۈتۈنلەي تۈگەشتىم. سوت مەھكىمىسى شىركىتىمنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆيىمىزدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈكنى ئەتە سوت مەھكىمىسى پېچەتلەيدۇ. ئېرى سۆزىنى تۈگىتىپلا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىشلداپ يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا خوتۇنى پەس ئاۋازدا:

— جىسمىڭىزمۇ پېچەتلىنەمدۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ياق، — ئېرى خوتۇنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەي بېشىنى كۆتۈرىدۇ.

— ئۇنداقتا، خوتۇنىڭىز بولغان مەنمۇ پېچەتلىنەمدىم؟

— ياق، — ئېرى كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، خوتۇنىغا ئۈمىدسىز نەزەردە قارايدۇ.

— ئۇنداقتا بالىلارچۇ؟

— ئۇلار تېخى كىچىك. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق

تۇرسا!

— شۇنداق بولغانىكەن، ئەمىسە نېمىشقا ئۆيدىكى مال - مۈلۈكنىڭ ھەممىسى پېچەتلىنىدۇ، دەيسىز؟ سىزنىڭ يەنە سىزنى قوللايدىغان خوتۇنىڭىز، ئۇمىدلەندۈرىدىغان بالىلىرىڭىز بارغۇ! يەنە تېخى سىزنىڭ مول تەجرىبىڭىز، تەڭرى ئاتا قىلغان سالامەت تېنىڭىز ۋە ئىشلەيدىغان كاللىڭىز بارغۇ! قولدىن كەتكەن مال - مۈلۈككە كەلسەك، ئىلگىرى بىكارغا ئىشلىگەنگە چىقىرىۋېتەيلى، مال - مۈلۈكنى يەنە تاپقىلى بولىدىغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بۇ كارخانىچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى خېلىلا روھلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ شىركىتى قايتىدىن گۈللىنىپتۇ. بۇ نەتىجىنىڭ ھەممىسى خوتۇنىنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز گېپىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغانىدى.

**مۇلاھىزە:**

ئازاب، ھەسرەت دېگەنلەر ئادەمنى يىقىتالمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا باشتىن - ئاخىر مەغلۇپ بولمايدىغان ئىرادىدە بولسىڭىز خۇددى قايسىدۇر بىر ناخشىدا ئېيتىلغاندەك «جاپا تارتىشقا چىدىسىڭىزلا غايىڭىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ». ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، روھىڭىزنى ئۇرغۇتالىسىڭىزلا ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلىيالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تىرېنېر ۋودېننىڭ ماھارىتى

ئۆزىدىن ئۆزى ھوزۇرلىنىش ياكى ئۆزىنى ئۆزى ماختاش ماھىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلاشنىڭ ئەڭ بىۋاستە بېشارىتى.

—— ناپولېئون خىل

جون ۋودىن ئۆزىنىڭ 40 يىللىق تىرېنېرلىق ھاياتىدا يېتەكچىلىك قىلغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسى بىلەن ئالىي مەكتەپ كوماندىسىنىڭ غەلىبە قازىنىش نىسبىتى 80% بولۇپ، پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 12 قېتىملىق يىللىق ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا ئۇ يېتەكلىگەن كوماندا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لوس ئانژېلېس شۆبىسىگە ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئون قېتىم چېمپىيون بولغان. ۋودىن تىرېنېر مانا مۇشۇنداق شانلىق نەتىجىسى ئارقىلىق كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان تارىختىكى ئەڭ لاياقەتلىك ۋاسكېتبول تىرېنېرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئىلگىرى بىر مۇخبىرنىڭ:

— ۋودىن تىرېنېر، سىز مۇنداق ئاكتىپ روھىي ھالەتنى قانداق ساقلاپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىغان سوئالىغا، ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

— مەن ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن روھىمنى ئۇرغۇتۇپ ئۆز ئۆزۈمگە: «بۈگۈنكى ئىپادەم تولىمۇ ياخشى بولدى، ئەتىكى ئىپادەم چوقۇم بۈنىڭدىنمۇ ياخشى بولىدۇ» دەپ تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

— مۇشۇنداق ئاددىيلا بىر ئېغىز گەپمۇ؟ — دەپ سورايدۇ مۇخبىر ئۇنىڭ سۆزىدىن دەرگۇمان بولۇپ. ۋودىن تىرېنېر ھەيران بولغان ھالدا:

— ئاددىيلا بىر ئېغىز گەپ؟ مەن بۇ بىر ئېغىز گەپكە 20 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلدىم! بۇ مۇھىممۇ، ئاددىيمۇ كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىدىڭىزمۇ ـ يوق؟ ئەگەر ئۇنى ئۇزاققىچە

داۋاملاشتۇرالمىغان بولسىڭىز، مىڭ ئېغىز قۇرۇق گەپ ساتسىڭىزمۇ ئۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ، ــ دەيدۇ.

ۋودىن تىرېنېر خىزمەتتە ئاكتىپ روھىي ھالەتنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۇرمۇشتىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ، ئۇمىدۋار ئادەم ئىدى. مىسال ئالساق: بىر قېتىم ئۇ بىر دوستى بىلەن ماشىنا ھەيدەپ شەھەر مەركىزىگە بارىدۇ، دوستى قاتناش قىستاڭچىلىقىدىن نارازى بولۇپ توختىماي غوتۇلدايدۇ. ۋودىن تىرېنېر بولسا خۇشال بولغان ھالدا:

ــ بۇ نېمىدېگەن قايناق شەھەر ـ ھە؟ ــ دەيدۇ. دوستى بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

ــ نېمىشقا سېنىڭ ئوي ـ پىكرىڭ دائىم باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. مەيلى ئۇ ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان ۋە مەيلى خۇشال قىلىدىغان ئىش بولسۇن، ماڭا نىسبەتەن مەڭگۇ بىر پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇرسەتلەر ھەرگىزمۇ مېنىڭ قايغۇرۇشۇم ياكى خۇشال بولۇشۇم سەۋەبلىك ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا ئاكتىپ روھىي ھالەتنى ساقلىيالىسا پۇرسەتنى تۇتۇپ، يوشۇرۇن كۈچۈمنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايمەن، ــ دەيدۇ ئۇ.



**مۇلاھىزە:**

ئاكتىپ روھىي ھالەت ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، يوشۇرۇن كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۆزىمىزنى دائىم ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزىمىزگە ئىجابىي يوشۇرۇن بەلگە بېرىپ تۇرساقلا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، پائال تۇردە ئالغا ئىلگىرىلەش روھىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# ئونىنچى باب ئۆزىڭىزگە تايىنىپ ئۆزىڭىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىڭ

ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا كۈچلۈكلەرنى يۆلەنچۈك قىلىشنى ئويلايدۇ. لېكىن، ھەقىقىي يۆلىنىشكە تېگىشلىك ئادەم يەنىلا ئۆزىڭىز. ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم دەل ئۆزى، ئۆزىڭىزدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم سىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلالمايدۇ. ئۆزىڭىزنى تونۇپ يەتكەن كۈنىڭىز دەل سىزنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنىڭ باشلانغان كۈنى ھېسابلىنىدۇ.

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۇرمۇشقا مۇستەقىل يۈزلىنىشى كېرەك. ناۋادا سىز نوقۇل ھالدا باشقىلارنىڭ ياردىمىگىلا بېقىنىپ، باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالسىڭىز، جەمئىيەت ۋە باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش ئاسارىتىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايسىز. بۇ سىزنىڭ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە چىقىپ، مۇستەقىل ياشىشىڭىزغا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزدىكى پىسخىك يوشۇرۇن ئاپەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# روگېرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

ئادەملا بولىدىكەن كۆچلۈكلەرنى يۆلەنچۈك قىلغۇسى كېلىدۇ. لېكىن، ھەقىقىي يۆلە-نىشكە تېگىشلىك ئادەم يەنىلا ئۆزىڭىز.

—— توكۇتاتورائو

بىر قېتىم موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لودې بىر تارماق شىر-كەتنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگىلى بېرىپ، ھاجەتخانىدا بىر يىگىتنىڭ يەردە يۈكۈ-نۈپ ئولتۇرۇپ يەردىكى سۇ دېغىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ يىگىت يەرنى ھەربىر سۈرتكىنىدە بېشىنى بىر قېتىم ئىگەتتى. بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان لودې يىگىتتىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، يىگىت: «مەن بىر دانىشمەن ئادەمگە تەشەككۇر ئېيتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

لودې يەنە ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئۇ دانىشمەن ئادەمگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، يىگىت: «چۈنكى بۇ خىزمەتنى ماڭا شۇ ئادەم تېپىپ بېرىپ، مېنىڭ قورساق مەسىلەمنى ھەل قىلىپ بەرگەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لودې كۈلۈپ تۇرۇپ:



—— مەنمۇ ئىلگىرى بىر دانىشمەن ئادەمگە ئۇچرىغان، شۇ ئادەم مېنىڭ موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى بولۇشۇمغا سەۋەبچى بولغان. سېنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشكۈڭ بارمۇ؟ —— دەپ سورايدۇ. يىگىت:

—— مەن بىر يېتىم بالا، مېنى باشقىلار بېقىپ چوڭ قىلغان، مېنىڭ مېنى باققان شۇ ئادەملەرگە جاۋاب قايتۇرۇش ئويۇم بار. سىز دېگەن ئۇ دانىشمەن مېنىڭ قورساق مەسىلەمنى تولۇق ھەل قىلىپ، ئازراق ئېشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلا بولسا ئۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشىشنى بەكمۇ خالايمەن، —— دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

—— سەن بىلسەڭ كېرەك، ئافرىقىدا خوك تېغى دەيدىغان بىر ئېگىز تاغ بار. شۇ تاغنىڭ چوققىسىدا بىر دانىشمەن بار، ئۇ كىشىلەرگە خاتالىقىنى كۆرسىتىپ

بېرىدۇ، ئۇنىڭغا يولۇققانلىكى ئادەمنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئافرىقىغا بېرىپ شۇ تاغقا چىققىنىمدا ئۇ دانىشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا يول كۆرسەتتى. ئەگەر سەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىساڭ، باشلىقىڭغا دەپ ساڭا بىر ئايلىق رۇخسەت ئېلىپ بېرەي.

يىگىت ناھايىتىمۇ ئىخلاسمەن مۇخلىس بولۇپ، ئىلاھىي ياردەمگە بەكمۇ ئىشىنەتتى. ئۇ لودېغا تەشەككۇر ئېيتىپ راستتىنلا سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە يولنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىرى قەلبىدىكى ئۇ مۇقەددەس زېمىنغا يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن تاغدا بىر كۈن ئايلىنىپمۇ بىرمۇ ئادەمنى ئۇچرىتالمايدۇ.

يىگىت ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ ۋە لودې بىلەن كۆرۈشۈپ:

ــ باش مۇدىر ئەپەندى، يول بويى دىققەت قىلىپ ماڭدىم، لېكىن تاكى تاغنىڭ چوققىسىغا چىققىچە ئۆزۈمدىن باشقا ھېچقانداق دانىشمەن ئادەمنى ئۇچراتمىدىم، ــ دەيدۇ.

ــ ئېيتقانلىرىڭ توغرا، ئۆزۈڭدىن باشقا دانىشمەن يوق. چۈنكى، ئۆزۈڭ دانىشمەن.

كېيىن بۇ يىگىت موبىل نېفىت شىركىتىنىڭ مەلۇم بىر شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى بولىدۇ. بىر قېتىم ئۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇخبىرغا يۇقىرىقى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق بىر گەپنى قوشۇپ قويىدۇ:

ــ ئۆزۈمنى بايقىغان ئاشۇ كۈن دەل ئۆزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى باشلانغان كۈن بولۇپ قالدى. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە ئىشەنسىلا مۆجىزە يارىتالايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم دەل ئۆزى، ئۆزىڭىزدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم سىزگە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلالمايدۇ. ئۆزىڭىزنى تونۇپ يەتكەن كۈنىڭىز دەل كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنىڭ باشلانغان كۈنى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئامبىرى

# ھەشقىپىچەكنىڭ تىراگىدىيەسى

تەقدىرنى باشقىلارغا، ھەتتا ئىككى ئادەمگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئازراقمۇ كاللا ئىشلەتمەي، باشقىلارغىلا ئىشىنىپ ئۆتۈش بەكمۇ خەتەرلىك.

— با جىن

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دۇڭ شيەن دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن كېلىشكەن ھەم ئەقىللىك بولغاچقا خان ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بەكلا ئىتائەتچان بولۇپ، دەسلەپتە شاھزادىنىڭ زاكاتچىسى بولۇپتۇ، جيەنپىڭنىڭ 4 ـ يىلى ئوردىغا كىرىپ دەسلەپتە شىخاۋۇل، كېيىنچە باش ئەمىر لەشكەر بولۇپتۇ.

خان ئۇنى بەكلا ئەتىۋارلاپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ھەرەم ئاغىسى، باش ئەمىر لەشكەر دېگەنناملارنى بېرىپ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئىشلىرىدا ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپتۇ، ھەتتا ئەجدىھا شەكىللىك كارىۋاتتا بىللە ئۇخلاپتۇ. ئۇنىڭ سىڭلىسى كىچىك خانىش، دادىسى دۇڭ جىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولۇپتۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى دۆلەتمەن ياشاپ، خان سارىيىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقى خاننىڭ ھوقۇقىدىن قېلىشمايدىكەن. بىركۈنى چۈشتە ئۇ خان بىلەن بىرگە ئۇخلاۋېتىپ، ئۇيقۇچىلىقتا خاننىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىنى بېسىۋاپتۇ، خان ئويغىنىپ ئۇنىڭ تېخى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چاپىنىنىڭ يېڭىنى كېسىۋېتىپتۇ.

خان شىمالىي ئوردىدا ئۇنىڭغا يوغان بىر ساراي سالدۇرۇپ بېرىپتۇ، سارايغا جاھاندىكى ھۈنەرنىڭ بارىنى ئىشلىتىپتۇ، ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپتۇ. يۈەنشۇۋنىڭ بىرىنچى يىلى سى لىباۋ خانغا مۇنداق مەكتۇپ

يوللاپتۇ:

— دۇڭ شيەننىڭ خان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھېچقانداق تۇغقاندارچىلىقى يوق ئىدى، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ كېلىشكەن تۇرقى ۋە ئاغزىنىڭ تاتلىقلىقىغا تايىنىپلا يۇقىرىغا يامىشىۋاتىدۇ، سىلى ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىنى ئاتا قىلدىلا، ئۇردىدىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭغا بېرىپ بولدىلا، ئەل ئىچىدىكى تارتۇقلار پەقەت خانغىلا تەئەللۇق ئىدى، لېكىن ھازىر بۇ نەرسىلەر دۇڭ شيەننىڭ قەسرىگە توشۇلۇۋاتىدۇ. بۇنى قانداقمۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى ياكى خەلقنىڭ رايى دېگىلى بولسۇن؟

خان مەكتۇپنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويماپتۇ ۋە داۋاملىق دۇڭ شيەننى ئەتىۋارلاپتۇ. بىركۈنى خان بوبرا كېيىك قەسرىدە مەخسۇس زىياپەت تەييارلاپ دۇڭ چيەنگە:

— مەن ياۋ پادىشاھنىڭ شۇنگە ئورۇن بوشىتىپ بەرگىنىدىن ئۈلگە ئېلىپ، خانلىق تەختىمنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەيمىكىن دەيمەن، سىزچە قانداق؟ — دەپ سوراپدۇ.

كېيىنچە خان قازا قىلىدۇ. دۇڭ شيەنمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان كۈنىلا خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆلۈۋالىدۇ. يېڭى خان ئۇنى يالغاندىن ئۆلۈۋالغان، — دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ جەسەت ساندۇقىنى زىندانغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ راست ئۆلگەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن جەسەت ساندۇقىنى زىندانغىلا كۆمدۈرۈۋېتىپ، بارلىق بىساتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

دۇڭ شيەننىڭ تىراگېدىيەسى «ھەشقىپىچەك»نىڭ تىراگېدىيەسىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. چوڭ دەرەخنىڭ شاخلىرى تازا باراقسانلىغاندا ھەشقىپىچەك چوڭ دەرەخكە تايىنىپ يۇقىرىغا يامىشىدۇ. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ دەرەخ يىقىلسىلا ھەشقىپىچەك پۈتۈنلەي تۈگىشىپ، ئاخىرى قۇرۇپ ئۆلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**مۇلاھىزە:**

ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ھامىنى مۇستەقىل ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر بىراۋ تاشقى مۇھىتنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتىن، باشقىلارنىڭ سايىسىدا كۈن ئېلىشتىن باشقىنى بىلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتكە ماسلىشىپ، مۇستەقىل ياشىشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پسىخىك جەھەتتىن يوشۇرۇن ئاپەت پەيدا قىلىپ قويىدۇ.





# سەن ھەممىدىن باي

كىمكى ماڭا ئوخشاش تىرىشسا، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

— موزارت

بىر ياش ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆزىنىڭ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى ۋە ئىقتىدارسىزلىقىدىن ۋايساپ، غەمگە پېتىپلا يۈرۈيدىكەن.

بىركۈنى ئۇ چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋايغا ئۇچراپ قېلىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭدىن:

— يىگىت، نېمىگە بۇنچىۋالا غەمگە پېتىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن نېمىشقا بۇنچىۋالا نامراتتۇرمەن؟

— نامرات؟ سەن دەھشەت باي ئىكەنسەنغۇ؟

— مەن بايما؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ سىلىنىڭ نېمىدېگەنلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

— ئەگەر بىراۋ ساڭا ئون مىڭ دوللار بېرىپ بىر تال بارمىقىڭنى كېسىۋالسا قوشۇلامسەن؟ بوۋاي يىگىتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ياندۇرۇپ سوراپتۇ.

— ياق!

— يۈز مىڭ دوللار بېرىپ بىر قولۇڭنى كېسىۋەتسىچۇ؟

— ئەلۋەتتە قوشۇلمايمەن.

— بىر مىليون دوللار بېرىپ، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا سېنى 80 ياشلىق بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويسا رازىمۇسەن؟

— ياق.

— ئون مىليون دوللار بېرىپ ھازىرلا ئۆل دېسە قوشۇلامسەن؟

— ئەلۋەتتە قوشۇلمايمەن - دە.

— مانا بولدىغۇ! ھازىر سېنىڭ ئون مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلۇڭ بار بولدى. مۇشۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىگە «مەن نامرات» — دەپ قاقشايسەن؟

يىگىت شۇ زامان ئېسىنى تېپىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەر كىمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا. سىز ساغلام تەن، ئاكتىپ ئىدىيەگە ئىگە بولىسىڭىزلا تەگدىشى يوق باي ھېسابلىنىسىز. مانا بۇ سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدىكى ئەڭ چوڭ دەسمايىڭىز.





# لىنكولىن زۇڭتۇڭنىڭ ئىنىسىغا يازغان خېتى

بىز ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىمىز ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھېمايىسىگە، قېرىنداش ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ياردىمىگە تايانساق بولىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەملەر بەختلىك بولالايدۇ. لېكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزىمىزگە تايانغىنىمىز تۈزۈك.

— گيۇتې

لىنكولىن زۇڭتۇڭنىڭ جېنستون ئىسىملىك ئانا بىر، دادا باشقا ئىنىسى بولۇپ، ھۇرۇن، ھەم تەييارتاپ ئىكەن، دائىم لىنكولىندىن پۇل سوراپ خەجلەيدىكەن. لىنكولىن ئىنىسىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇسۇللارنى قوللانغانىكەن. تۆۋەندىكىسى لىنكولىننىڭ ئىنىسى جېنستونغا يازغان بىر پارچە خېتى:

قەدىرلىك جېنستون:

ئەمدى مەن ساڭا پۇل بېرەلمەيمەن. مەن ھەر قېتىم ساڭا ئازراق ياردەم قولۇمنى سۇنغىنىمدا ماڭا: «بىز ئىنتايىن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتىۋاتىمىز» دەيسەن. لېكىن ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا پۇلۇڭنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالىمەن. سېنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىڭنى سېنىڭدىكى ئاشۇ يېتەرسىزلىكلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ يېتەرسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭگە ئايان، سەن ھۇرۇن ئەمەس، لېكىن بەك بىكار تەلەپسەن. ئۆتكەن قېتىم سېنى كۆرگىنىمدە سېنىڭ بىر كۈن تازا قاتتىق ئىشلىگەنلىكىڭنى ھېس قىلغانىدىم. شۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، سەن ئىشلەشتىن قورقمايسەن، لېكىن كۆپرەك ئىشلەشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن. بۇ پەقەت سېنىڭ ئىشلەپ بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىكەنمەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلىقىڭنىڭ نەتىجىسى، خالاس.

بۇنداق ھېچ ئىش قىلماي ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان ئادەت — جىمى قىيىن-

چىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. بۇنىڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، بالىلىرىڭغىمۇ ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئىنىم. شۇڭا، بۇ ئادەتلىرىڭنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك. بالىلىرىڭ باسىدىغان تۇرمۇش مۇساپىسى بەكمۇ ئۇزۇن، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. ئۇلار ئىش بىلگەندىن تارتىپلا ئىشچان بولسا، دەسلەپتىلا ھۇرۇن ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ كېيىن ئۆزگەرتكەندىن كۆپ ئاسان توختايدۇ ئەمەسمۇ.

بىلىمەن، ھازىر ساڭا پۇل كېرەك. شۇڭا ساڭا بېرىدىغان تەكلىپىم شۇكى، بېرىپ ئىشلە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، شۇنىڭغا تېگىشلىك ئىش ھەققىگە ئېرىش.

ئۆينىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى دادام بىلەن بالىلىرىڭ قىلسۇن، سەن سىرتقا چىقىپ ئىشلە، ئامال بار كۆپرەك پۇل تاپ ياكى بولمىسا قەرزىڭنى قايتۇر. سېنىڭ ئىشلىگىنىڭگە يارىشا ھەققە ئېرىشىشىڭگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ تاكى كېلەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ھالال ئىشلەپ بىر دوللار تاپساڭ ياكى قەرزىڭنى بىر دوللار ئازايتساڭ، شۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن ساڭا بىر دوللار بېرىشنى قارار قىلدىم.

شۇنداق بولغاندا، سەن ئايدا ئون دوللار تاپساڭ، مەندىن يەنە ئون دوللار ئالالايسەن. ھېسابتا بىر ئايدا 20 دوللار تاپقان بولىسەن. شۇ ئېنىق بولسۇنكى، مەن سېنىڭ سان لۇئىس شەھىرى ياكى كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى قوغۇشۇن كانى، ئالتۇن كانى دېگەندەك يەرلەرگە بېرىپ ئىشلىشىڭنى ياقتۇرمايمەن؛ يەنىلا شۇ يۇرتىمىز كاس بازىرى ئەتراپىدىن تەمىناتى ياخشىراق ئىش تېپىپ ئىشلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەگەر سەن مۇشۇنداق قىلىشنى خالىساڭلا ئۇزۇنغا قالماي قەرزلىرىڭنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇپ بولىسەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە قەرز بولۇپ قېلىشنى خالىمايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ چىقالايسەن. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش ـ ھە؟! ئەگەر مەن بۈگۈن قەرزلىرىڭنى تۆلۈۋەتسەم، كېلەر يىلىلا ئۇستۇڭگە يەنە نۇرغۇن قەرز ئارتىۋالىسەن. سەن 70 ~ 80 دوللار ئۈچۈن جەننەتتىكى ئورنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. بۇنداق بولغاندا سەن ئۆزۈڭنىڭ جەننەتتىكى ئورنىڭنى

زىيادە تۆۋەن چاغلىغان بولمامسەن؟ شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ناۋادا تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، 4 ~ 5 ھەپتە ئىشلىسەڭلا 70 ~ 80 دوللار دېگەننى گەپ يوق تاپالايسەن. سەن ماڭا يەنە ئەگەر قەرز بېرىپ تۇرسام يېرىڭنى ماڭا رەنىگە قويىدىغانلىقىڭنى دېدىڭ، ناۋادا پۇلۇمنى قايتۇرالماي قالساڭ يېرىڭنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ماڭا بېرىۋەتكەن بولامسەن، بۇ قاراپ تۇرۇپلا جۆيلىگەنلىك بولماي نېمە؟ ھازىر تېرىيدىغان يېرىڭ تۇرۇپمۇ ئامالسىز قالغان ئادەم، يېرىڭ بولمىسا قانداق ياشايسەن؟ سەن ماڭا ئىزچىل ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدىڭ، مەنمۇ ساڭا ھەرگىز باغرى تاشلىق قىلمايمەن. ناۋادا نەسىھەتلىرىمنى لايىق كۆرسەڭ، نەسىھەتلىرىمنىڭ ساڭا نىسبەتەن ئۇنداق 80 دوللاردىن ئۇن ھەسسىدىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن.

ئاكاڭ: لىنكولىن

1848 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

**مۇلاھىزە:**

ئادەم جەمئىيەتتە ئۆز ئورنىنى تېپىشى، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە زىيادە تايىنىۋالماسلىقى كېرەك. باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ياشايدىغانلار پەقەت ۋاقىتلىق ئېھتىياجىنىلا قاندۇرالايدۇ. جەمئىيەتتە ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پەقەت بولكا ئۈچۈنلا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلماڭ

جاپالىق ئىشلىگەندىلا ئاندىن بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ــ دۇ فۇ

كلېمېنسنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مارى ئىخلاسمەن خىرىستىيان مۇرىتى بولۇپ، ھەر سائەتلىك دەرستىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بالىلارغا «ئىنجىل»نى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، «دۇئا ـ تىلاۋەت قىلساڭ تىلىگىنىڭگە ئېرىشىسەن» دېگەن يەرگە كەلگەندە كلېمېنس چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈنىدىن:

ــ ئەگەر مەن تەڭرىگە دۇئا قىلسام، ئۇ راستىنلا ماڭا تىلىگىنىمنى بېرەمدۇ؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ شۇنداق بالام، دۇئايىڭ سەمىمىي بولسىلا تىلىگىنىڭگە چوقۇم ئېرىشەلەيسەن.



كلېمېنسنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى چوڭ بىر بولكىغا ئېرىشىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنداق تەمدىكى بولكىنى ئەزەلدىن يەپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پارتىدىشى، سېرىق چاچلىق قىز ھەر كۈنى مەكتەپكە ئاشۇنداق بولكا ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ قىز ھەر قېتىم كلېمېنسنى بولكىنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلاتتى، لېكىن كلېمېنس پەقەت ئۇنىمايتتى ـ يۇ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى. مەكتەپتىن يانغاندا كلېمېنس قىزچاققا:

ــ ئەتىلىككە مېنىڭمۇ ئاشۇنداق بولكام بولىدۇ، ــ دېدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقاپ چىن دىلىدىن دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تەڭرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى روھى ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا، سەمىمىيىتىدىن تەسىرلىنىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا قو-

لىنى سومكىسىغا تىقتى، لېكىن سومكىسىدا ئاشۇ يىرتىلىپ كەتكەن كونا كىتاب- تىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تاكى بولكىغا ئېرىشكىچە ھەر كۈنى كەچتە دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ساۋاقدىشى ئۇنىڭدىن:

— بولكاڭچۇ؟ — دەپ سورايدىغان بولدى.

كلېمېنسنىڭ داۋاملىق دۇئا قىلىشتىن رايى يېنىپ قالدى. ئۇ ساۋاقدىشىغا:

— تەڭرى بەلكىم مېنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ماڭا ئوخشاش دۇئا قىلىدىغان باللار بەك جىق، تەڭرى يالغۇز تۇرسا، يېتىشىپ بولالمىغاندۇ، — دېدى. قىزچاق:

— ئەسلىدە كىشىلەر بىر تال بولكا ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىكەندە، لېكىن بىر تال بولكا بىرنەچچە تەڭگىگىلا كېلىدىغۇ، كىشىلەر ۋاقتىنى دۇئا - تىلاۋەت ئۈچۈن ئىسراپ قىلغاندىن كۆرە پۇل تېپىپ بولكا سېتىۋالسىلا بولمامدىمۇ؟ — دېدى.

كلېمېنس ئەمدى دۇئا قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۆزى بىلمەكچى بولغان، يەنى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئىشلەش ئارقىلىق ئېرىشىش كېرەك، دېگەن مەنادا ئىكەنلىكى، دۇئا - تىلاۋەتنىڭ كۆتۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەندى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن ئەرزىمەس چاكىنا ئىش ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرماسلىقىم كېرەك، — دېدى ھەمدە تۇرمۇشقا بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچىسى بىلەن يېڭى مۇسا- پىگە قەدەم تاشلىدى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كلېمېنسمۇ قورامىغا يېتىپ چوڭ ئادەم بولدى. ئۇ ئۆزىگە مارك. تىۋان دەپ تەخەللۇس قويۇپ ئەسەر ئېلان قىلغىنىدا ھوسۇللۇق يازغۇچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەڭرىگە يېلىنمىدى. چۈنكى ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ جاپالىق يىللاردا «چاكىنا ئىشلار ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلما! ئۆزۈڭنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھالال تەرىڭ ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىلا ھەقى- قىي بولىدۇ» دېگەننى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا باشقىلار ياكى تەڭرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىش ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، بىر جۈپ قولى ئارقىلىق ئېرىشكەن ھاياتلا ھەقىقىي مەنا بىلەن تويۇنغان ھايات بولىدۇ.





# ھارۋىكەش بىلەن كۆچتۆڭگۈر پالۋان

ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلالىغانلارغا تەڭرىمۇ ياردەم قىلىدۇ.

—— ئەقلىيە سۆز

بۇرۇن بىر دېھقان لىق قورۇق ئوت - چۆپ بېسىلغان ئات ھارۋىسىنى سەھرا يولىدا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز لاي ئورىكىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ سەھرا يولىدا بۇ بىچارىگە كىممۇ ياردەم بېرىدۇ دەيسىز؟ بۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئادەمنى تېرىكتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن قىلغان ئىشى بولماي نېمە؟

دېھقان ھارۋىسىنىڭ ئورىغا چۈشۈپ كەتكىنىگە قاراپ قاتتىق ئوغىسى قايناپتۇ ۋە ئورىنىمۇ، ئاتنىمۇ، ھارۋىنىمۇ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ تازا تىللاپتۇ. دېھقان ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىرى تەڭداشسىز كۈچلۈك پالۋاندىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

—— ھۆرمەتلىك پالۋان، —— دەپتۇ ھارۋىكەش دېھقان، —— ماڭا ياردەم قىلغىن، سەن پۈتۈن جاھاننى كۆتۈرەلىگەن يەردە ھارۋامنى ئورىدىن كۆتۈرۈپ چىقىرىش سەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ!

ئۇ دۇئاسىنى تۈگىتىشىگىلا بۇلۇت ئارىسىدىن پالۋاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

—— ئىلاھ ئادەملەرنى ئاۋۋال ئۆزلىرى كاللا ئىشلىتىشكە، چارە - ئامال تېپىشقا، بولمىغاندا ئاندىن ياردەم بېرىشنى بۇيرىغان. سەن ئاۋۋال قاراپ باق، ھارۋاڭنىڭ ئورىغا پېتىپ قېلىشىدىكى سەۋەب زادى نېمىكەن؟ ھارۋا نېمە ئۈچۈن ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ؟ قولىڭغا كەتمەننى ئال - دە، چاقنىڭ ئەتراپىدىكى لاينى ئېلىۋەت، كاشىلا بولۇۋاتقان شېخىللارنى يەنچىۋەت، چاق چۈشىدىغان يەرنى تەكشىلىۋەت. سەن ئۆزۈڭ قول سېلىپ ئىشلەپ باقمىساڭ قانداق بولىدۇ؟

ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن پالۋان ھارۋىكەشتىن: —— ئىشنى تۈگەتتىڭمۇ؟ —— دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، ئۇگەتتىم. جاۋاب بېرىپتۇ ھارۋىكەش.

— ياخشى، ئەمدى ساڭا ياردەم قىلاي، دەپتۇ پالۋان، — قولۇڭغا قامچىنى ئال.

— ئالدىم...، بۇ قانداق ئىش ئەمدى؟ ھارۋا ناھايىتى راۋان كېتىۋاتىدىغۇ! پالۋان خېركۇلېس يارايسەن. بۇ چاغدا ئىلاھدىن زۇۋان كەپتۇ:

— قارا، ھارۋاڭ ئورىدىن ئاسانلا چىقىپ كەتتى. قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئاۋۋال كاللىنى ئىشلىتىپ ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تېپىش كېرەك. تەڭرىمۇ شۇنداق قىلالىغان ئادەملەرگىلا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئاغرىنماي، باشقىلارغا تايىنىۋالماي، كاللىنى ئىشلىتىپ ئامال تېپىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىش ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

# ئۈچ پاقا

خەققە يېلىنغىچە ئۆزۈڭگە يېلىن.

ـــ ئەقلىيە سۆز

ئۈچ پاقا ئېھتىياتسىزلىقتىن سۈت چېلەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىرىنچى پاقا: ـــ مېنىڭ تەقدىرىم بەك كاج، بىر ئوبدان تۇرۇۋېتىپ سۈتكە چۈشۈپ كەتكىنىمنى دېسە، تەڭرى ماڭا كەلگەندە بەك ئادالەتسىزلىك قىلدى، دەپلا پۇتلىرىنى يىغىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئىككىنچى پاقا:

ـــ چېلەك بەك چوڭقۇركەن، مېنىڭ بۇ سەكرىشىم بىلەن ھەرگىزمۇ چىقىپ كېتەلمەيمەن، ئۆلۈمنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق، ـــ دەپتۇ. ئۈچىنچى پاقا ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن:

ـــ ھەقىقەتەن بىتەلەي ئىكەنمەن، لېكىن قارىسام پۇتلىرىمدا ئاز ـ تولا ماغدۇر باردەك قىلىدۇ، پۇتۇمغا قويغۇدەك نەرسە تاپالىسام‌لا قورقۇنچلۇق بۇ چېلەكتىن چىقىپ كېتەلگۈدەكمەن، ـــ دەپتۇ.

لېكىن چېلەكتە سۈتتىن باشقا تېرەك قىلغىدەك ھېچنەرسە يوق بولغاچقا، ئۇ پاقا شۇنچە كۆچەپمۇ چېلەكتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئۇ چىقىپ كېتىش ئويىدىن يېنىپ، ھەمراھلىرىغا ئوخشاش ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشنى ئويلاپتۇ. لېكىن ياشاش ئىستىكى ئۇنىڭغا مەدەت بوپتۇ، شۇڭا توختىماي سەكرەۋېرىپتۇ...، ئۇ سەكرەۋېتىپ سۈتنىڭ بارغانسېرى قېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ، ئەسلىدە پاقا سەكرەۋېرىپ سۈتنى قويۇلدۇرۇۋەتكەچكە سۈت پىشلاققا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۇ پاقا ئاشۇ پىشلاقنىڭ ياردىمىدە بىرلا سەكرەپ چېلەكتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ. خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە خەتەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — ئېغىر بېسىقلىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن ئامال تېپىش. ئەگەر خەتەرگە يولۇققاندا قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلماي ھەسرەت چېكىپلا ئولتۇرىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۆلمەكتىن باشقا ئامال يوق.





# كېپىنەك لېچىنكىسى

تۇرمۇشنىڭ ئاتا قىلغىنى مەيلى كۆڭۈللۈك ئىش بولسۇن ۋە ياكى ئېغىر كۈلپەت بولسۇن، ئۇنىڭ ئاتا قىلغانلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىش كېرەك.

ــ ئىكېدادايساكۇ

بىر ئوغۇل بالا چىملىقتا ئويناۋېتىپ بىر تال ھاشارەت قورچىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ كېپىنەككە قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ لېچىنكىدا يېرىق پەيدا بولۇپتۇ، ئىچىدىكى كېپىنەك بىر يەرگە قىسىلىپ قالغاندەك نەچچە سائەت ھەپىلىشىپمۇ زادىلا چىقالماپتۇ.

ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى قايچا بىلەن كېسىپ كېپىنەكنى چىقىرىپتۇ. لېكىن كېپىنەكنىڭ تېنى يوغان، قاناتلىرى قورۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا پەقەت ئۈچالماپتۇ ۋە ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆلۈپ قاپتۇ.



**مۇلاھىزە:**

كىشلىك ھايات مىسالى چوڭ سەھنە، ئۇنىڭدىكى باش رولنى مەڭگۈ ئۆزىمىز ئالىمىز. قىيىنچىلىق ھەرقانچە زور بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىشى. چۈنكى، باشقىلار بىزنىڭ ئورنىمىزدا چوڭ بولۇپ بەرمەيدۇ، پەقەت ھېسداشلىقلا قىلالايدۇ، تەسەللىلا بېرەلەيدۇ. لېكىن ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇشۇكنىڭ سوۋغىسى

ھۇرۇننىڭ كۆنى نامراتلىق ئىچىدە، ئىشچاننىڭ كۆنى باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.
—— «ئىنجىل»

بۇرۇن يولۋاس ھازىرقىدەك كۈچلۈك بولماستىن، بەلكى ھايۋانلار ئىچىدە ھەممىدىن ئاجىز ئىكەندۇق. ئورۇقلۇق تېپىپ يېيەلمىگەچكە دائىم ئاچ قالىدىكەن.

بۇنى كۆرگەن شىر پادىشاھ بارلىق ئۈششاق ھايۋانلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپتۇ:

— يولۋاس ئارىمىزدىكى بىر ئەزا، بىز ئۇنىڭ ئاچ قورساق يۈرگىنىنى بىلەن كارىمىز بولماي قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. شۇڭا، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۇنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەرسەكمىكىن.



شۇنداق قىلىپ ھايۋانلار يولۋاسقا نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىك ئاپىرىپ بېرىپتۇ. پەقەت مۇشۇكلا ھېچنەرسە بەرمەپتۇ.

شىر پادىشاھ بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ مۇشۇكتىن:

— كۆپچىلىك يولۋاسقا يېمەكلىك ئاپىرىپ بەردى، سەن نېمىشقا بەرمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇشۇك:

— سىلەر ئۇنىڭغا ھەرقانچە جىق نەرسە ئاپىرىپ بەرسەڭلارمۇ، ئۇ بەرىبىر تۈگەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان سوۋغات بەرمەكچىمەن، — دەپتۇ.

شىر پادىشاھ مۇشۇكنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ:

— ئىشىڭنى قىل، شۇ بىرنەچچە تال چاشقان ئاپىرىپ بەرگەندىن باشقا يەنە نېمە ئاپىرىپ بېرەلەيتتىڭ؟ — دەپتۇ.

— كېيىن بىلىپ قالىلا، — دەپتۇ مۇشۇك جاۋابەن.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، شىر پادىشاھ يولۋاسنى يوقلاپ كەپتۇ. توۋا، توۋا!

يولۋاسنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى ـ تېشى ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتىغۇ!

ــ بۇ يېمەكلىكلەرنى ساڭا مۈشۈك ئەكىلىپ بەردىما؟

ــ يوقسۇ، مۈشۈك بەرگەن سوۋغا بۇ نەرسىلەردىن نەچچە مىڭ ھەسسە قىممەتلىك، ــ دەپتۇ يولۋاس.

ــ ئۇ ساڭا زادى قانداق نەرسە سوۋغا قىلدى؟

ــ ئۇ مېنى كۆچۈكۈمدىن تەربىيەلىدى، يەنە تېخى ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ قويدى.

ــ ھە؟! شىر پادىشاھ يولۋاسنىڭ چوققىسىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە بىر قاراۋەتكەندىن كېيىن:

ــ سېنىڭ ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ يۈرگىنىڭنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىكەن. قارا كېيىمىنمۇ ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ كىيىۋاپسەن! ــ دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

نەرسە ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىدىكى ماھارەتكە يەتمەيدۇ. جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرىمەن، دەيدىكەنمىز چوقۇم باشقىلارغا تايىنىپ ياشاش ئويىنى تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا ئەسقاتىدىغان ياخشى ماھارەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خىمىيەگەرلىك (ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسى)

تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان ھاۋا بىلەن كۈن نۇرىدىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئەجىر سىڭدۈرگەندە ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

— ياپون خەلق ماقال ـ تەمسىلى

ناھايىتىمۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى ئولتۇرسا ـ قوپسا باي بولۇشنىلا ئويلايدىغان خانىك دېيىدىغان بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدە خىمىيەگەرلىكنى ئۆگەنسىلا باي بولالايدىكەن.

شۇڭا ئۇ بارلىق ۋاقتى، پۇلى ۋە زېھنىنى خىمىيەگەرلىكنى ئىزدەشكە سەرپ قىلىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ھەممە دەسمىسىدىن ئايرىلىپ قاق سەنەم بولۇپ، قورساقنىمۇ تويغۇزالمايدىغان كۈنگە قاپتۇ. ئامالسىز قالغان خوتۇنى دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ دەردىنى تۆكۈپتۇ. دادىسى كۈيئوغلىنىڭ بۇ قاملاشمىغان قىلىقىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كېلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مەن خىمىيەگەرلىكنى ئۆگىنىپ بولدۇم، بىراق شۇ ئازراق نەرسە كەم تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— قېنى تېزراق دېسىلىچۇ، نېمە كەم؟ — ئالدىراپ سوراپتۇ خانىك.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن بۇ مەخپىيەتلىكنى سىزگە دەپ بېرەي. ھازىر ماڭا بانان يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچ كىلوگرام ئاق تۈزغىقى كېرەك. بۇ تۈزغاق چوقۇم ئۆزىڭىز تىككەن بانان دەرىخىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇشى لازىم. ئۇ نەرسە تەل بولغاندىن كېيىن سىزگە خىمىيەگەرلىكنىڭ ئۇسۇلىنى دەپ بېرىمەن.

خانىك ئۆيىگە كېلىپ ئاق تاشلىۋەتكىنىگە ئۇزۇن يىل بولغان يېرىگە بانان دەرىخى قويۇپتۇ ۋە بانان يوپۇرمىقىنىڭ ئاق تۈزغىقىنى بالدۇرراق تولۇق تەييارلاش

ئۇچۇن يەنە يېڭىدىن نۇرغۇن بوز يەر ئېچىپتۇ. بانان پىشقاندىن كېيىن ئۇ ھەربىر تال بانان يوپۇرمىقىدىن ئاق توزغاقنى ئايرىپ ئېلىپتۇ، خوتۇن ـ باللىرى بانانلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپتۇ. خانكمۇ ئۇچ كىلوگرام بانان توزغىقىنى ئاخىرى تەل قىلىپتۇ. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا توزغاقنى ئېلىپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە قېيىنئاتىسىدىن خىمىيەگەرلىكنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

خانكنىڭ قېيىنئاتىسى ھويلىدىكى بىر ئۆيىنى كۆرسىتىپ:

— سىز بېرىپ ئاۋۇ ئۆيگە قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

خانك ئۆيىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ، ئۆيدىكى لىق ئالتۇننى كۆرۈپتۇ، ئۆيدە خوتۇنى بىلەن باللىرىمۇ بار ئىكەن. خوتۇنى ئۇنىڭغا بۇ ئالتۇنلارنى ئون يىلدىن بۇيان ئۇ تېرىغان بانانلارنى سېتىپ يىغقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆيدىكى توشقىچە ئالتۇننى كۆرگەن خانك ھەممىنى چۈشىنىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەقىقىي مۆۋەپپەقىيەتنىڭ ھېچقانداق سىرى بولمايدۇ. پەقەت ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ ئىشلىسىلا مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خامىرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى

ئالدىراش بولغانسېرى ئۆزىمىزنىڭ ھايات ياشاۋاتقانلىقىمىزنى، جېنىمىزنىڭ تېخى تېنىمىزدە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ـــ كانت

مەلۇم بىر يىلى قىشتا ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى كىچىك بىر بازارغا بىر توپ مۇساپىر كېلىدۇ. ئۇزۇن مۇساپە ئۇلارنى خېلىلا ھالسىراتقان ئىدى. ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست يەرلىك خەلق بۇ مۇساپىرلار ئۈچۈن ئۆيلىرىدە تاماق ئېتىدۇ. بازار باشلىقى جون تۈركۈملەپ كەلگەن مۇساپىرلارغا تاماقنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ مۇساپىرلارنىڭ بۇنداق مەززىلىك تاماقنى يېمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغاچقا تاماقنى كۆرۈپ «رەھمەت» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تاماققا دۈم چۈشىدۇ.

ئورۇق، قورسىقى ئاچلىقتىن كولدۇرلاپ كەتكەن بىر ياش بۇنىڭدىن مۇستەسنا ھالدا بازار باشلىقى جون ئېلىپ كەلگەن تاماققا قاراپ:



ـــ ئەپەندى، مەن سىزنىڭ بۇنچىۋالا جىق تامىقىڭىزنى يېسەم، ماڭا بىرەر ئىشىڭىزنى قىلدۇرارسىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. بازار باشلىقى جون كۆڭلىدە: «ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇساپىرلارغا قورسىقى تويغىدەك بىر ۋاق تاماق بېرىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا:

ـــ ياق، مېنىڭ ساڭا قىلغۇزغۇدەك ھېچقانداق ئىشىم يوق، ـــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ياش جوننىڭ گېپىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ ۋە:

ـــ ئەپەندى، ئۇنداقتا مەن سىزنىڭ تامىقىڭىزنى يېسەم بولمايدۇ، مەن ھېچقانداق ئەجىر قىلمايلا بىكاردىن ـ بىكارلا بۇ تاماققا ئىگە بولسام بولمايدۇ، ـــ دەيدۇ.

بازار باشلىقى جون سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ـــ ئېسىم قۇرۇسۇن، ئۆيۈمدە راستتىنلا سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئازراق ئىش بار. بىراق ئاۋۋال تامىقىڭنى يە، قىلىدىغان ئىشنى شۇ چاغدا كۆرسىتىپ قوياي، ـــ دەيدۇ.

— بولمايدۇ، ئاۋۋال ئىشنى قىلىۋېتەي، تاماقنى ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەي، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردۇ ياش. بازار باشلىقى جون بۇ ياشقا قايىل بولدۇ. لېكىن بۇ بالىنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان ھېچنېمە يېمىگەندىن باشقا يەنە نۇرغۇن يول ئازابى تارتقانلىقى بازار باشلىقى جونغا ئايان ئىدى. بىراق ئۇنىڭغا قىلغۇدەك ئىش بەرمىسە تاماقنى يېمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا جون سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— يىگىت، دۈمبەمنى تۇتۇپ قويساڭ بولامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ. يىگىت تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇپ قويىدۇ. ئۇ بىرنەچچە مىنۇت تۇتقاندىن كېيىن جون ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولدى يىگىت، شۇنداق راھەتلىنىپ قالدىم، — دەپلا تاماقنى يىگىتكە ئۇزىتىدۇ. شۇندىلا بۇ ياش تاماقنى يېيىشكە باشلايدۇ. بازار باشلىقى جون بۇ ياشقا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— يىگىت، قورۇقۇمغا جىددىي ئادەم لازىم ئىدى، ئەگەر قېلىپ قېلىشنى خالىساڭ تولىمۇ سۆيۈنگەن بولاتتىم، — دەيدۇ.

ياش قېلىپ قالىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا جوننىڭ قورۇقىدىكى ئۇستىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن بازار باشلىقى جون قىزى جېنىنىينى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ ۋە قىزىغا:

— ھازىر كۆرۈنۈشتە يوقسۇلدەك قىلغان بىلەن كەلگۈسىدە چوقۇم بېيىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قىلىدىكەن، — دەيدۇ.

ئىش ھەقىقەتەن جون ئويلىغاندەك بولىدۇ. ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپ ھېلىقى ياش راستتىنلا مىلياردېر بولىدۇ. بۇ ياش دەل ئامېرىكىدىكى داڭلىق نېفىت ماگناتى خامېر ئىدى. خامېر نامراتلىق دەستىدىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاندىمۇ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ، ھاياتتا ئۆز ئورنىنى تاپقاچقا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە قايىللىقىغا ئېرىشىپ، ئۆزىگە ئامەت ئېلىپ كېلەلىگەن.



**مۇلاھىزە:**

ئادەم ھاياتلىقتا ئۆز ئورنىنى تاپالىسىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئېغىر كۈنلەردىمۇ باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە تايانماي مۇستەقىل ياشايدىغانلار مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەي قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى نامايان قىلىڭ

ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، قورقۇنچاقلىقنى تۈگەتكەنلىك ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بىلەن باراۋەر. مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلماڭ خىرىسقا دادىل يۈزلىنىڭ. ئۆزىمىزگە توختىماي جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىمىز ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىلا ئاندىن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى نامايان قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىشىك ئەسلىدە ئۇچۇق ئىكەنغۇ

يەڭگۈچىنىڭ تايانغىنى كۈچ ـ قۇۋۋەت بولماستىن، بەلكى جاسارەت.

ــ گوركى

1968 ـ يىلى مېكسىكا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقە مەيدانىدا ئامېرىكا ماھىرى خەينېس ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا مۇسابىقە مەيدانىدىكى ۋاقىت خاتىرىلەش تاختىيىغا قارايدۇ. كۆرسەتكۈچ 9.9 سېكۇنت دېگەن سانىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ غۇلىچىنى كېرىپ ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەيدۇ.

كېيىن، داۋىد ئىسىملىك بىر مۇخبىر شۇ ۋاقىتتىكى مۇسابىقىدا خەينېسنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا كەلگەندىكى لېنتىغا ئېلىنغان ئەمەلىي ئەھۋال كۆرۈنۈشىنى قايتا قويىدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ يۈز مېتىرلىق مۇسابىقىدە تۇنجى قېتىم ئون سېكۇنتلۇق ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈشى ئىدى. خەينېس رېكورت بۇزغاندا چوقۇم قالتىس پاساھەتلىك گەپتىن بىرنى قىلغان بولۇشى تۇرغانلا گەپ، لېكىن بۇ ئاخبارات نۇقتىسىغا مەيداندىكى 400 دىن ئارتۇق مۇخبىر سەل قارىغانىدى.

شۇڭا داۋىد خەينېسنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا نېمە دېگەنلىكىنى سوراپ بېقىش قارارىغا كېلىدۇ.

داۋىد خەينېس بىلەن تېزلا كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى سورايدۇ. لېكىن خەينېس ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتا گەپ قىلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. لېكىن داۋىد:

ــ سىز شۇ چاغدا راستىنلا گەپ قىلغان، بۇنىڭغا سىن ئالغۇ لېنتىسى پاكىت بولالايدۇ، ــ دەيدۇ.

خەينېس داۋىد ئېلىپ كەلگەن سىن ئالغۇ لېنتىسىنى كۆرگەندىن كېيىن،

كۆلۈپ كېتىدۇ ۋە داۋىدقا:

— سىز راستتىنلا ئاڭلىمىدىڭىزما؟ مەن: «ئاھ، تەڭرىم، ئۇ ئىشنىڭ ئەسلىدە ئۇچۇق ئىكەنلىكى، دېمەكچىمەن» — دېدى.

بۇنىڭدىكى سىر يېشىلگەندىن كېيىن داۋىد خېينېسنى داۋاملىق ئىچكىرىلەپ زىيارەت قىلىدۇ.

ئوۋېنس 10.3 سېكۇنتلۇق نەتىجىنى ياراتقاندىن كېيىن، بىر تېببىي پەن ئالىمى: «ئىنسانلارنىڭ مۇسكۇل تالاسىنىڭ ھەرىكەتكە بەرداشلىق بېرىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى سېكۇنتىغا ئون مېتىردىن ھەرگىز ئېشىپ كېتەلمەيدۇ» دەپ كېسىپلا ھۆكۈم قىلغانىدى.

خېينېس مۇنداق دېدى: «30 يىلدىن بۇيان بۇ ھۆكۈم يېنىمنىڭ ئاتلېتكا مەيدانىدا كەڭ تارقىلىپ يۈردى، مەنمۇ بۇنى راست دەپ قاراپ كەلدىم. لېكىن، مەن ھېچبولمىغاندا 10.1 سېكۇنتلۇق نەتىجىنى يارىتالايمەن، دەپ ئويلاپ كەلدىم. شۇڭا، ھەر كۈنى بەش كىلومېتىرغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇم، چۈنكى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشنىڭ چېمپىيونلىقىنى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مېكسىكا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا ئۆزۈم ياراتقان 9.9 سېكۇنتلۇق نەتىجىنى كۆرگىنىمدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئەسلىدە ئون سېكۇنتلۇق بۇ ئىشنىڭ خۇددى ئاخىرقى نۇقتىدا توغرىسىغا تارتىلغان تانىغا ئوخشاش تاقاق بولماستىن ئوچۇق ئىكەنتۇق ئەمەسمۇ.

كېيىن داۋىد ماقالە يېزىپ، مېكسىكا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، خېينېسنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئىلھامى تېخىمۇ مۇھىم، — دەپ قارىشىدۇ.



**مۇلاھىزە:**

ئۆزىمىز ئۇچۇن قۇرۇۋالغان چەكلىمە كۆڭلىمىزدىكى بىردىنبىر چەكلىمىدىن ئىبارەت. ئەڭ يۇقىرى چەكتىن ئېشىپ كەتكىلى بولىدۇ. گەپ، ئۆزىمىز ئىدىيىمىزدىكى چەكتىن ئېشىپ كېتىشكە ئامالسىز قالغانلىقىمىزدا. بىزنى بىركىم چۇشەپ قويمايدۇ، چۇشەپ قويۇۋاتقىنى دەل ئۆزىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 11 قېتىم چېكىلگەن ئىشىك

چوڭ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆچىنىڭ ئاز ــ كۆپلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ــ قىسقىلىقىغا باغلىق.

ــ س. جوكسون

ئاممىباپ شىركىتىنىڭ يۇز تۈرانە ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كىلىفوردنىڭ يۈرىكى يايراپ كېتىدۇ. ئىمتىھان بېرىدىغان كۈنى كىلىفورد ئۆزىنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى تىلەپ رەتلىك كىيىنىپ، گالستۇك تاقاپ، سائەت ئوندا ئاممىباپ شىركىتىنىڭ ئادەم كۆپچى بايلىقى بۆلۈمىگە كەلدى.

كاتىپ خېنىم ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى دىرېكتورغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى يېنىك ئىككى قېتىم چەكتى.

ــ كىلىفورد ئەپەندىما؟ ــ دەپ سورىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ئىشخانىدىن.

ــ تىنچلىقمۇ يۇز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدار، مەن كىلىفورد، ــ دېگىنچە ئىشىكنى ئاچتى كىلىفورد.

ــ كەچۈرۈڭ كىلىفورد ئەپەندى، ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم چەكسىڭىز بولامدۇ؟ ــ دېدى ئايلانما ئورۇندۇقتا قېتىپ ئولتۇرغان، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان يۇز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدار كىلىفوردقا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن.

گەرچە يۇز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدارنىڭ سۆزى كىلىفوردنى گاڭگىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارتۇقچە ئويلانمايلا ئىشىكنى يەنە ئىككى قېتىم چەككەندىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— بولمىدى كىلىفورد ئەپەندى، بۇ قېتىمقى چېكىشىڭىز بىرىنچى قېتىم چەككىنىڭىزدەك ياخشى بولمىدى، يەنە بىر قېتىم چېكىپ باقسىڭىز قانداق؟ — يۈز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدار ئۈنىڭغا چىقىپ كېتىپ قايتىدىن ئىشىك چېكىشنى ئىشارەت قىلدى. كىلىفورد ئىشىكنى قايتىدىن چەككەندىن كېيىن:

— ئەپەندى، مۇشۇنداق چەكسەم بولامدۇ؟ — دېگىنىچە ئىشخانىغا كىرىشكە تەمشەلدى.

— بۇنداق گەپ قىلسىڭىز بولمايدۇ. كىلىفورد ئىشخانىغا كىرىپ:

— ئىسمىم كىلىفورد، سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن يۈز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەپەندى، — دېدى.

— بۇنداق قىلماڭ، دېدى يۈز تۈرانە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدار سوغۇق تەلەپپۇزدا، — چىقىپ كېتىپ ئىشىكنى قايتىدىن چېكىڭ.

كىلىفورد ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم چەكتى ۋە:

— كەچۈرۈڭ، خىزمىتىڭىزگە دەخلى قىلىپ قويدۇم، — دېدى.

— مانا ماۋۇ قىلغىنىڭىز بولىدۇ، ئەگەر ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم چەكسىڭىز، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر قېتىم سىناپ باققىڭىز بارمۇ؟

كىلىفورد ئىشخانىدىن 10 ـ قېتىم يېنىپ چىققىنىدا كۆڭلىدىكى خۇشاللىق ۋە ئىنتىلىش قاياققىدۇر غايىپ بولۇپ، ئازراق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئىشخانىغا كىرىپ ئەھۋال سوراشقىمۇ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىش كېتەمدۇ؟ بۇنى قانداقمۇ ئادەم قوبۇل قىلىش يۈز تۈرانە ئىمتىھانى دېگىلى بولسۇن، ئادەمنى قاراپ تۇرۇپلا قەستەن قىيىنغانلىققۇ بۇ» دەپ ئويلىدى.

كىلىفورد ئاچچىقىدا كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا: «ياق، بۇنداقلا كېتىپ قالسام بولمايدۇ، شىركەت مېنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ باققىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپ توختاپ قالدى ۋە يېنىك نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئىشىكنى 11 ـ قېتىم چەكتى. بۇ قېتىم ئۇ رەت قىلىنىشقا ئەمەس، بەلكى قىزغىن قارشى ئېلىپ چېلىنغان چاۋاققا ئېرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ11 ـ قېتىم چېكىپ ئاچقان ئىشىكنىڭ ئۆزىگە ئېچىلغان مۇۋەپپەقىيەت

ئىشىكى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى.

ئەسلىدە ئامېباپ شىركىتى بىر نەپەر بازار تەكشۈرگۈچى قوبۇل قىلماقچى ئىكەن. ھالبۇكى مۇنەۋۋەر بازار تەكشۈرگۈچى بىلىملىك، ساپالىق بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى سەۋرچان ۋە چىدامىلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىشىكنى 11 قېتىم چەكتۈرۈش ۋە ئەھۋال سورانقۇزۇش دەل ئادەمنىڭ پىسخىك ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان ئىمتىھان سوئالى ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغان ئىش يوق. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلاردىن بىر قېتىم ئارتۇق سىناپ باققان يېرىلا بار. بىر قېتىم ئارتۇق سىناپ باققانلىق ئۆزىگە بىر قېتىملىق پۇرسەتنى ئارتۇق بەرگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ئوڭۇشسىزلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى شوتا. ئوڭۇشسىزلىققا قانچە كۆپ ئۇچرىسىڭىز مۇۋەپپەقىيەتكە شۇنچە يېقىنلىشىسىز.

# جەريان نەتىجىدىنمۇ مۇھىم

قەتئىي بوشاشماي كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق ئادەمنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەي قالمايدۇ.

— ئانگېل

بۇرۇن فارفۇر بۇيۇم تىجارىتى قىلىدىغان ئۈچ سودىگەر فارفۇر بۇيۇملىرى قاچىلانغان ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ بىر تىك تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قاپتۇ. تاغ يولى پۈتۈنلەي چىغىر يول بولۇپ، بىر تەرىپى ياماشقۇسىز تىك قىيا، يەنە بىر تەرىپى تېگى يوق چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەن. بىرىنچى سودىگەر ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ يولنىڭ يانباغرىغا چىقىشىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ھارۋىدىكى قاچىنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى سودىگەرنىڭ تەلىيى بىر ئاز ئۇڭدىن كېلىپ، تاغنىڭ قاپتىلىغىچە ئامان ـ ئېسەن چىقىپتۇ. لېكىن دەرەخ كۆتىكىگە پۈتلىشىپ كېتىپ ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، قاچىلىرىنىڭ بىرسىمۇ ساق قالماپتۇ.

ئۈچىنچى سودىگەر مىڭبىر جاپادا تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئۇھ دەپتۇ ـ يۇ، دىققەتسىزلىكتىن ھارۋىسى پەسكە سىيرىلىپ كېتىپ، قاچىلىرىنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە بىرىمۇ ساق قالماپتۇ.

ئۈچ ھارۋا قاچىنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۈچ سودىگەر تاغنىڭ چوققىسىدا پاراڭغا چۈشۈپتۇ:

— مېنىڭ تاغقا چىقىش ماھارىتىم ھەممىدىن ناچار ئىكەن، لېكىن مەن نۇرغۇن كۈچۈمنى ساقلاپ قالدىم، مانا بۇ مېنىڭ پايدا ئالغان تەرىپىم، — دەپتۇ بىرىنچى سودىگەر.

— مەن كۈچۈمنىڭ دەل يېرىمىنى سەرپ قىلىپ، تاغنىڭ قاپتىلىغىچە

چىقتىم، شۇڭا مەنمۇ ھېچقانچە زىيان تارتمىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— ئۈچىمىزدىن پەقەت مەنلا تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، شۇڭا مېنىڭ نەتىجەم ھەممىدىن زور، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاي بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا مۇنداق يەكۈن چىقىرىپ بېرىپتۇ:

— ھەربىرىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارغا تۇشلۇق ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكىڭلار بار ئىكەن. گەرچە ئاخىرقى نەتىجە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تىرىشچانلىق ئۈچۈن كۆرسەتكەن جەرياننى چوقۇم مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچەيلەن بوۋاينىڭ گېپىدىن ئىلھاملىنىپ، ئىشنى يېڭىباشتىن باشلىماقچى بولۇپ، خۇشال ھالدا قۇرۇق ھارۋىلىرىنى سۆرىگىنىچە تاغدىن چۈشۈپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

جەريان نەتىجىدىنمۇ مۇھىم. كۆپىنچە ئادەم مەغلۇبىيەتنىلا كۆرۈپ، شۇ جەرياندا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان نەتىجە بولسۇن ۋە ياكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن جەريان بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا قىممەتلىك بولۇپ، ئوخشاشلا خاتىرىلەشكە ۋە ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ.



# ئانىنىڭ جاۋابى

پالتا ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، توختىماي چېپىش ئارقىلىق ئەڭ قاتتىق دۇب دەرىخىنىمۇ يىقىتىدۇ.

— شېكسپىر

بىر بالا ئىمتىھاندا پارتىدىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم بىرىنچى بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ دائىم ئۇنىڭ ئارقىسىدا قالىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە پەقەت يېتەلمەپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئاپىسىدىن:

— ئاپا، مەن باشقىلارغا قارىغاندا دۆتمۇ قانداق؟ مەن پارتىدىشىم بىلەن بىر سىنىپتا ئوخشاش مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلايمەن، ئوخشاش تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن، لېكىن نېمىشقا دائىم ئۇنىڭ ئارقىدا قالىدىغاندىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوغلىدا غورۇر پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ غورۇرنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى نەتىجىسىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزغانلىق سەۋەبلىك زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەرمەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئوغلىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ.

بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا بۇ بالا يىگىرمىنچى بولۇپتۇ، پارتىدىشى بولسا يەنىلا بىرىنچى بولۇپتۇ. ئۇ بالا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئاپىسىدىن ھېلىقى سوئالنى يەنە سوراپتۇ. ئاپىسى: «ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بولىدۇ، بىرىنچى بولغان ئادەمنىڭ كاللىسى چوقۇم باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك ئىشلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرمەكچى بولۇپتۇ - يۇ، لېكىن بۇ خىل جاۋابنىڭ ئوغلى ئېرىشمەكچى بولغان جاۋاب ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقارماپتۇ.

ئوغلىنىڭ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئاپىسى بىرنەچچە قېتىم

نەچچە مىڭلىغان ئاتا ـ ئانا نەچچە مىڭ قېتىم دەيدىغان «سەن ئويۇنغا بەك ئامراق؛ پەقەت تىرىشمايسەن؛ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش جەھەتتە باشقىلارغا يەتمەيسەن...» دېگەنگە ئوخشاش جاۋابنى بېرىپ، ئوغلىنىڭ سوئالىدىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇ بولۇپتۇ. لېكىن ئوغلىنىڭ ئانچە زېرەك ئەمەسلىكىنى، سىنىپتىكى نەتىجىسىنىڭ ئادەتتىكىچە ئىكەنلىكىنى، ھازىرمۇ تارتىۋاتقان جاپاسىنىڭ يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنداق دېگۈسى كەلمەي، ئوغلىنىڭ سوئالىغا مۇۋاپىق جاۋاب تاپماقچى بولۇپتۇ.

ئوغلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتۇ. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا پارتىدىشىغا يېتەلمەپتۇ. لېكىن نەتىجىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا ئىلگىرىلەپتۇ. ئوغلىنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسىنى ماختاش ئۈچۈن، ئۇ ئوغلىنى دېڭىزغا ئاپىرىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ سوئالىغا ئاشۇ قېتىمقى ساياھەتتە جاۋاب تېپىپتۇ.

ئانا ـ بالا قۇملۇقتا ئولتۇرۇپ دېڭىزنى تاماشا قىلىپتۇ. ئاپىسى ئوغلىغا دېڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— دېڭىز بويىدىكى ئاۋۇ دان تالىشىۋاتقان قۇشلارنى كۆردۈڭمۇ؟ دېڭىز دولقۇنى قىرغاقتا ئۇرۇلغاندا ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بوز تورغاي دەرھال ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قانىتىنى ئىككى، ئۈچ قېقىپلا كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ؛ لېكىن دېڭىز چايكىسى پەمسىز بولغاچقا دېڭىزدىن كۆككە كۆتۈرۈلگىچە نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ھەقىقىي ئۇچۇپ ئۆتەلەيدىغىنى يەنىلا شۇ دېڭىز چايكىسى، — دەپتۇ.

مۇلاھىزە:

ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئۇزاققا سوزۇلغان كۈچ سىنىشىش بولۇپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ـ كەلتۈرەلمەسلىك ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق ئىپادىگە باغلىق ئەمەس. ئەگەر سىز ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئۆزىڭىزنى تۈتۈۋېلىپ، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بوشاشماي، مەيۈسلەنمەي، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىسىڭىزلا ئاخىرقى غەلىبىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

# ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىش

باشقىلارنى يەڭگەن كۈچلۈك، ئۆزنى يەڭگەن باتۇر.

— لاۋ زى

بىر قېتىم فىننىي سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بويىدىكى ئورۇندۇقتا سۇدا ئوينىۋاتقان دوستلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ھەم ھەۋەس قىلىدۇ ھەم چۈشكۈنلۈك ھېس قىلىدۇ. دوستلىرى ئۇنى سۇغا چۈشۈشكە زورلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ سۇدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. دوستلىرى:

— بۇنداق سۇدىن قورقىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ، مەڭگۈ سۇ ئۈزەلمەيسەن، — دەپ ئۇنى قورقىتىدۇ.

قۇياش نۇرى دوستلىرىنىڭ سىلىق، پارقىراق تېرىلىرىگە چۈشكىنىدە، ئۇلار خۇددى دېلفىنگە ئوخشاش مەغرۇر ئويناشاتتى، فىننىنىڭ قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان بۇ سايىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ خۇشال ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغۇسى كەلمىدى ۋە ئۆزىنىڭ بەكلا قورقۇنچاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، دوستى ئۇنى ئارشاڭغا ئاپاردى. بۇ قېتىم ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ سۇغا چۈشتى.

فىننىي ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا دىتسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىشقا پېتىنالمىدى.

— سىناپ بېقىڭ، — دېدى دوستى ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن، — سۇغا چۆكۈپ بېقىڭ، قېنى سۇغا چۆكۈپ كېتەمسىز - يوق؟

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — دېدى فىننىي سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا بۇ دوستىنى ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلاپ.

شۇنداقتىمۇ فىننىي دوستىنىڭ دېگىنى بويىچە سىناپ كۆردى. ئۇ چۆكۈپ كەت-

www.uyghurkitap.com

مىدى . بۇرۇن نېمىشقا قورقۇپ يۈرىدىكەنمەن؟

فىننىي بۇ ئىشتىن خېلى نەرسىنى چۈشىنىپ قالدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ سۇدىن قورقمايدىغان بولدى ۋە سۇدا ئەركىن ئۈزۈپ ئويناشنىڭ ھۇزۇرىنى ئاستا-ئاستا ياقتۇرۇپ قالدى.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، قورقۇنچاقلىقنى تۈگەتكەنلىك ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بىلەن باراۋەر. قانداقلا ئىشنى قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر خىرىسقا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشىڭىز لازىم. ئۆزىمىزگە توختىماي جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىمىز ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز.





# «مۇمكىن ئەمەس» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى

پەقەت ئەخمەق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش لۇغىتىدىلا «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن سۆز بار.
ـــ ناپولېئون بوناپارتې

بايلور خانىم ئەنگلىيەدىكى مەلۇم بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ شوخ، مۇلايىم بولغاچقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى.

بىركۈنى، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزگىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا دەرس ئۆتىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆزلىرى قىلالمايدىغان ئىشلارنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن قەغەزگە ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارنى يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇن ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز قەغەزگە: «مەن ئۇزۇنراق تېكىستلەرنى تولۇق يادلىيالمايمەن، ۋېلسىپىت مىنەلمەيمەن، قانداق قىلسام باشقىلارنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەنلەرنى يازىدۇ. ئۇ قەغەزنى توشقۇزۇۋېتەي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن توختايدىغاندەك قىلمايتتى. 

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزلىرى قىلالمايدىغان ئىشلارنى يېزىشتى.

بايلور خانىممۇ: «قانداق قىلسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تولۇق كېلىدىغان قىلالارمەن؟ قانداق قىلسام مارىيىنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلالارمەن؟» دېگەنگە ئوخشاش ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارنى يازدى.

ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر ۋاراق قەغەزنى توشقۇزۇپ بولدى، بەزىلىرى تېخى ئىككىنچى ۋاراق قەغەزگە يېزىشقا باشلىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ساۋاقداشلار، بىر ۋاراق يازساڭلارلا بولدى، ئەمدى يېزىشنى توختىتىڭلار، ــ دېدى بايلور خانىم پائالىيەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ. ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈلدىكى چىسسىنىڭ دېگىنى بويىچە يېزىشنى توختاتتى ۋە ئۆزلىرى قىلالمايمىز دەپ قارىغان ئىشلار يېزىلغان قەغەزنى چىرايلىق قاتلاپ تەرتىپ بويىچە مۇنبەرگە قويۇلغان ئاياغ قېپىغا سالدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قەغەزنى قاپقا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، بايلور خانىمۇ ئۆزىنىڭ قەغىزىنى قاپقا سالدى. ئاندىن قاپنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپ، كارىدورنى بويلاپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسە قويۇلىدىغان ئامبارغا كېلىپ، ئامباردىن بىر دانە گۈرجەك ئېلىۋېلىشتى. بايلور خانىم بىر قولىدا قاپنى، بىر قولىدا گۈرجەكنى كۆتۈرگىنىچە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ چېتىگىرەك بېرىپ، ئۇ يەردە بىر ئورەك قېزىشقا باشلىدى.

ئوقۇغۇچىلار نۆۋەت بويىچە بىر گۈرجەكتىن كولاشتى، ئون مىنۇتتىلا ئۈچ گەز چوڭقۇرلۇقتىكى ئورا تەييار بولدى. ئۇلار ھېلىقى ئاياغ قېپىنى ئورىغا سېلىپ، ئۈستىنى لاي بىلەن سۇۋىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ «قىلالمايدىغان ئىش»لىرى چوڭقۇر كولانغان بۇ گۆرگە دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ گەز قېلىنلىقتىكى توپا ئاستىغا كۆمۈۋېتىلدى.

بۇ چاغدا بايلور خانىم «قەبرە» ئالدىدىكى ئون ياشلار ئەتراپىدىكى 31 ئوقۇغۇچىسىغا سىنچىلاپ بىر قاراۋەتكەندىن كېيىن سۆزلۈك تەلەپپۇزدا:

ــ بالىلىرىم، ئەمدى بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بېشىڭلارنى تۆۋەن سېلىڭلار، سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىمىز، ــ دېدى.

ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى تېزلا بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشتى ۋە «قەبرە»نى چۆرىدەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۈكۈتتە تۇرۇشتى.

ــ دوستلار، بۈگۈن سىلەرنى «مەن قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا

قاتنىششقا تەكلىپ قىلالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى بايلور خانىم سالماقلىق بىلەن تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، — «مەن قىلالمايمەن» ئەپەندى، ھايات چېغىڭىزدا دائىم بىز بىلەن بىللە بولدىڭىز، بىزگە تەسىر كۆرسەتتىڭىز، ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتۇۋەتتىڭىز، كۆرسەتكەن تەسىرلىرىڭىز باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىنمۇ چوڭقۇر بولدى. سىزنىڭ ئىسمىڭىز ھەر خىل سورۇنلاردا تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن بەختسىزلىك، ئەلۋەتتە. بۈگۈن بىز سىزنى بۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق، تېخى سىز ئۈچۈن قەبرە تېشى ئورناتتۇق، قەبرە تەزكىرىسى ئويدۇردۇق. سىزنىڭ خاتىرجەم يېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىزدىن «مەن قىلالايمەن»، «مەن رازى» ۋە «ھازىرلا قىلىۋېتەي» قاتارلىقلارنىڭ سىزنىڭ ئىشىڭىزغا ۋارىسلىق قىلىشنى تېخىمۇ بەكرەك ئارزۇ قىلىمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ نام ـ شەرىپى سىزنىڭكىدەك ئۇنداق بەك تونۇلمىغان، تەسىر كۈچى زور بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىزگە، پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. «مەن قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ خاتىرجەم يېتىشىنى تىلەيمەن، شۇنداقلا ھەر قايسىمىزنىڭ روھىمىزنى ئۆرغۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن، ئامىن!

بايلور خانىم ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ سىنىپقا يېنىپ كەلدى. كۆپچىلىك بىرگە ئولتۇرۇپ پېچىنە، قوناق ئېتىلدۇرمىسى يېيىشىپ، مېۋە شەربىتى ئىچىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ «مەن قىلالمايمەن»دىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەشتى. بايلور خانىم تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە يەنە قەغەزدىن بىر قەبرە قىيىدى، ئۈستىگە «مەن قىلالمايمەن» دېگەن خەتنى، ئوتتۇرىسىغا «خاتىرجەم يېتىڭ» دېگەن خەتنى، ئاستىغا شۇ كۈننىڭ چېسلاسىنى يازدى.

بايلور خانىم قەغەزدىن ياسالغان قەبرىنى سىنىپقا ئېسىپ قويدى. ھەر قېتىم ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارسىز «مەن قىلالمايمەن...» دەپ سالغىنىدا ئۇلارغا بۇ «قەبرە»-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

نى كۆرسىتەتتى، ئوقۇغۇچىلار شۇ ھامان «مەن قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ ئالىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئېلىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەجابىي ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى.

**مۇلاھىزە:**

كۆپىنچە كىشلەر تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا «مەن قىلالمايمەن» دېگەن سۆز تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلۇپ، رېئال تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ ــ دە، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ «قىلالمايمەن»لەرنى گۆرگە تىقىۋېتىپ، ئالدىمىزدىكى ئىشلارغا ئىجابىي مۇئامىلىدە بولساق، چوقۇمكى قىيىنچىلىق ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

# باتۇرلۇقنى ئۆگىنىش

بىز قورقۇشقا تېگىشلىك بىردىنبىر نەرسە — قورقۇنچاقلىق.

— روسېۋېلت

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئېيسېن خوۋېرنىڭ كىچىك چېغىدا مۇنداق بىر ئىش بې-
شىدىن ئۆتكەن: ئۇ بەش ياش چېغىدا تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بارىدۇ. تاغىسى-
نىڭ بىر جۈپ غېزى بولۇپ، غاز ئېيسېن خوۋېرنى كۆرۈپلا غەلىتە غاقىلداپ ئۇنى
قوغلاپ كېتىدۇ. ئېيسېن خوۋېر بۇنداق ھەيۋىدىن قورقماي تۇرالىسۇنمۇ؟ ئۇ جېنى-
نىڭ بارىچە قاچىدۇ ۋە يىغلىغىنىچە چوڭلارغا زارلىنىدۇ.

ئېيسېن خوۋېر بىرنەچچە قېتىم قورقۇپ كەتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭ
قولىغا بىر كونا سۈپۈرگىنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ۋە غازنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن چوقۇم ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسەن، — دەيدۇ.



غاز قايتا ئېتىلغاندا ئۇ سۈپۈرگىنى تۇتقىنىچە لاغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ.
لېكىن تۇيۇقسىز غەيرەتكە كېلىپ قاتتىق بىر ۋارقىرايدۇ ـ دە، سۈپۈرگىنى كۆتۈر-
گىنىچە غازغا قاراپ ئېتىلىدۇ. غاز بۇرۇلۇپلا قاچىدۇ، ئۇ توختىماي قوغلايدۇ ۋە
غازنى زەربە بىلەن ئۇرىدۇ، ئاغرىققا چىدىمىغان غاز غاقىلدىغىنىچە قېچىپ كېتىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن غاز ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولىدۇ.

ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقىنىدا يېشى ئۆزى بىلەن تەڭ، لېكىن بەستى قا-
ۋۇلراق، ئۇرۇشقاق بىر بالا دائىم ئۇنى بوزەك قىلاتتى. بىركۈنى بۇ ئىشنى ئۇنىڭ دا-
دىسى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئوغلىغا:

— سەن نېمىشقا ئۇ بالىنىڭ سېنى بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرىسەن؟ بېرىپ
ئۇ شۇمنى ھەيدىۋەت، — دەپ ۋارقىرايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئېيسېن خوۋېر قېچىشتىن توختاپ ئۆزى ئاجايىپ قورقىدىغان

رەقىبىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قورقۇپ كەتكەن رەقىبى بەدەر تىكىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئېيىسېن خوۋېر تېخىمۇ يورەكلىنىپ، رەقىبىنى تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، سۇرلۇك ۋە جىددىي قىياپەتتە:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە چىشىمغا تېگىدىغان بولساڭ، ئەمدى تايىقىڭنى يەيسەن، ــ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا بىز دائىم مۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايمىز: مەسىلە بىلەن تېخى تولۇق ئۇچراشماي تۇرۇپلا ئۇنى ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا كۆپتۈرۈپ يوغان قىلىۋېتىمىز ـ دە، ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز، ئاخىرى بىرىپ ئۆزىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىمىز. ئەمەلىيەتتە، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىرمۇ ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلىسەكلا مەسىلىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

# فارادايىنىڭ خىزمەت تېپىشى

كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، ئۆزىڭىزنى زىيادە تۆۋەن چاغلىماڭ. دادىل-لىق بىلەن توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەڭ.

—— ئىكېداداىساكو

ئەنگلىيە خان جەمئىيىتى جەمئىيىتى ئاتاقلىق پىروفېسسور جونېسقا ئىلمىي تەت-قىقات ياردەمچىسى تاللىماقچى بولىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ياش تۈپلەش ئىشچىسى فاراداي ھاياجانلىنىپ دەرھال بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. لېكىن تاللاش ئىمتىھانى ئېلىنىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسى فاراداي تۇيۇقسىز ئۆزى-نىڭ ئادەتتىكى بىر ئىشچى بولغانلىق سەۋەبلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيە-تىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان فاراداي ھەيران بولغىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ ۋە ئاچ-چىقىغا چىدىماي تاللاش ھەيئەتلىرىدىكىلەر بىلەن زاكونلىشىدۇ. ھەيئەتلەر ھاكاۋۇر-لۇق بىلەن ئۇنى مازاق قىلىپ:

— بۇنىڭغا ئامال يوق، پىروفېسسور جونېس قوشۇلماي تۇرۇپ ئادەتتىكى بىر تۈپلەش ئىشچىسىنىڭ خان جەمئىيىتى ئىنستىتۇتىدا ئىشلىشى مۇمكىن ئەمەس، — دەيدۇ. فاراداي ئىككىلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر جونېس پىروفېسسور بىلەن كۆرۈشمىسە تاللاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ. لېكىن ئاددىي بىر تۈپلەش ئىشچىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن دېسە بۇ داڭلىق پىروفېسسور ئۇنى كۆزگە ئىلارمۇ؟

فاراداي قاتمۇ قات غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ كىشى-لىك ھاياتىدىكى ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ پىروفېسسور جونېسنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. پىروفېسسورنىڭ ئىشىكى ئېتىك بولۇپ، فاراداي

www.uyghurkitap.com

ئىشىك ئالدىدا خېلىغىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

ئاخىرى ئۇ پىروفېسسورنىڭ ئىشىكىنى قورقۇمسىرىغان ھالدا ئاستا چېكىدۇ. ئۆيدىن زۇۋان چىقمىغاچقا فارادېي ئىشىكنى قايتا چەكمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ، مەڭزىلىرى قىپقىزىل، چاچ ـ ساقاللىرى تولۇق ئاقارغان، روھى كۆتۈرەڭگۈ بىر مويسىپىت چىقىپ ئۇنىڭغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ـــ ئىشىك ئوچۇقتى، كىرىڭ، ـــ دەيدۇ كۈلۈمسىرەپ.

ـــ پىروفېسسورنىڭ ئۆيى پەقەت تاقالمامدۇ؟ ـــ دەپ سورايدۇ فارادېي شۈبھىلەنگەن ھالدا.

ـــ نېمىشقا تاقىلىپ قالغۇدەك؟ ـــ دەيدۇ مويسىپىت كۈلۈپ تۇرۇپ، ـــ باشقىلارنى سىرتقا قويۇپ قويغىنىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە سولاپ قويغىنىڭ بىلەن ئوخشاش. ئۇنداق ئەخمەقلەردىن بولغۇم يوق ـ تە مېنىڭ. بۇ مويسىپىت دەل پىروفېسسور جونېس ئىدى. پىروفېسسور فارادېينى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ۋاراق قەغەزگە خەت يېزىپ ئۇنى فارادېيغا بېرىپ:

ـــ يىگىت، بۇ خەتنى ئېلىپ، تاللاش ھەيئىتىدىكىلەرگە مېنىڭ قوشۇلغانلىقىمنى ئېيتىڭ، ـــ دەيدۇ.

قاتتىق ۋە كەسكىن تاللاش ئارقىلىق تۈپلەش ئىشچىسى فارادېي ئاخىرى پىروفېسسور جونېسنىڭ تەتقىقات ياردەمچىلىكىگە تاللىنىپ، ئەنگلىيە خان جەمەتى ئىنستىتۇتىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىدىن ئاتلايدۇ.



**مۇلاھىزە:**

تەشۋىشلىنىش، ۋەھىمە بېسىش دېگەنلەر ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال. ئۇ دائىم ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇشىنى چەكلەپ، تۇرمۇش خۇشاللىقىنى ئازايتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشكە كاشىلا پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، پسىخىك جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان ياشلار ۋەھىمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھەرقانداق جايالىق، خەتەرلىك ئىشقا ياشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك جاسارەت ۋە غەيرەت بىلەن يۈزلىنىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى تىرىشىپ ياخشى قىلىشى لازىم.

# قەلب ئىشىكىڭىزگە قۇلۇپ سېلىۋالماڭ

باشقىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇش نامەلۇم نەرسە بولماستىن بەلكى ئاللە-بۇرۇن مەلۇم بولغان نەرسىدۇر.

— لارۇشفۇكو

سېھىرگەر چائۇننىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىتتىلا ھەرقان-داق مۇرەككەپ قۇلۇپنى ئېچىۋېتەلەيتتى ھەم بىرەر قېتىممۇ مەغلۇپ بولۇپ باقمى-غاندى. ئۇ ئۆزىگە ئالاھىدە تىكىلگەن كىيىم كىيگەن ھەمدە يېنىدا باشقىلار قاراپ تۇرمىغان ئەھۋالدا ھەرقانداق سولاقتىن 60 سېكۇنت ئىچىدە قۇتۇلۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ناھايىتى يۇقىرى نىشاننى بېكىتكەن.

ئەنگلىيەدىكى مەلۇم بىر كىچىك بازارنىڭ يۇقىرىلىرى چائۇنغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى قەستەن يەرگە قاراتماقچى بولىدۇ. ئۇلار تۆمۈردىن ئىنتايىن پۇختا بىر قەپەز ياساپ، ئۇنىڭغا قارىماققا ئادەتتىكىچە كۆرۈنىدىغان قۇلۇپتىن بىرنى سالىدۇ ۋە چائۇننى بۇ قەپەزدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ـ كېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

چائۇن بۇ جەڭنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئالاھىدە تىكىلگەن كىيىمنى كىيىپ قە-پەزگە كىرىدۇ. قەپەزنىڭ ئىشىكى تاقىلىشى بىلەن تەڭ، كۆپچىلىك بەلگىلىمە بويى-چە قەپەزگە ئارقىسىنى قىلىپ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ. چائۇن يانچۇقىدىن ئالاھىدە ياسال-غان سايمىنىنى ئېلىپ ئىشقا كىرىشىدۇ.

ئارىدىن 30 مىنۇت ئۆتۈپ كېتىدۇ، چائۇن قۇلىقىنى قۇلۇپقا چاپلىغىنىچە ئى-شىنى داۋاملاشتۇرىدۇ؛ 45 مىنۇت، بىر سائەت ئۆتىدۇ، چائۇن تەرلەشكە باشلايدۇ. ئىككى سائەتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن قۇلۇپ زادىلا ئېچىلمايدۇ. ئاخىرى ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ قەپەزنىڭ ئىشىكىگە يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدۇ، ئويلى-

مىغان يەردىن قەپەزنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە قەپەزنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنمىغان بولۇپ، ھېلىقى ئېچىلمىغان جاھىل قۇلۇپ قۇلۇپنىڭ ئىشەك-لىدىكى نەرسە ئىكەن.

كىچىك بازارنىڭ پۇقرالىرى بۇ داڭلىق قېچىپ قۇتۇلۇش مۇتەخەسسىسىنى مانا مۇشۇنداق ئەخمەق قىلىدۇ. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنمىغان تۇرسا، نەدىكى قۇلۇ-پىنى ئاچقۇلۇق؟ گەپ، چائۇننىڭ قەلب ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنىپ قالغانىدى.

**مۇلاھىزە:**

تەجرىبە بەزى ھاللاردا ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى بويۇنتۇرۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىمىز-نىڭ دەسلەپكى كۆز قارىشىغا ئېسىلىۋېلىش ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى چۈشەپ قويىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشنى قىلغىنىمىزدا ئۆزىمىزنى قەلب ئىشىكىمىزگە قۇلۇپ سېلىپ قويماسلىق ھەق-قىدە ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

# كۆڭلىڭىزدىكى ئېغىر تاشنى تاشلىۋېتىڭ

ئىش قىلىشتىن قورقمايدىغان ئادەمنىڭ ئالدى ئۇچۇق بولىدۇ.

— تىخېرى تاكېئو

مەلۇم بىر پادىشاھ ئۈچ شاھزادىسى ئىچىدىن بىر خان ۋارىسى تاللىماقچى بولۇپ، بىر ۋەزىرىگە ئىككى قاسىنىقى سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا «قورام تاش»تىن بىرنى قويۇشقا خۇپىيانە بۇيرۇپتۇ. بۇ يولدىن ئۆتۈشتە مۇشۇ «قورام تاش»قا توغرا كېلىپ، تاشنى يا ئېلىۋېتىشكە، يا يامىشىپ ئۆتۈشكە ۋە ياكى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئىش پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ شاھزادىلەرگە تاش قويۇلغان يول بىلەن مېڭىپ بىر پارچە مەخپىي مەكتۇپنى مەلۇم بىر ۋەزىرىنىڭ قولىغا ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. شاھزادىلەر ۋەزىپىنى ناھايىتى تېزلا ئورۇنداپتۇ. پادىشاھ شاھزادىلەردىن: — سىلەر مەكتۇپنى ۋەزىرگە قانداق يەتكۈزۈدۈڭلار، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن تاشتىن يامىشىپ ئۆتتۈم، — دەپتۇ بىرى؛ — مەن سۇدىن كېمە ئارقىلىق ئۆتتۈم، — دەپتۇ يەنە بىرى؛ — سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتتۈم، دېگۈچىلەرمۇ بوپتۇ.

پەقەت ئەڭ كىچىك شاھزادىلا: — مەن يول بويى يۈگۈرۈپ ماڭدىم، — دەپتۇ.

— يولۇڭنى قورام تاش توسۇۋالمىدىمۇ؟ — سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئۇنى مۇنداقلا ئىتتىرىۋىدىم، ئۇ تاش سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداق چوڭ تاشنى قانداق ئىتتىرەلىدىڭ؟

— مەن شۇ سىناپ باقاي دېگەن مەقسەتتە شۇنداقلا ئىتتىرىۋىدىم، تاش ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ھېلىقى «قورام تاش» پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئىنتايىن يېنىك ماتېرىيال-دىن ياسىغان تەقلىدىي تاش ئىكەن. شۇنداق قىلىپ سىناپ بېقىشقا ماھىر شاھزادە خان ۋارىسلىقىغا تاللىنىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

كۆپىنچە ھاللاردا قىيىنچىلىق ئويلىغىنىمىزدەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس. كۆڭلىمىزدىكى ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ، سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلساقلا ھەرقانچە زور قىيىنچىلىقمۇ بىزگە يول بېرىدۇ.

# ئۆزگىچە ۋەزىپىدىن ئايرىلىش نۇتقى

تامچە سۇنىڭ تاشنى تېشىۋېتىشى كۈچتىن بولماستىن، بەلكى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي تامچىلىغانلىقىدىن بولغان.

ــــ ئورۋى دىنىس

داڭقى چىققان بىر مال ساتقۇچى قېرىپ قالغانلىقتىن ئارامغا چىقماقچى بولۇپ، كەسىپ جەمئىيىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ تىياتىرخانىدا ۋەزىپىدىن ئايرىلىش نۇتقى سۆزلىمەكچى بولۇپتۇ.

نۇتۇق سۆزلىنىدىغان كۈنى، تىياتىرخانا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر شۇ زاماندىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر بۇ مال ساتقۇچىنىڭ ئېسىل نۇتقىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. پەردە ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى، سەھنىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئىنتا- يىن يوغان بىر تۆمۈر شارچە ئېسىلغان بولۇپ، تۆمۈر شارچىنى ئېسىش ئۈچۈن ئا- جايىپ چوڭ تۆمۈر جازا ئورنىتىلغانىدى.

بىر مويسىپىت كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۆمۈر جازىنىڭ يېنىدا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئۇچىسىغا يېپىيېڭى سپورتچىلار كىيىمى كىيگەن بولۇپ، كىشىلەرگە كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئىككى مۇلازىم يوغان بىر بازغاننى مويسىپىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. رىياسەتچى:

ــ قاۋۇلراق ئادەمدىن ئىككىڭلار سەھنىگە چىققان بولساڭلار، ــ دېدى. خېلى

كۆپ يىگىت سەھنىگە چىقماقچى بولدى. لېكىن ھەرنىكىنى چاقچاقلىراق ئىككى يىگىت ئاللىقاچان سەھنىگە چىقىپ بولغانىدى.

مويسىپىت ئۇ ئىككىسىگە بازغان بىلەن ئىسقىلىق تۆمۈر شارچىنى تاكى پۇ-لاڭشىغىچە ئۇرۇشنى بۇيرىدى.

ياشلاردىن بىرى چاقچاقلىق بىلەن بازغاننى ئېلىپ قەددىنى رۇسلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆمۈر شارچىنى ئۇردى، لېكىن تۆمۈر شارچا مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. يىگىت بىر نەچچىنى ئۇرا ـ ئۇرمايلا ئۆپكىسى پۇۋۇلەپ ھاسىراپ بولالمايلا قالدى.

يەنە بىر ياشمۇ بوش كەلمەي بازغاننى ئېلىپ تۆمۈر شارچىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن تۆمۈر شارچا مىدىرلاپ قويايمۇ دېمەيتتى.

پەستە ۋارقىرىغان، ئىسقىرتقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. تاماشىبىنلار بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، مويسىپىتنىڭ چۈ-شەندۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

زال ئىچى جىمىدى. مويسىپىت يانچۇقىدىن كىچىك بىر بولقىنى ئېلىپ، ھې-لىقى غايەت چوڭ تۆمۈر شارچىغا زەڭ سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، كىچىك بولقا بىلەن ئۇنى بىرنى چەكتى، ئاندىن سەل توختىۋېلىپ يەنە بىرنى چەكتى. كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرىدە قارىشاتتى. مويسىپىت بولسا ئاشۇنداق بىرنى چېكىپ قويۇپ سەل توختايتتى ۋە يەنە چېكەتتى. مۇشۇنداق تەرىقىدە ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتتى، 20 مىنۇتمۇ ئۆتتى. زالدىكىلەر غودۇراشقا باشلىدى، بەزىلەر ھەتتا تىللاشقا باشلىدى. كىشىلەر نارازىلىقىنى ھەر خىل ئاۋاز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىمەكتە ئىدى. لېكىن مويسىپىت تۆۋەندىكىلەرنىڭ ۋارقىرىغانلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز-ىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. بەزىلەر زالدىن يېنىپ چىقىشقا باشلىدى، زال شالاڭلىشىپ قالدى. زالدا قالغانلارمۇ تولا ۋارقىراپ ھېرىپ كەتتىمۇ قانداق، ئاستا ـ ئاستا جىمىشقا باشلىدى.

مويسىپىت تۆمۈر شارچىنى بىر سائەتكە يېقىن ئۇرغاندىن كېيىن، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر كىچىك بالا تۇيۇقسىز: ــ تۆمۈر شارچا مىدىرلىدى، ــ دەپ ۋارقىرىدى. شۇ زامان زال ئىچى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى، كىشىلەر پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تۆمۈر شارچىغا تىكىشتى. تۆمۈر شارچا سەپسې-

لىپ قارىمىسا بىلگىسىز دەرىجىدە بوش مىدىرلاۋاتاتتى. مويسىپىت شارچىنى ئۇ. رۇشنى بىر خىلدا داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، بۇ چاغدا كىشىلەر كىچىك بولقىنىڭ تۆمۈر شارچىغا تەگكەندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، تۆمۈر شارچە مويسىپىت. نىڭ توختىماي ئۇرۇۋېرىشى نەتىجىسىدە بارغانسېرى قاتتىق پۇلاڭشىپ، «داڭ، داڭ» ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ غايەت زور كۈچى مەيداندىكىلەرنى ھەيران قالدۇر. غانىدى. مەيداندا گۈلدىراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، مويسىپىت ئالقىش ساداسى ئىچىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ كىچىك بولقىنى ئاستا يانچۇقىغا سالدى.

**مۇلاھىزە:**

مۇۋەپپەقىيەت ئاددىي ئىشنى تەكرار قىلىشتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالنى ئاز قىلىپ، قېينچىلىقتىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەربىر ئىشنى تىرىش. چان ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن قىلغاندىلا ئىغىر ـ بېسىق بولۇپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئۆمۈچۈك ئادەمنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشى

جاسارەت خورىمايدىغان بىردىنبىر كۈچ، شۇنداقلا كىشىلەر مەڭگۈ ھازىرلاشقا تېگىشلىك كۈچ.

—— شاپىنخاۋېر

1983 ـ يىلى دوبسون ھان قۇرۇق قول تامغا يامىشىپ، نيۇيورك ئىمپېرىيە بىناسىغا چىقىپ، دۇنيا جىنس رېكورتىنى ياراتقاندىن باشقا يەنە «ئۆمۈچۈك ئادەم» دېگەن نامغىمۇ ئېرىشتى.

ئامېرىكا ئېگىزلىكتىن قورقۇش كېسەللىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىرلەشمە يىغىنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «ئۆمۈچۈك ئادەم» ھانغا خەت يېزىپ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

ھان تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىسى جونسۇنغا تېلېفون قىلىپ، 1042 ـ نومۇرلۇق ئەزانىڭ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. جونسون 1042 ـ نومۇرلۇق ئەزانىڭ ماتېرىيالىنى تېزلا تاپىدۇ. بۇ ئەزانىڭ ئىسمى دوبسون ھان ئىدى. ئۇلار مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلغان «ئۆمۈچۈك ئادەم» ئەسلىدە ئېگىزلىكتىن قورقۇش كېسىلى بار ئادەم ئىدى.

جونسون بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالىدۇ. بىرىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىدا تۇرسىمۇ قورقۇپ يۈرىكى سېلىپ كېتىدىغان ئادەم قانداق قىلىپ 400 مېتىرلىك ئېگىز بىناغا قۇرۇق قول يامىشىپ چىقالىدىكىنە؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوبسون ھاننى ئۆزى بىۋاسىتە زىيارەت قىلماقچى بولىدۇ.

جونسون دوبسون ھاننىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئۆيىگە كېلىدۇ. ئۇ كەلگەندە بۇ يەردە بىر تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، ئون نەچچە مۇخبىر بىر مومايىنى

ئورنۇۋېلىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىۋاتاتتى.

ئەسلىدە دوبسون ھانىنىڭ 94 ياشقا كىرگەن ئۇلۇغ مومىسى دوبسون ھانىنىڭ رېكورت ياراتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرتىدىن بۇ يەرگە پىيادە كەلگەنىكەن. ئۇلۇغ مومىسىنىڭ بۇ ئىشى دوبسون ھان ياراتقان رېكورتقا تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى.

مومايىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن مومايىنىڭ يۈز كىلومېتىرغا پىيادە مېڭىشى بويىچە دۇنيا رېكورتىنى يارىتىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز. موماي مۇخبىرنىڭ:

— پىيادە يولغا چىققانلىرىدا ياشىنىپ قالغانلىقلىرى سەۋەبلىك نىيەتلىرىدىن يېنىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىغان سوئالىغا ناھايىتىمۇ روھلۇق ھالدا:

— يىگىت، بىراقلا يۈز كىلومېتىرغا يۈگۈرۈشكە غەيرەت بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن بىر قەدەم يول مېڭىشقا غەيرەت بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. سەن بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ماڭساڭ ۋە بۇ بىر قەدەمىڭنى توختىماي داۋاملاشتۇرۇۋەرسەڭ، يۈز كىلومېتىر يول تۈگەپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئېگىزلىكتىن قورقۇش كېسىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىرلەشمە يىغىنىنىڭ رەئىسى جونسون بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، دوبسون ھانىنىڭ ئىمپېرىيە بىناسىغا يامىشىپ چىققانلىقىنىڭ سىرىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يېتىدۇ: ئەسلىدە ئۇ يۇقىرىغا يامىشىشتا بىر قەدەملىك غەيرەتتىن پايدىلانغانىكەن.

**مۇلاھىزە:**

قىينچىلىقتىن قورقۇپ ئارقىڭىزغا چېكىنمەڭ. بىر قەدەم بىر قەدەمدىن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، بىر قەدەم بىر قەدەمدىن چىڭ تۇرىدىغان غەيرەت بولسىلا تاغ ھەرقانچە ئېگىز، يول ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ ھامىنى سىز تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەت ئۆردەك چۆجىسىدىن ئاققۇغىچە

تۇغما تالانتنىڭ ئۆزى ئادەمنى تىرىشىشقا ئۈندەيدىغان كۈچ.

ـــ دىۋىگت

نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئوتتو ۋىللاچ ئىلگىرى نەتىجە قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان «كالۋا ئوقۇغۇچى» ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە بېرىدۇ. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئەدەبىياتتا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ باھالاش قەغىزىگە: ـــ ۋىللاچ ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، لېكىن سەل قاتمالراق. بۇنداق ئادەمنىڭ ئەخلاقى ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن يەنىلا ئەدەبىياتتا ئۇزۇپ چىقالمايدۇ، ـــ دەپ يازىدۇ.

ئامالسىز قالغان ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ماي بوياق رەسىمى سىزىشنى ئۆگىنىشكە بېرىدۇ. لېكىن ۋىللاچ رەسىمنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە سىلىقلىقىغا ماھىر، سەنئەتنى چۈشىنىش ئىقتىدارى سەزگۈر بولمىغانلىقتىن نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ھەممىنىڭ ئارقىدا قالىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا ئادەمنى يەرگە قارىتاتتى: ـــ تولىمۇ ئەپسۇس، سىزنىڭ رەسىم سىزىش سەنئىتى جەھەتتىكى ساپايىڭىز ئادەمنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، بەلكىم كەلگۈسىدە بۇ جەھەتتە ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

مانا مۇشۇنداق «دۆت» ئوقۇغۇچىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ، ـــ دەپ قارايدۇ. پەقەت خىمىيە ئوقۇتقۇچىسىلا ئۇنى ئەستايىدىل، سەۋرچان، خىمىيە تەجرىبىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەيدىغان خاراكتېرگە ئىگە، ـــ دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا خىمىيە ئۆگىنىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. ۋىللاچ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ خىمىيە ئۆگىنىدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى جانلىنىپ، ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئۇچقى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدىكى «سەت ئۆردەك چۈجىسى» ئاخىرى بۈگۈنكى «چىرايلىق ئاققۇ»غا ئايلىنىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ جىسمىدا ئوتتۇ ۋىللاچقا ئوخشاش بىر خىل ئالاھىدە ئىقتىدار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. پەقەت ئۆزىمىزنىڭ جىسمىدىكى كۆمۈلۈپ ياتقان ئاشۇ «خەزىنە»نى توغرا تېپىپ، تىرىشىپ قېزىپ ۋە دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسەكلا ھەممە تەرىپلەيدىغان نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ، قەلب گۈلزارلىقىڭىزنى خۇش پۇراق گۈلگە پۈركەڭ

داڭلىق مۇتەپەككۇر ئېمېرسون مۇنداق دېگەن: دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئەمەس، ئادەملەر ئارا ئالاقە بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئاغرىنماڭ، جاھاندا ئادىمىگەرچىلىكنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن رەنجىپمۇ يۈرمەڭ، قەلبىڭىزگە سېلىنغان شۇ قۇلۇپنى ئېچىپ، ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇڭ. شۇندىلا ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى يېگانىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىللىق مۇھەببەتنى ھېس قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككى تال شام

ئالاقە — ھاردى ـ كەلدىنى تەكرارلاپ تۇرىدىغان ئويۇندىن ئىبارەت، خالاس.

— ئېمېرسون

توم ئىنژېنېر بولۇپ، تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. گەرچە يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كەسپتە تېخى بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم بىكاردىن بىكارغىلا ئاچچىقلىناتتى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. بىر كۈنى ئۇ خوتۇنىغا:

— بۇ شەھەر مېنى بەك نائۇمىدتە قويدى، بۇ يەردىن كېتىپ، باشقا يەردە ياشاپ باقايمىكىن، — دېدى. دوستلىرى ئۇنى ھەرقانچە توسسىمۇ ئۇنىڭ قارارىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ خوتۇنى بىلەن باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ باردى. ئۇلار كۆچۈپ كىرگەن يېڭى ئۆي ئادەتتىكى ياتاق بىناسى ئىدى. تومنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە كەچتە كېلەتتى، شۇڭا قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەنمۇ ئانچە كارى بولمىدى.

شەنبە كۈنى كەچتە ئۇ خوتۇنى بىلەن ئۆيىنى تازىلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز توك كېتىپ قېلىپ، ئۆي گۆردەك قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. توم ئىشتىن چۈشكەندە شام ئېلىۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، دېۋاندا ئولتۇرۇۋېلىپ غودۇڭشىغىلى تۇردى.

تۇيۇقسىز چېكىلگەن ئىشىك قاراڭغۇلۇقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

— كىمۇ؟ تومنىڭ بۇ شەھەردە تونۇش ـ بىلىشى يوق ئىدى، شەنبە كەچلىكى باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىنىمۇ خالاپ كەتمەيتتى. شۇڭا خالاپ ـ خالىماي ئورنىدىن تۇرۇپ قاراڭغۇدا سىيلاشتۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەۋرسىزلىك بىلەن ئىشىكنى ئاچتى.

371

ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر قىزچاق تۇراتتى. قىزچاق قورۇنۇپ تومغا: — ئەپەندى، مەن سىزنىڭ قوشنىڭىز، ئۆيىڭىزدە شام بارمىدۇ؟ — دەپ سورىدى. توم:

— يوق! دېدى - دە ئىشىكنى غەزەپ بىلەن«گوم» مىدە يېپىۋەتتى.

— تازىمۇ بىر، — دېدى توم خوتۇنىغا غوتۇلداپ، — نېمە ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ، بىز يېڭىلا كۆچۈپ كەلگەن تۇرساق، نەرسە سوراپ كىرگىنى نېمىسى، بۇ قانداق بولغىنى؟

توم ئاچچىقىدا تازا غوتۇلداۋاتقىنىدا ئىشىك يەنە چېكىلدى.

ئۇ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا بايىقى قىزچاق ئىككى تال شامنى كۆتۈرگىنىچە قاراپ تۇراتتى. قىپقىزىل شام خۇددى قىزچاقنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئوخشاش كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

— موماممۇ يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەپتۇ، بەلكىم ئۆيىدە شام يوق بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ شامنى ئەكىرىپ بەر دېگەنتى، — دېدى قىزچاق.

توم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشتىن ھاڭ - تاڭ قالغانىدى. ئۇ تەستە ئېسىگە كېلىپ: — سىزگە ۋە مومىڭىزغا رەھمەت، تەڭرىم سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دېدى.

شۇ دەقىقىدىن باشلاپ توم بىردىنلا نۇرغۇن نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانلىقى ۋە رەھىمسىزلىكىدىن بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئۆينىڭ ئىچى يورىدى، ئۇنىڭ قەلبىمۇ يورىدى.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئاغرىنماڭ، جاھاندا ئادىمگەرچىلىكنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن رەنجىپمۇ يۈرمەڭ، قەلبىڭىزگە سېلىنغان شۇ قۇلۇپنى ئېچىپ، ئاكتىپ ئالاقىدە بولۇڭ. شۇندىلا ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى يېگانىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىللىق مۇھەببەتنى ھېس قىلالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئېچىۋېتىلگەن گۈللۈك ھەممىدىن چىرايلىق

دۇنيادىن ئايرىلىپ ياشاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئادەملەر ئارا ئالاقە بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئېمېرسون

مىچىر داڭلىق باي. ئۇنىڭ چىرايلىق ياۋرۇپا نۇسخىسىدىكى ئۆيى، چوڭ گۈللۈكى بار. لېكىن ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مۇنداق بىر قىيىنچىلىقمۇ بار: شۇنداق كۆپ مال ـ مۈلكى بولغاندىن كېيىن، بەلكىم نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ پېيىدا يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇڭلاشقا مىچىر خىزمەتكارغا دەپ ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېگىز تام قوپۇرغۇزدى.



باھارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ، گۈللۈكتىكى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، پۇرىقى تامدىن ھالقىپ پۈتۈن بازاردىكى خەلقنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. بۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان بىرقانچە بالا:

— ھويلىغا چوقۇم ھەر خىل غەلىتە گۈل ـ گىياھلار تىكىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاڭلىساق يوغان كۆزى بار گۈل باللارنى كۆرسە ناخشا ئېيتىدىكەن، — دېيىشىپ، بىر ئامال قىلىپ گۈللۈككە كىرىپ كۆرۈپ بېقىشنىڭ پىلانىنى سوقۇشتى.

قاش قارايغان مەزگىلدە بىرنەچچە بالا بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ھويلىغا چۈشتى. ئۇلار سىرلىق گۈلنى ئىزدىشىپ ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، خېلى كۆپ گۈل ۋە يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنى نابۇت قىلىۋېتىشتى. بۇلارنى ئۆي خىزمەتچىسى كۆرۈپ قېلىپ قوغلىۋەتتى.

بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان مىچىر بۇ ئىشنى دوستىغا سۆزلەپ بەردى.

— نېمىشقا تامنى بۇزۇۋەتمەيسەن؟

— تامنى بۇزۇۋەتسەم نۇرغۇن مال - مۈلكۈمدىن ئايرىلىپ قالىمەن.

— قورو تېمىڭ نېمىگە دالدى بولاتتى؟ ئاشۇ بىرنەچچە بالىنى تۇسالمىغان يەردە، پىشقان ئوغرى - قاراقچىنى توسالارما؟

مىچىر دوستىنىڭ پىكرى بويىچە قورو تامنى تولۇق ئېلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئالدى بىلەن گۈللۈككە كىرىپ، نەزىرىدىكى سىرلىق گۈلنى ئىزدەشتى. گۈللۈكتە نەدىمۇ ئۇنداق غەلىتە گۈل - گىياھ بولسۇن؟ مىچىرنىڭ دوستى بالىلار- نى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ تازا مېھمان قىلغاندىن كېيىن بالىلارغا:

— سىلەر گۈللۈككە نەزىرىڭلاردىكى سىرلىق گۈللەرنى تىكىڭلار، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بالىلار خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى ۋە گۈللۈككە قاراپ چېپىش- تى.

مىچىر قورو تامنى ئېلىۋەتكەچكە بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ گۈللەرنى تاماشا قىلىشتى. مىچىرمۇ بۇنىڭلىق بىلەن بازاردىكى خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشتى.



بىركۈنى بىر توپ ئوغرى مىچىرنىڭ بارلىق بېساتىنى پاك - پاكىز قۇرۇقدى- ۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا چۈشىدۇ. ئوغرىلار ئەمدىلا گۈللۈككە كىرىشىگە ئۇ يەردە سىرلىق گۈلنى بېقىپ ئولتۇرغان بالىلار كۆرۈپ قالىدۇ. جىك يۈگۈرگىنىچە بېرىپ مىچىرگە خەۋەر قىلىدۇ، جېنىسېن بازارغا بېرىپ چوڭلارنى باشلاپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوغرىلار ئىشتىن خەۋەر تېپىپ كەلگەن مىچىر ۋە بازاردىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

تەبرىكلەش زىياپىتىدە مىچىر كۆپچىلىككە: — سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، سىلەر ماڭا — ئېچىۋېتىلگەن گۈللۈكلا ھەممىدىن بەختەر، ھەممىدىن گۈزەل بولى- دىغانلىقىدەك ئۇلۇغ بىر ھەقىقەتنى بىلدۈردۈڭلار، دەيدۇ. مىچىرنىڭ بۇ سۆزى كۆپ- چىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

تۇرمۇشتا بەزىلەر ئۆزىنى باشقىلار بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ، ئىلكىدىكى ئە-سلەردىن باشقىلار بىلەن ئورتاق بەھىر ئېلىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەخمىقانىلىق ئەمەلىيەتتە، قەلبىڭىز قورشاۋىنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشقىلار بىلەن تەڭ بەھىرلەنسىڭىز، باشقى-لارغا يارقىن كەڭلىك ئاتا قىلغان بولىسىز، باشقىلارمۇ سىزنى ھەم چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدۇ.





# «خەيرلىك سەھەر» دېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان مىسسىيونېر

ئاز ساندىكى ئادەمگە ئىشىنىڭ، ھېچقانداق ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلماڭ، ھەممىلا ئادەمگە مۇھەببەت ئاتا قىلىڭ.

— شېكسپىر

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا گېرمانىيەنىڭ مەلۇم بىر كىچىك بازىرىدا بىر يەھۇدى مىسسىيونېر ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەل ۋاقتىدا خىلۋەت بىر كوچىغا كېلىپ ئايلىنىدىكەن. ئۇ مەيلى كىمگىلا يولۇقمىسۇن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ «خەيرلىك سەھەر» دەيدىكەن.

بۇ بازاردا بېتى دەيدىغان بىر يىگىت بولۇپ، مىسسىيونېرنىڭ سالىمىغا ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىكەن، ھەتتا سالىمىنى ئىلىكمۇ ئالمايدىكەن. مىسسىيونېر بېتېنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىقى ئاززاقمۇ سۇسلاپ قالماپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەندە يىگىتتىن ئوخشاشلا ئەھۋال سوراپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ، گېرمانىيەناتسىستلار پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپتۇ. مىسسىيونېر بىلەن بازاردىكى يەھۇدىلارنىڭ ھەممىسى ناتسىستلار پارتىيەسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا لاگېرىغا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپ رەتكە تىزىلىۋاتقاندا قولىغا باشقۇرۇش كالتىكى ئېلىۋالغان بىر ئوفىتسېر سەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، باشقۇرۇش كالتىكىنى پۇلاڭلىتىپ ئادەملەرنى «ئوڭغا»، «سولغا» دەپ ئايرىشقا باشلاپتۇ. سول تەرەپكە ئۆتكەنلەر ئۆلتۈرۈلىدىكەن، ئوڭ تەرەپكە ئۆتكەنلەرنىڭ ھايات قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن. نۆۋەت مىسسىيونېرغا كەلگەندە، ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ ۋە كۆزى ئوفىتسېرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

مىسسىيونېرنىڭ ئاغزىدىن ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا:

— خەيرلىك سەھەر، بېتي ئەپەندى، — دېگەن سۆز چىقىپ كېتىپتۇ.

بېتي چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي «خەيرلىك سەھەر» دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ. بېتي باشقۇرۇش كالتىكىنى كەسكىنلىك بىلەن ئوڭ تەرەپكە شىلتىپتۇ.

مىسسىيونېر ھايات قاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

بەزىدە بىر ئېغىز يېقىملىق ئەھۋال سوراشمۇ سوغۇق قەلبنى ئويغىتىدۇ. بىزنىڭ كۆندىلىك ئالاقىمىزدىمۇ شۇنداق. ئەگەر بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئىللىق چىراي ۋە چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلساق باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلەيمىز.





# كەڭ قورساقلىق قەلبنى قەلبگە تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك

كىتاب ئوقۇش ئادەمنى پاراسەتلىك قىلىدۇ، كەڭ قورساقلىق ئادەمنىڭ دوستىنى كۆپەيتىدۇ.

—— رومىن روللاند

ۋاڭ چياڭ شىرىكچىلىك كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، كەسپتە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى خادىم ئىدى. لېكىن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھېسسىياتى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولغاچقا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا شىركەتتە ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ ھېچ ئۆسەلمەيۋاتاتتى.

ۋاڭ چياڭنىڭ يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر ئايال قوشنىسى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۆيگە كىرىپ - چىقىشتا ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ يۈردى، يەنە تېخى ئۆيىدە ئاۋازىنىڭ بارىچە تىۋىلاپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ چياڭنىڭ ئۇيقۇسى ھارام بولدى. ئامال يوق، ئوغىسى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ۋاڭ چياڭ ئايال قوشنىسىغا:

— بوشراق ئاۋاز چىقارسىڭىز، مەنمۇ بىر خاتىرجەم ئارامىمنى ئالسام بولارمۇ؟

— دەپ تەگكىدەك ۋارقىرىدى.

ئايال قوشنىسى كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە بوش كەلمىدى:

— كىمگە دەۋاتىسىز؟ ئۆزىڭىزنى كىم چاغلاپ قالدىڭىز؟ سىز زۇڭتۇڭما؟ — ئۇ گېپىنى دەۋېلىپلا ۋاڭ چياڭغا نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويماي يولىغا راۋان بولدى.

ۋاڭ چياڭ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ: — ئۆزۈمنى ساڭا بىر تونۇتۇپ قويمىسام، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئىككىنچى كۈنى ۋاڭ چياڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئايال قوشنىسىمۇ ئۆيدە ئىدى. ۋاڭ چياڭ قەستەنگە ئىشىكنى قاتتىق ئېچىپ ياپتى ۋە بىر پەنجىنى تولاپمۇ قويدى، قېنى ئۇمۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىسۇنمۇ!

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈنگىچە ئايال قوشنىسىنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى، ۋاڭ چياڭ بۇنىڭغا چىدىمايلا قالدى.

— بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق بولىدۇ؟ قانداق قىلسام بولار؟ ئاخىرى ۋاڭ چياڭ ياخشى ئامالدىن بىرنى تاپتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بىركۈنى ئەتىگەندە ئايال قوشنىسى ئىشىكىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان بىر پارچە كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى، ئۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ھۆرمەتلىك ئايال قوشنام:

ھېلىقى كۈنى سىزگە قاتتىق ۋارقىراپ سالغىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ خىجىلچىلىق ھېس قىلىۋاتىمەن، بۇ مېنىڭ ئىستىلىمگە ماس كەلمەيدۇ. شۇ كۈنى ماڭا كەلگەن خەتلەردىن بىر شۇم خەۋەردىن خەۋەردار بولغانىدىم...، سىزنىڭ مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەر قوشنىڭىز

ئەتىسى ئەتىگىنى ۋاڭ چياڭ ئۆيىدىن چىقىپلا يەردە تۇرغان كونۋېرتقا كۆزى چۈشتى.ئۇ ئالدىراپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەر قوشنام:

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئىنتايىن پاراكەندە. چۈنكى خىزمەتتە ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇم. يازغان خېتىڭىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، مەن چوقۇم سىزنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىڭىز بولۇپ قالىمەن.

ئايال قوشنىڭىز

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار ئۇچرىشىپ قالغىنىدا بىر ـ بىرىگە كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىشىدىغان بولدى.

ھېكايىمىزنىڭ داۋامى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ: ھېلىقى ئايال كېيىن بىر چوڭ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى بولىدۇ، بىر مەزگىل ئالاقە قىلىش ۋە

تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ ۋاڭ چياڭنى شىركەتنىڭ مەلۇم بىر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

ۋاڭ چياڭمۇ خەقنى رەنجىتىپ قويىدىغان خۇيىنى ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشقا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە پىشىپ يېتىلىپ، ئادەتتىكى خادىمدىن يۇقىرى قاتلامدىكى باشقۇرغۇچى خادىم بولۇپ ئۆسىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىر ـ بىرىنىڭ دەردىگە يېتىشكە دىققەت قىلىش لازىم. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئازراقلا كەڭ قورساق بولۇپ، سەممىيلىك بىلەن باشقىلارنىڭ غېمىنى يېسىڭىزلا، باشقىلارمۇ سىزگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىل خانىمنىڭ تەجرىبىسى

ھەرقانداق ئادەم باشقىلار ئۆزىگە باھا بەرگەندە باھادا خاتالىق بارلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ؛ لېكىن ئۆزى باشقىلارغا باھا بەرگەندىمۇ پەرق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

— ماۋروئىس

مىل خانىم ئۆزىنىڭ ياش تۇرۇپلا كىتاب چىقارغان يازغۇچى بولغىنىغا قارىماي، ئۆزىنى يورۇش - تۇرۇشتا پەمسىز دەپ قاراپ، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرەتتى. ئۇ سېمىز بولغاچقا، ئۆزىگە پەقەتلا كىيىم ياراشمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا بىرەر زىياپەتكە بېرىپ قالغۇدەك بولسا ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇشكە نەچچە سائەت سەرپ قىلاتتى. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي زىياپەت زالىغا كىرىش بىلەنلا ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك، باشقىلار ئۇنى باھالاۋاتقاندەك، ئۇنى مازاق قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.



بىركۈنى كەچتە مىل خانىم دەككە - دۈككە ئىچىدە ئانچە بەك ئاربىلىشىپ كەتمەيدىغان بىرسىنىڭ زىياپىتىگە باردۇ. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا ياش بىر ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ.

— سىزمۇ مۇشۇ زىياپەتكە كەلگەنمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ھېلىقى ئايال چىرايىنى بىر خىل قىلىپ، مەن بۇ يەردە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىلى خېلى بولدى، جۈرئەت قىلىپ كىرەي دەيمەنۇ، لېكىن قورقۇپ كىرەلمەيۋاتىمەن، مەن دائىم مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن.

— نېمىشقا؟ مىل خانىم چىراغ يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان پەلەمپەيدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ چىرايلىق ئىدى، ئۆزىدىن خېلىلا چىرايلىق ئىدى. — مەنمۇ قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى مىل خانىم ئۇدۇللا. ئىككىيلەن تەڭلا

كۆلۈشۈپ كەتتى، جىددىيلىك پەسەيگەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئادەم كۆپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مىل خانىم ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى.

— بىر قانداق بولمىغانسىز؟ مىل خانىم ھېلىقى ئايالدىن سورىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىدىن ئەمەس، باشقىلاردىن ئەنسىرىشى ئىدى. بۇنىڭ ئۆزگىمۇ ياردىمى بولۇۋاتاتتى. ئۇلار باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى، مىل خانىم بارغانسېرى ئۆزىنى مۇشۇ ئادەملەر توپىنىڭ بىر ئەزاسى، مۇناسىۋەتسىز ئادەم ئەمەس، — دەپ ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇلار پەلتولىرىنى كىيىشىپ سورۇندىن يېنىشىدا ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھېسسىياتى ئۈستىدە پاراڭلاشتى.

— ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟

— بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى، مىل خانىم.

— مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا. چۈنكى بىز يالغۇز ئەمەس.

مىل خانىم ئويلاپ قالدى: — بۇ گەپنىڭ خېلى جېنى بار! بۇرۇن ئۆزۈمنى بەكلا يالغۇز ھېس قىلاتتىم، دۇنيادىكى مەندىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىدۇ، — دەپ ئويلايتتىم. مانا بۈگۈن ئۆزۈمگە ئوخشاشلا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مۇشۇ كەمگىچە خەتەرلىك تۇيغۇم سەۋەبىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلاپ باقماپتىمەن. بۈگۈن شۇنداق بىر ئىلھامغا كەلدىمكى، كۆرۈنۈشتە روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئېچىلىپ — يېيىلىپ يۈرگەندەك قىلغان ئاشۇ ئادەملەرمۇ ئەمەلىيەتتە دەككە — دۈككە ئىچىدە يۈرەمدىغاندۇ؟

مىل خانىم بىردىنلا يەرلىك گېزىتنىڭ پوزىتسىيەسى ناچار بىر تەھرىرىنى ئەسلەپ قالدى: ئۇ تەھرىر مىل خانىمغا قىزغىنمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس بىر خىل كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلاتتى، سورىغان سوئالغا خۇددى گەپ تۇگەپ كېتىدىغاندەك قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. مىل خانىم ئىككىمىزنىڭ ئويلىغانلىرى مەڭگۈ بىر يەردىن چىقمايدۇ، چۈنكى ئۇ مېنى ياراتمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. مانا ھازىر ئۇ تۇرۇپلا ئۇمۇ مېنى ئۆزىنى ياراتماسلىقىمدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى.

ئەتىسى مىل خانىم گېزىتخانىغا بېرىپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن ھېلىقى تەھرىرگە: — تىنچلىقىمۇ ئاندورسېن ئەپەندى، سىز بىلەن سالامەت كۆرۈشكىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى.

مىل خانىم بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ بېشىنى كۆتۈردى. بۇرۇن ئۇ ئارگىناللارنى ئۇنىڭ شىرەسىنىڭ ئۈستىگە قويغاچ پەس ئاۋازدا: — بىلىمەن، سىز بۇ ئارگىناللارنى ياراتمايسىز، دەيتتى. بۇ قېتىم بولسا: — بۇ ئارگىنالنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، خىزمىتىڭىز بەكلا جاپالىقكەن، — دېدى.

— ھەقىقەتەن جاپالىق، — دېدى ھېلىقى تەھرىرمۇ ئۆھسىنغان ھالدا. مىل خانىم ئىشخانىدىن بۇرۇنقىدەك ئالدىراپ چىقىپ كەتمەي، ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشتى. مىل خانىم ئۇ ئادەمنىڭ ھەيۋىسى بار ئالاھىدە تەھرىر بولماستىن، بەلكى ئايپاڭباش، چىراي تۈرقى ئادەتتىكىچە، بېشى يوغان، يەلكىسى تار ئەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۈستىلىگە خوتۇن - بالىلىرىنىڭ رەسىمى قويۇلغانىدى. مىل خانىم ئۇنىڭدىن خوتۇن - بالىلىرىنى سورىدى، تەھرىرنىڭ سۇرلۇك ۋە دەردكە تولغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ئاغزى كالچىيىپ كەتتى. شۇندىلا مىل خانىم ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەركىن - ئازادە كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.



**مۇلاھىزە:**

ئادەم باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ياشىشى، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشى سەۋەبلىك تۇرمۇشىدا قايغۇ ۋە بېسىم پەيدا قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، باشقىلار مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ ( كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىمىز ئاشۇنداق ئويغا كېلىپ قالىمىز)، — دەپ ئويلاپ، سەزگۈرلىكىڭىز زىيادە ئېشىپ كەتسە ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىنى بەك چوڭ بىلىپ كەتسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالاقە ئىشلىرىدا زۆرۈر بولمىغان نۇرغۇن پسىخىك بېسىم پەيدا قىلىۋالىسىز.

# ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئاندىن باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيسىز

ئۆزىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيدىغان ئادەم باشقىلارنى مەڭگۈ ھۇزۇرلاندۇرالمايدۇ.

— ۋاڭ گوجېن

ئېلىزا دەيدىغان چىرايلىق بىر قىز دائىم: مېنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلاپ، توي قىلالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن ۋە ھەرگىزمۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمەيمەن، دەپ ئويلايدىكەن. ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ باشقا بويىغا يەتكەن قىزلارغا ئوخشاش كېلىشكەن يىگىت بىلەن توي قىلىپ، قېرىغىچە بىرگە ئۆتۈش ئىكەن. ئېلىزا باشقا قىزلار بۇنداق بەختكە ئېرىشەلەيدۇ، ماڭا بۇنداق بەخت مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ، دەپ قارايدىكەن.

مەلۇم بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قەلبى ئازابقا تولغان بۇ قىز بىر پسىخولوگنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. چۈنكى بۇ پسىخولوگ ھەر قانداق ئادەمنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالايدىكەن. ئېلىزا پسىخولوگنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پسىخولوگ ئېلىزانىڭ قولىنىڭ بەكلا سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلىپ يۈرىكى تىترەپ كېتىپتۇ. پسىخولوگ چىرايىدىن مەيۈسلىك چىقىپ تۇرغان قىزغا سەپسېلىپ قاراپتۇ: ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇردىنىڭ كۆزىدەك نۇرسىز، ئاۋازىمۇ خۇددى يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك جانسىز بولۇپ، خۇددى پۈتۈن بەدىنى پسىخولوگقا «مەندە ھېچقانداق ئۈمىد قالمىدى، مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز قىز» دەپ يىغلاۋەتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

پىسخولوگ ئېلىزانى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئازراق مۇڭداشقاندىن كېيىن كۆڭلىدە سان پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ئېلىزاغا:

— ئېلىزا، بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار، لېكىن چوقۇم دېگىنىمدەك قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ. ئۇ ئېلىزاغا بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋېلىشنى ئاندىن چېچىنى ياسىتىپ، چىرايلىق ياسىنىپ دۈشەنبە كۈنى ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولتۇرۇشقا قاتنىششنى ئېيتىپتۇ.

ئېلىزا يەنىلا ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ پىسخولوگقا:

— ئولتۇرۇشقا قاتناشقان تەقدىردىمۇ يەنىلا خۇشال بولالمايمەن، ماڭا ھېچكىمنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ، مەن نېمىمۇ قىلارمەن؟ — دەپتۇ. پىسخولوگ:

— قىلىدىغان ئىشىڭىز ناھايىتى ئاددىي. ماڭا ياردەملىشىپ مېھمانلىرىمنى كۈتىسىز، ماڭا ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىسىز ۋە ئۇلاردىن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورايسىز، — دەپتۇ.

دۈشەنبە كۈنى ئېلىزا چىرايلىق كىيىنىپ ئولتۇرۇشقا كەپتۇ ۋە پىسخولوگنىڭ دېگىنى بويىچە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپتۇ. ئۇ بىردە مېھمانلاردىن ئەھۋال سورىسا، بىردە مېھمانلارغا ئىچىملىك ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيياندىن ـ بۇيانغا چېپىپ يۈرۈپ باشتىن ـ ئاخىر باشقىلارغا ياردەم قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى نۇرلۇق، كۈلكىسى يېقىملىق بولغاچقا ئولتۇرۇشتىكى يارقىن نۇقتىغا ئايلىنىپتۇ. ئولتۇرۇش تۈگىگەندىلا ئۈچ يىگىت تەڭلا ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۈچ يىگىت ئېلىزانى قوغلىشىپتۇ. ئېلىزا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تالالاپ، ئۇنىڭ توي ئۈزۈكىنى قوبۇل قىلىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمىدا كىشىلەر پىسخولوگقا:

— سىز بىر مۆجىزە ياراتتىڭىز، — دەپتۇ. — ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ پىسخولوگ، — ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مۆجىزە ياراتتى. ئادەم ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆزى ئۈچۈن غەم يەپ، ئۆزىنى ئاياپلا يۈرسە بولمايدۇ، چوقۇم باشقىلارنىمۇ ئويلاپ

قويۇشى، باشقىلارنىڭ دەردىگە يېتىشى لازىم. ئېلىزا مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە ئۇ ئۆزگەردى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇنداق مۆجىزىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇلارنى ئويلاپ يېتەلىسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتەلەيسىز.

**مۇلاھىزە:**

ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزى قوبۇل قىلالىغاندا ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر سىزمۇ ئېلىزاغا ئوخشاش ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىپ، دىققىتىڭىزنى باشقىلارغا يۆتكىسىڭىز، ئۇزۇنغا قالمايلا ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئايلىنىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

# سارچى بىلەن نامسىز گۈل

بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا بەك چۈشىنىپ كېتىشمۇ، ئانچە چۈشەنمەسلىكمۇ ئوتتۇردىكى ھېسسىياتقا ئوخشاشلا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ــ لېۋ تولستوي

سارچى ئۆزىگە يېقىنلا يەردە ئۆسكەن بىر نامسىز گۈل بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا سارچى بىلەن نامسىز گۈل سۆبھەدە ئۆزئارا ئەھۋال سورىشىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزۈرىشىغا ئەگىشىپ، ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى دەپ بىلىدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئارىلىقىمىز يىراق بولۇپ قاپتۇ، كۈندە ۋارقىراپ مۇڭداشساق بەك بىئەپ بولىدىكەن، دەپ ئويلاپ، بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار ئارىلىقىمىز قانچە يېقىن بولسا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا شۇنچە پايدىسى بار، ھېسسىياتىمىزمۇ شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سارچى ھە دەپ يوپۇرمىقىنى باراقسانلاندۇرۇپ، بولۇشىغا كېڭىيىپ، خۇددى يوغان ئېچىلغان كۈنلۈككە ئوخشاپ قاپتۇ. نامسىز گۈلمۇ غول يوپۇرماقلىرىنى ئامال بار سارچى تەرەپكە قىيسايتىپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن سارچىنىڭ يوپۇرماقلىرى يوغان ئېچىلغان كۈنلۈكتەك كېڭەيگەچكە نامسىز گۈلگە چۈشىدىغان كۈن نۇرى بىلەن شەبنەمنىمۇ توسۇۋاپتۇ. كۈن نۇرى بىلەن شەبنەمدىن مەھرۇم قالغان نامسىز گۈل كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىپ قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، سارچى بىلەن مۇڭداشمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئەكسىچە سارچىنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس ئىكەن، ماڭا قەستەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆڭلىدە سارچىغا ئۆچمەنلىكى

قوزغىلىپتۇ.

سارچىنىڭ يوپۇرماقلىرى زىيادە باراقسانلاپ كەتكەچكە بىر قېتىملىق بوران ـ چاپقۇندا شاخلىرى سۇنۇپ، يالىڭاچلىنىپلا قاپتۇ. ئۇ تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن بەدىنىگە قاراپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ نامسىز گۈلنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا شاخلىرىمنى بۇنچىۋالا باغجالاتمىغان بولاتتىم، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

مەلۇم ئارىلىق ساقلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت. ھەرقانچە يېقىن ئۆتىدىغان دوستلارنىڭمۇ كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىشىنىڭ ياخشى ئىش بولۇشى ناتايىن. دوستلار بىلەن ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، كۆڭۈل يېقىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئازراق ئارىلىق ساقلاشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ئازراق ئارىلىق ساقلىغاندىلا ئاندىن ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# باشقىلارنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ

باشقىلارغا گەپ قىلغىنىڭىزدا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭ، باشقىلار سىزگە گەپ قىلغاندا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراڭ.

— فرانكلىن

ئاننى كېنتاككى زەنجىرسىمان دۇكىنىنىڭ كاسسىرى بولۇپ، ھەر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى غېرىپلىق بېسىۋالاتتى: ئۇ كەچلىك تاماقنى ئۆزى يالغۇز يەيتتى، ئاندىن رومان ئوقۇش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى.

نيۇيورك دېگەندەك بۇنداق چوڭ شەھەردە نەچچە مىليون ئادەم بولۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەنلەر ئىچىدە خۇشال كېتىۋاتقانلارمۇ، ئاغزى ئېچىلىپ ھەيران قېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىغا دىققەت قىلمايتتى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىشلىك ئىش بولامدۇ؟ ئاننى مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا خۇددى ئۇرۇكۈپ كەتكەن توشقاندەك تۈگۈلۈپ يوتقانغا كىرىپلا كېتەتتى.

كۈنىنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋاتقىنىغا بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. قانداق قىلغاندا بىرەرسى بىلەن دوست بولغىلى، تۇغرىسىنى ئېيتقاندا سىرداش دوست بولۇپ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئالىي مەكتەپتە جاپا تارتىپ تۆت يىل ئوقۇپ كۆرىدىغىنىم مۇشۇ كۈنمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

لېكىن بۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەر خىل مۇھەببەت رومانلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيتتى، كىتابتىكى ئايال پېرسوناژلار بىلەن تەڭ كۈلۈپ تەڭ يىغلايتتى، شۇنداق قىلىپ ۋاقىتمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆتۈپ كېتەتتى.لېكىن كېچە كىرىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ۋاقتى ئەڭ ئازابلىق ۋاقىت ئىدى. ئۇ ھەرقانداق بىر نورمال ئادەمنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق بىر تەلەپنىڭ

بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

بىر كۈنى ئاننى شىركەت كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لىندا خانىم بىلەن كۆرۈشۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن چاقىرتىلغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قانداق دېيىشنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ گەپكە نائۇستا بولۇپ، ئىلگىرى مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۈچ كەلگىنىدىمۇ تەمتىرەپ گەپ قىلالمىغانىدى.

كادىرلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لىندا خانىم ئادەمنىڭ دەردىگە يېتىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئاننىغا: سىزلا خالىسىڭىز سىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىمەن، سىز بىلەن دوستمۇ بولىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ھېلىقىدەك مۇھەببەت رومانلىرىنى ئوقۇماڭ، كەچلىك ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ سەنئەت مەكتىپىگە بېرىپ بەزى دەرسلەرنى تاللاپ ئۆگىنىڭ، ھېلىقىدەك يالغان ـ ياۋىداق رومان ئوقۇپ ئۆزىڭىزنى ئالداپ يۈرمەڭ. يەنە بار، سىزنىڭ يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىڭىز زور، تىرىشىپ ئىشلەڭ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئېلان بۆلۈمىنىڭ ئىجرائىيە گۇرۇپپىسىغا ئۆسۈپ قالارسىز، شۇنداق بولغانىكەن رەسىم سىزىش ۋە رەڭ ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارەتنى كۆپرەك ئىگىلىمىسىڭىز بولمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى كىچىنى ئۆزىڭىزنى ئۆيگە سولاپ بۇنداق بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزسىڭىز بولمايدۇ، ــ دەيدۇ.

ئاننى دىرېكتورنىڭ: ــ ياشلار پائالىيەتكە قاتنىشىشنى خالىسىلا ئۆزىگە ئاسانلا دوست تاپالايدۇ. ئالاھىدىلىكىڭىزنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىسىڭىز ناھايىتى تېتىك قىزلاردىن بولۇپ قالىسىز، ئۇ چاغدا سىزنى قوغلىشىدىغانلارمۇ كۆپىيىدۇ. ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىمەن دېسىڭىز ئويلىغانلىرىڭىزنى سىناپ كۆرۈڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا، نېمە دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ، ئۆزىڭىزنى ھەمراھلىقى بار ئادەم قىلىپ چىقىڭ؛ باشقىلارنىڭ جۈيلۈشلىرىگە يېنىكلىك بىلەن ئىشەنمەڭ؛ سىز باشقىلارغا ھېچقانداق نەپ يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا بىركىم بىكاردىن بىكارغىلا سىزگە ياخشىلىق قىلمايدۇ، دېگەنلىرىنى ئەسلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاننىنىڭ تۇرمۇشى رەڭدارلىشىپ، قىيىنچىلىقلارنى

بويسۇندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆپرەك ئاڭلاش ئارقىلىقلا نۇرغۇن دوستقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ بۇنىڭ خۇددى لىندا خانىم بۇرۇن: ــ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىش ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەتنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشتىن ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، پەقەت باشقىلارنىڭ گېپىنى تىنچ ئولتۇرۇپ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسىڭىزلا بولىدۇ، دېگەندەكلا ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىدى.

ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئەسلىدە ئاددىيلا ئىش بولۇپ، ئاننى بۇرۇن ئۆزىنى قەپەزگە سولىۋېلىپ، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئىشلار ئوڭشىلىپ كەتتى.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش ــ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تۇسالغۇنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ئۈنۈملۈك ھەرىكەت. ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ تار ھەرىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ، ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ، ياخشى ئاڭلىغۇچى بولالىسىڭىزلا، قارشى ئېلىنىدىغان ئالاقە ماھىرى بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ دوست تاپالايسىز.



# قارىغۇنى تار يولدا قىستىماڭ

باشقىلارنىڭ خاتا، ئۆزىمىزنىڭ توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارغا يول قويمساق، بىر ئادەمنى نابۇت قىلىپ قويىمىز.

— كارنېگى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي ئۆمەك باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قوشۇنىدىن ھال سوراشقا بارىدۇ. دۆلىتىمىز ئۆتكۈزگەن كۇتۇۋېلىش زىياپىتىدە سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ بىر لېيتېنانتى زۇڭلىنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىۋېتىپ بىر يەرنى خاتا تەرجىمە قىلىپ قويىدۇ. بىز تەرەپتىكى بىرەيلەن بۇ خاتالىقنى نەق مەيداندىلا تۈزىتىدۇ. بۇنىڭدىن زۇڭلى ئىنتايىن ھەيرانلىق ھېس قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوماندانى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. چۈنكى، قول ئاستىدىكى ئادەمنىڭ مۇشۇنداق سورۇندا خاتالىق ئۆتكۈزۈشى ئۇنىڭ يۈزىنى بەكلا چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ بىرىپلا لېيتېنانتنىڭ پاگونى بىلەن ياقا بەلگىسىنى يۇلۇۋېتىدۇ، زىياپەتنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا جوۋ زۇڭلى پەيتنى قولدىن بەرمەي قارشى تەرەپكە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن: — ئىككى دۆلەتنىڭ تىلىنى دەل جايىغا چۈشۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئاسان ئەمەس، بەلكىم مەن گەپنى ئوچۇق قىلمىغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دەيدۇ ۋە لېيتېنانتنىڭ ئېنىقراق ئاڭلىشى ئۈچۈن خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالغان يەرنى قايتا تەكرارلايدۇ. لېيتېنانتى توغرا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم رومكا سوقۇشتۇرىدۇ. سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ گېنېرالى بىلەن ھېلىقى لېيتېنانتى جوۋ زۇڭلىنىڭ بۇ خىل مېھرىبانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. زىياپەت ئوڭۇشلۇق تۈگەپ كۆپچىلىك سورۇندىن خۇشال تارقىشىدۇ.

جوڭ زۇڭلىنىڭ بۇ خىل كەڭ قورساقلىقى بىزگە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمنى ئاياش ۋە ئۇنىڭغا چېكىنىدىغان يول قويۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا ئادەمنىڭ غورۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئاۋادا ئۇنىڭ يۈزىنى ئاياپ، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالسىڭىز، ئۇ كۆڭلىدە سىزنىڭ ئاشۇ مېھرىبانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتماي قالمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ يۈزىنى ئاياش ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم پرىنسىپ. ھەرقانداق ئادەم ئىجتىمائىي ئالاقىدە بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرسىڭىز ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن بولىسىز.

# چىرايلىق خانىمنىڭ مۇناسىۋەت ماھارىتى

دوستلۇق ــ كىشلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق.

ــ خۇمې

كارنېگ داڭقى چىققان مۇناسىۋەتشۇناس بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم دەرسىنى چىراي تۇرقى كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك چىرايلىق خانىمدىن ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ــ بىر كۈنى كەچتە كىشىلىك مۇناسىۋەت دەرسىدە مەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەزى پىرىكازچىكلارنىڭ خېرىدارلارنى بوزەك قىلغاندىكى ھالىتىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتىم. مەن بەزى پىرىكازچىكلارنىڭ خېرىدارلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ تېخى ھەددىدىن ئېشىپ ئەدەپسىزلىك قىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش مىساللارنى ئالدىم.

ــ سۆز قىلىش نۆۋىتى ئاشۇ خانىمغا كەلگەندە ئۇ: ــ مەن بۇ بىچارە پىرىكازچىكلارنى ئازراقمۇ ئەيىبلىمەيمەن، بەزىدە خېرىدارلار ئۇلارغا بەك قوپاللىق قىلىدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەيدۇ. مەن دائىم ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتىدىن بەھرىمان بولىمەن، ئۇلار ماڭا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، مېنىڭ ئۆزۈمگە يارىشا ئامالىم بار، ــ دېدى.

ــ ئۇ ئۆزىنىڭ ئامالىنى بىزگە سۆزلەپ بەردى: ــ مەن پىرىكازچىكلارنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئۇلارغا كۈلۈمسىرەيمەن ۋە ئۇلاردىن ياردەم سورايمەن، ئۇلار ھېچقاچان مېنى رەت قىلىپ باقمىدى.

ــ كىمنىڭمۇ ئۆزىگە كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلغان ئادەمنى، يەنە كېلىپ شۇنداق ئوماق بىر چوكاننى رەت قىلغۇسى كېلىدۇ، دەيسىز.

— بۇ مېنىڭ سىرىمنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، — دېدى ئۇ ۋە سىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى داۋاملىق چۈشەندۈردى: — مەن گېپىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا:
— مەن سېتىۋالماقچى بولغان بۇ نەرسىنى ئانچە بەك چۈشىنىپ كەتمەيمەن، بولسا سىز بىر تەكلىپ بەرگەن بولسىڭىز، دەيمەن. مەيلى سېتىۋالىدىغىنىم كىچىككىنە، بىر تال تۈگمە بولسۇن ۋە ياكى چوڭ بىر توڭلاتقۇ بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاشلا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىمەن. پىرىكازچىكلار ماڭا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلىدۇ، يەنە تېخى ئامال بار سېتىۋالماقچى بولغان نەرسەمنىڭ ھەممە خىلىنى كۆرسىتىدۇ. سىز بۇ خىل ئۇسۇلدىن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىش ئورنى، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، مېھمانخانا، كىرا ماشىنىسى ۋە ئاشخانا قاتارلىق جايلاردا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ دائىرىدە پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

سەممىي قەلب، سەممىي كۈلكە ئارقىلىق باشقىلاردىن ياردەم سورىسىڭىز، سىزنى ھېچكىم رەت قىلمايدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ تەلپىڭىز باشقىلاردا خەق مېنى ھۆرمەتلەۋاتىدۇ ۋە مېنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىدۇ، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى تەس ئىش دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا ئىشنى باشقىلاردىن ياردەم سوراشتىن باشلاپ بېقىڭ.

# مېھماندارچىلىق

كۆرسەتكەن سەۋەبىڭىز ئورۇنلۇق بولسىلا، باشقىلارنى قورقماي رەت قىلىڭ.
ــ كارنېگى

جېك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر كىچىك شەھەرگە بېرىپ ئىشلەيدۇ. بىركۈنى جېكنىڭ ھامىسى بۇ كىچىك شەھەرگە ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. كەچلىك تاماقنى ئىككىسى بىللە يېمەكچى بولىدۇ.

جېكنىڭ يانچۇقىدا بارى يوقى 20 دوللارلا بار بولۇپ، ئۆزىگە شۇنداق ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان بۇ ھامىسىنى مېھمان قىلىدىغان دەسمىسىنىڭ ھەممىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ كىچىكرەك ئاشخانىدىن بىرنى تېپىپ ئاددىيلا غىزالىنىشنى ئويلايدۇ. لېكىن ھامىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ئاشخانىغا كۆزى چۈشىدۇ. جېكمۇ ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

ئىككىسى جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھامىسى تاماق بۇيرىتىدۇ. ئۇ جېكتىن نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىغىنىدا جېك مۇجمەل قىلىپ «نېمىلا بولسا مەيلى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ چاغدا جېك تازا دەككە ـ دۈككىگە چۈشكەن بولۇپ، يانچۇقىدىكى ئاشۇ بارى يوق 20 دوللارنى چىڭ سىقىمداپ ئولتۇراتتى. پۇلنىڭ يەتمەيدىغىنى ئېنىق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ھامىسى بولسا جېكنىڭ ئەنسىزلىكى بىلەن كارى يوق بىر خىلدا تاماقلارنى ماختاۋاتاتتى. لېكىن تاماقلار جېكقا پەقەتلا تېتىمىدى.

كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى. كۈتكۈچى ھېسابات تالونىنى ئېلىپ، ناھايىتىمۇ ئەدەپ بىلەن ئۇدۇل جېكقا قاراپ كېلىۋاتاتتى. جېك ئاغزىنى ئۈمەللىدى ـ يۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى.

ھامىسى ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ۋە ھېسابات تالونىنى ئېلىپ كۈتكۈچىگە

تاماقنىڭ پۇلىنى بەردى. ئاندىن جېكقا قاراپ: ــ يىگىت، ھېسسىياتىڭنى بۇرۇنلا بىلىپ بولغانمەن. شۇڭا رەت قىلىشىڭنى كۈتۈپ تۇردۇم، سەن نېمىشقا رەت قىلمايسەن؟ شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بەزىدە دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى باتۇرلۇق بىلەن قەتئىي ئىككىلەنمەي دېيىش كېرەك، بۇ دېگەن ئەڭ ياخشى تاللاش. مېنىڭ بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەبمۇ، ساڭا مۇشۇلارنى ئۆگىتىۋېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ــ دېدى.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنى رەت قىلىش بەلكىم ئادەمنى رەنجىتىدىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىز ئىجتىمائىي ئالاقىدا مادارىمىز يەتمەيدىغان ئىشنى دادىللىق بىلەن رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىمىز خىجالەتچىلىككە قالىمىز.





# رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش

كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا قائىدە ـ يۇسۇن قانچە ئەتراپلىق بولسا شۇنچە بىخەتەر بولىدۇ، تەلەيمۇ ئۇچىدىن كېلىدۇ.

ــ كارلىل

شىياۋ ۋاڭ بىلەن شىياۋ جاڭ شىركەتكە يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئىستۇدېنتلار بولۇپ، ئىككىلىسى بىر بۆلۈمگە ئورۇنلىشىپ، ئوخشاش ئىشنى قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە خىزمەت نەتىجىلىرىدە پەرق يوق ئىدى. لېكىن كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى.

شىياۋ ۋاڭنىڭ «كۆڭلى تۈز» بولۇپ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ئۇدۇللىسىغىلا ئىسمىنى چاقىراتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭ باشلىقى لى دىرېكتور يىغىن زالىدا مېھمانلارنى كۈتۈۋاتاتتى. شىياۋ ۋاڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ: ــ لاۋ لى، تېلېفون، ــ دەپ تووۋلىدى. يېشى ئەمدىلا 30 دىن ئاشقان لى دىرېكتور قول ئاستىدىكى ئادەمنىڭ ئۆزىنى مېھمانلارنىڭ يۈزىدىلا لاۋ لى دەپ چاقىرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى چۈشۈن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى.

شىياۋ جاڭ شىياۋ ۋاڭغا پەقەت ئوخشىمايتتى. كۆرگەنلا ئادەمگە ئەدەپ بىلەن سالام قىلاتتى، ئەمەلى بارلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن لى دىرېكتور، ليۇ باشقۇرغۇچى دەپ چاقىرسا، ئەمەلى يوقلارنى ئاكا، ھەدە، ياشتا چوڭراقلىرىنى بولسا ئۇستام، ــ دەپ چاقىراتتى.

شىياۋ ۋاڭ شىركەتكە پەقەت خىزمەت ۋاقتىدىلا كېلەتتى، ۋاقىت توشقان ھامانلا كېتەتتى، شۇڭا شىركەتتىكىلەر بىلەن ئانچە قويۇق ئالاقىمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. شىياۋ جاڭ ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ، باشقىلارنىڭ كەتمىگىنىنى كۆرسىلا قېلىپ قېلىپ ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

گېپىنى قىلىشاتتى. كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم قىلاتتى. شۇڭا، باشقىلار دائىم ئۇنىڭدىن ياردەم سورايتتى.

بىر قېتىم شياۋ جاڭ لى دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ بىر ئىشنىڭ بارلىقىنى، لى دىرېكتورنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىشىنى تەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولۇپ، دىرېكتوردىن «ئارزۇغا قايسى مەكتەپنى تولدۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسىتىش»نى تەلەپ قىلدى. لى دىرېكتور بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلدى، ئاندىن ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەسلىھەت كۆرسەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە لى دىرېكتورنىڭ بىر مۇئاۋىنى باشقا بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كەتتى، شىركەت رىقابەتلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق يېڭىدىن بىر مۇئاۋىن دىرېكتور تاللىماقچى بولدى. شياۋ ۋاڭ بىلەن شياۋ جاڭنىڭ ئىككىلىسىلا تولۇق كۈرسنى پۈتتۈرگەن، ئىككىلىسىلا كەسپىي خادىملاردىن بولغاچقا، شىركەتنىڭ رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش ھەققىدىكى شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەچكە ئىككىلىسىلا ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. باھالىغۇچىلار شىركەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى كادىرلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقانىدى. رىقابەت نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆپچىلىك پەرەز قىلىپ بولغانىدى: شياۋ جاڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن شياۋ ۋاڭنى مەغلۇپ قىلىپ، شىركەتتىكى ھەممىدىن ياش ئوتتۇرا قاتلام كادىرى بولۇپ قالدى.

**مۇلاھىزە:**

ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلەن ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئادەم بولۇشنىڭ، ئىش قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋېلىش بەكمۇ مۇھىم. ھالبۇكى، ئادەم بولۇش بىلەن ئىش قىلىش چوڭ بىلىممۇ ئەمەس، پەقەت ئالاقىدىكى بەزى ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىپ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىپ، باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقە قىلساقلا كۇپايە.

# بىر قاچا شورپا

ئادەم سەممىي بولغاندىلا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

— روللاند

چىرايلىق بىر قىزچاق بىر ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچا شورپا ئېلىپ، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ شورپىنى ئىچمەكچى بولۇپ قوشۇقنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇ قوشۇقنى ئېلىپ تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ئورنىدا بىر قارا تەنلىك ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ھە دەپ ئۇنىڭ شورپىسىنى ئىچىۋاتاتتى.

— ھۇ مۇتتەھەم، مېنىڭ شورپامنى ئىچىشكا نېمە ھەققىڭ! چىرايلىق قىز ئاچچىقىدا قارا تەنلىكنى شۇنداق دەپ تىللىماقچى بولدى - يۇ، — ياق، بەلكىم ئۇ بەكلا نامراتتۇ، قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتكەندۇ، يەنىلا گەپ قىلمىغىنىم تۈزۈك. لېكىن شورپامنى ئۇ يالغۇز ئىچىپ كەتسە بولمايدۇ - دە، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇڭا ئۇ گەپ قىلمايلا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك بېرىپ قارا تەنلىكنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ ئۈن - تىن قىلمايلا شورپىنى ئىچىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر قاچا شورپىنى ئىككىسى ئىككى تەرەپتىن بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشتى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى.

بۇ چاغدا قارا تەنلىك ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ بىر پەتنۇستا تورت ئېلىپ كەلدى. تورتنىڭ ئۈستىگە ئىككى تال قوشۇق سانجىقلىق تۇراتتى.

ئىككىيلەن تورتنى يېدى. يەپ بولغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپ

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. «خوش»، دېدى چىرايلىق قىز دوستانە تەلەپپۇزدا. «خوش» دېدى قارا تەنلىكمۇ قىزغىنلىق بىلەن. قارا تەنلىك تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۆزىنى ئىنتايىن خۇشال ھېس قىلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ: — بۈگۈن مەن ياخشى ئىشنى بىرنى قىلىپ، نامرات، ئەمما شۇنداق چىرايلىق بىر قىزغا ياردەم قىلدىم، دەپ ئويلىغانىدى. قارا تەنلىك كەتكەندىن كېيىن چىرايلىق قىز يانىدىكى شىرەدىكى ھېچكىم ئېغىز تەگمىگەن بىر قاچا شورپىغا كۆزى چۈشتى. بۇ دەل ئۆزىنىڭ شورپىسى ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

كىشىلىك ئالاقىدە ئۇقۇشماسلىق ۋە چىقىشالماسلىق دائىم يۈز بېرىپ، ئارىمىزغا گۇمان ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. لېكىن كۆڭلىمىزدە مۇھەببەت بولسىلا، بىر – بىرىمىزنى كەچۈرۈۋېتەلىسەكلا ئۇقۇشماسلىق ۋە چىقىشالماسلىقلار ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئەسلىمىگە ئايلىنىدۇ.

# مىننەتدارلىق

ئۆزئارا ھۆرمەت بولمىسا دوستلۇقنىڭ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— ماكارېنكو

بولى بىلەن خوتۇنى كۆپىنچە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كونا دېھقانلار تۇرالغۇسىدا تۇراتتى. گەرچە ئۇلار بۇ يەرگە يەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ياقا يۇرتلۇق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇلار بۇ يەرگە يېڭى كۆچۈپ كەلگىنىدە ئاران ئۈچ دانىلا سايمىنى (يۆگىمە مېتىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئۆي رېمونت قىلىش قوللانمىسىلا بار ئىدى. بولى ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، لېكىن يالغاندىن بىلەرمەن بولۇۋالمىدى. قوشنىلىرى ياخشىلىق قىلمىغان بولسا بەلكىم ئۆيىنى ھەرگىزمۇ رېمونت قىلالمىغان بولاتتى.

قوشنىلىرى ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بولى قىشتا ئىسسىنىش ئۈچۈن قالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئوتۇننى قانداق كېسىش، قانداق دۆۋىلەش، قانداق قۇرۇتۇشنى؛ كۆل بىلەن خىشنى قانداق ئۇسۇلدا سۇۋىغاندا چاك تۇتقۇزۇپ، ئوتۇن كۆيدۈرىدىغان پېچ تەگلىكى قوپۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن ئۇنى ھەممىدىن بەك تەڭلىكتە قالدۇرغىنى قوشنىلىرىغا مىننەتدارلىقىنى قانداق بىلدۈرۈش بولۇپ قالدى.

مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىككى يىل بۇرۇن پەيدا بولغانىدى. ئىككى يىل بۇرۇنقى ئەتىياز مەزگىلىدە بولى چېركاۋدىكى قارنى تازىلايدىغان پېشقەدەم دېھقان رېنىپسقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. چۈنكى رېنىپس بولىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قارنى بىرنەچچە قېتىم تازىلىۋەتكەن ئىدى.

رېنىپسنىڭ چېركاۋدىكى قارنى تازىلاپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە ئەسىر بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بولى رېنىپسنى چېركاۋدىكى قارنى تازىلىغاچ بۇ تەرەپتىكى ماشىنا

يولىنىمۇ تازىلاپ بېرىشنى ئېيتقانىدى. رېنىپس چېركاۋدىكى قارنى مەقسىز تازىلايتتى، لېكىن بولى رېنىپسقا ھەق بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

بولى رېنىپسقا تېلېفون قىلىپ: — مەن سىزگە نەچچە پۇل قەرز؟ دەپ سورىدى. رېنىپس بىر دەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: — سىز ماڭا پۇل قەرز ئەمەس چۈنكى سىزگە قىلىپ بەرگەن ئىشنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، — دېدى.

— سىز مېنى تەخمىنەن 50 سائەتلىك بەل ئاغرىقىدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز.

— مەن ئۇنچىلىك كۆپ ئەجىر سىڭدۈرمىدىمغۇ دەيمەن.

بولىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرغىسى كەلمىدى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇم ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى، 75 دوللارنىڭ يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

رېنىپس بۇ پۇلنى بەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى. بولى رېنىپسنىڭ قوپال تەگكىنىدىن ئۆزىنىڭ ئۇنى رەنجىتىپ قويغىنىنى ھېس قىلدى.

بولى بۇ پۇلنىڭلا ئىشى ئەمەسلىكىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يېتىپ، رېنىپسقا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق رەھمەت ئېيتقۇسى بارلىقىنى، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ياردەملەشكىدەك ئىشنىڭ بار ـ يوقلىقىنى سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ بازغان ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى دەپ ئۆلگۈردى.

رېنىپس ھازىرچە بولى قىلغۇدەك ئىشنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى.

بۇ گەپ بولىنىڭ غورۇرىغا قاتتىق تەگدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ راستتىنلا بازغان سوقالايدىغانلىقىنى دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

رېنىپس بولىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئازراقمۇ گۇمانلانمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بولى قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي، قايتا ـ قايتا رەھمەت دېدى ۋە ئۆزىنىڭ رېنىپسقا مەڭگۈ ئادىمگەرچىلىك قەرزى بارلىقىنى ئېيتىپ، تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

بولى رېنىپسنى رەنجىتىپ قويغانلىقىغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشەندى. شۇڭا خوتۇنىدىن يۈزىنى ئازراق بولسىمۇ يورۇق قىلىدىغان بىرەر ياخشى ئامالىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى سورىدى.

— بار، — دېدى خوتۇنى ، ئۇنىڭ ئامالى ماروژنى.

ئىككىنچى شەنبە كۈنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئەسقاتىدىغان»، ئەمما ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان نەچچە ئون خىل تويلۇق سوۋغىسى ئىچىدىن بىرنى تاللاپ، تۆت كىلوگىراملىق قەھۋە تەملىك ماروژنى ياساپ رېننېس ئەر - خوتۇنغا سوۋغا قىلدى. رېننېس بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدى ۋە بولىغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە بولى ئەينى ۋاقىتتا ئاڭلاشنى ئەڭ ئارزۇ قىلغان گەپنى دېدى.

رېننېس ئۆزىنىڭ كېلەر ھەپتە قاشا تۇۋرۇكى ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى، بولىنىڭ ۋاقتى بولسا كېلىپ ياردەملىشىپ بېرىشىنى ئېيتتى.

بولى خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى ۋە: — مەن بازغىنىمنى ئېلىپ باراي، — دېدى.

**مۇلاھىزە:**

پۇلغا نۇرغۇن نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن دوستلۇقنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا ياخشى ھېسسىيات ئورنىتىشقا دىققەت قىلىشىمىز، ئالاقىنى ھەرگىزمۇ مەنپەئەت بىلەن باغلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كونوسۇكېنىڭ مېھمان كۈتۈشى

مەن كىشلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىدا ھەممىلا ئادەمنى ئوخشاش ھۆرمەت قىلىمەن. مېنىڭچە بۇ، ھەرقانداق ئادەمگە باب كېلىدۇ.

ــ دىككېنس

كونوسۇكې باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئىنتايىن بەك قىلىدىغان ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئاشخانىدا خېرىدارلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. مېھمانلارنىڭ ھەممىسىلا يالپاقدالغان كالا گۆشى بۇيرىتىدۇ. بىرنەچچەيلەن كالا گۆشىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ياردەمچىسىگە كالا گۆشىنى پىشۇرغان باش ئاشپەزنى چاقىرىپ كېلىشنى ئېيتىدۇ ۋە: ــ دىرېكتورنى چاقىرماي، باش ئاشپەزنىلا چاقىرىپ كەلگىن، ــ دەپ ئالاھىدە تاپىلايدۇ.



كونوسۇكېنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭ كالا گۆشىنىڭ يېرىمىنىلا يېگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە، ئىش چاتاق، ــ دەپ ئويلايدۇ.

باش ئاشپەز جىددىيلەشكەن ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى چاقىرتقان مېھماننىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلەتتى.

ــ بىرەر چاتاق بارمىكەن قانداق؟ سورايدۇ باش ئاشپەز جىددىيلىشىپ.

ــ يالپاقدالغان كالا گۆشى پىشۇرۇشتىكى ھۈنىرىڭىزگە قىل سىغمىغۇدەك، ــ دەيدۇ كونوسۇكې، ــ لېكىن مەن ئاران يېرىمىنىلا يېيەلىدىم، بۇ ھەرگىزمۇ گۆشنىڭ ياخشى پىشۇرۇلمىغانلىقىدىن ئەمەس، گۆش ھەقىقەتەن بەك يېيىشلىك بوپتۇ، لېكىن مەن 80 گە كىرىپ قالدىم، ئىشتىھايىممۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس.

باش ئاشپەز بىلەن بەش مېھمان ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپلا قالدۇ، ئۇلار خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئاندىن چۈشىنىدۇ. ــ سىز بىلەن يۈز تۇرانە پاراڭلاشقۇم كەلدى. چۈنكى ئىشىپ

قالغان بۇ گۆش تاشلىۋېتىلسە كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىم بولۇشىدىن ئەندىشە قىلدىم.

مېھمانلار كونوسۇكېنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن سودىلىشىشقا تېخىمۇ ھېرىسمەن بولىدۇ.

كونوسۇكې باشقىلارنى ھۆرمەتلەشتە داڭق چىقارغان ئادەم. بىر قېتىم ئۇ بىر بۆلۈمنىڭ دىرېكتورىغا: — مەن ئۆزۈم يالغۇز نۇرغۇن قارار چىقىرىمەن، باشقىلارغا تەستىقلاشنى بۇيرۇيدىغانلىرىممۇ ئاز ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ قارارلارنىڭ 40% ىنىلا چىن دىلىمدىن ئېتىراپ قىلىمەن، قالغان 60% ى پىكرىمنى ساقلاپ قالىدىغانلىرى ياكى ئۆزۈم ھەر ھالدا بولغىدەك، — دەپ قارىغانلىرىدىن ئىبارەت، خالاس، — دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دىرېكتور ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇ قوشۇلمىغانلىرىنى رەت قىلىۋەتسە بولۇۋېرەتتى.

— ھەرقانداق ئىشنى ئىنكار قىلماسلىقىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىز ھەر ھالدا بولغىدەك، — دەپ قارىغان پىلانلارنىمۇ تاكى ئۇ مۆلچەرىڭىزدىكى ئىزغا يېڭىباشتىن چۈشكەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىشىڭىز كېرەك. رەھبەر بولغان ئادەم بەزىدە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشنىمۇ قوبۇل قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلىنىشىنى خالىمايدۇ.



**مۇلاھىزە:**

ھەممىلا يەردە قارشى ئېلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم مەسىلىنى چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاشنى بىلىشى، قارشى تەرەپنى كىچىك ئىشلاردىمۇ ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە ماھىر بولۇشى، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى تىرىشىپ قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قارشى تەرەپنىڭ ھۆرمىتى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# جياۋېنىنىڭ تاللىشى

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەت قىلمايدىغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدۇ.

— كارنېگى

بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ياش پادىشاھ ئارتور قوشنا دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. قوشنا دۆلەتنىڭ شاھى ئارتورنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن ئىقتىدارىغا بەكلا ھەۋەس قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىيىن بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشنى، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسە ئۇنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئارتور بۇ سوئالنى ئويلىنىشقا بىر يىل مۆھلەت ئالىدۇ. ئەگەر بىر يىلغىچە جاۋاب بېرەلمىسە ئۆلتۈرۈلىدىغان بولىدۇ.



سوئال مۇنداق ئىدى: ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجى زادى نېمە؟

سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۆلۈپ كېتىشتىن مىڭ ياخشى. ئارتور شاھنىڭ سوئالىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىدىغان، سورۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى جاۋابىنى بېرىدىغان بولىدۇ.

ئارتور دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى سورايدۇ: مەلىكە، پاھىشە، پوپ، دانىشمەن، ئوردا قىزىقچىسى، ۋەھاكازالار. لېكىن بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئايال پېرىخوندىن سوراشنى، بۇ سوئالغا پەقەت شۇنىڭلا جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ ھەققى بەك يۇقىرى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇ ئايال پېرىخوننىڭ ھەق ئېلىشتا دۆلەت بويىچە داڭق بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

سورۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى يېتىپ كېلىدۇ. ئارتور ئامالسىز ئايال پېرىخوننى ئىزدەپ بارىدۇ. ئۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قوشۇلىدۇ. لېكىن، ئارتورنىڭ

ئۆزىنىڭ بىر شەرتىنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ شەرتى: ئارتورخاننىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك دۆگىلەك ئۈستەل يىغىنىنىڭ رىتسارى، ئۇنىڭ قىيامەتلىك دوستى جياۋىن بىلەن توي قىلىش ئىدى. ئارتور خان بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن بەك قورقۇپ كېتىدۇ ۋە ئايال پېرىخونغا قارايدۇ. ئۇ دۈمچەك، بەتبەشىرە بولۇپ، بىر تاللا چىشى بار ئىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن سېسىپ كەتكەن كۆل سۈيىگە ئوخشاش بەتبۇي پۇراق چىقىپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ پات ـ پات سەت ئاۋاز چىقىرىپ قوياتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق قاملاشمىغان سەت مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئايال پېرىخونىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ دوستىنى بۇنداق سەت ئايالنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا زورلاپ، ئۆزىگە ئېغىر روھىي بېسىم قىلىۋېلىشنى خالىمايتتى.

جياۋىن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئارتورغا: — مەن ئۇ ئايال پېرىخون بىلەن توي قىلىشقا رازى، ئارتور خاننىڭ جېنى بىلەن دۆگىلەك شىرە يىغىنىنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ مۇھىم ئىش يوق، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئايال پېرىخون ئارتورنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدۇ: — ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغىنى ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش. ئارتور خان ئامان قالىدۇ.

ئەمدى جياۋىن بىلەن ئايال پېرىخونىنىڭ تويىغا كېلەيلى. بۇنى قانداقمۇ توي دېگىلى بولسۇن؟ ئارتور مۇشۇ سەۋەبتىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. لېكىن جياۋىن بۇرۇنقىدەكلا كەمتەر ۋە خۇش پېئىل يۈرىۋېرىدۇ. ئايال پېرىخون بولسا توي مۇراسىمىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ناچار قىلىقلىرىنى چىقىرىپ، سورۇندىكىلەرنى قاتتىق يىرگەندۈرىدۇ.

توي كېچىسىمۇ يېتىپ كېلىدۇ: جياۋىن بۇ قورقۇنچلۇق كېچىگە قەيسەرلىك بىلەن يۈزلىنىپ، ھۇجرىغا كىرىدۇ. ئۇنى قانداق بىر خىل مەنزىرە كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ توي كارىۋىتىدا ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان پەرى سۈپەت بىر قىز ياتاتتى. جياۋىن ھاڭۋاققىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. گۈزەل: — مەن بەتبەشىرە ئايال پېرىخون قىياپىتىدىكى چېغىمدىمۇ ماڭا شۇنداق ياخشى مۇئامىلىدە بولدىڭىز، شۇڭا بىر

كۆڭنىڭ يېرىمىدا ئۆزۈمنىڭ گۈزەل قىياپىتىمنى نامايان قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئەمدى قايسى ۋاقىتتا گۈزەل قىياپىتىم بىلەن، قايسى ۋاقىتتا بەتبەشىرە قىياپىتىم بىلەن كۆرۈنۈشىمنى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

جىياۋېن كېچە بىلەن كۈندۈزدە ئۇنىڭ قايسى قىياپەتتە نامايان بولۇشىنى تاللىسۇن دەيسىز؟

نېمىدېگەن ئازابلىق سوئال بۇ! جىياۋېن ئەمدى ئۆزىنىڭ قىيىن مۇشكىلاتى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: ئەگەر ئۇ كۈندۈزدە دوستلىرىغا گۈزەل بىر خوتۇننى كۆرسەتسە كېچىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ھۇجرىسىدا ھەم قېرى ھەم بەتبەشىرە، خۇددى ئەرۋاھقىلا ئوخشايدىغان ئايال پېرىخون بىلەن قالىدىغان گەپ؛ ئەگەر كۈندۈزى سەت ئايال پېرىخوننى خوتۇن قىلىشنى تاللىسا، شېرىن كېچىنى ئاجايىپ چىرايلىق نازىنىن بىلەن ئۆتكۈزىدىغان گەپ، قانداق قىلىش كېرەك؟

ئاخىرى جىياۋېن ھېچقايسىسىنى تاللىمىدى ۋە خوتۇنىغا: ــ ئاياللارنىڭ ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغىنى ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇش بولغانىكەن، ئۇنداقتا يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ قارار قىلغىنى تۈزۈكمىكىن، ــ دېدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايال پېرىخون كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىنىڭ گۈزەل چىرايى بىلەن نامايان بولۇشنى تاللايدۇ.



**مۇلاھىزە:**

ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ياخشى كىشىلىك ئالاقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ھالبۇكى رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرى بويىچە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، باشقىلارنىڭ بۇنى خالاش ـ خالىماسلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، باشقىلارنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئېرىشىدىغىنى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

# زوئولوگنىڭ يەكۈنى

يالغۇزلۇقمۇ بەزىدە ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئالاقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىر مەزگىل يىگانە ياشاش ئىجتىمائىي ئالاقىنى تېخىمۇ شېرىن قىلىدۇ.

ـــ مىلتون

بىر زوئولوگ بىر ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىن ئىككى مايمۇن ئېلىپ كەپتۇ. بۇ مايمۇنلارنىڭ بىرى قاۋۇل، يەنە بىرى ۋىجىك ئىكەن. ئۇ بۇ ئىككى مايمۇننى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى قەپەزگە سولاپ، ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئاپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى كۆزىتىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن قاۋۇل مايمۇن ئۆلۈپ قاپتۇ. زوئولوگ تەتقىقاتىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىرازلىيەدىن يەنە بىر مايمۇن ئەكەلدۈرۈپتۇ. بۇ مايمۇن ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن مايمۇندىنمۇ قاۋۇل ئىكەن، لېكىن ئۇمۇ يېرىم يىلغا بارمايلا ئۆلۈپ قاپتۇ. زوئولوگ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆلگەن ئىككى مايمۇننىڭ جەسىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ھېچقانداق سەۋەب تاپالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن زوئولوگ ھېلىقى ئىپتىدائىي ئورمانلىققا بېرىپ، ئۇ يەردىكى مايمۇنلار توپىنى تەتقىق قىلىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ شۇنى بايقاپتۇكى، قاۋۇل كەلگەن مايمۇنلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ، باشقا مايمۇنلار يەيدىغان نەرسە تاپسىلا ئۇلارغا ئازراق بۆلۈپ بېرىدىكەن. بۇنداق مايمۇنلار ئاساسىي جەھەتتىن جىم تۇرمايدىغان بولۇپ، بىكار بولۇپ قالسىلا باشقا مايمۇنلار بىلەن قوغلىشىپ ئوينايدىكەن. بۇنداق مايمۇنلار باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ قالسىلا بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلمەيدىكەن. ھالبۇكى، دائىم ئۆزىنى ئاپتاپقا

قاقلايدىغان ۋە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ تىنچ دەم ئالىدىغان مايمۇنلار تويغا ئانچە قېتىلمايدىغان بولۇپ، باشقىلار ئۇلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئىسسىق بولۇپ بەرمەيدىكەن. بۇ مايمۇنلار ۋىجىك بولۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان تەقدىردىمۇ داۋاملىق ياشىيالايدىكەن.

زوئولوگ مۇشۇلارغا ئاساسەن شۇنداق يەكۈن چىقىرىپتۇ: مايمۇنلارغا نىسبەتەن، باردى ـ كەلدىسى بولمىغان تۇرمۇش كەمتۈكلۈك ھېسابلانسا، يېگانە ئۆتمىگەن تۇرمۇش بىر خىل ئاپەت ئىكەن.



# رىيانىڭ قوشنىسىنى ئىزدىشى

دانىشمەنلەر دوستلاشسا بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىدۇ.

ــــ ئاسكېد جېفېرسون

جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە لۇ سېڭجېن دەيدىغان بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ راستچىل، ياۋاش ھەم بىلىملىك ئادەم ئىكەن، باشقىلارغا سەمىمىي، خۇش پېئىل مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئەزەلدىن بىرسىگە ھىيلىگەرلىك قىلىپ باقمىغانىكەن. شۇڭا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. لۇ سېڭجېننىڭ ئائىلە تەربىيەسى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ياشلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىدىكەن، قاتتىق تەلەپ قويىدىكەن، نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، شۇڭلاشقا ياخشى ئائىلە ئىستىلى يارىتىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلار بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىدىكەن، ئەخلاقلىق، مىجەزى ياخشى ئىكەن.

نەنكاڭ ۋىلايىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى جى يا ئادىل، دىيانەتلىك، تۈز، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئوردىدىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ قورقىتىش ۋە ئالداشلىرىغا قىلچە باش ئەگمەيدىكەن. شۇڭا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانىكەن، بەزى چوڭ ئەمەلدارلار ئۇنى كۆزىگە قادالغان مىخ، تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن دەپ قاراپ، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۇنى يوقىتىشنىڭ كويىدا بولىدىكەن. جى يا ئاخىرى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپتۇ.

جى يا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ھەشەمەتلىك ئوردىدىن كۆچۈپ چىقىپتۇ. نەدە تۇرۇش كېرەك؟ لى يانىڭ ئۇدۇل

كەلگەن يەردە تۇرغۇسى كەلمەپتۇ، شۇڭا تازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مېھمانسارايدىن چىقىپ ئەتراپتىن ئۆزىنىڭ تۇرۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلىپتۇ.

ئۇ ناھايىتى تېزلا باشقىلاردىن لۇ سېڭجېن ئائىلىسىنىڭ ئالىيجاناپ ئائىلە ئىكەنلىكىنى، ئائىلە ئەستىلىنىڭ ئىنتايىن ياخشىلىقىنى ئاڭلاپ، بەكلا خۇشال بولۇپتۇ. جى يا لۇ قەسىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ئائىلىدىكى باللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئادىمگەرچىلىكنى بىلىدىغان، غەرەز ئۇقمىدىغان باللار ئىكەنلىكىنى، ئامىنىڭ بىكارغا تارالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. ئىشمۇ ئوڭىدىن كېلىپتۇ. لۇ ئائىلىسىنىڭ تام قوشنىسى كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۆيىنى ساتماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. جى يا دەرھال ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيىنى 11 مىليون يارماقلا يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ بۇ باھاغا رازى بولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ جى يا خوتۇن ـ باللىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپتۇ.

لۇ سېڭجېن يېڭى كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسىدىن ئەھۋال سوراپ كىرىپتۇ. ئىككىيلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، گەپكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. لۇ سېڭجېن جى يادىن: ــ جانابلىرى بۇ قەسىرنى نەچچە پۇلغا سېتىۋالدىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ. جى يا راست گەپنى دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان لۇ سېڭجېن ھەيران بولغان ھالدا: ــ بىلىشىمچە، بۇ قەسىر ئانچە يېڭىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا بۇنچىۋالا كۆپ پۇل خەجلىدىلا؟ ــ دەپتۇ. جى يا كۈلۈپ تۇرۇپ: ــ مەن خەجلىگەن پۇلنىڭ بىر مىليونى بۇ قەسىرنىڭ پۇلى، قالغان ئون مىليونى سىلىگە ئوخشاش يۈكسەك پەزىلەتلىك، ئائىلە ئىشلىرىنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرىدىغان قوشنىنى سېتىۋالغان پۇل، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

جى يا ياخشى قوشنىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلەپ ئۆي سېتىۋېلىشقا رازى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ



www.uyghurkitap.com

ياخشى قوشنىنىڭ ئائىلىسىگە ياخشى تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى» دېگەندەك، مۇھىتنىڭ ئادەمگە ھەرقايسى جەھەتلەردىن كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

داڭلىق پىسخولوگ فروم: — مەيلى سېنىڭ رېئال تۇرمۇشىڭدا بولسۇن ۋە مەيلى خىيالىي تەسەۋۋۇرىڭدا بولسۇن، سەن بىلەن دائىم بىرگە يۈرۈيدىغان ئادەم ھەرىكىتىڭ ۋە پىسخىكاڭغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا روھىي جەھەتتىن ساغلام، ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئادەملەرنى تاللاپ دوست بولۇش كېرەك. دوستنى ئۆز ئارزۇيىمىز ۋە ئادىتىمىزگە ئاساسەن خالىغانچە تاللاشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دېگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مويسېپىتنىڭ جاۋابى

يامان نىيەتلىك ئادەم بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئالاقە قىلىنسىلا ئۇلارنى يامان نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولىدۇ.

— ئىكېدادايساكۇ

بىر مويسېپىت ھەر كۈنى يول بويىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، يولدىن ئۆتكەنلەرگە سالام قىلىدىكەن. بىركۈنى ئۇ نەۋرىسى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ساياھەتچى سىياقىدىكى ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يول بويىدا بىر نەرسىنى سوراشتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. قارىغاندا ئۇ بىرەر قونالغۇ ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ناتونۇش ئادەم مويسېپىتنىڭ يېنىغا كېلىپ: — بوۋا، بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

مويسېپىت ئاستا بۇرۇلۇپ: — سەن بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكى ئادەملەر قانداقتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساياھەتچى: — مەن بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا باشقىلارنى تەنقىد قىلىشقا خۇشتار، قوشنىلارمۇ دائىم بىر - بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ يەردە تۇرماق تەس. ئۆزۈمنىڭ ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققىنىمغا بەكمۇ خۇشالمەن، ئۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەر، — دەپتۇ. نەۋرىسىگە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مويسېپىت بۇ ناتونۇش كىشىگە: — راست گەپنى دېسەم، بۇ شەھەرمۇ سەن بۇرۇن تۇرغان شەھەر بىلەن ئوخشىمايدۇ، — دەپتۇ.

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر ئائىلە كىشىلىرى ئولتۇرغان چوڭ بىر ماشىنا ماي قاچىلاش ئۈچۈن مويسېپىت ئولتۇرغان ماي قاچىلاش پونكىتىغا كىرىپتۇ ۋە مويسېپىت بىلەن نەۋرىسىنىڭ يېنىدا توختاپتۇ.

ماشىنىدىن بىر ئەر كىشى چۈشۈپ مويسىپىتتىن: — بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ. مويسىپىت جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن: — سەن بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكى ئادەملەر قانداقتى؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ.

— مەن بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكى كىشىلەر بىر - بىرىدىن مېھرىبان، ھەممىيلەن بىر - بىرىدىن ياردەمنى ئايىمايدۇ. مەيلى نەگىلا بارماڭ، ئەھۋال سورايدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، رەھمەت دەپلا تۇرىدۇ. مېنىڭ ئۇ يەردىن پەقەتلا ئايرىلغۇم يوقتى.

مويسىپىت بۇ ئەرگە قاراپ خۇشخۇيلۇق بىلەن: — بۇ يەرمۇ سەن بۇرۇن تۇرغان شەھەر بىلەن قېلىشمايدۇ، — دەپتۇ.

ئەر مويسىپىتقا رەھمەت ئېيتىپ، ماشىنىسىنى قوزغاپتۇ. مويسىپىتنىڭ نەۋرىسى: — بوۋا، سىز نېمىشقا ئالدىدىكى ئادەمگە بۇ يەرنى بەك قورقۇنچلۇق يەر، كېيىن كەلگەن ئادەمگە بۇ يەر بەك ياخشى دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مويسىپىت نەۋرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن: — مەيلى نەگىلا بارما سەن ئۆزۈڭنىڭ خۇيىنى بىرگە ئېلىپ بارىسەن؛ ئۇ يەرنىڭ قورقۇنچلۇق ياكى ياخشى يەر بولۇشى پۈتۈنلەي ئۆزۈڭگە باغلىق، — دەپتۇ.



**مۇلاھىزە:**

كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىدە بىزنىڭ باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيەمىز باشقىلارنىڭ بىزگە تۇتىدىغان پوزىتسىيەسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەتراپىڭىزدىكىلەردىن مۇناسىۋەتكە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئاغرىنغان، مەن بىلەن قېرىشىدىغانلار ھەممىلا يەردە بار دەپ ئويلىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى پوزىتسىيەڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭ، چاتاق سىزدىمۇ قانداق؟ بۇنىڭغا قاراپ بېقىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب ھەمكارلاشقان ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ نەپكە ئېرىشىشى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت

ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەتتە يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ، ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىغاندىلا، ئاندىن ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. بىر تامچە سۇ دېڭىزغا قۇيۇلسا مەڭگۈ يوقاپ كەتمەيدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنى كوللېكتىپقا سىڭدۈرگەندىلا ئاندىن قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۆزىنى ھەقىقىي نامايان قىلىمەن دەيدىكەن، ھەمكارلاشقان ئىككى تەرەپ تەڭ نەپكە ئېرىشىش كېرەك، دېگەن تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقى

ھەممە ئادەم تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك. شەخسنىڭ تەقدىرىنى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن شەخسنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىچىگە سىڭدۈرگىلى بولىدۇ.

— با جىن

بىر ۋەلىنىڭ جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ زادى قانداق پەرقى بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، تەڭرىدىن سوراپتۇ.

تەڭرى ئۇنىڭغا: — بولىدۇ، ساڭا دەپ بېرەي. ئاۋۋال ساڭا دوزاخنى كۆرسىتەي، — دەپتۇ ۋە ئۇنى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدە بىر توپ ئادەم شورپا سېلىنغان داش قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىكەن. لېكىن بۇ ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئاۋاق بولۇپ، ئاچلىقتىن ئۇچەي - باغرى تارىقشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىكەن. ھېلىقى ئادەم زەن سېلىپ قاراپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئادەملەرنىڭ قوللىرىدا بىردىن قوشۇق بولۇپ، قوشۇقنىڭ سېپى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىنمۇ ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇلار قوشۇققا ئالغان شورپىنى ئېغىزىغا يېقىن ئەكېلەلمەيدىكەن. شۇڭا ئاجىيىپ تەملىك شورپىغا قاراپ تامشىپ ئولتۇرىدىكەن، شورپىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاچ قالغان بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرقى شۇڭا شۇنداق ئاۋارە ئىكەن.

— كەل، ئەمدى ساڭا جەننەتنى كۆرسىتەي، — دەپتۇ تەڭرى ھېلىقى ئادەمگە دوزاخنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن.

ئۇلار باشقا بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆيدىمۇ بايا كۆرگەن ئۆيدىكىگە ئوخشاش بىر توپ ئادەم قوللىرىدا ئۇزۇن سېپى بار قوشۇقنى تۇتقىنىچە بىر قازان شورپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىكەن. لېكىن بۇ ئۆيدىكى ئادەملەر بىر - بىرىدىن خۇشال بولۇپ، تويغىچە تاماق يېگەچكە چىرايلىرى پارقىراپ، روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن.

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان بۇ ئادەم يەنە زەن سېلىپ قاراپ، بۇنىڭدىكى سەۋەبنى چۈشىنىپتۇ: ئەسلىدە ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇشۇقىدىكى شورپىنى ئۇدۇلىدىكى ئادەمگە ئىچكۈزىدىكەن، ئۇلار ئۆزئارا ياردەم بەرگەچكە ھەممىسى مەززىلىك شورپىغا ئېغىز تېگەلەيدىكەن.

**مۇلاھىزە:**

ھەمكارلاشقاندىلا تەڭ نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. باشقىلارغا تاماق يېگۈزۈش ــ يېگۈزەلمەسلىك، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ــ بېرەلمەسلىك جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ پەرقىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ھەمكارلاشقاندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى بولىدۇ

كىمدى كىم توپتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ پېشانىسىگە قايغۇ ـ ھەسرەت پۈتۈلگەن بولىدۇ.

ــ ئوستروۋسكىي

بۇرۇنقى زاماندا ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىككى ئادەم بىر مويسىپىتنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، بىر تال قارماق بىلەن بىر سېۋەت ھەم يېڭى ھەم يوغان بېلىققا ئىگە بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ بىرى بىر سېۋەت بېلىقنى، يەنە بىرى قارماقنى ئېلىپ بىر ـ بىردىن ئايرىلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

بېلىقنى ئالغان ئادەم شۇ يەردىلا قۇرۇق ئوتۇندىن گۈلخان يېقىپ بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ چايناپلا يۇتۇپتۇ ۋە بېلىقنىڭ تەمىنى تېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا بېلىقلارنى پاك ـ پاكىز يەۋېتىپتۇ، شورپىسىنىمۇ ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئاچلىقتىن قۇرۇق سېۋەتنىڭ يېنىدىلا جان ئۈزۈپتۇ. قارماقنى ئالغان ئادەم قارماقنى كۆتۈرگىنىچە قورسىقىنىڭ كوكىرىشىغا چىداپ قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ دېڭىزغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئاخىرى كۆپكۆك دېڭىزنى كۆرۈپتۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئۇ زىيادە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن چەكسىز ئۆكۈنۈش ئىچىدە بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئاچ قالغان باشقا ئىككى ئادەممۇ بۇلارغا ئوخشاشلا مويسىپىتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ بىر تال قارماق بىلەن بىر سېۋەت بېلىققا ئېرىشىپتۇ. لېكىن ئۇلار نەرسىلەرنى بۆلۈشۈپ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلماستىن دېڭىز بويىغا بىللە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىمدا پەقەت بىر تاللا بېلىقنى پىشۇرۇپ يەپ، ناھايىتىمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاخىرى دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار كۈنلىرىنى بېلىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئۆي

سېلىپ، خوتۇن ئېلىپتۇ ۋە بالىلىق بولۇپتۇ، تېخى بېلىقچىلىق كېمىسى ياساپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەم جەمئىيەتتە يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىغاندىلا، ئاندىن ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، تەڭ نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشقاندا ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، تىنچ، خاتىرجەم ياشايدىغان مۇھىتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بىر ـ بىرىنى يېتىم قالدۇرۇش ياكى توختىماستىن سوقۇشۇش ھالاكەتكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۈچ راھىب

قۇمنىڭ ئۆزى چېچىلاڭغۇ ھالەتتە بولىدۇ. لېكىن ئۇ سۇ، تاش ـ شېغىل، سېمونت قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشسە گرانىت تاشتىنمۇ مۇستەھكەم نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ـــ ۋاڭ جې

ئۈچ راھىب سەدىقە تىلەپ يۈرۈپ تاشلىنىپ قالغان كونا بۇتخانىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ـــ بۇ بۇتخانا نېمىشقا چۆلدەرەپ قالغاندۇ؟ ـــ دەپتۇ بىرەيلەن.

ـــ چوقۇم بۇتخانىنىڭ شەيخى تەقۋادار بولمىغاچقا، بۇدساتۋا رولىنى جارى قىلدۇرمىغان گەپ، ـــ دەپتۇ بىرىنچى راھىب.

ـــ چوقۇم بۇتخانىنىڭ شەيخى ھورۇن بولغاچقا، بۇتخانىنىڭ تەئەللۇقاتلىرى رېمونتسىز قالغان گەپ، ـــ دەپتۇ ئىككىنچى راھىب.

ـــ چوقۇم بۇتخانىنىڭ شەيخى بۇتخانىغا ئاتاپ نەزىر بەرمىگەچكە، تاۋاپ قىلغۇچىلار ئازلاپ كەتكەن گەپ، ـــ دەپتۇ ئۈچىنچى راھىب.

ئۈچ راھىب توختىماي تالىشىپتۇ ۋە ئاخىرى بۇ يەردە قېلىپ، ھەر كىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئاخىرىدا زادى كىمنىڭ ئۇتۇپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بىرىنچى راھىب بۇددا قائىدىسى بويىچە نوم ئوقۇپتۇ، ئىككىنچىسى بۇتخانا بېساتلىرىنى رەتلەپتۇ، ئۈچىنچىسى سەدىقە تىلەپ نومدىن دەرس سۆزلەپتۇ. دېگەندەك ئىسرىق ئوتى قايتىدىن يېلىنجاپ، بۇتخانىنىڭ بۇرۇنقى قايناق مەنزىرىسى قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپتۇ.

ـــ بۇددا قائىدىسى بويىچە نوم ئوقۇغانلىقىمدىن، بۇدساتۋا رولىنى كۆرسەتتى، ـــ دەپتۇ بىرىنچى راھىب.

ـــ باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكىمدىن، بۇتخانا تەئەللۇقاتلىرى

مۇكەممەللەشتى، — دەپتۇ ئىككىنچى راھىب.

— مۇخلىسلارغا بولغان پەند ـ نەسىھەتنى كۈچەيتكەنلىكىمدىن، تاۋاب قىلغۇچىلار كۆپەيدى، — دەپتۇ ئۈچىنچى راھىب.

ئۈچ راھىب يەنە تالىشىپ قاپتۇ. بۇتخانىدىكى قايناق مەنزىرە ئاستا ـ ئاستا يوقاپتۇ. ئاخىرىدا ئۈچى شۇنداق يەكۈنگە كېلىپتۇ: — بۇتخانىنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشىدىكى سەۋەب، شەيخنىڭ تەقۋادار بولمىغانلىقى، ھۈرۈنلىقى ياكى بۇتخانىغا ئاتاپ نەزىر بەرمىگەنلىكى بولماستىن، بەلكى شەيخلەرنىڭ ئىناق ئۆتمىگەنلىكىدىن بولغان ئىكەن.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزئارا ھەمكارلاشقاندىلا ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغىلى بولىدۇ. مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلماڭ، قانداقلا ۋەزىپىدە بولماڭ ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتكى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ياۋا غاز توپىدىن كەلگەن ئىلھام

ئۆملەشكەندىلا بىر ئادەم قىلالمايدىغان ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەقىل ـ ئىدراك، ئىككى قول، كۈچ ـ قۇۋۋەت بىرلەشسە مۆكەممەل نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ــــ ۋېبستېر

كۆز كېلىپ، ياۋا غازنىڭ رەتلىك سەپ تۈزۈپ كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن «人» شەكلىدە تىزىلىپ ئۇچىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ قائىدىسى بار ئىش. ھەر قېتىم بىر قۇشنىڭ قانىتىنى قېقىشى بىلەن تەڭلا قالغانلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، پۈتۈن قۇش توپى كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ. قۇشلار توپىنىڭ ئۇچۇش شەكلىنىڭ «V» شەكلىگە كىرىشكە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ئۇچقاندىكى ئىقتىدارى يالغۇز ئۇچقىنىغا قارىغاندا ئاز دېگەندىمۇ 71% ئاشىدۇ.

ئورتاق نىشان ۋە توپ ئىچىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئۇلارنى مەنزىلگە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئاسان يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە بولغان مەدەت ۋە ياردەمنىڭ تۈرتكىسىدە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

بىرەرسى توپتىن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ يالغۇز ئۇچۇشنىڭ ھەم ئاستا ھەم جاپالىق ۋە قىيىن ئىكەنلىكىنى شۇ زامان ھېس قىلىپ يېتىدۇ ـ دە، دەرھال توپقا قېتىلىپ، ئالدىدىكى ياۋا غاز پەيدا قىلغان لەيلىتىش كۈچىدىن داۋاملىق پايدىلىنىدۇ.

يېتەكچى ياۋا غاز ھېرىپ قالغان ھامان يان تەرەپكە ئۆتىدۇ، باشقا ياۋا غاز توپنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ. ئەڭ ئارقىدىكى ياۋا غاز توختىماي ئاۋاز چىقىرىش ئارقىلىق ئالدىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي سۈرئىتىنى ساقلىشىغا مەدەت بېرىدۇ.

ياۋا غازدىن بىرەرى ئاغرىپ قېلىش ياكى زەربىگە ئۇچراپ يارىلىنىش سەۋەبىلىك توپتىن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئىككى ياۋا غاز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئۇچۇن توپتىن ئايرىلىپ ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ. ئۇلار توپتىن چۈشۈپ قالغان ھەمراھىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، تاكى ئۇ ئۇچقىدەك بولغىچە ياكى ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. شۇندىلا بۇ ئىككى ياۋا غاز باشقا توپتىكى ياۋا غازغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ، ئۆزىنىڭ توپىغا يېتىشىۋالىدۇ.

ئەگەر بىزدىمۇ ياۋا غازدا بار بولغان مۇشۇنداق ھەمكارلىشىش روھى بولغان بولسا ئىدى، چوقۇم ئاشۇلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىمىزگە ھەمدەمدە بولغان بولار ئىدۇق.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەم پەقەت توپقا قېتىلغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرالايدۇ. مەيلى قانداقلا ئىشنى قىلمايلى بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا ئىش قىلغان بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. پەقەت ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزگە تايىنىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلاشقاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاش يۆتكىگەن بالا

ئادەم ھامىنى ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. نېلۇپەر ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، يەنىلا يوپۇرمىقىنىڭ يۆلەپ تۇرۇشىغا موھتاج.

— ماۋ زېدۇڭ

بىركۈنى بىر ئوغۇل بالا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئويۇنچۇق قۇم ساندۇقىدا يالغۇز ئويناۋاتاتتى. ئۇ يۇمشاق قۇمدىن تاشيول ۋە تونېل ياساۋېتىپ، قۇم ساندۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئىنتايىن چوڭ بىر تاشقا كۆزى چۈشىدۇ.

ئۇ پۈتى بىلەن قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ تاشنىڭ ئەتراپىدىكى قۇمنى كولاشقا باشلايدۇ ۋە ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلماي لا تاشنى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا دومىلىتىپ ئېلىپ كېلىدۇ. بالا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بۇ تاشنى دومىلىتىپ قۇم ساندۇقنىڭ يېنىدىكى پاسىل تامغا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇ بالا قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئىتتىرىش، كۆتۈرۈش، تەۋرىتىش ئارقىلىق تاشقا تەكرار ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن ھەر قېتىم ئازراق ئىلگىرىلىشىگىلا تاش قولىدىن چىقىپ كېتىپ قۇم ساندۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاخىرى تاش ئۇنىڭ قولىنى زەخمىلەندۈرىدۇ.

ھېچ ئامال قىلالمىغان بالا ئاخىرى كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كېتىدۇ. بالىنىڭ دادىسى ئۆيدە تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دېرىزىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. بالىسىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ يېنىغا كېلىدۇ.

— ئوغلۇم، نېمىشقا كۈچىڭنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتمەيسەن؟ سورايدۇ ئاتىسى كۆيۈنگەن ھالدا.

— دادا، بار كۈچۈمنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتىم، — دەيدۇ بالا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ.

— ياق، — دەيدۇ دادىسى مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ، — سەن كۆچىتىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتمىدىڭ. سەن مېنى ياردەمگە چاقىرمىدىڭ.

دادىسى ئېڭىشىپ تاشنى كۆتۈرۈپلا قۇم ساندۇقتىن ئېلىپ چىقىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئادەم ھەممىگە قادىر ئەمەس، بىر ئادەمنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا غەلىبىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ بىزدىن ھاجەت چۈشكەندە باشقىلاردىن ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم سوراش، ئۆزىمىزنىڭ نىشانىغا باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئالدىسى
www.uyghurkitap.com

# بەش بارماقنىڭ جېدىلى

بىر تال گۈل ئېچىلسا باھار بولمايدۇ، كۆپچىلىك بىر نىيەتكە كەلگەندىلا ئاندىن تاغنى تالقان ـ چۆلنى بوستان قىلغىلى بولىدۇ.

ــ لىي فېڭ

بىركۈنى بەش بارماق بىكارچىلىقتىن قىلىدىغان ئىش يوق، كىمنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكىنى تالىشىپ قاپتۇ.

باش بارماق دەپتۇ: ــ بەشىمىز ئىچىدە ھەممىدىن نوچىسى مەن، قاراڭلار، مەن ھەممىدىن توم ھەم ھەممىدىن قاۋۇل، كىشىلەر مەيلى بىرسىنى مەدھىيەلىگەن ياكى ماختىغاندا بولسۇن مېنى چىقىرىدۇ. شۇڭا، ھەممىدىن نوچىسى مەن...

بۇنى ئاڭلىغان كۆرسەتكۈچ بارماق مۇنداق دەپتۇ: ــ بەشىمىز ئىچىدە ھەممىدىن يامىنى مەن. ئەگەر كىمدە كىم خاتالىق سادىر قىلىپ قويسا مەن ئۇنتۇرىغا سەكرەپ چۈشىمەن...

ئوتتۇرا بارماق مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سۆزلەپتۇ: ــ قاراڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن پاكار، بىر ـ بىرىڭلاردىن ۋىجىك، قېنى قايسىڭلار ماڭا ئوخشايسىلەر؟ ئەمەلىيەتتە، ئەڭ زەبەردەس قەھرىمان مەن...

نۆۋەت نامسىز بارماققا كېلىپتۇ. ئۇ ھېچقايسىسىغا قايىل ئەمەسكەن: ــ سىلەر ئارتۇقچە سۆزلىمەڭلار، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئىشىنىدىغىنى يەنىلا مەن، ئاشىق ـ مەشۇقلار توي قىلىدىغاندا چىن مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالماس ئۈزۈكنى ماڭا سالىدىغىنىنى كۆرمىدىڭلارما؟

قاراشتا پاكار، ئەمما ھەممىدىن روھلۇق كۆرۈنىدىغان چىمچىلاق دەپتۇ: ــ سىلەر تالاشماڭلار، قارىماققا كىچىك كۆرۈنگىنىم بىلەن، ئادەملەر چىن ئىخلاسى

بىلەن بۇنتقا تاۋاب قىلغان ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان چېغىدا مېنى ھەممىڭلارنىڭ ئال-
دىغا قويىدۇ جۇمۇ؟

**مۇلاھىزە:**

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ھەر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان. ھەرقانداق ئادەمنىڭ باشقىلار ئورنىنى ئالالمايدىغان ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. پەقەت ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئۇستۇنلۇك ئارقىلىق كەمچىلىكنى تولۇقلىغاندىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىشەنچ

ئېتىراپ قىلىش ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مۇشۇنداق روھىي قوزغىتىش بولمىسا ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىششى مۇمكىن ئەمەس.

— ئېينشتېين

بىر پسىخولوگىيە پىروفېسسورى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپتۇ: ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالدى ـ كەينى ئىككى رەت تىزغۇزۇپتۇ، ئاندىن ئارقا رەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ياردەمگە تەييار تۇرۇشقا، «باشلاڭلار» دېگەندىن كېيىن ئالدىنقى رەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرىنى كەينى رەتتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ ۋە: — ئالدىنقى رەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەندىشە قىلماي، ئۆزۈڭلارنى كەينىڭلارغا قورقماي تاشلاڭلار. بولدى، باشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.



بۇ تەجرىبە ئالدىنقى رەتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قىزىق بىلىنىپتۇ. ئۇلار پىروفېسسورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ بەدىنىنى ئارقىغا ئاستا قىيسايتىپتۇ ـ يۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ئامال بار ساقلاپ، ئۆزىنى بىراقلا تاشلاشتىن قورقۇپتۇ.

لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنداق قىلمىغانلارمۇ بار ئىكەن. بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى پىروفېسسورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئۆزىنى ئارقىغا بىراقلا تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھى زىلۋا قىز بولۇپ، ساۋاقدىشىنىڭ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋۋال سەل تەمتىرەپتۇ، ئارقىدىنلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ كۈچىنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئوغۇل ساۋاقدىشىنى يۆلەپ تۇرۇپتۇ.

نەتىجىدە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ.

پسىخولوگىيە پىروفېسسورى بۇ بىر جۈپ قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆپچىلىككە: ــ بۇ ئىككىيلەننىڭ ئىپادىسى ھەممىدىن ياخشى بولدى. بۇ يىگىت كۆپچىلىككە «ئىشىنىش» دېگەن نومۇرنى كۆرسەتتى. ئىشىنىش دېگەن نېمە؟ ئىشىنىش دېگىنىمىز كۆڭۈلدىكى گۇمان بىلەن ئەندىشىنى يوقىتىپ، باشقىلارغا تولۇق ئىشىنىش دېگەن گەپ. بۇ قىز ئوقۇغۇچىمىزنىڭ كۆپچىلىككە ئورۇنداپ بەرگىنى «ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ» دېگەن نومۇر. ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ، دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە گۈلنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېگەنلىك، ناۋادا ئىشىنىشنىڭ ئىللىق باھار شامىلى ئۆزىنى ئايىسا، ئۇ ھالدا بۇ گۈل بەلكىم تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىچىدە غۇنچە پېتىدىلا نابۇت بولۇپ، ئېچىلىش ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن؛ ئەلۋەتتە، ئەگەر ئىشىنىشنىڭ باھار شامىلى ئۇنى مېھرىبان ۋە ئىللىقلىق بىلەن يەلپۈسە، ئۇ ھالدا ئىشىنىشكە ئېرىشكەن ئادەمدە ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ پەيدا بولىدۇ. خۇددى سىلەر بايا كۆرگەندەك پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرغان ئاجىز بىر قىز ئاشۇ يولۋاستەك بەستلىك بىر يىگىتنى يۆلەپ تۇرالىدى. مۇھەببەتكە تولغان قول گۈزەللىككە تولغان رەڭدار دۇنيانى كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. ساۋاقداشلار، ئىشىنىشكە ئەرزىش ئىنتايىن چوڭ بەخت، باشقىلارغا ئىشىنىش بولسا ئالىيجاناپلىقنىڭ ئىپادىسى. بىز ئاۋۋال ئالىيجاناپ ئادەم بولۇشنى، ئاندىن بەختلىك ئادەم بولۇشنى سىناپ باقساق بولىدۇ.



**مۇلاھىزە:**

باشقىلارغا ئىشەنگەندىلا ئاندىن باشقىلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقىلى بولىدۇ. باشقىلارغا ئىشىنىش كۆڭۈلمىزدىكى گۇمان ۋە ئەندىشىنى تۈگىتىدۇ. باشقىلارغا ئىشەنسەك ۋە ئىرىشىپ ئۆزىمىزنى ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان قىلىپ چىقالىساقلا بىزنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقىمىز تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# توپ مەيدانىدىكى دوستلۇق

بىر تال قارلىغاچنىڭ كەلگىنى باھارنىڭ كەلگىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ـــ كرىلوف

NBA مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىدا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ماھىر پىپپېن ئۆزى يالغۇز 33 نومۇر ئېلىپ، جورداندىن ئۈچ نومۇر ئارتۇق ئېلىپ، بۇقا كوماندىسىدىكى جورداندىن كۆپ نومۇر ئالغان تۇنجى توپچى بولۇپ قالدى. مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن جوردان پىپپېن بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزى ياشقا تولىدۇ.

جوردان بۇقا كوماندىسىدىكى ۋاقتىدا پىپپېن مۇشۇ كوماندىدىكى جوردانىنى بېسىپ چۈشىشىدىن ئۈمىد ھەممىدىن زور يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ماھىر ئىدى. ئۇ جوردانغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايتتى، يەنە تېخى دائىم جورداننىڭ بەزى تەرەپلەردە ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆنەلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى دەپ يۈرەتتى. جوردان بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇن تەھدىت سېلىشى سەۋەبلىك ئۇنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەكسىچە دائىم ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ.

بىر قېتىم مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جوردان پىپپېندىن: ـــ ئۈچ نومۇرلۇق توپنى قايسىمىز ياخشى ئاتىمىز؟ ـــ دەپ سورىغىنىدا، پىپپېن كۆڭلى پاراكەندە ھالدا: ـــ بىلىپ تۇرۇپ سورىغىنىڭ نېمىسى؟ ئەلۋەتتە سەن ياخشى ئاتىسەن! دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى شۇ مەيدان مۇسابىقىدا جوردان ئاتقان ئۈچ نومۇرلۇق توپنىڭ گارغا چۈشۈش نىسبىتى 28.6%، پىپپېننىڭ 26.4% ئىدى. لېكىن جوردان كۈلۈپ تۇرۇپ: ـــ ياق، سەن ياخشى ئاتىسەن، سېنىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپ ئاتقاندىكى ھەرىكىتىڭ قېلىپلاشقان بولۇپ، شۇنداق تەبىئىي ئىكەن، سەن ھەقىقەتەن

تۇغما تالانت ئىگىسى ئىكەنسەن، كېيىن چوقۇم تېخىمۇ ياخشى ئاتىدىغان بولىسەن. لېكىن مەنچۇ! مېنىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپ ئېتىشتا نۇرغۇن ئاجىزلىقىم بار، ئۇنىڭدىن باشقا مەن گارغا توپنى كۆمتۈرۈپ سالغاندا كۆپىنچە ئوڭ قولۇمنى ئىشلىتىمەن، سول قولۇمنى قوشۇمچە قىلىدىغان ئادىتىم بار. سەن بولساڭ ئىككىلا قولۇڭنى تەڭ ئىشلىتەلەيدىكەنسەن، — دەيدۇ. بۇ ئىنچىكە ھالقىلارغا پىنپېن ئۆزىمۇ دىققەت قىلمىغان بولۇپ، جورداننىڭ بۇنداق شەخسىيەتسىزلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككىسى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ، پىپپېنمۇ بۇقا كوماندىسىدىكى 17 مەيدان مۇسابىقىدا ئالغان نومۇرى جورداندىن ئېشىپ كەتكەن تۇنجى ماھىر بولۇپ قالىدۇ. جورداننىڭ بۇ خىل شەخسىيەتسىزلىك پەزىلىتى بۇقا كوماندىسىغا بىتچىت قىلغىلى بولمايدىغان ئۇيۇشۇش كۈچى ئاتا قىلىپ، بۇقا كوماندىسىنى قايتا ـ قايتا مۆجىزە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى كوللېكتىپقا نىسبەتەن ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلانمايدۇ. كوللېكتىپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىلا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت بولىدۇ. شۇڭا، بىزنى مىزدىكى ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەربىر ئادەم بىلەن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتسەكلا، كۆپچىلىك بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئون تۆتىنچى باب كەڭ قورساق بولۇپ، كۆڭۈل ئىناقلىقىنى بەرپا قىلىڭ

بىر مۇتەپەككۇر مۇنداق دېگەنىكەن: خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەپۇ قىلىش مۇقەددەس ئىش. كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويۇشنىڭ نەتىجىسى ئاجايىپ شېرىن بولىدۇ. بىر قېتىم يول قويۇشنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ قورسىقى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. قورساق كەڭ بولسا دوستتىن بىرى كۆپىيىپ، دۈشمەندىن بىرى ئازىيىدۇ. ئەپۇ قىلىشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ھاياتى تۈگىمەس ئۆچمەنلىك ۋە ئۆچ ئېلىش بىلەن تولغان بولىدۇ. يول قويۇش بىلەن كەڭ قورساقلىق ھەرگىزمۇ ئاجىزلىقنىڭ ۋە قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى كۆيۈنگەنلىك، ھالىغا يەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنى ئۆزىمىزدەك چاغلاپ، ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلانساقلا باشقىلار بىلەن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتەلەيمىز، ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ دوستقا ئايلاندۇرالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىك ئادرېسى

# چۈ بەگلىكى بىلەن لياڭ بەگلىكى

كەڭ قورساقلىق پەيدا قىلغان ئەخلاق جەھەتتىكى تەۋرىنىش جازالاش پەيدا قىلغان تەۋرىنىشتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق.

ــــ سۇخوملىنسكىي

يىغىلىق دەۋرىدە چۇ بەگلىكى بىلەن لياڭ بەگلىكى چېگراداش بولۇپ، چېگرادا ئۆزلىرىنىڭ چېگرا كۆزەتخانىسىنى بار ئىكەن. كۆزەتچى چېرىكلەر ئۆزلىرىگە تەۋە يەرگە تاۋۇز تېرىپتۇ. لياڭ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى ئىشچان بولۇپ تاۋۇزلۇقنى ئوتاپ، سۇغىرىپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا تاۋۇزلىرى ناھايىتى ياخشى ئۆسۈپتۇ؛ چۇ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى بولسا ھورۇنلۇق قىلىپ، تاۋۇزنى تېرىپ قويۇپلا پەرۋىشى بىلەن كارى بولماپتۇ، تاۋۇز ياخشى ئۆسمەپتۇ، ئۇلارنىڭ تاۋۇزىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى لياڭ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى تېرىغان تاۋۇزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىكەن. چۇ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئىچى تارلىقى كېلىپ، بىركۈنى كېچىسى لياڭ بەگلىكى چېرىكلىرىنىڭ تاۋۇزلىقىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، ئۇلارنىڭ تاۋۇزلىرىنىڭ پېلەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى چانىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لياڭ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، ناھىيەنىڭ ھاكىمى سۇڭ جيۇغا دېلو مەلۇم قىلىپ: ــ بىزمۇ ئۇلارنىڭ تاۋۇزىنىڭ پېلەكلىرىنى چانىۋەتسەك بولغىدەك، ــ دەپتۇ. سۇڭ جيۇ: ــ بۇنداق قىلساڭلارغۇ ھەقىقەتەن دەردىڭلار چىقىدۇ. لېكىن، ئۆزىمىز ئۇلارنىڭ تاۋۇزلىرىمىزنىڭ پېلىكىنى چانىۋېتىشىنى خالىمايدىغان تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تاۋۇزلىرىنىڭ پېلىكىنى چانىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ باشقىلارنىڭ قىلغىنى خاتا تۇرسا، بىزمۇ ئۇلار قىلغاننى قىلساق، كالتە پەملىك قىلغان بولىمىز. گېپىمنى

ئاڭلاپ، بۈگۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇلارنىڭ ناۋازلىقىنى سۈيۈپ، ئۇلارنىڭ ناۋازىغىمۇ ياخشى ئۆسۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىڭلار، بۇ قىلغىنىڭلارنى ئۇلار چوقۇم چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ، — دەپتۇ. لياڭ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى سۇڭ جيۇنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتۇ.

چۇ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناۋازلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشى ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەستايىدىل كۆزىتىش ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى ناۋازلارنى سۈيۈۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشقا ئادەم ئەمەس، دەل لياڭ بەگلىكىنىڭ چېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ چېگرا ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ ۋە بۇ ئىشنى چۇ بەگلىكىنىڭ خانىغا دوكلات قىلىدۇ.

چۇ بەگلىكىنىڭ خانى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن تەسىرلىنىپ، گۇناھىنى تونۇپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە كاتتا سوۋغات تەييارلاپ چۇ بەگلىكىگە ھەدىيە قىلىدۇ. نەتىجىدە دۈشمەنلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى بەگلىك ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ قالىدۇ.



**مۇلاھىزە:**

تۇمۇشتا يۈز بەرگەن ئىشلارغا چىدىغۇدەك بولسا چىداش، بولدى قىلىۋەتكىدەك بولسا بولدى قىلىۋېتىش كېرەك. يول قويۇش بىلەن كەڭ قورساقلىق ھەرگىزمۇ ئاجىزلىقنىڭ ۋە قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى كۆيۈنگەنلىك، ھالىغا يەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنى ئۆزىمىزدەك چاغلاپ، ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلانساقلا باشقىلار بىلەن ئېجىل - ئىناق ئۆتەلەيمىز، ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ دوستقا ئايلاندۇرالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارىخى

# بوغا گۆشى

ئەپۇ قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ھاياتى ئايىغى چىقمايدىغان ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ.

ـــ ئوساجىئورلى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئارمىيەسى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسى ئورمانلىقتا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىر كېچە قاتتىق تۇتۇشقاندىن كېيىن ئەنگلىيەنىڭ ئىككى ئەسكىرى قىسىمدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى ئەسكەر بىر يۇرتلۇق ئىدى.

ئەنگلىيەلىك بۇ ئىككى ئەسكەر ئورمانلىقتا ئۆز ئارا مەدەت ۋە تەسەللى بېرىشىپ ئىنتايىن تەستە يول تېپىپ ماڭىدۇ. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپمۇ قىسىم بىلەن يەقەتلا تېپىشالمايدۇ. ئۇلار بۇ ئون نەچچە كۈننى ئۆزلىرى ئوۋلىغان بۇغىنىڭ گۆشىنى يەپ ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتكۈزگەنىدى. لېكىن شۇنچە چوڭ ئورمانلىقتا ئۇلارغا شۇ بىر بۇغىدىن باشقا ھېچقانداق ھايۋان ئۇچرىمايدۇ. ياشراق كەلگەن ئەسكەر ئازراقلا قالغان بۇغا گۆشىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. بىر كۈنى ئۇلار يەنە دۈشمەنگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېتىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەپچىللىك بىلەن دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەمدى بىخەتەر بولدۇق، دەپ تۇرىشىغا «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئالدىدا كېتىۋاتقان ياش ئەسكەرنىڭ مۈرىسىگە ئوق تېگىدۇ. ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەر ئالاقزەدە بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ قورقىنىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالغانىدى، ئۇ سەپدىشىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ ۋە دەرھال كۆينىكىنى يىرتىپ سەپدىشىنىڭ يارىسىنى تاڭىدۇ.

شۇ كۈنى كېچىچە ئامان قالغان ئەسكەر كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە

ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى توختىماي يادلاپ ئولتۇرىدۇ. ھەر ئىككىلىسىگە بۇگۈن تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا قىلاتتى، ئۇلار ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكىنىگە قارىماي، بۇغا گۆشىگە قاراپمۇ قويمايدۇ. كېچىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى نامەلۇم! ئەتىسى قىسىم ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ، ھېلىقى يارىلانغان ئەسكەر جېكقا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ: ــ ئوقنى كىمنىڭ ئاتقانلىقى ماڭا ئايان. ئوقنى مېنىڭ ئاشۇ سەپدىشىم ئاتقان. ئۇ مېنى قۇچاقلىۋالغاندىلا ئۇنىڭ مىلتىقىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەنىدىم. ئۇنى ماڭا ئوق چىقىرىدۇ، ــ دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنى شۇ چاغدىلا كەچۈرۈۋەتتىم. ئۇنىڭ ئۆشنەمدىكى ئاشۇ ئاز قالغان بۇغا گۆشىنى يالغۇز يېگۈسى بارلىقىنى بىلەتتىم، ئۇنىڭ ئاپىسىنى دەپ هايات قالماقچى بولغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مەن ئۇ ئىشلارنى بىلمىگەن بولۇپ يۈرۈۋەردىم، پەقەت تىلغا ئالمىدىم. ئۇرۇش ھەقىقەتەن رەھىمسىز، ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇ كەلگىچىلا ئۇ ئالەمگە كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسىغا تەزىيە بىلدۈردۈم. شۇ كۈنى ئۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى، مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلغىلى قويمىدىم. چۈنكى مەن ئۇنى ئاللىقاچان كەچۈرۈۋەتكەنىدىم، شۇنداق قىلىپ بىز يەنە نەچچە ئون يىل دوست بولۇپ ئۆتتۇق.



**مۇلاھىزە:**

بىر مۇتەپەككۇر مۇنداق دېگەنىكەن: «قانغا قان، جانغا جان دەپ ئولتۇرساق ئاداۋەت مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ئاداۋەتكە مۇھەببەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرساقلا ئاداۋەت ئۆزلىكىدىن تۈگەپ كېتىدۇ». باشقىلارنىڭ قىلغان زىيانكەشلىكىگە يامانلىقتا ياخشىلىق قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ھەر ۋاقىت ئۆزىمىز ئۇچرىغان زىيانكەشلىكمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تورىسى

# بۇرۇنقى ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىڭ

كەڭ قورساقلىق مەخسۇس باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن تىلنى تۈزەيدۇ.

— خومېر

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى، سۇ جۇدا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ۋابا تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سۇجۇ ئايمىقى ۋابانى تىزگىنلەش ئۈچۈن مەخسۇس شىپاخانا تەسىس قىلىپ، شۇ يەردىكى داڭلىق تېۋىپلارنى نۆۋەتلىشىپ كېسەل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

بىركۈنى بىر يايى دوختۇرخانىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، تېرىسىمۇ سارغىيىپ كەتكەنىدى. داڭلىق تېۋىپ شۆ شۆ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ پىششىپ قالغانلىقىنى، ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئاخىرەتلىك» ئىشلىرىغا تەييارلىق قىلىشنى ئېيتىدۇ. يايى شىپاخانىدىن يىغلىغىنىچە چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىشقا كېلىۋاتقان داڭلىق تېۋىپ يې تيەنشىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يې تيەنشىڭ يايىنىڭ كېسىلىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ بىر خىل زەھەرلىك پاشا يوقتىش كۆجىسىنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكەنلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا بىر قاپ زەھەر قايتۇرۇش دورىسى بېرىدۇ. يايى بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن كېسىلى ناھايىتى تېز لا تولۇق ساقىيىپ كېتىدۇ.

بۇ ئىش ناھايىتى تېزلا شۆ شۆنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. شۆ شۆ يېتيەنشىڭ مېنى قەستەن كەم سۇندۇرۇپ، ئۆزىنى كۆتۈردى، — دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيى بىر كوچىدا بولۇپ، داڭقى ئوخشاشلا كەڭ تارقالغانىدى. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر دائىم ئۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرىدىغان بولغاچقا،

ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بۇرۇنلا ئاز ـ تولا ئازارلىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. شۆ شۆ ئۇيلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي، قەسىرىگە «ساۋيېجۋاڭ قەسىرى» (‹غازاڭ سۇپۇرۇش› دېگەن مەنىدە. چۈنكى، يې تيەنشىڭنىڭ پەمىلىسىدىكى ‹يې› خېتى ‹يوپۇرماق، غازاڭ› دېگەن مەنىدە ـــ تەرجىماندىن) دەپ ئىسىم قويىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يې تيەنشىڭمۇ بوش كەلمەي قىرائەتخانىسىنىڭ ئىسمىنى «تاشۆجەي» (‹قار دەسسەش› دېگەن مەنىدە. چۈنكى، تېۋىپ شۆ شۆنىڭ ئىسمىدىكى ‹شۆ› خېتى ‹قار› دېگەن مەنىدە ـــ تەرجىماندىن) دەپ ئۆزگەرتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىسىنىڭ باردى ـ كەلدىسى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ يې تيەنشىڭنىڭ 80 دىن ئېشىپ قالغان ئانىسى ئاغرىپ قالىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا مومايغا «بەيخۇتاڭ» دېگەن دورىنى بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ دورا بەك كۈچلۈك بولغاچقا، يې تيەنشېڭ ئاجىزلاپ كەتكەن ئانىسىنىڭ كۆتۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دورىنى ئىشلىتىشتىن قورقۇپ، ئانىسىغا مۆتىدىلراق دورىنى بېرىدۇ. نەتىجىدە ئانىسىنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولمايدۇ.

شۆ شۆ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يې تيەنشىڭنىڭ ئانىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىدۇ ۋە: ـــ بۇ كېسەلگە «بەيخۇتاڭ» دىن باشقا دورا كار قىلمايدۇ. دورىنى كېسەلگە قاراپ بېرىش كېرەك، دورا كۈچلۈك بولسا نېمىدىن قورقۇلۇق؟ ـــ دەيدۇ. كىشىلەر شۆ شۆنىڭ گېپىنى يې تيەنشېڭغا يەتكۈزىدۇ. يې تيەشېڭ شۆ شۆنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئانىسىغا «بەيخۇتاڭ» دېگەن دورىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ كېسىلى ساقىيىدۇ. يې تيەنشېڭ شۆ شۆگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئالايتەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ: ـــ تېۋىپنىڭ ۋەزىپىسى كېسەل داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇش تۇرسا، بىز ئاداۋەت ساقلاپ دۈشمەنلىشىپ نېمىمۇ قىلارمىز؟ ـــ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىيلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

442

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

كەڭ قورساقلىق باشقىلارنىڭ ئۇششاق سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە باشقىلارغا ئوچۇق - يورۇق بولۇش، ئاداۋەت ساقلىماسلىق، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاداۋەت ساقلىماسلىق، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش» تېخىمۇ قىممەتلىك بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ خىسلىتىنىڭ ئالىيجاناپلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.





# قولىڭىزدىكى مىلتىقنى تاشلىۋېتىڭ

كەڭ قورساقلىق ئۆچ ئېلىشتىن مىڭ ياخشى. چۈنكى، كەڭ قورساقلىق مېھرىبانلىقنىڭ سىمۋولى، ئۆچ ئېلىش بولسا رەھىمسىزلىكنىڭ بەلگىسى.

— ئېپىكتېتوس

خاگېننىڭ ئاجايىپ ئوماق بىر كۈچۈكى بولۇپ، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن قوشنىسىنىڭ ئىتى ئۇنىڭ كۈچۈكىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. خاگېن بۇنىڭلىق بىلەن ئېلىشىپ قالايلا دەيدۇ ۋە قاتىلنى ئۆلتۈرۈپ، كۈچۈگۈمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، — دەپ قەسەم قىلىدۇ.

خاگېننىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا قايىل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوغلىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا باشلاپ چىقىدۇ.

— كۈچۈكۈڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىت مۇشۇ يەردە، — دەيدۇ خاگېننىڭ دادىسى، — ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىڭ بولسا، بۇ تولىمۇ ئاسان. ئۇ ئوغلىغا مىلتىقنى ئۇزاتتى. خاگېن ئاتىسىغا تەشۋىشلىنىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتتى.

خاگېننىڭ دادىسى ئىتنى قارىغا ئالىدۇ. قوشنىسىنىڭ قارا ئىتى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھىڭگاڭ چىشلىرىنى چىقىرىپ، قىپقىزىل تىلىنى ساڭگىلىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئەركىلەۋاتاتتى. خاگېن تەپكىنى باساي دەپ تۇرۇشىغا كاللىسىغا تۈمەن مىڭ خىيال كىرىۋالدى. دادىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى توختىماي تېپىچەكلەيتتى. كاللىسىدا دادىسىنىڭ — ھاياتقا مەسئۇل بولۇشىمىز، ئوچۇق - يورۇق، ئاق كۆڭۈل، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان ئادەم بولۇشىمىز، كېرەك دېگەن تەربىيەسى؛ ئاپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان

لىۋىقىسىنى چېقىۋەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولۇنقىدەكلا ئامراقلىق قىلىدىغانلىقى خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە نامايەن بولىدۇ. ئۇ يەنە پارسونىڭ ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندا دېگەن ــ تەڭرىدىن ئۇ ئۆمرىگە كەڭچىلىك قىلىشنى تىلىگەنگە ئوخشاش باشقىلارغىمۇ كەڭچىلىك قىلىشنى تىلىشىمىز لازىم، دېگەنلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولىدۇ.

مىلتىق بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتاتتى، نىشانمۇ بارغانسېرى خىرەلەشمەكتە ئىدى. خاگېن مىلتىقنى چۈشۈرۈپ دادىسىغا قارايدۇ. دادىسى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوغلىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ــ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن ئوغلۇم، ــ دەيدۇ. خاگېن شۇ ۋاقىتتىلا دادىسىنىڭ ئۆزىنى تەپكىنى ھەرگىز باسمايدۇ، ــ دەپ ئويلىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. خاگېن ئاقىلانىلىق ۋە تىرەنلىك بىلەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدىن قارار چىقارغانىدى.

خاگېن مىلتىقنى قويۇپ، ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ دادىسى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قارا ئىتنى باغلاقتىن بوشىتىدۇ، قارا ئىت خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال بولغاندەك ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە سۈركىلىپ، قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئەركىلەشكە باشلايدۇ.

445

**مۇلاھىزە:**

كەڭ قورساقلىق قىساس ئوتىنى ئۆچۈرىدىغان ياخشى دورا. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئادەمگە نىسبەتەن كەچۈرگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق. باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش بىلەن تەڭ كۆڭلىمىزدىكى ئۆچمەنلىكمۇ يوقايدۇ.

# كەمتەر ھەم خۇش پېئىل بوكس شاھى

باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان ئادەم باشقىلارنى كەچۈرۈشنى بىلمەيدۇ.

— خېربارت

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق بوكس شاھى جون لۇيىس ئىنتايىن قەيسەر بولۇپ، نۇرغۇن كۈچلۈك رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇ ئادەتتە ئىنتايىن كەمتەر ۋە خۇش پېئىل بولۇپ، مۇسابىقىدىكى ۋەھشىي ھالىتىگە ئازراقمۇ ئوخشىمايتتى.

بىركۈنى ئۇ دوستى بىلەن ۋېلسىپىتلىك سىرتقا چىقىدۇ، يولدا ئۇلارنى بىر يۈك ماشىنىسى سوقۇۋېتىدۇ. ماشىنىنىڭ شوپۇرى ماشىنىدىن چۈشۈپ جۇدىنى تۇتقان ھالدا ئۇلارنى قاتتىق تىللاپ كېتىدۇ.

شوپۇر كەتكەندىن كېيىن دوستى لۇيىستىن: — نېمىشقا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

لۇيىس كۈلگىنىچە: — ئەگەر بىرەرسى ناخشا چولپىنى كارۇسنى ھاقارەت قىلسا، سىنىڭچە كارۇس ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرەرمۇ؟ — دەپ سورايدۇ جاۋابەن.



**مۇلاھىزە:**

باشقىلارنىڭ پاراكەندە ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندا چوقۇم كەڭ قورساق ۋە سوغۇققان بولۇش، ھەرگىزمۇ ئالدىراپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك كېرەك. بۇ ھەم باشقىلارغا قىلىنغان سەۋر ــ تاقەت ھەم ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تارىسى

# تۈرمىدىكى ماندېلا

باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلالايدىغان ئادەم، ئۆزىمۇ كەڭچىلىككە ئېرىشەلەيدۇ.

— بەيلېي

ئافرىقا زۇڭتۇڭى ماندېلا ئافرىقىنىڭ ئىرق كۈرىشىگە ئۆزىنى ئاتىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، قاقاس ئاتلانتىك ئوكياندىكى روبېن ئارىلىدا 27 يىل تۈرمىدە ياتىدۇ. گۇندىپايلار ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭغا خۇددى ياش جىنايەتچىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە زۇلۇم قىلىدۇ.

روبېن ئارىلىدا تاغ جىنسلىرى ئىنتايىن قۇيۇق بولۇپ، دېڭىز يىلپىزى، يىلان دېگەندەك نەرسىلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ماندېلا باش لاگېردىكى «سىنىك ئۆي»گە قامالغان بولۇپ، كۈندۈزى تاش چاقاتتى، بەزىدە نەشتەردەك سوغۇق دېڭىز سۈيىگە چۈشۈپ لامىنارىيە سۈزسە، بەزىدە ھاك تاش قازاتتى — ھەر كۈنى سەھەردە تىزىلىپ تاش مەيدانىغا كېلىپ، پوت ـ قولىدىكى كويزا ـ كىشەن بوشىتىلغاندىن كېيىن ئاجايىپ چوڭ ھاك تاش مەيدانىدا جوتۇ ۋە تۆمۈر گۈرجەك بىلەن ھاك تاش كولايتتى. ئۇ مۇھىم جىنايەتچى بولغاچقا ئۇنىڭغا ئۈچ ئادەم قارايتى. بۇ ئۈچى ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك قىلىپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا زۇلۇم سالاتتى.



ماندېلا تۈرمىدىن چىقىپ ئافرىقىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغاندىن كېيىن كۆڭلىدە ھېچقانداق ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدىكى ئىشى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىلاھ» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سىياسىي ساھەدىكى مۇھىم ئەربابلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتكىنىدىن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلىدىغان ئىشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روبىن ئارىلى تۈرمىسىدە ئۆزىگە قارىغان ئۈچ گۇندىپاينىڭمۇ بۇگۈنكى بۇ مۇراسىمگە قاتناشقانلىقى ئىكەنلىكىنى دەپ كېلىپ، ئۇ ئۈچەيلەننى ئورنىدىن تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرىدۇ.

ماندېلانىڭ بۇنداق كەڭ قورساقلىقلىقى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى 27 يىل قىيىنىغان گۇندىپايلارنى خىجىل قىلىدۇ، شۇنداقلا مەيداندىكى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ياشىنىپ قالغان ماندېلا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بۇرۇن ئۆزىنى قىيىنىغان بۇ ئۈچ گۇندىپايغا ھۆرمەت بىلدۈردى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەيدان، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

ماندېلا دوستلىرىغا مۇنداق دېدۇ: ــ ياش ۋاقتىمدا ئالدىراڭغۇ ئىدىم، مىجەزىممۇ بەك چۇس ئىدى. تۈرمىدىكى ھايات ماڭا كەيپىياتىمنى تىزگىنلەشنى ئۆگەتتى، شۇڭلاشقىلا ياشاپ كېلەلىدىم. تۈرمىدىكى ھايات ماڭا ۋاقىت ۋە ئىلھام ئاتا قىلدى، شۇنداقلا ئۇچرىغان ئازابنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەتتى. مىننەتدارلىق بىلەن كەڭ قورساقلىق كۆپىنچە ھاللاردا دەرد ـ ئەلەم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىنتايىن زور كۈچلۈك ئىرادە ئارقىلىق چېنىقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ــ دەيدۇ.

ماندېلا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن كۈنى تولىمۇ خاتىرجەم ھالدا: ــ ماڭا ئەركىنلىك ئاتا قىلىدىغان تۈرمىنىڭ ئاشۇ دەرۋازىسىغا قاراپ قەدەم ئالغىنىمدا قەلبىمدىكى ئازاب ۋە ئۆچمەنلىكنى ئارقامغا چۆرۈپ تاشلىۋەتمىسەم يەنىلا شۇ تۈرمىدە تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولىدىكەنمەن، دېگەنلەرنى ئىنتايىن چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**مۇلاھىزە:**

قانغا قان، جانغا جان دېيىش توغرا ئەمەس. بۇرۇن ئۆزىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى كەچۈرسەك ۋە قوبۇل قىلساقلا روھىي جەھەتتىكى ئەركىنلىككە ئىگە بولالايمىز. ئەگەر قەلبىمىزنى باشقىلارغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن لىق تولدۇرۇپ، بىزگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى كەچۈرمىسەك، باشقىلارنى ئازابقا دۇچار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ روھىمۇ بۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.





# تاۋۇزلۇقتىكى ۋەقە

باشقىلارغا قىلىنغان مېھربانلىق مەڭگۈ بىكارغا كەتمەيدۇ. گەرچە مېھربانلىقنى بەھرىمان بولغۇچىدا ھېچقانداق ئىپادە بولمىغان تەقدىردىمۇ، مېھربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزى نەپكە ئېرىشىدۇ.

— كاتو

1939 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ساما ياش يىگىت تونى شېئىرنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ. شۇ چاغدا سامانىڭ ئۆيى يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر مىل كېلىدىغان جايدا بولۇپ، تونىنى بېرە ئورۇشۇپ بېرەمدىكىن دەپ ئىزدەپ كەلگەنىدى. بۇ تونى شېئىرنىڭ تۇنجى قېتىم ھەق ئالىدىغان ئىشنى قىلىشى بولۇپ، ئۇلار سائىتىنى 12 تىيىنگە پۈتۈشىدۇ. شۇ چاغلاردا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى تازا چېكىنگەن ۋاقىت بولۇپ، بۇ خېلى يۇقىرى ھەق ھېسابلىناتتى.

بىر كۈنى ساما لىق تاۋۇز بېسىلغان بىر قارا ماشىنىنىڭ ئۆزىنىڭ تاۋۇزلىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ تاۋۇزلىقىغا ئوغرى چۈشكەنىدى.

ساما شوپۇرنى تېزلا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ ئويلاپ، تونىنى كۆزى ئېچىلىپ قالسۇن دېگەن مەقسەتتە ئۇنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئېلىپ قالىدۇ. ئارىدىن ھېچقانچە ئۆتمەيلا شۇ يەردە ئۇرۇش - جېدەل ۋە ئوغرىلىقتا سېسىق نامى پۇر كەتكەن بىرسىنىڭ تەتۈر ئۇستىخان ئىككى ئوغلى پەيدا بولىدۇ. قارىغاندا ئۇلارنىڭ پەيلى بەكلا ياماندەك قىلاتتى.

ساما ناھايىتىمۇ مۇلايىملىق بىلەن: — ھەي، سىلەر تاۋۇز ئالغىلى كەلدىڭلارغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورايدۇ.

ئۇ ئىككىسى جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن خېلىغىچە سۈكۈتكە چۆكىدۇ، ئاندىن: —

شۈنداق، تاۋۇز ئالغىلى كەلدۇق، بىرىنى نەچچە پۇلدىن ساتىسەن؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ــ بىرى 25 تىيىن.

ــ بولىدۇ، سەن بىزگە ياردەملىشىپ ماۋۇ ماشىنىنى چىقىرىشىپ بەر، باھايىڭمۇ مۇۋاپىق ئىكەن.

بۇ سامانىڭ شۇ يىلى يازدا قىلغان ئەڭ چوڭ سودىسى ئىدى. ئۇ يەنە تېخى بىر مەيدان خەتەرلىك ماجرادىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ساما تونىغا قاراپ كۈلگىنىچە: ــ بالام، دۈشمىنىڭگە كەڭ قورساق بولالمىساڭ، ئۇ چاغدا دوستۇڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن، ــ دەيدۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ساما قازا قىلىدۇ. لېكىن تونى ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ، ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشلەمچىلىككە چىققاندا ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئېسىدە مەڭگۈ ساقلايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

كەڭ قورساقلىق بىلەن يول قويۇشنىڭ نەتىجىسى ئاجايىپ شېرىن بولىدۇ. بىر قېتىم يول قويۇشنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ قورسىقى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. قورساق كەڭ بولسا دوستتىن بىرى كۆپىيىپ، دۈشمەندىن بىرى ئازىيىدۇ.





# ياخشىلىقنى ئېسىدە ساقلاپ، يامانلىقنى ئۇنتۇپ كېتىش

باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش ياخشى ئىش. لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش تېخىمۇ ياخشى.

— بىرۋۇنىڭ

بىر قېتىم بىر يازغۇچى ئال، ماشىۋ دېگەن ئىككى دوستى بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىدۇ.

ئۇچەيلەن بىر تىك ياردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ماشىۋ ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالىدۇ. ئال چاققانلىق بىلەن ماشىۋنىڭ چاپىنىنىڭ پىشنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ ياخشىلىقنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاش ئۈچۈن قاتتىق تەسىرلەنگەن ماشىۋ يېقىن ئەتراپتىكى يوغان بىر پارچە تاشقا: ــ مانچىنچى يىلى مانچىنچى ئاينىڭ مانچىنچى كۈنى ئال مۇشۇ يەردە ماشىۋنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، دېگەن خەتنى ئويۇپ قويىدۇ.

ئۇچەيلەن يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كېلىدۇ. يول ئازابى چارچىتقانمۇ قانداق، ئال بىلەن ماشىۋ ئەرزىمەس بىر ئىش سەۋەبىدىن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. ئال ئاچچىقىدا ماشىرغا بىر شاپىلاق سالىدۇ.

ماشىرنىڭ تاياق دەستىدىن كۆزىدىن ئوت چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن قول ياندۇرماي يۈگۈرگىنىچە بېرىپ قۇمغا: ــ مانچىنچى ئاينىڭ مانچىنچى كۈنى ئال مۇشۇ يەردە ماشىرنى بىر شاپىلاق ئۇرغان، دېگەن خەتنى يېزىپ قويىدۇ.

سەپەرمۇ تۈگەيدۇ. ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يازغۇچى قىزىققان

www.uyghurkitap.com

ھالدا ماشېردىن: ــ سەن نېمىشقا ئالنىڭ سېنى قوتقۇزغان ئىشىنى تاشقا ئويۇپ، سېنى ئۇرغان ئىشنى قۇمغا يېزىپ قويىسەن؟ ــ دەپ سورايدۇ.

ماشېر: ــ مەن ئالنىڭ جېنىمنى قوتقۇزۇپ قالغىنىغا مەڭگۈ ھۆرمەت ئېيتىمەن ۋە بۇ ئىشنى مەڭگۈ ئېسىمدە ساقلايمەن. ئۇنىڭ مېنى ئۇرغىنىنى بولسا، قۇمغا يېزىپ قويغان خەتنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىگە ئەگىشىپ پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

كەڭ قورساقلىق دېگەنلىك باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان شەپقىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاش، باشقىلارنىڭ بەرگەن ئازابىنى ئۇنتۇپ كېتىش، دېگەنلىك. ئۆچمەنلىك قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ئاتا قىلىش ئارقىلىق يېغىلىپ قالغان ئاداۋەتنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك.



# ئەپۇ قىلىش

خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، كەچۈرۈۋېتىشنىڭ ئۆزى مۇقەددەس ئىش.

— پوپېر

بوب خوۋېر تونۇلغان ئايروپىلاننى ئۇچۇرۇپ سىناق قىلغۇچى بولۇپ، دائىم ئاۋىياتسىيە كۆرگەزمىسىدە ئايروپىلان ئۇچۇرۇش ماھارىتى كۆرسىتەتتى. مەلۇم بىركۈنى ئۇ سان دىيېگو ئاۋىياتسىيە كۆرگەزمىسىدە ماھارەت كۆرسىتىپ بولۇپ، لوس ئانژېلېسقا قايتىش سەپىرىدە 300 مېتىر ئېگىزلىكتە كېتىۋاتقاندا ئىككى موتورنىڭ ئوتى تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۇ تېخنىكا جەھەتتىن پىشقان بولغاچقا ئايروپىلاننى يەرگە ئوڭۇشلۇق قوندۇرىدۇ. گەرچە ئايروپىلان ئېغىر زەخىملەنگەن بولسىمۇ ئادەم ساق قالىدۇ.

يەرگە مەجبۇرىي قونغاندىن كېيىن خوۋېرنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى ئايروپىلاننىڭ يېقىلغۇسىنى تەكشۈرۈش بولىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ شۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇكى، ئۇنىڭ ھەيدىگىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىشلىتىلگەن پروپېللېرلىق ئايروپىلان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاچىلانغىنى بېنزىن بولماستىن بەلكى رېئاكتىپ ئايروپىلانغا ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇ ئىدى.

ئۇ ئايرودۇرۇمغا قايتىپ كېلىپلا ئايروپىلان ئاسرىغۇچى مېخانىك بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ياش مېخانىك ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. خوۋېر ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە ئۇ قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتاتتى. چۈنكى بۇ مېخانىك ئاجايىپ قىممەت ئايروپىلاننى زىيانغا ئۇچراتقان، يەنە تېخى ئۈچ ئادەمنىڭ بېشىغا چىققىلى تاس قالغانىدى.

بۇ چاغدا بەلكىم سىز خوۋېر چوقۇم قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ھەم شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىغا ئىگە، ھەرقانداق ئىشتا ئازراقمۇ خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىگە يول

www.uyghurkitap.com

قويمايدىغان بۇ ئۇچقۇچى چوقۇم مېخانىكنىڭ بىخەستەلىكىنى قاتتىق سۆكىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن خوۋېر مېخانىكقا ئاھانەت قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنى تەنقىدلەپمۇ قويمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى مۇرەسسەسىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: — سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قايتا خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەتە مەن ھەيدەيدىغان ئايروپىلاننى داۋاملىق سېنىڭ تەكشۈرۈشىڭنى سورايمەن، — دەيدۇ.

**مۇلاھىزە:**

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئادەم باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۇرۇشنى تىنچلىققا ئايلاندۇرغانغا ئوخشاش ئۆزىمۇ قايتا پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىمايدىغان ھەم باشقىلارغا خاتالىقىنى تۈزىتىپ يېڭىباشتىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىدىغان ئىش تۇرسا، شۇنداق قىلمايدىغان نېمىسى بار؟

# ئۆچكە بىلەن ياۋا توشقان

جاھاندا باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرمەيدىغان ئادەمدىنمۇ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان ئادەم بولمايدۇ.

ــ لاروشفۇكو

ئۆچكە بىلەن ياۋا توشقان يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلماي ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ ياشايدىكەن. باشقا قۇشلار ئۆچكە بىلەن ياۋا توشقاننىڭ بۇ مۇناسىۋىتىگە بەكلا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇلار: ــ ئۆچكە بىلەن توشقاننىڭ پەرقى شۇنچە چوڭ تۇرسا، شۇنچە ئۆزۈن بىللە ياشاپمۇ پەقەت ئۇرۇشۇپ قالمايدىكەن، غەلىتە ئىشقۇ بۇ! دەپ ئويلاپتۇ. بەزى قۇشلار تېخى ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۆچكە يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياۋا توشقانغا: ــ ياۋا توشقان، سەن نېمىشقا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئۆچكە بىلەن بىللە تۇرىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار، ــ دەپتۇ ياۋا توشقان جاۋابەن، ــ ئۆچكە مېنىڭدىن كۆپ ياخشى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرسام ئۆزۈمنى ئاجايىپ خۇشال ھېس قىلىمەن.

ئەتىسى قۇشلار يەنە ياۋا توشقاننىڭ يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆچكىگە: ــ ئۆچكە، سەن نېمىشقا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ياۋا توشقان بىلەن بىللە تۇرىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭلار، ــ دەپتۇ ئۆچكە جاۋابەن، ــ ياۋا توشقان مېنىڭدىن كۆپ ياخشى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرسام ئۆزۈمنى شۇنداق خۇشال ھېس قىلىمەن.

ياۋا توشقان بىلەن ئۆچكىنىڭ دوستلۇقىنى تۇتقان پوزىتسىيەسىنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

قۇشلارنىڭ ئىلھامى قوزغىلىپ، ئۆزئارا ئىچىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، خۇشال ياشاش نىيىتىگە كېلىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

باشقىلار بىلەن ئىچىل ـ ئىناق ئۆتۈشنىڭ سىرى ــ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى قورسىقىغا سىغدۇرالايدىغان بولۇش ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپرەك كۆرۈش. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ كەمچىلىكى بىلەن سەرلەپ ـ مىسقاللاپ ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، نەزىرىمىزنى باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا قارىتىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب  ئۆزىڭىز مېھرىبان، قەلبىڭىز گۈزەل بولسۇن

شائىر بىروۋنىڭ مۇنداق دېگەن: «تەڭرى ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىردىن چىراغ ئورنىتىپ قويغان بولۇپ، بۇ چىراغ باشقا نەرسە بولماستىن دەل ۋىجداننىڭ ئۆزى». تۇرمۇشتا مېھرىبانلىق قانچىكى كۆپ بولسا تۇرمۇشنىڭ جەلپ قىلارلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇھەببەت كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئېتىقاد، مۇھەببەت بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ. چۈنكى، كۆڭلىڭىزدە مۇھەببەت بولغاندىلا ئاندىن تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، يولۇققان قىيىنچىلىقلار ئالدىدا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيسىز، مېھرىبان ئادەمنىڭ ھاياتى بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەببەتنىڭ كۈچى

روھتىن چىقىدىغان ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا ــ ئاق كۆڭۈللۈك.

ــ رومان. روللاند

يازغۇچى تولستوي كىشىلەرگە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن: مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئەلنى گۈللەندۈرمەكچى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئىشنى ھەل قىلغاندا ئەلنى تېخىمۇ باياشات، تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ــ دەپ ئويلاپتۇ. بىرىنچىسى، ئەڭ ياخشى ۋاقىت قايسى؟ ئىككىنچىسى، ئەڭ مۇھىم ئەرباب كىم؟ ئۈچىنچىسى، ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟ ۋەزىرلەر ۋاقىتنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەڭ ياخشىسى جەدۋەللەشتۇرۇش؛ دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئالىم تەربىيەلەش؛ نۆۋەتتىكى ھەممىدىن جىددىي ئىش ئىلىم ـ پەننى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇننى چىڭىتىش، دېيىشىپتۇ.



پادىشاھ بۇ جاۋابلاردىن قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ. شۇڭا ئۇ دەرۋىشتىن سورىماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. دەرۋىش يەر تېرىۋاتقانىكەن، پادىشاھ دەرۋىشنىڭ بۇ ئۈچ سوئالغا جاۋاب بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن دەرۋىش زۇۋان سۈرمەپتۇ. دەرۋىشنىڭ يەر چاناپ چارچاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ. قاش قارايغان مەزگىلدە يارىلانغان بىر بەستلىك ئادەم يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ بىلەن دەرۋىش ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئۇنى دەرۋىشنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى يارىدار ھوشىغا كېلىپ پادىشاھنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: ــ مەن سىلىنىڭ دۈشمەنلىرى، تۈنۈگۈن سىلىنىڭ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ يېنىشلىرىدا سىلىگە قەست قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىپ تۇرسام، سىلىنىڭ قاراۋۇللىرى سېزىپ قېلىپ مېنى تۇتماقچى بولۇپ قوغلاشتى. قېچىپ كېتىۋېتىپ يارىلاندىم ۋە ئويلىمىغان يەردىن سىلىگە ئۇچراپ

قالدىم. سىلىنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقلىرىغا رەھمەت، مەن ئەمدى سىلىنىڭ دۈشمەنلىرى ئەمەس، دوستلىرى بولىمەن، ــ دەپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھ يەنە دەرۋىشنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دەرۋىش: ــ سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى بېرىپ بولدۇمغۇ، ــ دەپتۇ.

ــ لېكىن سىلى ماڭا ھېچنېمە دېمىدىلىغۇ؟

ــ ناۋادا سىلى مېنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىمگە ئىچلىرىنى ئاغرىتىپ يەر چاـ نىشىمغا ياردەملىشىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەن بولسىلىرى ھېلىقى كۈنى قايتىش سەپەرلىرىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتىلە؛ ناۋادا سىلى ئۇنىڭ يارىلانغانلىقىغا ئىچلىرىنى ئاغرىتىپ ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويمىغان بولسىلىرى ئۇ سىلىگە بۇنداق ئاسان ئەل بولمىغان بولاتتى. سىلى سورىغان ئەڭ مۇھىم ۋاقىت «كۆز ئالدىدىكى ۋاقىت»، پەقەت كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتنىلا ئىگىلىگىلى بولىدۇ. سىلى سورىغان ئەڭ مۇھىم زات «ئەتراپىدىكى ئادەملەر»، چۈنكى سىلى ئۇلارغا دائىم تەسىر كۆرسىتەلەيلا؛ دۇنيا ـ دىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە «مۇھەببەت»، مۇھەببەت بولمىسا ياشىغاننىڭ نېمە ئەھمىيە ـ تى؟



**مۇلاھىزە:**

زىددىيەتنى كۈچكە تايىنىپ پارچىلىغىلى بولىدۇ، لېكىن قەلب دېڭىزىسىنى پەقەت مۇ ـ ھەببەتلا ئاچالايدۇ. مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىنساندا مۇ ـ ھەببەتنى يەڭگۈدەك قۇدرەت يوق. قارشى تەرەپ ھەرقانچە سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز بولغان تەقـ ـدىردىمۇ ئاتا قىلغان مۇھەببىتىڭىز ئارقىلىق دوستىڭىزغا ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوغۇل بالىنىڭ ئارزۇسى

مۇھەببەت — چۈشىنىش دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

— تاگور

روژدېستۋ بايرىمىدا بېدنىڭ ئاكىسى بايراملىق سوۋغا سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ماشىنا ئېلىپ بېرىدۇ. بېد ئىشخانىدىن چىقىۋېتىپ بىر ئوغۇل بالىنىڭ ماشىنىسىنى ئايلىنىپ ئۇنى سىيلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بالىنىڭ چىرايىدىن ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بالا بېدنى كۆرۈپ: — ئەپەندى، بۇ ماشىنا سىزنىڭما؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، جاۋاب بەردى بېد، بۇ ئاكامنىڭ ماڭا بەرگەن روژدېستۋ بايرىملىق سوۋغىسى.

بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە: — سىز بۇ ماشىنىنى ئاكام بەرگەن، مەن بىر تىيىنمۇ خەجلىمىدىم دېمەكچىمۇ؟

بېد بېشىنى لىڭشىتتى.

— ۋاھ! مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ...

بېد: — بۇ بالا چوقۇم مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئاكامنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەيدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ بالا: — مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق ئاكا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەيدۇ.

بېد تەسىرلەنگەن ھالدا بالىغا قاراپ قويدى ۋە: — مېنىڭ بۇ يېڭى ماشىنامغا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگۈڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بالا ھەم ھەيران ھەم خۇشال بولغان ھالدا ماقۇل بولدى. ئۇلار بىر پەس ئايلانغاندىن كېيىن ئوغۇل بالا بېدقا: — ماشىنىڭىزنى بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپارسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. بېد بالىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن

ـدەك بولدى، ھەم چوڭ ھەم چىرايلىق ماشىنىدا ئۆيىگە قايتسا دوستلىرىنى ھەيران قالدۇرغىدەك ئىش بولىدۇ ـ دە. لېكىن بېد يەنىلا خاتالاشقان ئىدى.

ـــ خاپا بولماي ماشىنىنى ئاۋۇ پەلەمپەيىنىڭ يېنىغا توختىتىپ، مېنى سەل ساقلاپ تۇرسىڭىز! ئوغۇل بالا شۇنداق دەپلا ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەلەمپەيىگە يامىشىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە ئانچە ھايال بولمايلا ئۆزىدىن كىچىك يەنە بىر ئوغۇل بالىنى باشلاپ چىقتى. ئۇ بالا بالىلار پارالىچ كېسىلى بولسا كېرەك، سەل ئاقساپراق ماڭاتتى. ئۇ ئىنىسىنى پەلەمپەيىنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى پەشتىقىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۆزى ئۇنىڭغا چاپلىشىپ ئولتۇردى ۋە بېدنىڭ ماشىنىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ـــ كۆردۈڭمۇ؟ بايا مەن ساڭا دەپ بەرگەندەك چىرايلىقمىكەن؟ بۇ ماشىنا ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان روژدېستۇ بايرىملىق سوۋغىسى ئىكەن، ئۇ ئۆزى بىر تىيىنمۇ خەجلىمەپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ ساڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ماشىنا سوۋغا قىلىمەن. شۇ چاغدا سەن مەن ساڭا دائىم دەپ بېرىدىغان ئەينەك جازا ئىچىگە تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق روژدېستۇ سوۋغاتلىرىنى كۆرەلەيسەن، ـــ دېدى.

بېدنىڭ كۆزىگە يىغا ئولاشتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئوغۇل بالىنىڭ ئىنىسىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. بۇنى كۆرگەن ئوغۇل بالىنىڭ كۆزىدە خۇشاللىق نۇرى چاقنىدى، ئۇمۇ ماشىنىغا چىقتى. ئۈچەيلەن بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز ساياھەتكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ يىلقى روژدېستۇ بايرىمىدا بېد: ـــ ئاتا قىلىشنىڭ قوبۇل قىلىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.



**مۇلاھىزە:**

ئاتا قىلىش قوبۇل قىلىشتىنمۇ كۆڭۈللۈك. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ياردەمگە ئېرىشكۈچىنىڭ خۇشاللىقى ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىسكىرىپكا

مېھىر ــ شەپقەت يەتكۈزۈش زورلايدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ خۇددى مانىتولغا ئۇخشاش كۆكتىن يەرگە چۈشۈپ زېمىنغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇ قوبۇل قىلغۇچىغا بەخت ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە ئاتا قىلغۇچىنىمۇ بەختلىك قىلىدۇ.

ــ شېكسپىر

بىركۈنى ئىسكىرىپكىچى ئېيندىمود ئەپەندى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيىدە بىرسىنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىسكىرىپكىسىنىڭ ئاۋازى بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى.

ــ ئوغرى! ئېيندىمود ئەپەندى يۇگۈرگىنىچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدۇ. دەرۋەقە 13 ياشلار چامىسىدىكى ناتونۇش بىر بالا ئىسكىرىپكىنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ۋىجىك بالا بولۇپ، ياراشمىغان پەلتويى ئىچىگە تىقىۋالغان نەرسە ـ كېرەك دەستىدىن پومپىيىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى.

ئېيندىمود ئەپەندى بالىنىڭ كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان ۋەھىمە، قورقۇش ۋە ئۇمىدسىزلىك نۇرىنى كۆردى. بۇ خىل قاراش ئېيندىمود ئەپەندىگە بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئېيندىمود ئەپەندىنىڭ خىيالىغا بۇرۇنقى ئىشلار كەلدى...، كەلدى ـ يۇ، شۇ زامان غەزەپ چىقىپ تۇرغان چىرايىغا كۈلكە ئالماشتى. ــ سەن دېنىس ئەپەندىنىڭ جىيەنى چۇڭما؟ مەن ئۇنىڭ غوجىدارى. تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا دېنىس ئەپەندى سېنى كېلىدۇ دېۋىدى، سېنى بۇنداق تېز كېلە، ــ دەپ ئويلىماپتىمەن، ــ دەيدۇ ئېيندىموند ئەپەندى.

ھېلىقى بالا سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن: ــ تاغام سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدى؟ ئەمىسە مەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي، سەل تۇرۇپ

كېلىمەن، — دەيدۇ. ئېندىمونىد ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىدۇ ۋە بالىنىڭ ئىسكىرىپ-كىنى جايىغا قويۇپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: — سەنمۇ ئىسكىرىپكا چې-لىشقا قىزىقامسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

— ھەئە، لېكىن ياخشى چالالمايمەن، — دەيدۇ بالا جاۋابەن..

— ئەمىسە نېمىشقا بۇ ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ كېتىپ مەشىق قىلمايسەن؟ مېنىڭچە دېنىس ئەپەندى سەن چالغان ئىسكىرىپكىنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بو-لىدۇ، — دەيدۇ ئېندىمود ئەپەندى مۇلايىملىق بىلەن. بالا ئۇنىڭغا گۇمانلىق نەزىرى بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىسكىرىپكىنى ئالىدۇ.

ئۇ مېھمانخانا ئۆيدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تامغا ئېسىقلىق تۇرغان ئېندىمود ئە-پەندىنىڭ گوئېد تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويغاندىكى كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن يوغان بىر پارچە رەڭلىك رەسىمىنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىدۇ ھەمدە ئارقىغىمۇ قارىماي ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىدۇ.

ئېندىمود ئەپەندى بالىنىڭ ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. چۈنكى، ھېچكىممۇ مېھمانخانا ئۆيىنى غوجىدارىنىڭ رەسىمى ئارقىلىق بېزىمەيدۇ-تتى.

كەچ كىرگەندە ئېندىمود خانىم قايتىپ كېلىپ سەل غەيرىلىك ھېس قىلىپ ئېرىدىن: — قەدىرلىكىم، ياخشى كۆرىدىغان ئىسكىرىپكىڭىز بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ياق، مەن ئۇنى خەققە بېرىۋەتتىم.

— خەققە بېرىۋەتتىم؟ سىز ئۇنى ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمى دەپ بىلەتتىڭىز-غۇ! ئېندىمود خانىم گۇمانلىنىپ سورايدۇ.

— راست دېيسىز سۆيۈملۈكۈم. ئەگەر ئاشۇ ئىسكىرىپكا ئازغۇن بىر روھنى قۇتۇلدۇرالايدىغانلا ئىش بولسا، قىلغىنىمدىن تولىمۇ رازى بولغان بولاتتىم.

ئېندىمود ئەپەندى خوتۇنىنىڭ گەپنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئاندىن خوتۇنىدىن: — قىلغانلىرىم خاتا ئەمەستۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— توغرا قىلىپسىز، قىلغانلىرىڭىزنىڭ بۇ بالىغا ياردىمى بولغاي ئىلاھىم.

ئۈچ يىلدىن كېيىن ئېندىمود ئەپەندى تەكلىپكە بىنائەن بىر مۇزىكا مۇسابىقە-

466

سىنىڭ باھالىغۇچىسى بولىدۇ. مۇسابىقىدا رىچ ئىسىملىك ئىسكىرىپكىچى بىرىنچى بولىدۇ. ئېنىدىمود ئەپەندى ئۇنى نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىدۇ-يۇ، لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىنى پەقەت ئېسىگە ئالالمايدۇ.

مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن رىچ ئىسكىرىپكا قېپىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئېنىدىمود ئەپەندىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ ۋە قىزىرىپ تۇرۇپ: — ئېنىدىمود ئەپەندى، مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورايدۇ. ئېنىدىمود ئەپەندى بېشىنى چايقايدۇ.

— سىز بۇرۇن ماڭا بىر ئىسكىرىپكا بەرگەنىدىڭىز، مەن ئۇنى تا بۈگۈنگىچە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدىم، — دېدى رىچ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا، — شۇ چاغدا ھەممىلا ئادەم مېنى كېرەكسىز ئەخلەت قاتارىدا كۆرەتتى، ئۆزۈممۇ پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، — دەپ ئويلايتتىم. لېكىن سىز مېنىڭ نامراتلىق ۋە ئازاب ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قايتىدىن تېپىۋېلىشىمغا ياردەم بەردىڭىز، شۇڭا قەلبىمدە ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆزگەرتىش ئوتى قايتىدىن كۆيۈەجەگەندى! بۈگۈن ئۆزۈمگە ۋە سىزگە يۈز كېلەلىگەن ھالدا بۇ ئىسكىرىپكىنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي...

رىچ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئىسكىرىپكىنىڭ قېپىنى ئاچىدۇ. قاپتا ئېنىدىمود ئەپەندىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسكىرىپكىسى تۇراتتى. ئېنىدىمود ئەپەندى رىچنى باغرىغا چىڭ باسىدۇ. شۇ زامان بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى ئىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايتىدىن نامايان بولىدۇ. مۇسابىقىدا بىرىنچى بولغان بۇ بالا دەل «دېنىس ئەپەندىنىڭ جىيەنى چۈك» ئىدى. ئېنىدىمود ئەپەندىنىڭ كۆزىگە ياش ئولىشىدۇ، ئۇ بالا ئۇنى نائۈمىدتە قويمىغانىدى.

**مۇلاھىزە:**

مۇھەببەت ئازغۇن روھنى قۇتقۇزالايدۇ، مۇھەببەت ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بارلىق ئۈمىد ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى قوزغىتالايدۇ. يەنىلا شۇ مۇھەببەت نامراتلىق دەستىدىن جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ بالىغا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىززەت - ھۆرمەتنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى يامان يولدىن قايتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

# مۇھەببەت، بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت

ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەخلاق بىرلەشسە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سېلىنغاندەك بىر ـ بىرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تېخىمۇ نۇرانە كۆرۈنىدۇ.

ـــ بېرنارد شاۋ

بىر بالا ئۆيىدىن چىقىپ چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچىتەك ئاقارغان ئۈچ بوۋاينىڭ ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئۇزۇن مۇساپىدىن كەلگەنلىكى، دەم ئالمىغىلى خېلى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلى يۇمشاق بۇ بالا ئۇ ئۈچىنى تونۇمىسىمۇ يەنىلا ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بوۋايلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

ـــ ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بارمۇ؟

ـــ ياق، ئۆيدە ھازىر ھېچكىم يوق.

بوۋايلار بالىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، تەكلىپىنى رەت قىلىپتۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا ھازىرچە ئۆيۈڭگە كىرسەك بولمىغىدەك.

كەچتە بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قايتىپ كەپتۇ، بالا ئىشىك ئالدىدىكى بوۋايلارنىڭ ئىشىنى ئاتا ـ ئانىسىغا دەپ بېرىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپلا: ـــ دەرھال چىقىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كىرگىن، ئۇلارنى ياخشىراق تاماق بىلەن مېھمان قىلايلى، ـــ دەپتۇ.

بالا چىقىپ بوۋايلارغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپتۇ. بوۋايلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ـ يۇ، لېكىن ئۆيگە كىرمەپتۇ. ئارىسىدىن بىرەيلەن بالىغا ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ـــ ماۋۇنىڭ ئىسمى بايلىق، ماۋۇنىڭ ئىسمى مۇۋەپپەقىيەت، مېنىڭ ئىسمىم مۇھەببەت. ئۈچىمىز بىر ئۆيگە تەڭلا كىرسەك بولمايدۇ. شۇڭا بېرىپ چوڭلاردىن سوراپ باققىن، ئۇلار ئۈچىمىزدىن قايسىمىزنىڭ كىرىشى

مىزنى خالايدىكىن؟ — دەپتۇ.

بالا يېنىپ كىرىپ بوۋاينىڭ گېپىنى ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. شۇ زامان ئۇلار تالاشقا چۈشۈپتۇ. دادا دەپتۇ: — بايلىقنى تەكلىپ قىلايلى، ئۇ ئۆيگە كىرسىلا تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولىمىز؛ بالىسى بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ: — يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتنى تەكلىپ قىلغىنىمىز تۈزۈك. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلمايدىغان كىم بار؟ ئاتا - بالا تالىشىپ بىر - بىرىگە يول قويماپتۇ. بۇ چاغدا گەپ قىلماي بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئاپىسى ئېغىز ئېچىپتۇ: — مۇھەببەتنى تەكلىپ قىلساق بولمامدۇ؟ ئائىلىمىز مۇھەببەتكە تولسىلا ھەرقانداق جاپامۇ شېرىن تۇيۇلىدۇ. بالا ئاپىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ، دادىمۇ قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈچەيلەن چىقىپ مۇھەببەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ.

بىر ئائىلە كىشىلىرى مۇھەببەتنى ئارىغا ئېلىپ ئىشىكتىن شۇنداقلا ئاتلىشىغا ئۆينىڭ ئىچىنى شۇ ھامان شاد - خۇراملىق قاپلاپتۇ. ئارىدىن بىرەر ئاش پىشىم ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇلار بايلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھېچكىم تەكلىپ قىلمىسىمۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى: — بىرىمىزلا كىرىمىز، دېگەنتىڭلارغۇ؟ شۇڭا بىز مۇھەببەتنىلا تەكلىپ قىلغانىدۇق، سىلەر نېمىشقا كىردىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇۋەپپەقىيەت كۈلۈپ تۇرۇپ: — راست دېيسەن، ناۋادا سىلەر مېنى ياكى بايلىقنى تاللىغان بولساڭلار، قالغان ئىككىمىز كىرمىگەن بولاتتۇق. لېكىن سىلەر مۇھەببەتنى تاللىدىڭلار. مۇھەببەت ھەممىمىزنىڭ چوڭى ئىدى، شۇڭا ئۇ نەدە بولسا بىزمۇ شۇنىڭ يېنىدا بولۇشىمىز كېرەك. مۇھەببەت بولغان يەردە چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بايلىقمۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

مۇھەببەت كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئېتىقاد، مۇھەببەت بولسىلا ھەممە نەرسە بولىدۇ، چۈنكى، كۆڭلىڭىزدە مۇھەببەت بولغاندىلا ئاندىن تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، يولۇققان قىيىنچىلىقلار ئالدىدا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيسىز، مېھرىبان ئادەمنىڭ ھاياتى بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆزگىرىش

ئاق كۆڭۈللۈك بولمىغان ئەھۋالدا بىراۋنىڭ يەنە بىراۋغا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ بەرگەن مېھربانلىقىنىڭ روھىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

—— سۇخومىلىنسكىي

—— بۈگۈن ئۆلارنىڭ تەلپىنى چوقۇم قەتئىي رەت قىلىمەن. كارلسون خانىم ئۆيدىن چىققىچە ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ چىقتى.

قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا ھەممىلا يەر سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. كارلسون خانىمنىڭ مۇشۇنداق قاتتىق يامغۇردا ئۆيدىن چىقىشىدىكى سەۋەبمۇ كۆز ئالدىدىكى ئۇ ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئىدى.

كارلسون خانىم كىشىلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىش بىلەن داڭلىق ئىدى. ئۇ دائىم تەبىئىي ئاپەت ۋە غايىبتىن كەلگەن بالا - قازاغا ئۇچرىغانلارغا نەرسە - كېرەك ئىئانە قىلاتتى ياكى نۇرغۇن كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىپ، مۇشۇ شەھەردىكى نامراتلارغا ئاپىرىپ بېرەتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ئىشنىڭ خاراكتېرى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا بۇرۇنقىغا ئوخشاش خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇشقا ئامالسىز قالدى. گەرچە بۇ ئىشنىڭ مەقسىدىمۇ نامرات، يۆلەنچۈكى يوق يېتىم بالىلار ئۈچۈن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان يەرگە يېتىم بالىلار ساناتورىيەسى سېلىشقا قوشۇلۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ زېمىنغا ئاجايىپ چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، بۇ يەر ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى بولۇپ، كۈنىنى مۇشۇ يەرگە تايىنىپ ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەپنى قاتتىقراق دېسەك، ئەگەر ئۇ

مۇشۇ يەردىن ئايرىلىپ قالسىلا تۇرمۇشى شۇ زامان تەسىرگە ئۇچرايتتى.

— قارشى تەرەپ مەيلى قانداقلا يالۋۇرمىسۇن، ئازراقمۇ ھېسسىداشلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بولمىسا...، كارلسون خانىم بۇلارنى ئويلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

يامغۇر ھەدەپ كوچىيمەكتە ئىدى. مانا ئەمدى بورانمۇ چىقىشقا باشلىدى. كارلسون خانىم مەنزىلگە تېزلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كارىدورغا كىردى. سىرتتا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا كارىدور پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدىلا ئالماشتۇرىدىغان سەپما كەش ئىزدەشكە باشلىدى.

— كىرىڭ. يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئايال مۇلازىم مارى سالام قىلغىنىچە كارلسون خانىمنىڭ ئالدىغا چىقتى. مارى سەپما كەشنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا پۈتىدىكى سەپما كەشنى ئۇنىڭغا سېلىپ بەردى.

— كەچۈرۈڭ، سەپما كەشلەرنى باشقىلار كىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى مارى سەمىمىيلىك بىلەن.

كارلسون خانىم مارى خېنىمنىڭ پايپاق بىلەنلا يەرگە دەسسەپ تۇرغاچقا، پايپىقىنىڭ ھەش ـ پەش دېگىچە ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

ئۇ مارى خېنىمنىڭ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە شۇندىلا ئاتا قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئۇ ئىچىدە: — ئادەتتە كىشىلەر مېنى ساخاۋەتچى دېيىشىدۇ. لېكىن مېنىڭ قىلغان خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىم زادى قانچىلىك؟ مېنىڭ ئىئانە قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمگە كېرەكلىكى يوق كونا نەرسىلەر ياكى بولمىسا ئېشىنچى پارچە پۇللىرىمدىنلا ئىبارەت خالاس. لېكىن ھەقىقىي ئاتا قىلىش دېگەن مانا ماۋۇ مارى خېنىم قىلغاندەك ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىسىنى ئاتا قىلىش بولامدۇ. شۇندىلا ئۇنىڭ غايەت زور قىممىتى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ زامان كارلسون خانىمنىڭ ئىدىيەسىدە 180 گىرادۇس بۇرۇلۇش بولدى — ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان يەرنى بۇ خەير ـ ساخاۋەت ئورنىنىڭ ئاشۇ بىچارە باللار ئۈچۈن ئەسلىھەلىرى تولۇق يېتىم باللار ساناتورىيەسى سېلىشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىش قارارىغا كەلدى.

كارلسون خانىم مارى خېنىمغا: ــ ساپما كەشىڭىز بەك ئىسسىق ئىكەن، ــ دېدى.

مارى خېنىم خىجىلچىلىقتىن يۈزى قىزارغان ھالدا: ــ كەچۈرۈڭ، مەن بۇ سەپما كەشنى سالماي كىيىۋالغانىكەنمەن، شۇڭا... دېدى.

كارلسون خانىم ئىتتىكلا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى: ــ ياق، ياق. بۇ مېنىڭ سىزنى ئەيىبلىگىنىم ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، قەلبىڭىز ئادەمگە بەك ئىللىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدىكەن، بۇنىڭلىق بىلەن مەن خېلى نەرسىنى چۈشىنىپ قالدىم.

كارلسون خانىم ئۇنىڭغا يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ئالدىراپ ئىمپانە قىلىش ئىشخانىسىغا يول ئالدى...

**مۇلاھىزە:**

ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئاتا قىلىش چىن ھېسسىيات بىلەن سەممىي كۆڭۈلگە موھتاج. كۆڭلىدە دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەملەرلا باشقىلارغا ئەڭ سەممىي ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قۇملۇقتىكى سۇ پومپىسى

ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت قانچە زور بولسا باشقىلار ئۇچۇن تۆلەيدىغان بەدەل شۇنچە كۆپ بولىدۇ. باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلالىغان ئادەم ئۆزىمۇ ئىللىقلىققا ئىگە بولىدۇ.
— كارنېگى

بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ، نىشانىدىن ئادىشىپ قالىدۇ. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇق ئۇنى ھالىدىن پۈتۈنلەي كەتكۈزىدۇ، ئۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزىدۇ. قۇملۇق تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئاجايىپ قىزدۇراتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇيۇقسىز تاشلاندۇق بىر ئۆيگە كۆزى چۈشىدۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن دەرەخ بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۆيگە كىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ ئەتراپقا قارايدۇ. قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ ئارىسىدا بىر سۇ پومپىسى تۇراتتى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن دەرەخلەرنى قايرىۋېتىپ سۇ تارتىشقا باشلايدۇ. لېكىن شۇنچە ھەپىلىشىپ بىر تېمىممۇ سۇ چىقىرالمايدۇ.

ئۈمىدسىزلىك ئۇنى يەنە ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ ۋە سۇ پومپىسىنىڭ يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر كىچىك بوتۇلكىغا كۆزى چۈشىدۇ. بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ھىم ئېتىك بولۇپ، ئۈستىگە: — قۇدۇققا سۇ قۇيغاندىلا ئاندىن سۇ تارتقىلى بولىدۇ! لېكىن شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ يەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بوتۇلكىغا چۇقۇم سۇ توشقۇزۇپ قويۇڭ، — دەپ يېزىلغانىدى.

ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، جىنىغا ئارا تۇرىدىغان بۇ سۇغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەستىدىن قۇرۇپ كەتكەن ئىچ باغرىدا بىر مەيدان قاتتىق ھايات ـ مامات جېڭى بولۇۋاتاتتى: بوتۇلكىدىكى سۇنى ئىچىۋەتسىملا، بۇ قۇملۇقتىن

ھايات چىقىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا بۇ ئۆيدىن تىرىك چىقىپ كېتەلەيمەن! جېنىمنى قۇتقۇزىدىغان بۇ سۇنى پومپىغا قۇيۇۋەتسەم، بەلكىم نۇرغۇن سۇ تارتىپ چىقىرالىشىم مۇمكىن، لېكىن ئالىمادىس سۇ چىقماي قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا بۇ ئۆيدىنمۇ تىرىك چىقىپ كېتەلىشىم ناتايىن...

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بوتۇلكىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن سۇ پومپىسىغا قۇيۇپ، تىترىگىنىچە سۇ تارتىشقا باشلايدۇ...، سۇ چىقتى! ئۇ سۇدىن قانغىچە ئىچتى، ئاندىن بوتۇلكىغا لىق سۇ قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتتى، ئاندىن يەنە سارغىيىپ كەتكەن قەغەزگە: ماڭا ئىشىنىڭ، راستتىنلا سۇ چىقىدۇ، — دەپ يېزىپ قويدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ قۇملۇقتىن چىقىپ، ئاخىرى بوستانلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق مۇساپىنى ئەسلىگىنىدە باشقىلارنى: — ئېرىشىشتىن بۇرۇن، بەدەل تۆلەشنىمۇ بىلىۋېلىش كېرەك، — دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

بىز باشقىلارنىڭ بىزگە غەمخورلۇق قىلىشىنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن بەدەل تۆلەشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. سىز يېنىڭىزدىكى ئادەملەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قولىڭىزنى سۇنسىڭىز باشقىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# باشقىلارغا ياردەم بەرگىنىڭىز ئۆزىڭىزگە ياردەم بەرگىنىڭىز

باشقىلارغا گۈل بەرگەن قولدا چوقۇم گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ.

—— ئىسپانىيە خەلق ماقال ــ تەمسىلى

فلېمىڭ نامرات دېھقان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئېتىزلىقتا ئىشلەۋېتىپ يېقىن ئەتراپتىكى سازلىقتىن چىقىۋاتقان «قۇتقۇزۇڭلار»! دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالىدۇ ــ دە، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ سازلىققا قاراپ يۈگۈرىدۇ. ئەسلىدە بىر كىچىك بالا گەندە ئورىسىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا گەندە ئورىسىغا چۈشۈپ بالىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

ئەتىسى يېپيېڭى بىر ماشىنا فلېمىڭنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ماشىنىدىن كېلىشكەن بىر مۆتىۋەر چۈشىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن: —— مەن سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا يارىشا ھەق بەرگىلى كەلدىم، چۈنكى سىز مېنىڭ بالامنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، —— دەيدۇ. فلېمىڭ: —— مەن بالىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ھەق ئالسام بولمايدۇ، —— دەيدۇ.

دەل شۇ چاغدا فلېمىڭنىڭ ئوغلى ئۆيگە كىرىدۇ.

—— بۇ ئوغلىڭىزمۇ؟

—— شۇنداق، جاۋاب بېرىدۇ فلېمىڭ پەخىرلەنگەن ھالدا.

—— بىز بىر توختام تۈزەيلى، مەن ئوغلىڭىزنى ئېلىپ كېتەي، مەن ئۇنى ياخشى تەربىيەلىنىش مۇھىتىغا ئىگە قىلىمەن. ناۋادا بۇ بالىمۇ سىزنى دورىغان بولسا، كەلگۈسىدە چوقۇم پەخىرلەنگىدەك ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

فلېمىڭ مۆتىۋەرنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى كېيىن سان مارىيە

تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دۇنيادىكى داڭلىق فىلېمىڭ ئالېكساندىر سىر، يەنى، پېنىتسىللىننى كەشىپ قىلغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. 1944 ـ يىلى ئۇنىڭغا چەۋەندازلىق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ مۆتىۋەرنىڭ ئوغلى ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كېسىلىگە قايسى دورا مەنپەئەت قىلار؟ پېنىتسىللىن. بۇ مۆتىۋەر كىم؟ ئۇ يۇقىرى پالاتا ئەزاسى چۆرچىل. ئۇنىڭ ئوغلىچۇ؟ ئۇنىڭ ئوغلى ئەنگلىيەدىكى سىياسىيون چۆرچىل سىر.

**مۇلاھىزە:**

بىز باشقىلارغا مۇھەببەت ئاتا قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزمۇ ياردەمگە ئېرىشىمىز. ناۋادا سىز ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سىزمۇ چوقۇم ئاشۇنىڭغا ئوخشاش مېھرىبانلىققا ئېرىشەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقىدەم تارقاتقۇچىسى

# يۇلتۇز بېلىق تېرىۋاتقان بوۋاي

ياخشىلىق ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ ئۆزۈڭنى تارت، ياخشىلىق ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭدىن يانما.

ـــ كۇڭ زى

بىركۈنى جېك دېڭىز ساھىلىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يىراقتا بىر سىنىڭ دېڭىزغا بىر نەرسە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە بېرىپ قاراپ باقماقچى بولىدۇ. ئەسلىدە يەرلىك بىر بوۋاي دېڭىز ياقىسىغا چىقىپ قالغان يۇلتۇز بېلىقلارنى تېرىپ دېڭىزغا تاشلاۋاتقان ئىكەن.

جېك بوۋاينىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولغان ھالدا بوۋايدىن: ـــ تىنچلىقمۇ بوۋا؟ سىلىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقلىرىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ ـــ دەپ سورايدۇ.

ـــ بۇ يۇلتۇز بېلىقلارنى دېڭىزغا تاشلاۋاتىمەن.

ـــ ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلاپ نېمە قىلىلا؟

ـــ ھازىر دېڭىز سۈيى پەسەيگەن مەزگىل، دېڭىز ياقىسىدىكى بۇ يۇلتۇز بېلىقلار دولقۇننىڭ زەربىسىدە قىرغاققا چىقىپ قالغان، ئەگەر بۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتمىسەم، ئۇلار ئۆزلىرى قايتىپ كېتەلمەيدۇ ـ دە، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ـــ ھە چۈشەندىم. لېكىن بۇ يەردىكى يۇلتۇز بېلىقلار شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تېرىشنى دېمەيلا قويايلى، ساناش توغرا كەلسىمۇ نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ. سىلى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېڭىزغا قايتۇرۇپ بولالاملا؟ قايتۇرۇپ بولدىلىمۇ دەيلى، بۇ دېڭىزدا ساھىل شۇنداق كۆپ تۇرسا، سىلى بىر ئادەمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغىلى بولاتتىمۇ؟ بۇنداق قىلغانلىرىنىڭ

ھېچقانداق ئۇنۇمى يوق جۇمۇ!

بوۋاي مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ۋە يولتۇز بىلىقلار-نى سۇغا تاشلىغاچ: — مەن ھېچبولمىغاندا قولۇمدىكى ماۋۇ يۇلتۇز بېلىقنىڭ تەقدى-رىنى ئۆزگەرتەلەيمەن - دە، — دېدى.

**مۇلاھىزە:**

بىر ئادەمنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشى باشقا بىر ئادەمنىڭ، ھەتتا بىرقانچە ئادەمنىڭ تەق-دىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. سىزنىڭ قىلغان ئاشۇ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق كىچىككىنە ئىشىڭىز باشقىلارغا چوڭ مەنپەئەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا، باشقىلارغا قىلىدىغان كىچىككىنە يار-دەمدىنمۇ ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. بىر ئادەمنىڭ مېھرىبانلىقى ئەنە ئاشۇنداق كىچىك ئىشلار ئارقىلىق جۇغلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 20 سوم

ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە نىسبەتەن تۆلىگەن بەدىلى ئۈچۈن ھەق ئېلىش بىر خىل ئاھانەت ھېسابلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئۇ پەرداز بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى گۈزەل قەلبنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى.

— گىدې

بىر شەھەرگە سېرىك ئۆمىكى كېلىپتۇ. بەش بالا چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە بېلەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەت ساقلاپ تۇراتتى. بالىلار تېخى ئوينالمىغان ئويۇننى كۆرگەندەك ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي نومۇرلارنى باھالىشاتتى.

ئاخىرى بېلەت ئېلىش نۆۋىتى ئۇلارغا كەلدى. بېلەت ساتقۇچى ئۇلاردىن قانچە كىشىلىك بېلەت ئالىدىغانلىقىنى سورىدى.

— كىچىك بالىنىڭ بېلىتىدىن بەشنى، چوڭلارنىڭ بېلىتىدىن ئىككىنى بېرىڭ، — دېدى دادا.

بېلەت ساتقۇچى بېلەتنىڭ باھاسىنى دېدى.

ئانىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى ۋە بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. دادا لېۋىنى چىشلەپ قايتا سورىدى: — نەچچە پۇل دېدىڭىز؟

بېلەت ساتقۇچى بېلەتنىڭ باھاسىنى يەنە بىر قېتىم دەپ بەردى.

دادىنىڭ كۆزىدە ئازابلىق بىر ئىپادە پەيدا بولدى. ئۇ يېنىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي ئويناۋاتقان بالىلىرىغا: — پۇلىمىز يەتمەيدىكەن، دېيىشكە زادىلا ئاغزى بارمىدى.

بېلەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان بىر ئەر بۇلارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ قولىنى ئاستا يانچۇقىغا سېلىپ 20 سوملۇق پۇلدىن بىرنى سۇغىرىپ ئېلىپ يەرگە

ئاستا تاشلىدى، ئاندىن ئېڭىشىپ ئۇ پۇلنى ئېلىپ دادىسىنىڭ مورىسىگە بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ: — ئەپەندى، پۇلىڭىز چۈشۈپ قالدى، — دېدى.

دادا كەينىگە قاراپلا ھەممىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كۆزىگە يىغا ئولاشتى ۋە ئەرنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى. چۈنكى ئۇ ئەر دادىسىنىڭ يۈرىكى پۇچىلانغان ۋە تەڭلىكتە قالغان ۋاقتىدا ياردەم قولىنى سۇنغان ئىدى. — رەھمەت ئەپەندى، بۇنىڭ مەن ۋە ئائىلەم ئۈچۈن ئەھمىيىتى بەكمۇ چوڭ، — دېدى.

**مۇلاھىزە:**

كۆيۈنۈش دېگىنىمىز باشقىلار قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا زۆرۈر بولغان ياردەمنى بېرىش دېگەنلىك. گەرچە ئۇ ئازغىنە 20 سوم ۋە ياكى بىر ئېغىز گەپ بولسىمۇ، باشقىلارغا نىسبەتەن ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى باب  ئازابتىن قۇتۇلۇپ، پىشقان خاراكتېر يېتىلدۈرۈش

ئادەمنىڭ ياشلىق ـ ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى كىشىلىك ھاياتىنىڭ باھارى، شۇنداقلا ئۆسۈپ يېتىلىش، بىلىم ئېلىش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى شەكىللىنىدىغان مۇھىم باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئابرۇيپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، بەسلىشىش، ئىچى تارلىق، مەنمەنچىلىك قاتارلىق پىسخىك مەسىلىلەر ئاسانلا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر كەلگۈسىدە جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىدىكى ناچار ئادەتلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى لازىم. شۇندىلا جەمئىيەتكە ئوڭۇشلۇق سىڭىشىپ، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شەرەپنى چوڭ بىلمەڭ

شەرەپ ئۆيۈنچۈققا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئويناشقىلا بولىدۇ، چوڭ بىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىز.

— كىيۈرى خانىم

كىيۈرى خانىم مەشھۇر ئايال ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، مانا مۇشۇنداق شۆھرەت ئالدىدىمۇ پۈتۈن دىققەتنى پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، شەخسىي نام ـ مەنپەئەتنى چوڭ بىلمەيتتى. ئۇنى تونۇمايدىغانلار ئۇنىڭدىن: — سىز كىيۈرى ئانىممۇ؟ — دەپ سورىسا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن: — ياق، سىز خاتا تونۇپ قاپسىز، — دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ داڭقى چىققاندىن كېيىن ھەر كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغانلار ئىمزا قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. كىيۈرى خانىم مۇنداق كاشىلىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىمزاسى بېسىلغان نۇرغۇن ئاتكرىتكا باستۇرۇپ قويۇپ، خەت يازغانلارغا شۇنى ئەۋەتىپ بېرەتتى... ئۇ ھاياتىدا ئون قېتىم ھەر خىل مۇكاپاتقا، 16 مېدالغا، ھەر خىل پەخرىي شەرەپتىن 117 گە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرگە بۇ شەرەپلەرگە ئېتىبار بەرمىگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بىر كۈنى كىيۈرى خانىمنىڭ بىر دوستى ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىپ، كىيۈرى خانىمنىڭ كىچىك قىزىنىڭ ئەنگلىيە خان جەمەتى جەمئىيىتى كىيۈرى خانىمغا بەرگەن مېدالنى ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: — بۇ دېگەن ئالىي شەرەپ تۇرسا، ئۇنى بالاڭغا ئويناشقا بەرگىنىڭ نېمىسى؟ — دەيدۇ. كىيۈرى خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ: — بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، بالامغا كىچىكىدىنلا شەرەپنىڭ ئويۇنچۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئويناشقا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بەك چوڭ

بىلىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالـ
مايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ھەرقانداق ئادەم شەرەپكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن شەرەپكە ئېرىشىش ياشاشتىـ
كى مەقسەت ئەمەس. ئادەم شەخسىي شەرەپنى بەك چوڭ بىلىپ كەتمەسلىكى لازىم. بولمىسا
تۇرمۇش نىشانىدىن ئادىشىپ قېلىپ، نام ـ ئابرۇيىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ

ھەقىقىي كەمتەرلىك ئەڭ ئالىي گۈزەل ئەخلاق، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئانىسى.

—— دىنىنسىن

فرانكلىن ياش ۋاقىتلىرىدا ئاجايىپ ھاكاۋۇر بولۇپ، يولىنمۇ گىدىيىپ ماڭاتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر داڭلىق پىروفېسسورنى يوقلاپ بارىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ كىشىككە قاتتىق ئۇسۇۋېلىپ، پېشانىسى قىزىرىپ كېتىدۇ. فرانكلىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن بىر تەرەپتىن پېشانىسىنى سىيىلىسا، بىر تەرەپتىن باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا خېلىلا پاكار كىشىككە ئالىيىپ قارايدۇ.

بۇ ۋاقىتتا پىروفېسسور چىقىپ فرانكلىنغا: —— يىگىت، بەك قاتتىق تەگدىمۇ؟ ئەگەر تۇرمۇشنى چۈشەنمەكچى بولساڭ باشنى ئېگىشكە كەلگەندە چوقۇم ئېگىشىڭ كېرەك. مانا بۇ سېنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئېرىشكەن ئەڭ زور ھاسىلاتىڭ، —— دەيدۇ.



پىروفېسسور گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: —— ياشلار تەكەببۇر كېلىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە يۇقىرى باھا بېرىشكە خۇشتار، پەقەت كۆڭلىنىڭ بىرىدە پاكار ئىشىكنىڭ كىشىكىگە ئۇسۇۋالغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ بەكلا غادىيىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئېغىر يارىلانغانلىقىنى، ئىشىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىشىكتىن كىرىش ئۈچۈن چوقۇم باشنى پەسرەك قىلىش لازىم، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىشتىمۇ باشنى ئېگىپ ماڭغاندىلا ئاندىن چوققىغا چىققىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

فرانكلىنىڭ پېشانىسىدىكى قىزىل يۇتكەن بولسىمۇ، لېكىن پىروفېسسورنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن

كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە: «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەننى ھەرىكەت مىزانى قىلىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

كەمتەرلىك كىشلەردە بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق. «مېۋىسى ئۇخشىغان دەرەخنىڭ شېخى ئېگىلىدۇ». ئادەمنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە كەمتەر بولىدۇ، لېكىن ئەڭ تۆۋەندە تۇرغان ئادەم بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بالاتتا ئارىلىدىكى مېنتېتسىرروۋس بېلىقى

ئادەم شانۇ شەۋكەت ۋە قۇرۇق ئابرۇينى دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئىش تېپىۋالمىغىنى تۈزۈك.

— ئېزوپ

تىنچ ئوكياندىكى بالاتتا ئارىلىدا مېنتېتسىرروۋس بېلىقى دەيدىغان بىر خىل بېلىق بولۇپ، بۇ خىل بېلىقنىڭ سېھىرگەردەك ئىقتىدارى بار ئىكەن، ئۇ ئۆزى خالىسىلا جۇغى كىچىك جانىۋارلارنى شۈمۈرۈپ بەدىنىگە چاپلىۋالىدىكەن. ئۇ ئالدى بىلەن بەدىنىدىن بىر خىل سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ ئۇلارغا ئازراق نەپ يەتكۈزىدىكەن، ئاندىن ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا شۈمۈرۈپ بەدىنىدىكى قاسراقچىغا ئايلاندۇرىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ بېلىق قاسىرقى بولماستىن، بەلكى بەدىنىدىكى قوشۇمچە ماددا ئىكەن. بۇ خىل قوشۇمچە ماددىغا ئىگە بولغان مېنتېتسىرروۋس بېلىقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ يوغان شارغا ئوخشاپ قالىدىكەن ۋە باشقا مېنتېتسىرروۋس بېلىقلىرىدىن ئاز دېگەندىمۇ تۆت ھەسسە يوغىناپ، قالتىس ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن.

ئۈششاق جانىۋارلارنى شۈمۈرمىگەن مېنتېتسىرروۋس بېلىقلىرى بورۇنقى ھالىتىدە بولۇپ، ئىنتايىن كىچىك كۆرۈنىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۈششاق جانىۋارلارنى شۈمۈرگەن مېنتېتسىرروۋس بېلىقلىرىدەك ئۇنداق «روھلۇق ۋە جاسارەتلىك» كۆرۈنمەيدىكەن.

لېكىن «ياخشى كۈن ئۇزاققا بارماپتۇ» دېگەندەك، ئۈششاق جانىۋارلارنى شۈمۈرۈۋالغان مېنتېتسىرروۋس بېلىقلىرى قېرىغاندىن كېيىن بەدىنىنىڭ فۇنكسىيەسى رودمىنېتلىشىپ، ھېلىقى ئۈششاق جانىۋارلار ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاجراپ كېتىدىكەن، مېنتېتسىرروۋس بېلىقىمۇ ئۆزىنىڭ بورۇنقى ۋىجىك ھالىتىگە قايتىپ قالىدىكەن.

قاسىرقىدىن ئايرىلىپ قالغان مېنتېتسىرروۋس بېلىقى ئازابقا بەرداشلىق بېرەل-

مەي قالىدىكەن. ئۇ دۇبۇلغا ــ ساۋۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا كۆز ئالدىدىكى سۇ دۇنياسىغا ماسلىشالماي بەكلا تېرىككەك بولۇپ كېتىدىكەن ۋە ئۆزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە باشقا بېلىقلارغا ھۇجۇم قىلىدىكەن، لېكىن بۇرۇنقىدەك ئىقتىدارى بولمىغاچقا ئەكسىچە باشقىلار تەرىپىدىن چىشلەپ يارىلاندۇرۇلىدىكەن.

ئۇمىدسىزلەنگەن مېنتىتسىررۇس بېلىقى ئۆزىنى ــ ئۆزى مېيىپ قىلىش ئۈچۈن تاغ جىنسلىرىغا ئۇسۇپ، بەدەنلىرى قىيما ــ چىيما بولۇپ ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك ھەممىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن.

مۇلاھىزە:

تاشقى جەھەتتىكى سۆلەتۋازلىق بىلەن ئابرۇيپەرەسلىك ئۇزۇنغا بارمايدۇ، رېئاللىقتىن چەتنىگەن ھەرقانداق قۇرۇق خىيال ئادەمگە چەكسىز ئازاب ۋە بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. پىشقان ئادەم يۈزەكى جەھەتتىن كۆچلۈك بولۇشنى قوغلاشماي، رېئال، تەبىئىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆزىنى ــ ئۆزى ئازابقا دۇچار قىلىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچ قىزنىڭ ئارزۇسى

گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئادەم جەندە ـ كېپەنگە ئورۇنۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىدۇ.

ــ گيۆتې

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر بوۋاي تاغ يولىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرسا، موگۇ تېرىپ كەلگەن ئۈچ قىز يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. قىزلار بوۋاينىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قويۇپتۇ، يەنە تېخى ئىچىدىغانغا ئۇسسۇزلۇقمۇ بېرىپتۇ.

ئۇلار خوشلىشىدىغان چاغدا بوۋاي يېنىدىن ئۈچ تال چىرايلىق ئەتىرگۈلنى ئېلىپ قىزلارغا بىر تالدىن بېرىپتۇ ۋە: ــ باللىرىم، بۇ گۈل سىلەرنى بىردىن ئارزۇيۇڭلارغا يەتكۈزىدۇ، قېنى دەڭلار، سىلەرگە نېمە كېرەك؟ ــ دەپتۇ. بويى ھەممىدىن ئېگىز قىز: ــ دۇنيا بويىچە ھەممىدىن پوزۇر، چىرايلىق ئۇزۇن كۆڭلەكنىڭ بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، دېيىشىگىلا ئۇچىسىغا رەڭگارەڭ گۆھەر تاشلار كەشتىلەنگەن ئاجايىپ چىرايلىق ئۇزۇن كۆڭلەك چىقىپ قاپتۇ. سەل سېمىزرەك كەلگەن قىز: ــ چىرايىمنىڭ پەرىشتىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، دېيىشىگىلا روھى كۆتۈرەڭگۈ، تەڭدىشى يوق پەرى سۈپەت قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى: ــ بوۋا، مەن گۈزەل قەلبكە ئىگە بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن، ــ دەپتۇ. شۇ زامان ئۇنىڭ دىلى يورۇپ، قەلبى نۇرغا تولۇپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي قىزلارنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپتۇ ۋە قىزلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ: چىرايلىق ئۇزۇن كۆڭلەك تەلەپ قىلغان قىز مىڭ يەرگە ياماق چۈشكەن كىيىم بىلەن يۈرۈپتۇ؛ پەرىشتىدەك چىرايلىق بولۇشنى تەلەپ قىلغان قىزنىڭ چىرايىنى قورۇق بېسىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ كېتىپتۇ؛ پەقەت

گۈزەل قەلب تەلەپ قىلغان قىزلا بۇرۇنقىدەك روھى كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىدىن نۇر ۋە بەخت كۆلكىسى يېغىپ تۇرۇپتۇ.

مۇلاھىزە:

قەلب گۈزەللىكى چىراي گۈزەللىكىدىنمۇ مۇھىم. ئادەمدە گۈزەل قەلب بولغاندىلا ئاندىن كىشىلىك ھاياتتىكى تۈمەن مىڭ خىل قىسمەتلەرنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالايدۇ ـ دە، تېخىمۇ جانلىق ۋە يارقىن تۇرمۇشقا ئىگە بولالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئامبىرى

# چىرايىڭىز ئۇچۇن قايغۇرماڭ

ھەرقانچە ئۇز چىرايمۇ تۇرىنى يوقىتىدۇ. پەقەت گۈزەل ئەخلاقلىق خانىم ـ قىزلارلا ئادەمنى ھەقىقىي زوقلاندۇرىدۇ.

— فرېئۇدې

1908 ـ يىلى فرېئودىنىڭ 21 ياشقا كىرگەن قىزى ماساردى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەل بىلەن ئاغرىپ قالىدۇ. ماساردى سېمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەل ئازابىنى ئۇزۇن تارتقاچقا روھى چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى نىكاھ ئىشىدىن قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىدۇ. ماساردى ئاۋستىرىيەنىڭ سەھراسىدا كۆتۈنۈپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، دادىسى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىدۇ:

— سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل، بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭ نەزىرىمدە سىز ئاجايىپ جەزبىدار قىز، يەنە كېلىپ شۇنىسى ماڭا ئېنىقكى، رېئال تۇرمۇشتا قىز بالىنىڭ تەقدىرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تاشقىي گۈزەللىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ساپاسى بىلەن ئەخلاقى. ئېنىقكى سىزگە شۇنداق دېيدۇكى، سىز ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئەخلاقلىق قىز؛ خاتىرىڭىز سىزگە شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئىلگىرى سىز تۇرلۇك چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىغا ھۆرمەت ۋە ھېسسىداشلىق ئۇرۇقى چاچتىڭىز. شۇڭا، كەلگۈسىڭىزدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋارمەن، سىزمۇ ئۈمىدۋار بولۇشىڭىز كېرەك. سىز دېگەن مېنىڭ ئوماق قىزىمسىز، مەن سىزدەك قىزىمنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

ياش ۋاقىتلىرىمدا مەندىمۇ سىزگە ئوخشاش ئەندىشىلەر بولغان. ئۇ چاغلاردا مەنمۇ ئۆزۈمنى كەلگۈسىدە كۆڭلۈمدىكىدەك ھەمراھ تاپالمايدىغاندەك ھېس

قىلالتىم، بەختلىك نىكاھ مەن ئۈچۈن يەتكىلى بولمايدىغان ئارزۇ ئىدى. لېكىن كېيىن بۇ ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلاندى.

ماساردى دادىسىنىڭ تەربىيەسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاشقىي قىياپەتتىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولىدۇ. ئەمەلىيەت دادىسىنىڭ تەربىيەسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ماساردىنىڭ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل مىجەزى نۇرغۇن يىگىتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ ئۇ ۋېنىستىسىيەلىك سودىگەر روبېرت ۋېكتور بىلەن توي قىلىدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ئادەمنىڭ جەلبكارلىقى ئۇنىڭ تاشقىي قىياپىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچكى ساپاسى بىلەن ئەخلاقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ياشلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۈزۈكسىز تولۇقلاپ، ئىچكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەككى، ۋاقىت بىلەن زېھنىنى ھەرگىزمۇ تاشقى قىياپىتى ئۈچۈن ئىسراپ قىلماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چىرايلىق مۆشۈكگۈز بىلەن سەت پۇت

خۇددى باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئادەمنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكى ئۇنىڭ قىممىتىدە. يەنى، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى قانچىلىك جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

— خوببېس

بىركۈنى بىر بۇغىچاق سۇ ئىچكىلى ئېرىق بويىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى سايىسىنى كۆرۈپ، چىرايلىق بىر جۈپ مۆشۈكگۈزىگە كۆزى چۈشۈپتۇ. مۆشۈكگۈزلەر خۇددى ئىككى تال يىلتىز ئويمىسىغا ئوخشاش بۇغىچاقنى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

لېكىن ئۇنىڭ كۆزى پۇتلىرىغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتلىرى بەكلا كۆرۈمسىز بولۇپ، چىرايلىق مۆشۈكگۈزىگە ئازراقمۇ ماس كەلمىگەن ئىكەن.



بۇغىچاقنىڭ كۆرۈمسىز پۇتلىرىغا قاراپ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپىسىغا: — ئاپا، پۇتلىرىمنى ئېلىۋېتەيلىچۇ، ماڭا كاللامدىكى ماۋۇ چىرايلىق مۆشۈكگۈزلىرىم بولسىلا بولدى، — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، پۇتلىرىڭ كۆرۈمسىز بولغان بىلەن، سېنى خالىغان يېرىڭگە ئېلىپ بارالايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلۇشىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

— ياق بولمايدۇ ئاپا، بېشىمدا شۇنداق چىرايلىق مۆشۈكگۈزۈم تۇرسا، كىملا كۆرسە ماڭا ئامراق بولۇپ قالىدۇ، ماڭا ھېچكىم زىيانكەشلىك قىلمايدۇ.

— بالام، بېشىڭدىكى ئاشۇ بىر جۈپ چىرايلىق مۆشۈكگۈز بەلكىم ساڭا سېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بىركۈنى بۇغىچاق سۇ ئىچىش ئۈچۈن ئېرىق بويىغا يەنە بېرىپتۇ. بۇ چاغدا بىر

شىر ئورمانلىقتىن چىقىپ بۇغىچاققا تاشلىنىپتۇ. ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان بۇغىچاق پەرتلا قىلىپ قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ ئوتلاقلاردىن، دەريا ـ ئېقىنلاردىن، ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈپ، شىرنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇشقا ئاز قالغاندا بېشىدىكى ئاشۇ چىرايلىق مۈڭگۈزى دەرەخ شېخىغا ئىلىشىپ قېلىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاجرىتالماي، ئاخىرى شىرغا يەم بولۇپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

گۈزەللىكنىڭ قىممىتى چەكلىك بولىدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئەمەلىي كۈچكە تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۈگۈنكى بۇ جەمئىيەتتە ھەممىدىن بەك ئەسقاتىدىغىنى ئەمەلىي كۈچ. پەقەت ئەمەلىي كۈچكە تايانغاندىلا ئاندىن كەلگۈسىدە جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تارقاتقۇچىسى

# چولپان ئىكەنلىكىڭىزدىن خەۋىرىم بار

ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى شۇ ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتىنى قايسى دەرىجە ۋە قايسى خىل مەنادا ئىپادىلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

— ئېينشتېين

فىرانسىيەنىڭ داڭلىق كىنو چولپىنى ئاكرېس ماشىنىسىنى رېمونتخانىغا ئاپىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر رېمونتچى قىز چىقىدۇ. قىزنىڭ تېخنىكىغا پىشقان چېۋەر قولى بىلەن كېلىشكەن چىرايى بۇ چولپاننى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالىدۇ.

پارىژدا ئۇنى تونۇمايدىغانلار يوق ئىدى. لېكىن بۇ قىزنىڭ چىرايىدا نە ھەيران قېلىش، نە ھاياجانلىنىش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورايدۇ ئاكرېس ئۆزىنى ھېچ تۇتۇۋالالماي.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن. رېمونتچى قىز ئىشىنى قىلغاچ جاۋاب بېرىدۇ.

قىز تېخنىكىغا پىششىق، قولى چاققان بولغاچقا، ماشىنىنى تېزلا رېمونت قىلىپ بولىدۇ.

— ئەمدى ماڭسىڭىز بولىدۇ، ئەپەندى، — دەيدۇ قىز ئاكرېسقا قاراپ.

— خېنىم، بىللە ئايلىنىپ كەلسەك بولامدۇ؟ — دەيدۇ ئاكرېسنىڭ قىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.

— بولمايدۇ ئەپەندى، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار.

— بۇمۇ سىزنىڭ خىزمىتىڭىز، ئەجەبا ئۆزىڭىز رېمونت قىلغان ماشىنىنى ئۆزىڭىزنىڭ سىناپ باققۇسى يوقمۇ؟

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن ھەيدەمدىم، سىزمۇ؟

— سىزنى مەن تەكلىپ قىلغان تۇرسام، ئەلۋەتتە ئۆزۈم ھەيدەيمەن - دە.

ماشىنىنىڭ يۈرۈشى ئىنتايىن نورمال ئىدى. ــ قارىغاندا مەسىلە يوقتەك قى-لىدۇ، ئەمدى مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ قويۇڭ، بولامدۇ؟ مېنىڭ يەنە قىلىدىغان باشقا ئىشلىرىم بار.

ــ نېمە؟ ماڭا ھەمراھ بولغىڭىز يوقمۇ سىزنىڭ؟ سىزدىن يەنە بىر قېتىم سوراپ باقاي، سىز كىنو كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ئاكرېس قىزنىڭ قىلغانلى-رىنى ئەقلىگە پەقەتلا سىغدۇرالمايدۇ. ئەجەبا بۇ رېمونتچى قىز مېنى راستىنىلا تونۇ-مايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

ــ سىزنى قانداقمۇ تونۇماي، سىزنى كېلىشكىنىڭىزگىلا تونۇغان، سىز دېگەن زا-مانىمىزدىكى داڭلىق كىنو شاھى ئاكرېس.

ــ شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەمىسە ماڭا نېمىشقا مۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىسىز؟

ــ ياق، سىز خاتالاشتىڭىز. سىزگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغىنىم يوق، شۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش تەلۋىلىك قىلمىدىم. سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە تۇشلۇق نەتىجىڭىز بار، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە يارىشا خىزمىتىم بار. سىز بۈگۈن ماشىنىڭىزنى رېمونت قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن ئالدىمغا كەلگەن ئىكەنسىز، مېنىڭ خېرىدارىم دېگەن گەپ، مەن سىزنى باشقا خېرىدارىمنى كۈتكەنگە ئوخشاش كۈتتۈم، سىزنى ئەڭ ياخشى رېمونت-چىلىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدىم. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە چولپانلىقتىن قېلىپ، ماشىنا رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىمغا كەلسىڭىز بۈگۈنكىگە ئوخشاشلا كۈتى-مەن، سىزگە مۇلازىمەت قىلىمەن. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بولسا بولمامدۇ؟

ئاكرېس سۈكۈتكە چۆكىدۇ. ئۇ ئاددىي رېمونتچى قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تە-كەببۇرلۇق قىلىپ قويغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

ــ خېنىم، رەھمەت سىزگە! مېنى بىر قېتىملىق چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلدىڭىز. ئەمدى سىزنى ئاپىرىپ قوياي. ماشىنا رېمونت قىلدۇرۇش توغرا كەلسە يەنە سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىمەن.

www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

ھالال ياشىغان ۋە سەممىي مۇئامىلىدە بولغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. مەيلى قانداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىلمايلى، ئۆزىمىزنى چوڭمۇ تۇتماي، پەسمۇ كۆرمەي پرىنسىپتا چىڭ تۇرساقلا ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك غورۇرىمىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز.





# مېۋىلىك باغدىكى دەرس

ئادەم يول مېڭىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يىقىلىشنى بىلىشى كېرەك، يىقىلىشنى بىلگەندىلا ئاندىن يول مېڭىشنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

— ماركس

بىر كۈنى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى سوقراتنىڭ ئەتراپىغا توپلىشۋېلىپ ئۇنىڭدىن كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى سوراپتۇ.

سوقرات بالىلارنى بىر مېۋىلىك باغقا باشلاپ كېلىدۇ. بۇ دەل مېۋىلەر تازا مەي باغلىغان مەزگىل بولۇپ، مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەر دەرەخ شاخلىرىدا ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

— سىلەر ئۆزۈڭلار خالىغان بىر قۇر دەرەخنى بويلاپ باغنىڭ قارشى تەرىپىگە چىققىچە ئۆزۈڭلار ئەڭ يوغان، ئەڭ ياخشى، — دەپ قارىغان بىر تال مېۋىنى ئۈزۈۋېلىڭلار. لېكىن، يولنى تەكرارلاشقا بولمايدۇ، قايتا تاللاشقا بولمايدۇ. سوقرات بالىلارغا يوقىرىقىلارنى تاپىلايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار يولغا چىقىدۇ. ئۇلار مېۋىلىك دەرەخلەرنى بويلاپ باغنىڭ قارشى تەرىپىگە چىققىچە ئۆزلىرى ئەڭ يوغان، ئەڭ ياخشى، — دەپ قارىغان مېۋىنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن تاللاپتۇ.

ئۇلار مېۋىلىك باغنىڭ قارشى تەرىپىگە چىققىنىدا سوقرات ئۇلارنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ھەممىڭلار ئۆزۈڭلار قانائەتلەنگىدەك مېۋىلەرنى تاللىيالىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوقرات.

ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ جاۋاب بەرمەپتۇ.

— نېمە بولدى بالىلىرىم؟ ئەجەبا سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تاللىشىڭلاردىن رازى

www.uyghurkitap.com

ئەمەس ئوخشىمامسىلەر؟

— مۇئەللىم، ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭچۇ! ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىسى ئوقۇتقۇچىغا يالۋۇرۇپتۇ، — مەن باغقا كىرىپلا ئاجايىپ يوغان بىر تال مېۋىنى كۆرـ گەندىم، لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ يوغىنى ئۇچراپ قالار، — دەپ ئويلاپتىمەن. باغنىڭ قارشىسىغا چىقاي دېگەندە قارىسام، ھېلىقى دەسلەپتە كۆرگىنىم ئەڭ يوغىنى ئىكەنـ دۇق ئەمەسمۇ.

يەنە بىر ئوقۇغۇچىمۇ: — مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئەكسىچە بولدى. مەن باغقا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزۈم ھەم يوغان، ھەم ياخشى، — دەپ قاـ رىغان بىر تال مېۋىنى ئۈزدۈم. لېكىن كېيىن قارىسام ئۈزگىنىمدىنمۇ يوغان ۋە ياخشى مېۋىلەر بەك كۆپ ئىكەن. مۇئەللىم، مەنمۇ قايتا تاللايچۇ! — دەپتۇ.

— مۇئەللىم، بىزمۇ قايتا تاللايلىچۇ! ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

سوقرات بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ قەتئىيلىك بىلەن: — بالىلىرىم، كىشىلىك ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق، ئىككىنچى قېتىملىق تاللاش بولمايدۇ، — دەپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن خاتالىق ئۆتكۈزۈش يېشىپ يېتىلىش جەريانىدا كەم بولسا بولمايدىغان جەريان. خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن پەرىشان بولۇشنىڭ ھاجىـ تى يوق. پەقەت ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاللىشىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشـ نى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر قەدىمىنى پۇختا باسسىلا شۇ كۇپايە.

# گۈلنى رەقىبىڭىزگە تۇتۇڭ

بارلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش — كەڭ قورساقلىق.

— ئوۋېن

بىر قېتىم دۇنيا كەسپىي بوكس شاھىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدا تاماشىبىنلار كەسكىن رىقابەتكە تولغان قالتىس مۇسابىقىدىن بەھر ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇنداق بىر ئىشنى كۆردى.

مۇسابىقىلىشىۋاتقانلار ئامېرىكىلىق كەسپىي بوكسچىلار بولۇپ، ياشقا چوڭىراقىنىڭ ئىسمى كوف، ياشراقىنىڭ ئىسمى بورې ئىدى. ئالدىنقى يېرىم مەيدان مۇسابىقىدا ئۇلار ئالتا قېتىم تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قېلىپ، ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇشنى ئايرىغىلى بولمىدى. كېيىنكى يېرىم مەيدان مۇسابىقىدىكى يەتتىنچى قېتىملىق تۇتۇشۇشتا بورې كوفنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن مۇش تەگكۈزۈپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆكەرتىۋېتىدۇ.

ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا بورې كوفتىن سەمىمىيلىك بىلەن ئەپۇ سورايدۇ. ئۇ پاكىز لۆڭگە بىلەن كوفنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى قاننى بىر - بىرلەپ سۈرتۈپ، قولىدىكى سۇنى ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا چاچىدۇ. بورېنىڭ چىرايىدىكى ناماقۇللۇق ۋە تەڭقىسچىلىق ئالامەتلىرىدىن خۇددى ئۆزى يارىلانغاندەك بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. مۇسابىقە داۋاملىشىدۇ. بەلكىم يېشىنىڭ چوڭ‍ىيىپ قالغانلىقى ياكى مادارى يەتمىگەنلىكتىن بولسا كېرەك، كوف بورېنىڭ مۇشىنىڭ زەربىسىدىن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشىدۇ.

مۇسابىقىنىڭ قائىدىسى بويىچە يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن ماھىر رېپېر ئۈچنى سانىغىچە ئورنىدىن تۇرالمىسا ئۇتتۇرغان بولاتتى. كوف ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. رېپېر ساناشقا باشلىدى: 1، 2، 3، رېپېر 3 دېگىچىلا بورې كوفنى يۆلەپ

500

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ، بۇنى كۆرگەن رېپېر ھەيران قالىدۇ. بۇنداق ئىش بوكس مەيدانىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. بورې رېپېرغا: — مەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلدىم، بۇنى سىز كۆرمەي قالدىڭىز، بۇ مەيداندا مېنىڭ يەڭگىنىم ھېساب بولمىسۇن، — دەيدۇ ۋە كوفنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشكىنىچە مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاخىرى كوف 108 : 110 نەتىجە بىلەن بورېغا ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. تاماشىبىنلار خۇددى دېڭىز تاشقىنىدەك بورېغا يۇپۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا گۈل تۇتىدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. بورې ئادەملەر توپىنى يېرىپ چىقىپ، بىر چەتتە يالغۇز قالغان كوفنىڭ يېنىغا بېرىپ، قولىدىكى گۈلنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ ۋە خۇددى بىر قورساق قېرىنداشلاردەك چىڭ قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ يارىلانغان يېرىنى سۆيۈپ قويىدۇ. كوف بورېنى چىن يۈرىكىدىن تەبرىكلەيدۇ، ئۇنىڭ چىرايىدا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بورېنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

كوف گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن سالاپىتىنى ئازراقمۇ يوقاتمايدۇ؛ بورېمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن غەلىبە قىلىدۇ. بىرى تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىلىدۇ، بىرى تېخنىكا جەھەتتىن غەلىبە قىلىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئەخلاق جەھەتتىن غەلىبە قازىنىدۇ.



**مۇلاھىزە:**

مەيلى مۇسابىقىدە بولسۇن ۋە مەيلى تۇرمۇشتا بولسۇن، باشقىلارغا كۆيۈنۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىشنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. مۇسابىقىدە ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش بولىدۇ، لېكىن ئەخلاقنى ئۇتتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

# چىرايلىق قىزچاقنىڭ نەسىھىتى

ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلغىنىڭىز، دۇنيا ئۈچۈن قىممەت ياراتقىنىڭىز.

ـــ گيۇتې

نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋىكتور گراند باي ئائىلىدە تۇغۇلغان بولغاچقا، كىچىكىدىنلا ھورۇن، بەتخەج، مەنمەنچى ئىدى. 27 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ زەربىگە ئۇچرايدۇ.

بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۇ ياش، چىرايلىق پارىژلىق بىر قىزنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشكەن، پۇلدار ئىكەنلىكىگە تايىنىپ ئۇنىڭغا ئىشقىۋازلىق قىلىدۇ.

لېكىن ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قىز ئۇنى: ــ كۆزۈمدىن يوقال، مەن ساڭا ئوخشاش قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەرنىڭ نەزەر دائىرەمنى توسۇۋېلىشىغا بەك ئۆچ، ــ دەپ تىللاپ، ئۇنى بەكمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ۋىكتور گراند ئۆزىنىڭ قىممىتىنىڭ يوقلىقى ۋە شالاقلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە سالماق، توختاملىق ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشكە بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باي ـ باياشات ئائىلە مۇھىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزى يالغۇز لىئونغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ نام ـ ئەملىنى يوشۇرۇپ، ھەر كۈنى كۇتۇپخانا بىلەن تەجرىبىخانىدىن چىقماي تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. تىرىشقان ئادەمنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمەيدۇ، ئۇ پىروفېسسور فىلىپ بارنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قاتتىق تىرىشىشى ئارقىلىق «ۋىكتور گراند رېئاگېنتى»نى كەشىپ قىلىدۇ، 200 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ. 1912 ـ يىلى شىۋېتسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

**مۇلاھىزە:**

ئائىلىڭىزنىڭ باي ۋە ئەۋزەل شارائىتى سىزگە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاتا قىلالمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئۆزىمىزنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمىز.





# گىلاس دەرىخىنى كېسىۋەتتى

ئادەم ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى باتۇرلۇق بىلەن ۋاقتىدا تونۇشى كېرەك. خاتالىقنى يوشۇرۇش ئادەمنى تېخىمۇ چوڭ خاتالىققا باشلايدۇ.

—— فرانكلىن

زوڭتۇڭ جورجى ۋاشىنگتون چوڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مېۋىلىك بېغى، باغدا ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىدا ياۋا دەرەخلەرمۇ ئۆسۈپ قالاتتى. بۇ دەرەخلەر مېۋىلىمىگەننى ئاز دەپ، باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. شۇڭا ۋاشىنگتوننىڭ دادىسى ھەر يىلى باغدىكى ياۋا دەرەخلەرنى كېسىۋېتەتتى. بىركۈنى دادىسى ۋاشىنگتونغا پالتىنى ئېلىپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ياۋا دەرەخلەرنى كېسىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇم بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى، پالتىنى پۇتىغا ئۇرۇۋالماسلىقنى، مېۋىگە كىرىۋاتقان دەرەخلەرنى كېسىپ قويماسلىقنى قايتا ـ قايتا تاپىلايدۇ. ۋاشىنگتون ياۋا دەرەخلەرنى كېسىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنى كېسىپ قويىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ گىلاس دەرىخىنى ياۋا دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ.

كەچتە دادىسى باغقا كېلىپ، بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنىڭ كېسىۋېتىلگەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ ۋە بۇنى بەلكىم ۋاشىنگتون ئېھتىياتسىزلىقتىن كېسىپ قويغان ئوخشايدۇ، —— دەپ ئويلاپ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە ۋاشىنگتون دۆۋىلەپ قويغان دەرەخ شاخلىرىغا قارىغىنىچە: —— قالتىس ئىشچان جۇمۇ سەن، يېرىم كۈندە شۇنچە كۆپ دەرەخلەرنى كېسىپسەن، يەنە تېخى كەسكەن دەرەخلىرىڭنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرۈپسەن، —— دەيدۇ. دادىسىنىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقىنى

كۆرگەن ۋاشىنگتوننىڭ يۈزى قىزىرىپ كېتىدۇ. ئۇ خىجىل بولغان ھالدا: ــ دادا، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بەك بىپەرۋا ئىكەنمەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنى كېسىپ قويىدۇم. بۇ دەرەخلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇشۇمدىكى مەقسەتمۇ سىزنىڭ ئاشۇ گىلاس دەرىخىنى كۆرۈپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن. مەن سىزنى ئالدىدىم، مېنى تىللاڭ، ــ دەيدۇ.

لېكىن ئويلىمىغان يەردىن دادىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ۋاشىنگتوننىڭ غولىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن: ــ ئەقىللىق بالام، دېمىسىمۇ گىلاس دەرىخىنى كېسىپ قويغىنىڭ ئۈچۈن تەنقىد قىلىنىشىڭ كېرەك ئىدى، لېكىن سېنىڭ خاتالىقنى باتۇرلۇق بىلەن تونۇپ، يالغان سۆزلىمىگىنىڭ ياكى بولمىسا باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمىگىنىڭ ئۈچۈن سېنى كەچۈردۇم. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مەن مىڭ تۈپ گىلاس دەرىخىدىن قۇرۇق قېلىشقا رازىكى، سېنىڭ يالغان سۆزلەپ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشىڭغا رازى ئەمەس! ــ دەيدۇ. ۋاشىنگتون: ــ خاتالىقنى تونۇش شۇنداق قىممەتلىكما؟ ئۇنى مىڭ تۈپ گىلاس دەرىخىگە تەڭ قىلغىلى بولامدا؟ ــ دەپ سورايدۇ چۈشەنمىگەن ھالدا.

دادىسى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ: ــ خاتالىقنى باتۇرلۇق بىلەن تونۇش ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي ئەخلاق. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەملەرلا جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. سېنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئىپادەڭنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. كېيىنچە بۇ قورو ـ جايىنى ساڭا تاپشۇرۇسام چوقۇم ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىكەنسەن.

**مۇلاھىزە:**

ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك ئۈچۈن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئادەمدە ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنى بىلىش ئېڭىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ پىششىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. شۇڭا، تۇرمۇشتا خاتالىقىمىزنى يوشۇرماي، سەۋەنلىكلەرنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىپ، پىشقان ھەم مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەم بولۇشىمىز كېرەك.

# باتۇر تېيىن

ھەممىلا ئادەمنىڭ سىزگە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە، ئاشۇ خىل ھېسسىيات سىزنى تولۇپ ـ تاشقان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— گوركى

بۇرۇنقى زاماندا بىر چوڭ ئورمانلىقتا نۇرغۇن كىچىك ھايۋانلار ناھايىتى خۇشال ياشايدىكەن. ئورمانلىقتا ئەزەلدىن چوڭ ھادىسە بولۇپ باقمىغانىكەن، بەزىدە بۇ يەردىن يىرتقۇچ ھايۋان ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، كىچىك ھايۋانلار بۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالىدىكەن. شۇڭا، بۇ كىچىك ھايۋانلار ئورمانلىقتا تاكى قېرىپ ئۆلگىچە راھەت ياشايدىكەن.

بىركۈنى ئاسمان ئىلاھىنىڭ تۇيۇقسىز بۇ ئورمانلىقتىكى كىچىك ھايۋانلارنىڭ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى سىناپ باققۇسى كېلىپ، قاتتىق چاقماق چاقتۇرۇپتۇ. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چاقماق ئورمانلىقتىكى ھەممىدىن چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى سوقۇپتۇ، شۇ زامان دەرەخ گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئوت بارغانسېرى يامراپ ھەممە تەرەپكە يېيىلىپ، نۇرغۇن دەرەخلەرگە تۇتۇشۇپ، كىچىك ھايۋانلارنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ.

نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن ھايۋانلار بۇ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئورمانلىقنىڭ سىرتىغا قاراپ قېچىپتۇ. لېكىن ئۇلار چاقماق ھېلىقى يوغان دەرەخنى سوقۇۋېتىپ ئورمانلىققا ئوت كەتكەندە ئورمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپىغا نۇرغۇن گۆشخور ھايۋانلارنىڭ توپلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىشىپ ئاشۇ كىچىك ھايۋانلارنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن پەقەتلا خەۋەرسىز ئىكەن.

ئورمانلىقتىكى كىچىك ھايۋانلار ئىچىدە پەقەت تىيىنلا باشقىلارغا ئوخشاش قاچماي پىداكارلىق بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقنى پۈتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئوتنى ئازراق بولسىمۇ تىزگىنلەش مەقسىتىدە، ۋىجىك بەدىنىنى ئوتنىڭ دەستىدىن قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان كۆلچەكتە ھۆل قىلىپ ئۈستى - بېشىدىكى سۇنى ئوتقا چېچىشقا باشلاپتۇ.

بۇ چاغدا ئاسمان ئىلاھى بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ تىيىننىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە: — بالام، بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ بۇنداق كۈچلۈك ئوتقا ھېچقاندىق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى راستىنلا بىلمەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

تىيىننىڭ پاخپايغان، لېكىن چىرايلىق قۇيرۇقىنىڭ ئۈچ يېرى كۆيۈپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ بەدىنىنى داۋاملىق سۇغا چىلاپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپتۇ ۋە بوۋاي قىياپىتىدىكى ئاسمان ئىلاھىغا: — مېنىڭ كۈچۈم بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق ئورمانلىقتىكى بىرنەچچە كىچىك ھايۋاننى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن! بەلكىم مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم ئاسمان ئىلاھىنى تەسىرلەندۈرۈپ، خاسىيەتلىك يامغۇر ياغدۇرۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس، — دەپتۇ.

تىيىننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بوۋاي قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان تىيىننىڭ ئەتراپى ئاجايىپ سالقىنداپ كېتىپتۇ، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتمۇ نەلەرگىدۇر غايىپ بولۇپتۇ. ئاسمان ئىلاھى تىيىننىڭ يارىلانغان قۇيرۇقىنى شۇنداق سىيلاپتىكەن كۆيۈپ كەتكەن ئۈچ يەر ئاجايىپ ئۆزگىرىشچان چىرايلىق ئۈچ تال سىزىققا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. مانا بۇ ھىندىستاندىكى ئۈچ سىزىقلىق تىيىننىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كېلىش سەۋەبى ئىكەن.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزىنى تونۇۋالغان ئادەم قىينچىلىقتىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇلار خەتەرنىڭ تەھدىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، بەلكى باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئادا قىلىدۇ.

# يامان ئادەتلىرىڭىزنى تۈگىتىڭ

ئازراق بولسىمۇ ئۆزىنى تۈنۇۋېلىشنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنى كۈچلۈك كۆرسىتەلەيدۇ.
— گوركى

توپ چولپىنى بىرلى كىچىككىدىنلا پۇتبولغا ھېرىسمەن بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تالانتىنى نامايان قىلغاندى.

بىر قېتىم ئۇ ئىنتايىن كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ.

دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ ھەمراھلىرىدىن تاماكا سورايدۇ. ئۇ تاماكىنى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن چېكىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى خۇددى كىنو چولپىنىدەك ھېس قىلىپ، ئۆزىدىن ئۆزى مەست بولىدۇ.

بۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان دادىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ.

كەچتە دادىسى بىرلىدىن: — بۈگۈن تاماكا چەكتىڭما؟ — دەپ سورايدۇ.

— چەكتىم، — دەيدۇ بىرلى ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۈزى قىزىرىپ بېشىنى ساڭگىلىتىدۇ ۋە دادىسىنىڭ تەنبىھ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

لېكىن بىرلىنىڭ دادىسى ئاچچىقلىنىشنىڭ ئورنىغا مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىغا: — بالام، سېنىڭ توپ تېپىشتە خېلى تالانتىڭ بار، بەلكىم كەلگۈسىدە يارامالىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭ مۇمكىن. تولىمۇ ئەپسۇس، سەن ھېلىتىن تاماكا چەككىلى تۇرۇپسەن، بۇنداق قىلساڭ تاماكا سېنى نابۇت قىلىپ، مۇسابىقىدا ئۆزۈڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەۋىيەسىنى جارى قىلدۇرالماي قالسەن، ــ دەيدۇ.

بېرلىنىڭ بېشى چۆشۈپ كېتىدۇ. دادىسى ئۇنىڭغا يەنە سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: ــ دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن سېنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىم بار، شۇنداقلا ھەم يەنە سېنىڭ يامان ئادەتلىرىڭنى توسۇش مەجبۇرىيىتىممۇ بار. لېكىن ياخشى يولغا ماڭامسەن، يامان يولغا ماڭامسەن، قارار قىلىش ھوقۇقى يەنىلا ئۆزۈڭدە. سەندىن شۇنى سورىغىم كېلىۋاتىدۇ، سېنىڭ بەڭگى بولغۇڭ بارمۇ ياكى يارامىلىق تەنھەرىكەتچى بولغۇڭ بارمۇ؟ بالام، ئىش ئۇقىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى، ئۆزۈڭ تاللىغىن! ــ دەيدۇ ۋە يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ بېرلىغا بېرىدۇ: ــ ئەگەر راستتىنلا يارامىلىق تەنھەرىكەتچى بولۇشنىڭ ئورنىغا بەڭگى بولۇش خىيالىڭ بولسا، بۇ پۇللارنى ئېلىپ تاماكا ئېلىپ چەكسەڭ بولىدۇ، ــ دەيدۇ ـ دە، گېپىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كېتىدۇ.

بېرلى دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ چوڭقۇر ۋە سەممىي گېپىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولغانلىقتىن ئۆزىنى خېلى ئۇزۇنغىچە يىغىدىن توختىتالمايدۇ. بېرلى تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، شىرە ئۈستىدىكى پۇلنى دادىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە قەتئىي نىيەت بىلەن: ــ دادا، ئەمدى ھەرگىزمۇ تاماكا چەكمەيمەن، چوقۇم يارامىلىق تەنھەرىكەتچى بولۇپ چىقىمەن، ــ دەيدۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بېرلى تاماكىنى قەتئىي تاشلايدۇ ۋە جاپالىق مەشىق قىلىپ، توپ تېپىش تېخنىكىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. 15 يېشىدا سانتوس كەسپىي پۇتبول كوماندىسىغا، 16 يېشىدا برازىلىيە دۆلەتلىك كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە برازىلىيە كوماندىسىنىڭ «ئايال ئىلاھ» لوڭقىسىغا مەڭگۈ ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشىدۇ. كېيىن بېرلى داڭلىق پۇتبول چولپىنى بولۇپ، باي بولغاندىن كېيىنمۇ تاماكىغا يېقىن يولىمايدۇ.

**مۇلاھىزە:**

ياخشى ئادەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىشكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ، يامان ئادەت ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە باشلايدىغان دەرۋازا. ئوخشۇشلۇق ئۈسۈپ يېتىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، يامان ئىللەتلەرنىڭ قايمۇقتۇرىشىغا ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون يەتتىنچى باب ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، جاھانغا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراڭ

يارىتىش تەڭرىدىن يارىلىش ئۆزىمىزدىن. جەمئىيەت دېگەن ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنيا. مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتتە ياشاۋېتىپ، مۇتەئەسسىپ بولۇۋېلىپ ئۆزگىرىشنى بىلمىسەك، ماسلىشىش جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تۈرلۈك پىسخىك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئىنتېر شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاندى گېرىف: ئۇچۇر دەۋرىدە پەقەت ئۆزگەرمەيدىغىنى ئۆزگىرىش، دېگەن ئىكەن. شۇڭا، كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان، ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان تاشقى دۇنيادا ئىدىيەيىڭىز، كۆز قارىشىڭىز ۋە ھەرىكەت شەكلىڭىزنى ئۇزۇكسىز ئۆزگەرتىپ، رېئال تۇرمۇشقا يېڭىچە تەپەككۇر يولى ۋە يېڭىچە ھەرىكەت ئارقىلىق يۈزلىنىشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

# «ئاتام زامانىسىدىكى مەن»دىن قۇتۇلۇپ كېتىڭ

ئادەملەر دۇنيانى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

ـــ لېۋ تولستوي

تۇرمۇشىدىن پەقەت رازى بولمايدىغان بىر ياش پىسخىك دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ھازىرقى ئەھۋالىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياردەم سورىماقچى بولۇپتۇ.

ئۇ بىر كوچىدىكى دوختۇرخانىغا كىرىپتۇ. دوختۇرخانا شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، كۆتكۈچى سېستىرا كۆرۈنمەيتتى. نۆۋەت كۈتۈش ئۆيىدە ئىككى ئىشىك بولۇپ، بىرىگە «ئەر»، يەنە بىرىگە «ئايال» دەپ يېزىقلىق تۇراتتى.



ئۇ «ئەر» دېگەن خەت يېزىلغان ئىشىكتىن كىرىپتۇ، ئالدىغا بىرىگە «ئۈمىدۋار»، يەنە بىرىگە «مۇتەئەسسىپ» دېگەن خەت يېزىلغان ئىككى ئىشىك ئۇچراپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇتەئەسسىپ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە «مۇتەئەسسىپ» دېگەن خەت يېزىلغان ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

ئۇ يەنە ئىككى ئىشىكى بار ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. ئىشىكنىڭ بىرىگە «ئۆزگىرىشكە تەۋەككۈل قىلىش»، يەنە بىرىگە «كونا ئادەتنى ساقلاپ قېلىش» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزگە تونۇشلۇق ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە كۆزى قىيمايدىغان ئادىتى بولغاچقا «كونا ئادەتنى ساقلاپ قېلىش» دېگەن خەت بار ئىشىكنى ئېچىپتۇ. نەتىجىدە ھېلىقى كوچىغا چىقىپ قاپتۇ.

### مۇلاھىزە:

جەمئىيەت دېگەن ئۆزۈڭسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنيا. مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتتە يا-شاۋېتىپ، مۇتەئەسسىپ بولۇۋېلىپ ئۆزگىرىشنى بىلمىسەڭ، ماسلىشىش جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تۇرلۇك پىسخىك مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، كۇنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان، ئۆزۈڭسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان تاشقىي دۇنيادا ئىدىيىڭىز، كۆز قارىشىڭىز ۋە ھەرىكەت شەك-لىڭىزنى ئۆزۈڭسىز ئۆزگەرتىپ، رېئال تۇرمۇشقا يېڭىچە تەپەككۇر يولى ۋە يېڭىچە ھەرىكەت ئارقىلىق يۈزلىنىشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تورى

# ئېرىق ۋە قۇملۇق

تۇرمۇش دېمەكلىك ئۆزگەرتمەك دېمەكلىك، مۇكەممەل بولۇش دېگەنلىك ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇش دېگەنلىك.

ـــ كونتسونۇئۇس مو

ئېگىز تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر ئېرىق نۇرغۇن يېزا ـ كەنت ۋە ئورمانلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر قۇملۇققا يېتىپ كەپتۇ.

ـــ مەن نۇرغۇن توسالغۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلدىم، بۇ قۇملۇقتىنمۇ ئۆتۈپ كېتەلەيمەنغۇ، ـــ دەپ ئويلاپتۇ ئېرىق. ئۇ قۇملۇقتىن ئۆتۈۋېتىپ، سۈيىنىڭ قۇمغا سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ ئۇدا بىرنەچچە قېتىم سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ ئەجرى بىكارغا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رايى يېنىپ: ـــ تەقدىر ـ پېشانەم شۇنداق ئوخشايدۇ، قارىغاندا رىۋايەتلەردە دېيىلىدىغان ئاشۇ بىپايان دېڭىزغا بارالمايدىغان ئوخشايمەن، ـــ دەپتۇ چۈشكۈنلەشكەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە.

بۇ چاغدا ئەتراپتىن ناھايىتىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا: ـــ مەيىن شامال ئۆتەلىسىلا، سەنمۇ ئۆتەلەيسەن، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئەسلىدە بۇ قۇملۇقنىڭ ئاۋازى ئىكەن.

ئېرىق قايىل بولمىغان ھالدا: ـــ شامال دېگەن قۇملۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن مەن ئۇچالمايدىغان تۇرسام، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئۆزگەرتمىسەڭ بۇ قۇملۇقتىن مەڭگۈ ئۆتەلمەيسەن. سېنى ئاشۇ مەيىن شامالLA بۇ قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈپ مەنزىلىڭگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. پەقەت سەن ھازىرقى ھالىتىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزۈڭنى شامالغا سىڭدۈرسەڭلا بولىدۇ، ـــ دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ قۇم.

بۇ تەكلىپ ئېرىقنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولغاچقا: ـــ ھازىرقى ھالىتىمدىن ۋاز كېچىپ، شامالنىڭ قوينىدا غايىپ بولۇپ كېتەمدىم؟ ياق، ياق، ـــ

دەپتۇ ئۇ ۋە بۇنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە تەجرىبىسى بولمىسا، ھازىرقى ھالىتىدىن ۋاز كەچسە، ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلغانلىق بولمامدۇ؟ — بۇنىڭ راستلىقىغا قانداق ئىشىنىمەن، — دەپ سوراپتۇ ئېرىق.

— مەيىن شامال سۇ پارلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، قۇملۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ، مۇۋاپىق يەرگە بارغاندا شامال سۇ پارلىرىنى قويۇپ بېرىپ، يامغۇر قىلىپ ياغدۇرىدۇ. ئاندىن بۇ يامغۇر سۇلىرى يەنە ئېرىق بولۇپ شەكىللىنىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ، — دەپتۇ قۇملۇق سەۋرچانلىق بىلەن.

— ئۇنداقتا مەن يەنىلا بۇرۇنقى ئېرىق بولالامدىم؟

— يا بولىسەن، يا بولالمايسەن، — دەپتۇ قۇملۇق. — مەيلى ئېرىق بول ۋە ياكى كۆرۈنمەس پار بول، سېنىڭ ئىچكى ماھىيىتىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ. سېنىڭ ئېرىق بولىمەن، — دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشىڭدىكى سەۋەبمۇ دەل ئۆزۈڭنىڭ ئىچكى ماھىيىتىڭنى پەقەتلا چۈشەنمىگەنلىكىڭدىن بولغان.

بۇ چاغدا ئېرىقنىڭ ئېسىگە ئېرىق بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ مەيىن شامالنىڭ ياردىمىدە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئېگىز تاغنىڭ قاپتىلىغا كەلگەندە يامغۇرغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشكەنلىكى ۋە ئېرىق بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرىق غەيرەتكە كېلىپ، مەيىن شامالنىڭ قوينىدا غايىپ بولۇپ، مەيىن شامالغا ئەگىشىپ باشقا بىر ماكانغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.



**مۇلاھىزە:**

ھاياتلىق تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان جەريان. روھىي ھالىتىنى ئۈزۈكسىز تەڭشەپ، پائال ئۆزگىرىپ تۇرغاندىلا ئاندىن تۇرمۇشتىكى قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئوڭۇشلۇق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىتىلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئامبىرى

# كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كېپىنەك قۇرتى

شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى توختىماي ھەرىكەت قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇ-رىدۇ.

— ماركس

بىر كېپىنەك قۇرتى يۇمران يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئەتراپقا قىزىقسىنىپ قاراپتۇ: ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھاشارەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇچۇۋاتقان، بەزى-لىرى سەكرەۋاتقان، يەنە بەزىلىرى ناخشا ئېيتىۋاتقان بولۇپ، ئەتراپ ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئۆزىلا بىچارىلەرچە بىر چەتتە قالغان بولۇپ، نە ئۇچۇشنى، نە يۈ-گۈرۈشنى بىلمەيدىكەن.

كېپىنەك قۇرتى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ مىدىرلىغان بولسىمۇ، ئاران ئازراقلا يۆتكىلەلەپتۇ. ئۇ بىر يوپۇرماقتىن يەنە بىر يوپۇرماققا يۆتكەلگىچە ئۆزىنى خۇددى پۈتۈن جاھاننى بىر ئايلىنىپ چىققاندەك ھېس قىلىدىكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي كېپىنەك قۇرتى ئازراقمۇ ئۈمىدسىزلەنمەپتۇ، باشقا ھاشاراتلەرگە ھەۋەسلىنىپ قاراپمۇ قالماپتۇ. ئۇنىڭغا شۇ تەرىپى ئېنىقكەنكى، ھەر-قانداق ھاشاراتنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشى بولىدۇ. شۇڭا ئۆزىمۇ ئىنچىكە كۆمۈش رەڭ يىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزى ئۈچۈن پۇختا غوزەك ئۆي تەييارلىشى كېرەك ئىكەن.

كېپىنەك قۇرتى كىچىككىنە تومۇرمەيلا بىجاندىللىق بىلەن ئىشقا كىرىشىپتۇ ۋە پۈتۈن بەدىنىنى ئىسسىق غوزا ئىچىگە سولاپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ تاشقي دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغان كېپە-نەك قۇرتى.

— ئەمدى ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كېپىنەك قۇرتى ئۆزىگە جاۋاب بېرد-

ۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ: ــ سەۋرچان بول، كېيىن بىلىپ قالىسەن.

ۋاقىت توشۇپ كېپىنەك قۇرتى ئويغىنىپتۇ. لېكىن ئەمدى ئۇ بۇرۇنقى كالانپاي كېپىنەك قۇرتى ئەمەس ئىدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن غوزىدىن چىقىپ، ئۆزىگە بىر جۈپ يېنىك قانات چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپتۇ، ئۇنىڭ قانىتىدا رەڭگارەڭ سىزىقچىلار بار ئىكەن. ئۇ خۇشاللىقىدىن قانىتىنى شۇنداقلا پۇلاڭلىتىپتىكەن، يۇمشاق مامۇققا ئوخشاش يوپۇرماقتىن كۆتۈرۈلۈپ، كەڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزمۇ ھېلىھەم شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا، بىز تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى خىرىسنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ، ھاياتىمىزدىكى تۈرلۈك سىناقلارنى سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلساقلا، كۆڭلىمىزنىڭ بىردە قانات كېرىپ پەرۋاز قىلالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

# خادىم قىسقارتىش

ياردەش تەڭرىدىن ، يارىلىش ئۆزىمىزدىن.

— درۇبىن

شياۋ لىن بىلەن شياۋ بەي ئوخشاش بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مەلۇم بىر شىركەتكە تەڭلا كاتىپ بولۇپ كىردى. ئۇ ۋاقىتلاردا كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلار ئىشقا چۈشكەن شىركەتتە بىرلا كومپيۇتېر بولۇپ، شياۋ لىن كومپيۇتېرغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى، ئۇ: خەتنى چىرايلىق يازسام، ھۆججەت ـ ئالاقىلارنى جايىدا پۈتتۈرسەملا بولدى، — دەپ ئويلىدى. لېكىن شياۋ بەي كومپيۇتېرنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم خىزمەتتىكى مۇھىم قورال بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى بىلمۇالسا بىر تۈرلۈك تېخنىكىنى ئارتۇق ئىگىلىگەنلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، كومپيۇتېرغا ئائىت كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆزلۈكىدىن كومپيۇتېر ئۆگەندى. ئۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى كومپيۇتېرنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ بۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. «رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش» شامىلى بۇ شىركەتكىمۇ يېتىپ كەلدى. شىركەت ئورگانلارنى ئىخچاملاشقا باشلىدى. شياۋ لىن بىلەن شياۋ بەينىڭ بىرسىلا قېلىشى كېرەك ئىدى. شياۋ لىن ئۆزىنىڭ قالىدىغانلىقىغا شۈبھىسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن ئۇ ئۆزىنى شياۋ بەيدىن ئۈستۈن تۇرىمەن، — دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ شىركەت شياۋ بەينى ئېلىپ قېلىپ، شياۋ لىننى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان شياۋ لىن شىركەت رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ باردى. شىركەت رەھبىرىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گېپىلا شياۋ لىننى جىم قىلىپ قويدى.

ــ ناۋادا سىزمۇ كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى بىلگەن بولسىڭىز، سىزنى ئېلىپ قالغان بولاتتۇق.

**مۇلاھىزە:**

نۆۋەتتە جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشقا ھەر زامان تەييار تۇرۇپ، ئىقتىدارىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز، ئىدىيىمىزنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىۋېتىلمەيمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغىنى ئۆزگىرىش

ئۆچۈر دەۋرىدە بىردىن ئۆزگەرمەيدىغىنى دەل شۇ ئۆزگىرىش.

— گروف

فۇنى 18 يېشىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز كاناداغا كەلگىنىدە ئىنگلىزچىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئۇ چېگرادىن ئۆتىدىغاندا تاموژنا خادىمى ئۇنىڭ يۈك - تاقلىرى ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ھېچ نېمىنى ئۇقالماي گېپىنى چۈشەندۈرەلمىگەنىدى. تاموژنا خادىمى جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ يۈك - تاقىنى ھەر خىل ئىلغار تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي تەكشۈرگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزى يالغۇز كانادا تۇپرىقىغا قەدەم بېسىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەچ تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا كومپيۇتېر ئۆگىنىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئېرى بىلەن بىللە كالگارىگە كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىدۇ.

ئۇ چاغدا كالگارى كىچىك شەھەر بولۇپ، ئىقتىسادىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. فۇنى ناھايىتى تەستە بىر شەخسىي شىركەتتە پىروگراممىا تۈزگۈچى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئىشنى تاپىدۇ، ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ ئۇ غوجايىنىنى ئىزدەپ بېرىپ، غوجايىنىنىڭ ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقىدۇ. ئۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بىكارغا ئىشلىگەن بولۇپ بىر تىيىنمۇ ھەق ئالالمايدۇ.

تۇنجى قېتىم تېپىپ ئىشلىگەن ئىشىدىن ھەق ئالالمىغان فۇنى بىر شىركەتنىڭ كومپيۇتېر بۆلۈمىدە پىروگراممىا تۈزەش ئىشىنى قىلىدۇ، كېيىن ئۇ بىرنەچچە شىركەتكە ئىشلەيدۇ. كۆپ يىللىق تىرىشىش ۋە توپلىغان تەجرىبىسى ئارقىلىق ئاخىرى بېل شىركىتى كانادا شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولىدۇ. لېكىن بېل شىركىتىنىڭ يېرىم ئاي ئىلگىرى ئېلىپ بارغان ئاپپاراتلارنى قايتا تەشكىللەش ئىشىدا بۇ شىركەتتە ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن فۇنې قالغان 20 نەچچە مۇئا-

ۋىن باش دىرېكتورلار بىلەن بىللە ئىشتىن بوشىتىلىدۇ. لېكىن ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن بۇنى ئۆزىنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق غايەت زور بۇرۇلۇش، دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: — ئاخىرى ئارام ئالىدىغان كۈنلىرىمىز كېلىپتۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنى ئوگىشىۋالاي، — دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى سورىغانلارغا بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشنى يېڭى بىر پۇرسەت ۋە خىرىس دەپ چۈشىنىپ، ئۆزى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايال، — دەپ قارالغان فۇنى ئىنگلىز تىلىنى بىر ئېغىزمۇ بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىدىن كانادا بويىچە ھەممىدىن چوڭ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، ھازىرقى نۇرغۇن ياشلىرىمىزغا ئوخشاش يېڭىباشتىن كەسىپ تاللاشقا دۇچ كەلگەن. بۇنىڭدىن بىز ئاز - تولا بىر نەرسىنى ھېس قىلىمىزمۇ قانداق؟

**مۇلاھىزە:**

ھازىرقى جەمئىيەتتە بىردىنبىر ئۆزگەرمەيدىغىنى دەل ئۆزگىرىش. تۇرمۇشتا قىينچىلىق ۋە ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەندە ئۆزىمىزنىڭ پسىخىك ھالىتىمىزنى تەڭشەپ، تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشكە ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

# كۆزئەينەك

ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىپ كۈتۈپ تۇرىدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ چاققانلىقىدىن ھەيران بولۇشقا ئەڭ ماھىر ئادەمدۇر.

ـــ شېكسپىر

بىر كۈنى بىر ياش كۆزئەينەك دۇككىنىغا كىرىپ، پىرىكازچىكتىن: ـــ ئەينەكلەرنى تاقىسىلا كىتاب ئوقۇغىلى بولامدۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

پىرىكازچىك ياشنىڭ سوئالىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ياخشى كۆزئەينەكتىن بىرنى سەپلەپ بېرىپتۇ. ياش كۆزئەينەكنى تاپ بىر پارچە گېزىتنى ئېلىپ بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن غەزەپلەنگەن ھالدا پىرىكازچىكقا ۋارقىراپتۇ: ـــ سەن نېمىشقا مېنى ئالدايسەن؟ ئەينىكىڭنى تاقاپمۇ يەنىلا بىرمۇ خەتنى ئوقۇيالمىدىمغۇ!

ئەسلىدە بۇ ياش ساۋاتسىز ئىكەن.



**مۇلاھىزە:**

ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تاشقى قىياپەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي ئىشنى ساپايىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىشىمىز لازىم. ئېلىپبەنىڭ سۇنىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى كۆزئەينەكنى تاقىغان بىلەنمۇ ھەرگىزمۇ بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولالمايدۇ.

# ئىشىك

تەبىيار نەرسىنى تەكرارلىماق ئاسان، لېكىن ئەڭ كىچىك ئىجادىيەتمۇ خېلى تەسكە توختايدۇ.

— ۋاڭ چاۋۋېن

بىر كۈنى بىر ياش مەكتەپتىن چىقىپ يولدا كېتىۋېتىپ، ھويلىدا ئېچىلغان گۈل بىلەن تولغان بىر ھويلىغا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە گۈلگە سۇ قۇيۇۋاتقان بوۋايدىن ھويلىغا كىرىپ گۈللەرنى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي ماقۇل بولۇپ، ئىشىك بار يەرنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ياش ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپتۇ، لېكىن ئىشىك ئېچىلماپتۇ، كۈچەپ ئىتتىرىپتۇ، يەنە ئېچىلماپتۇ. بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان ياش ھەدەپ ئىتتىرىۋېرىپتۇ. لېكىن ئىشىك پەقەتلا ئېچىلماپتۇ. ئىشىك تاقاقمۇ ـ يە؟ ياش بايىقى يەرگە كېلىپ بوۋايدىن:

— بوۋا، ئىشىك ئىچىدىن تاقاق ئوخشىمامدۇ؟ شۇنچە ئىتتىرىپمۇ پەقەت ئاچالمىدىمغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىتتىرىپ؟ گۈلگە سۇ قۇيۇۋاتقان بوۋاي دەسلەپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاندىن كۈلۈپ كېتىپتۇ: — يىگىت، بەزىدە ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئەمەس، تارتىپ ئاچقۇلۇق، — دەپتۇ.

ياش ئىشىكنىڭ يېنىغا يەنە كېلىپتۇ ۋە تۇتقۇچنى تۇتۇپ شۇنداقلا تارتقانىكەن ئىشىك ئېچىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**مۇلاھىزە:**

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ قانچىلىك ئىجتىھاتچان ۋە تىرىشچان ئىكەنلىكىگە قارىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەسىلىنى تېز ھەل قىلىشىنىڭ ئاسان ئۇسۇلىنى تېزدىن تاپالىغان ـ تاپالمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.





# تاغنى چاقىرىش

تالانت ئىگىسى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر يولىنى ھەرگىز تۇتمايدۇ.

— ستېندال

بىر داڭلىق ئىقتىساد پەنلىرى پىروفېسسورى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغانلىكى ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇش نومۇرى ئالالمايدىكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بۇ پىروفېسسور ئادەتتە بەكلا ئېغىر - بېسىق بولۇپ، دەرسنى قاتمال ئۆتىدىكەن، بەرگەن تاپشۇرۇقلىرى ھەم جىق ھەم تەس ئىكەن. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ دەرسىدىن قاچمىغان تەقدىردىمۇ بىر ئامالالارنى قىلىپ سائەت توشقۇزىدىكەن، تۆۋەن نومۇر ئېلىشقا رازىكەنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالىمايدىكەن. لېكىن بۇ پىروفېسسور مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىقتىسادشۇناس بولۇپ، ساناقلىق مالىيە - ئىقتىساد ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەخىرلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. ئىقتىساد پەنلىرىدە بىرەر نەتىجە قازىنىمەن دەيدىغان ئادەم چوقۇم مۇشۇ پىروفېسسورنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ پىروفېسسورنىڭ كەينىدىن سۆڭدىشىپلا يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىككىسى چاقچاقلىشىپ قىزغىن پاراڭلىشىدىكەن. باشقىلار بۇ ئوقۇغۇچىغا: — نېمىشقا ئاشۇ مۇتەئەسسىپ پىروفېسسورنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ تەخسكەشلىك قىلىسەن؟ ۋىجدانىڭ بىلەن ياشساڭ بولمامدۇ! — دەپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: — سىلەر مۇھەممەدنىڭ تاغنى چاقىرغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟ مۇھەممەد خەلققە: تاغنى چاقىرىپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ. لېكىن ئۇ ئۇدا ئۈچ قېتىم چاقىرغان بولسىمۇ، تاغ ئورنىدىن مىدىرلاپ قويمايمۇ دېمەپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد: تاغ كەلمىسە ئۆزۈم باراي، — دەپتۇ! بۇ پىروفېسسورنى ئاشۇ تاغ دېسەك،

مەن ئاشۇ مۇھەممەد. پىروفېسسور مېنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلۇمنى قوبۇل قىلمىغان- كەن، ئۇ ھالدا مەن پىروفېسسورنىڭ دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىغا كۆنۈشۈم كېرەك. ئىنت- قىلىپ مېنىڭ مەقسىتىم ئىقتىساد دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىش. گۆھەر بولۇپ تاغدىن گۆھەر ئالىمەن دېگەن ئادەم، گۆھەر بار تاغ يېنىمىزغا كەلمىسە گۆھەرنى ئېلىش ئۈچۈن تاغقا ئۆزىمىز بېرىشىمىز كېرەكتە!

بۇ ئوقۇغۇچى دەرۋەقە قالغان ساۋاقداشلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئوقۇش پۈتتۈ- رۈپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىنلا پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ- تۇ، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بولسا يەنىلا شۇ «تاغ چاقىرىش» باسقۇچىدا توختاپ قاپتۇ.

**مۇلاھىزە:**

تاشقى مۇھىت كۆڭلۈمدىكىدەك ئەمەس، — دەپ ئاغرىنىپ يۈرگەندىن كۆرە، يەنىلا ئۆزىمىزنى تەڭشەپ تاشقى مۇھىتقا ماسلاشقىنىمىز تۈزۈك. تاشقى شارائىتنى ئۆزگەرتەلمىگەن- دىن كېيىن ئۆزىڭىزدە ئاز - تولا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ بېقىڭ، قېنى نەتىجە قانداق بولىدىكىن!





# رەسىم قوراشتۇرۇش

سىزنىڭلا توغرا بولسا، پۈتكۈل ئالەمدىكىلەرنىڭ توغرا بولىدۇ.

ــ ناپولېئون خىل

بىركۈنى سەھەردە بىر پوپ ئۆيىدە ئەتىسى سۆزلىنىدىغان تەرغىبات سۆزىنى تەييارلاۋاتسا ئوغلى جون بىكارچىلىقتا ئىچى پۇشۇپ توختىماي يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. پوپ بىر كونا ژۇرنالنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ھەر خىل رەڭ بېرىلگەن دۇنيا خەرىتىسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بىر ۋەراقنى يىرتىپ ئۇنى ئۇششاق پارچىلاپ يەرگە تاشلاپتۇ ۋە:

ــ جون، بۇلارنى قوراشتۇرۇپ چىقساڭ، ساڭا بىر تال شاكىلات بېرىمەن، ــ دەپتۇ.



پوپ ئوغلىنى بۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىدۇ، ــ دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ھالدا تەرغىبات سۆزىنى تەييارلاشقا باشلاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئوغلى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، خەرىتىنى قوراشتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پوپ ئوغلىنىڭ بۇنداق تېز قوراشتۇرۇپ بولغانلىقىدىن قاتتىق ھەيران بولۇپ قارىغۇدەك بولسا، ھەربىر پارچە قەغەز ئۆز ئورنىنى تاپقان بولۇپ، پۈتۈن خەرىتە ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن.

ــ جون، قانداق قىلىپ بۇنداق تېز قوراشتۇرۇپ بولدۇڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ پوپ.

ــ ھە! ــ دەپتۇ جون، ــ بۇ ئاسانغۇ! قارىسام خەرىتىنىڭ ئارقىسىدا ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن، مەن ئاۋۋال يەرگە بىر ۋەراق قەغەزنى قويۇپ ئادەمنىڭ سۈرىتى-

نى قوراشتۇردۇم، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ۋەراق قەغەزنى قويۇپ دۇم كۆم- تۈردۈم، شۇنىڭ بىلەن خەرىتە پۈتتى. مەن، ئادەمنىڭ سۈرىتىنى توغرا قوراشتۇرسا- ملا خەرىتە چوقۇم توغرا قوراشتۇرۇلىدۇ، — دەپ ئويلىدىم.

**مۇلاھىزە:**

ناپولېئون خېلىنىڭ، سىزنىڭلا توغرا بولسا، پۈتكۈل ئالەمدىكىلەرنىڭ توغرابولىدۇ، دېيىدىغان مەشھۇر بىر سۆزى بار. مەسىلىگە باشقىچە پىكىر ۋە نەزەردە قارىساق ئىش ئاسانلا يورۇشۇپ كېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆزگىچە مەنزىرە

ئوخشاش بىر دېرىزىدىن سىرتقا قارىغاندا، بەزىلەرنىڭ كۆزىگە يۇلتۇز كۆرۈنسە، بەزىلەرنىڭ كۆزىگە پاتقاق كۆرۈنىدۇ.

— كارنېگى

بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە يوغان بىر تاش گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ تاغ باغرىدىكى كىچىك كەنتنىڭ سىرتقا تۇتىشىدىغان يولىنى توسۇۋاپتۇ.

كىشىلەر يولنى توسۇۋالغان بۇ تاشنى ئامال قىلىپ يۆتكىۋەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن تاش بەك ئېغىر بولغاچقا، نەچچە ئون ئەركەك شۇنچە كۈچەپ ئازراقمۇ مىدىرلىتالماپتۇ.

بىركۈنى بىر داۋجىياۋ راھىبى جاھان كېزىپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۇ تاشنى يۆتكەشنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. راھىب تاشنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ زۇۋان سۈرمەپتۇ. كىشىلەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا تارقىشىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە كىشىلەر تاشقا ئويۇلغان «كەنت گۆھىرى» دېگەن خەت بىلەن «ھېچنېمىگە تاقاشمايدۇ» دېگەن خەتنى كۆرۈشۈپتۇ.

خەتلەر بەك چىرايلىق ئويۇلغان بولۇپ، بىر قاراشتىلا ئاجايىپ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت گەۋدىلىنىپ تۇرىدىكەن. خەتلەر تاش بىلەن بىرلىشىپ ئادەمگە ئاجايىپ بىر خىل زوق ئاتا قىلىدىكەن.

بارا ـ بارا كىشىلەر تاشنى يۆتكىۋېتىشنى ئويلىمايدىغان بولۇپتۇ. تاشمۇ كەنت ئېغىزىدا قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ ۋە ئەتراپىدىكى گۈللەر بىلەن بىرلىشىپ ئاجايىپ بىر گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

**مۇلاھىزە:**

جاھاندا ئۆزگەرمەيدىغان ئىش يوق. مەسىلىگە باشقىچە نەزەردە قارىسىڭىزلا توسالغۇ مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ.





# بىر دوللار قەرز ئالغان يەھۇدىي باي

مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز بېسىپ بولغان مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كونا يولىدا دەلدەڭشىپ يۈرمەي، يېڭى مۇساپىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەڭ.

— جونسۇن D روككېفېللېر

بىر يەھۇدىي سودىگەر بانكىنىڭ تىجارەت زالىغا كىرىپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم ئىش بېجىرەمسىز؟ بانكا خادىمى گەپ سورىغاچ، ئۇچىسىغا ئېسىل كىيىم، پۇتىغا پارقىراپ تۇرغان ئاياغ كىيگەن، قولىغا قىممەت باھالىق رولېكس ماركىلىق سائەت تاقىغان، گالىستۇكىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن قىسقۇچ قىسىۋالغان بۇ ئادەمنىڭ ئۇستى - بېشىغا كۆز يۈگۈرەتتى.

— پۇل قەرز ئالاي دېگەن.

— نەچچە پۇل قەرز ئالاتتىڭىز؟

— بىر دوللار

— بىر دوللار؟

— شۇنداق، ئالغىلى بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، كېپىللىك يېتەرلىك بولسىلا بۇنىڭدىن جىق ئالسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنداقتا ياخشى، قاراپ بېقىڭ، ماۋۇ كېپىللىك بولامدىكەن؟

يەھۇدىي سودىگەر گەپ قىلغاچ خۇرۇم سومكىسىدىن بىر تۇتام پاي چېكى، زايوم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ دىرېكتورنىڭ ئۇستىلىگە قويدى.

— بۇلار يېتەرلىكتۇ؟ بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليون دولار

— ئەلۋەتتە يېتەرلىك. بىراق، سىز راستتىنلا بىر دوللار قەرز ئالامسىز؟

— شۇنداق. يەھۇدىي سودىگەر بىر دوللار قەرز ئالدى.

www.uyghurkitap.com

— يىللىق ئۆسۈمى 6%. سىز مۆشۈ 6% بويىچە ئۆسۈم تۆلەپ بىر يىلدىن كېيىن قەرزنى قايتۇرسىڭىزلا، بۇ پاي چېكى ۋە زايومىلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بېرىمىز.

— رەھمەت.

يەھۇدىي سودىگەر سۆزىنى تۈگىتىپ بانكىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى. بىر چەتتە سوغۇق قاراپ تۇرغان قەرز بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بىر مىليون دوللارلىق مۈلكى بار ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن بانكىدىن بىر دوللار قەرز ئالىدىغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمەي، يەھۇدىي سودىگەردىن ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى:

— مەن سىزنىڭ بىر مىليون دوللار پۇلىڭىز تۇرۇپ، نېمىشقا بىر دوللارلا قەرز ئالىدىغانلىقىڭىزنىڭ تېگىگە پەقەت يېتەلمىدىم. ئەگەر سىز ئۈچ، تۆت يۈز مىڭ دوللار قەرز ئالغان بولسىڭىز بەلكىم تولىمۇ خۇشال بولغان بولاتتۇق...

— مېنىڭ غېمىمنى يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بانكاڭلارغا كېلىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە خەزىنىدىن سۇرۇشتە قىلىپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ ئىجارىسى بەك قىممەت ئىكەن. شۇڭا مەن بۇ پاي چېكى بىلەن زايومنى بانكاڭلارغا ساقلاشقا بېرىشنى لايىق كۆردۈم. بۇنىڭ ئىجارە ھەققى بەكلا ئەرزان بولۇپ، يىللىقى ئارانلا ئالتە تىيىن ئىكەن.



مۇلاھىزە:

ئىش قىلغاندا كالللىنى ئىشلىتىش كېرەك. بەزىدە جانلىق پىكىر يۈرگۈزسەكلا ياخشى ئامال تېپىلىپ، زور نەتىجىگە ئېرىشىمىز.

# ئېشەكنىڭ يەكۈنى

نامراتلىق ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ، ئادەم ئۆزگەرسىلا ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، ئىش يۈرۈشسىلا ئۆزنىڭچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ـــ «پالنامە»

يولدا دۈمبىسىگە ئېغىر تۇز ئارتىلغان بىر ئېشەك كېتىۋاتاتتى. يازنىڭ ئىسسىق ئاپتىپى ئۇنى ھەم ھاردۇرۇپ ھەم تەرلىتىۋەتكەن ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى بىر ئېرىققا چۈشىدۇ. ئۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ پۇت ـ قولىغا خېلىلا جان كىرىپ قالىدۇ. ئېشەك سۇدىن ئۆتمەكچى بولۇپ سۇغا كىرىدۇ. سۇنىڭ سۈزۈكلىكىدىن تېگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىرنەچچە تال بېلىق سۇدا ئۈزۈپ ئويناۋاتاتتى، ھەر خىل شەكىلدىكى شېغىل تاشلارمۇ ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېشەك بۇ گۈزەل مەنزىرىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا يىقىلىپ كېتىپتۇ، تەلىيىگە سۇ ئانچە چوڭقۇر بولمىغاچقا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئاجايىپ ئىش! ئۇ ئۆشنىسىدىكى يۈكنىڭ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ، مېڭىشمۇ خېلى ئاسانلىشىپتۇ.

ئېشەك خۇشال بولغان ھالدا شۇنداق خۇلاسىگە كەپتۇ: ـــ قارىغاندا شۇنى ئېسىمدە تۇتۇۋالسام بولغۇدەك، سۇغا يىقىلساملا ئۆشنەمدىكى يۈك جىق يېنىكلىشىپ قالىدىكەن.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يۈك توشۇشقا توغرا كەپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ توشۇيدىغىنى پاختا ئىكەن. يەنە ھېلىقى ئېرىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېپتۇ. ئالدىنقى قېتىمقى ئىش ئېشەكنىڭ ئېسىدە بولغاچقا، ئۇ خۇشال بولۇپ: ـــ ئۆشنەمدىكى پاختا ئېغىر بولمىغان بىلەن يول يىراق، يۈكنىڭ يېنىك بولغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ، ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ مېڭىپ-

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىكى

تۇ ۋە ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپلا قەستەن تېپىلغان بولۇپ سۇغا يىقىلىپتۇ. ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇشقا پەقەت ئالدىرىماپتۇ، ئۇ ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. — ئاللا كارامەت! نېمە ئىش بۇ؟ ئۆشنەمدىكى پاختا نېمانداق ئېغىرلاپ كەتكەنتۇ؟ ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئۆتكەن قېتىمقى تۇزدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتىغۇ ئەمدى!

**مۇلاھىزە:**

جاھاندا ئۆزگەرمەيدىغان ئىش يوق، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە توغرا كېلىدىغان ھەقىقەتمۇ يوق. بىر قېتىملىق تاسادىپىي بولۇپ قالغان مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسىنى بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىدىغان ئۆلگە قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. شەيئىلەرگە ئۆزگىرىشچان تەرەققىيات نەزىرىدە قاراپ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.





# ئۆزگەرمەيدىغان ھېچنېمە يوق

ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىل ـ ئايلار نام ـ شەرىپىڭىز، تاشقى قىياپىتىڭىز، مىجەزىڭىز ۋە تەقدىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

— ئەپلاتون

بىر كۈنى جېنىنى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلەۋېتىپ، قولىغا بۇرۇن يازغان بىر-قانچە كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر چىقىپ قالىدۇ.

خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ قەغىزى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، خاتىرىدىكى خەتلەر-دىن گۈدەكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر خاتىرىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

— بۈگۈن ئوقۇتقۇچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئۆ-زۈمنىڭ بەشىنچى بولۇپ قېلىشىمنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن، بۇ مېنىڭ ئوقۇشقا كىرگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىرىنچىلىكنى قولدىن بېرىپ قويۇشۇم ئىدى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتىم، كەچلىك تاماق گېلىمدىن ئۆتمىدى، ئۆزۈمنى جازالىماقچى بولدۇم. بۇ كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، چۈنكى بۇ ھايا-تىمدىكى ئەڭ زور مەغلۇبىيەت ۋە ئازاب.

جېنىنى بۇلارنى ئوقۇۋېتىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئې-سىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قىزىق ئىش، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بۇيان-قى ئون نەچچە يىل جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەغلۇبىيەت ۋە ئازابنىڭ قايسى بىرى ئاشۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئېلىپ كەلگەن مەغلۇبىيەت ۋە ئازابتىن قېلىشاتتى دەيسىز؟

ئۇ خاتىرىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم، ئاپامنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدىم، ئۇ راستىنلا مېنىڭ ئۆز ئاپاممىدۇ؟ ئۇنىڭدىن، بۇ ئۆيدىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىلغۇم كەلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئالىماقچى ئىدىم، شۇڭا باشقا ئىشتاتتىكى مەكتەپنى تاللاپ، ئۆيدىن يىراقراق تۇرايمىكىن دېمەي، ئەمدى كەتسەم بۇ ئۆيگە ئىككىنچى كەلمەيمەن!

جېنىنى بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئازراق ھەيران بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى، ئاپامنىڭ قايسى ئىشىدىن كۆڭلۈم بۇنچىلىك يېرىم بولۇۋىدىكىنە؟ لېكىن ئۇ شۇنچە قىلىپمۇ ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ يەنە بىرنەچچە بەت ئوقۇدى، ھەممىسىلا ھازىر تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى «كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان»، «قاتتىق ئازابلانغان» ياكى «ئۇنتۇلغۇسىز» ئىشلار ئىدى، جېنىنى ئوقۇغانسېرى كۈلكىلىك ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قولىغا باشقا بىر خاتىرىنى ئالدى، خاتىرىنىڭ تۇنجى بېتىگىلا: ــ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمگە بېغىشلايمەن ــ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ! مېنىڭ مۇھەببىتىم مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ! دەپ يېزىلغانىدى.

ئۇ بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىدا كۆز ئالدىدا بىر ئوغۇل بالىنىڭ سىيماسى غۇۋا پەيدا بولدى. ئۇ بۇرۇن ئاشۇ ئوغۇل بالىنى ياراتقانىدىم، ــ دەپ قارىغان ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بۇيان پەقەتلا كۆرۈشۈپ باقمىدى، ئۇ ئۇنىڭ نەدىلىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، بىلىدىغىنى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولمىغانلىقى، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئىدى.

**مۇلاھىزە:**

ئۆزگەرمەيدىغان ھېچنەرسە يوق. مەغلۇبىيەتمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئۆزگىرىدۇ، ئازابمۇ بەختلىك ئەسلىمىگە ئۆزگىرىدۇ. مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچرىمايلى ئۇنىڭغا ئازادە ۋە ئوچۇق ــ يورۇقلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

پىسخىك ساغلاملىق — ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھى ساغلاملىقى، ئادىمىيلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىك، ئىناق تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. ئۇ ھەم ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھازىرقى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ھەم كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجى.

بىز ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىك جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ساغلام بولغان روھى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە، نۇرغۇنلىغان كەسپىي كىتاب ۋە چۈشىنىشلىك ئوقۇشلۇقلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىك ساغلاملىق تەربىيەسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ھېكايىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ چىقتۇق. بۇ ھېكايىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش، كەيپىياتنى كونترول قىلىش، پىسخىكىسىنى تەڭشەش، ئۆز ـ ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش، خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىك ساغلاملىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز بۇ مەزمۇنلۇق ھېكايىلەر ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنلارنىڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى تېخىمۇ كەڭ، ھەقىقىي، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق جەمئىيەت قويىنىغا باشلىشىنى؛ ئۇلارنىڭ بۇ قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن ھۇزۇرلانغاچ كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنىپ، روھى ئوزۇق تېپىپ، ئۆزىنى پىسخىكا جەھەتتىن ساغلام، مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئېنىق، ئوچۇق ـ يورۇق، چىقىشقاق قىلىپ تەربىيەلەپ، يېڭى ئەسىردە جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ھېكايە ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىشكە ياردەم بېرىدىغان مۇلاھىزىلىك ئىپىك ئەسەر

## پەلسەپىۋى قائىدە ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنى ئاۋۇندۇرىدىغان بەخت بۇلىقى

پىسخىك ساغلاملىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بىر ئۆمۈر مەنپەئەتلىنىدىغان بايلىق. ئىنسانىيەت تارىخى بىزگە ۋەقەلىكى تەسىرلىك، پەلسەپىۋى قائىدىگە تويۇنغان، ئادەمگە ئىلھام بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ھېكايىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ھېكايىلەر ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى ئېچىش، تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى پىسخىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بۇ كىتابتىكى ئېسىل دۇردانىلاردىن ھۇزۇرلىنىشنى قولدىن بېرىپ قويماڭ.



مەزكۇر كىتاب نېفىت سانائىتى نەشرىياتى 2007 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2007 - يىلى 4 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据石油工业出版社 2007 年 1 月第 1版，2007 年 4 月第 2 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: شۆھرەتجان قۇربان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيبو

# ھېسسىيات ۋە كەيپىيات

تەرجىمە قىلغۇچى: جاسارەت ئېزىز

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 34.75
**نەشرى:** 2015 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 6327 - 3
**باھاسى:** 86.80 يۈەن

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu–book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى - شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)